# كيف عاملهم

# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇئامىلە ئەخلاقى

## 1- توم

مۇھەممەد سالىھ مۇنەججىد

تەرجىمە قىلغۇچىلار:

ئىلھام    ھەسسان غازى

تۈركىستان باھارى نەشرىياتى



# كيف عاملهم

# پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇئامىلە ئەخلاقى

## 1- توم


مۇھەممەد سالىھ مۇنەججىد

تەرجىمە قىلغۇچىلار:

ئىلھام    ھەسسان غازى



تۈركىستان باھارى نەشرىياتى

بسم الله الرحمن الرحيم

# مۇندەرىجە

مۇندەرىجە ........................................ 1
مۇقەددىمە ........................................ 2
1ـ بۆلۈم ........................................ 3
پەيغەمبەر ﷺ پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئۈلگىدۇر ........................ 3
رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەڭ ياخشى ئۈلگىدۇر ........................ 4
پەيغەمبەر ﷺ گە ئەگىشىلىدىغان تەرەپلەر ........................ 16
2ـ بۆلۈم ........................................ 41
پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئائىلىسى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ۋە ئەتراپىدىكىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىسى ........................................ 41
پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئاياللىرى بىلەن بولغان مۇئامىلىسى ........................ 42
بىرىنچى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەر ـ ئاياللىق تۇرمۇشىدىن كۆرۈنۈشلەر ............ 43
ئىككىنچى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئاياللىرىنى مۇئمىنلەرنىڭ ئاياللىرىغا ئۈلگە بولۇشى ئۈچۈن تەربىيىلىشى ........................................ 103
ئۈچىنچى، پەيغەمبەر ئائىلىسىدىكى مۇئامىلە مەسىلىلىرىنىڭ ھەل قىلىنىشى 134
پەيغەمبەر ﷺ نىڭ پەرزەنتلىرى بىلەن بولغان مۇئامىلىسى ........................ 163
پەيغەمبەر ﷺ نىڭ نەۋرىلىرى بىلەن بولغان مۇئامىلىسى ........................ 195
پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن بولغان مۇئامىلىسى............ 218
پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قوشنىلىرى بىلەن بولغان مۇئامىلىسى ........................ 252
پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مېھمانلار ۋە ساھىبخانىلار بىلەن بولغان مۇئامىلىسى ......... 276
پەيغەمبەر ﷺ نىڭ خۇسۇسىي ساھابىلىرى بىلەن بولغان مۇئامىلىسى ........... 308
پەيغەمبەر ﷺ نىڭ خىزمەتچى ۋە دېدەكلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىسى .......... 359

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

# مۇقەددىمە

شۈبھىسىزكى، بارلىق ھەمدۇ-سانالار اللە قا خاستۇر! گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، بىر اللە تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ يەككە-يېگانىدۇر، ئۇنىڭ ھېچ شېرىكى يوقتۇر. يەنە گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ﷺ اللە نىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىدۇر.

رەسۇللاھ ﷺ ئىنسانىيەتكە ئەڭ ياخشى ئۈلگىدۇر، چۈنكى اللە تائالا ئۇنىڭغا گۈزەل ئەدەپ-ئەخلاقلارنى ئىنئام قىلغان. ئۇنىڭغا ئەگىشىشنى اللە نى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان كىشىلەرنىڭ اللە تەرەپكە ماڭىدىغان يولى قىلىپ بەلگىلىگەن. شۇڭلاشقا، توغرا شەكىلدە رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئەگىشىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ھاياتىي تارىخىنى ۋە ئوخشىمىغان كىشىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلغانلىقىنى ئۆگىنىشىمىز ئىنتايىن زۆرۈردۇر.

كۆپلىگەن كىشىلەر پەيغەمبەر ﷺ گە ئەگىشىشنى ئارزۇ قىلىدۇ-يۇ، لېكىن ئىلىمسىز بولغاچقا توغرا يول تاپالمايدۇ ۋە ئۆزىنى ئىسلاھ قىلالمايدۇ. شۇڭلاشقا، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ باشقىلار بىلەن بولغان مۇئامىلىسىنىڭ ئەگەشكۈچىلەرگە نۇرلۇق مەشئەل، ئۇنىڭ يولىنى چىڭ تۇتۇپ ماڭغانلارغا كۈچلۈك ھۆججەت بولۇشى ئۈچۈن، ئۇشبۇ كىتابتا ئۇنىڭ تۈرلۈك كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىسى ھەققىدە ئىزدەندۇق ۋە بۇ توغرىسىدىكى ھەدىسلەرنى بايان قىلىشقا تىرىشتۇق.

# 1 - بۆلۈم

# پەيغەمبەر ﷺ پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئۈلگىدۇر

## 1 ـ باب

# رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەڭ ياخشى ئۈلگىدۇر

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِمَنْ كَانَ يَرْجُو اللَّهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللَّهَ كَثِيرًا﴾ «سىلەرگە ـــ الله نى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە الله نى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ـــ رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر»[1].

ئىبنى كەسىر (رەھىمەھۇللاھ) بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە مۇنداق دېگەن: «بۇ ئايەت رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سۆزلىرى، ئىش ـ ھەرىكەتلىرى ۋە پۈتۈن ھالەتلىرىنى ئۈلگە قىلىشتىكى ئاساس ۋە بۈيۈك مەنبەدۇر».[2]

چۈنكى، الله تائالا رەسۇلۇللاھ ﷺ نى پۈتۈن ئالەملەرگە رەھمەت ۋە ئىنسانىيەتكە ھىدايەت قىلىپ ئەۋەتكەن. الله نى ۋە ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلىدىغان، زېمىندا چوڭچىلىق ۋە بۇزۇقچىلىق قىلمايدىغان كىشىلەرگە رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەڭ ياخشى ئۈلگە ۋە ئەڭ ئالىي نەمۇنىدۇر.

ئۈلگە ـــ ئەگىشىلىدىغان كىشىگە قوللىنىلىدىغان نامدۇر. مەسىلەن، باشقىلار ئۇنىڭ پىلانىغا ياكى يولىغا ئەگىشىپ ماڭىدىغان بىر كىشى بار بولسا، «ئۇ كىشى بىزنىڭ ئۈلگىمىز» دېيىلىدۇ.

الله نىڭ دۈشمەنلىرى الله نىڭ يولىدىن توسۇش ئۈچۈن شەك ـ شۈبھە تارقىتىپ، كۆپلىگەن شەھۋەت پىتنىلىرىنى مەيدانغا چىقىرىۋاتقان ۋە ئازغۇن دەۋەتچىلەر كۆپىيىپ كەتكەن بۈگۈنكىدەك كۈندە، مۇسۇلمانلارنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ نى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىشى تېخىمۇ زۆرۈردۇر.

مەزكۇر كىتابتا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېتەكچى، قازى، ھاكىم، ئىسلاھاتچى، مۇئەللىم، تەربىيىچى، ئەر، دادا، مەسئۇل، قوماندان، خىزمەتچى بولغان

[1] سۈرە ئەھزاب 21 ـ ئايەت.

[2] «تفسير إبن كثير» 6 ـ توم 391 ـ بەت.

ۋاقىتتىكى ھالەتلىرىنى ۋە بۇنىڭدىن باشقا خۇسۇسىي تەرەپلىرىنى سەھىھ دەلىللەر بىلەن روشەن بايان قىلدۇق.

رەسۇلۇللاھ ﷺ ــ مۇسۇلمان كىشى ئەگىشىدىغان ۋە چوقۇم ئۇنىڭ يولىدا مېڭىشى كېرەك بولغان ئەڭ ئالىي نەمۇنىدۇر. دېمەك، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قىلغان ھەربىر ئىشى ۋە ئېيتقان ھەربىر سۆزى مۇسۇلمان كىشى ئۈچۈن ئۈلگە ۋە نەمۇنىدۇر.

## ئۇلارنىڭ يولىغا ئەگەشكىن!

الله تائالا پەيغەمبەر ﷺ نى ئۆزىدىن ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەرگە ئەگىشىشكە بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**أُولَئِكَ الَّذِينَ هَدَى اللَّهُ فَبِهُدَاهُمُ اقْتَدِهْ**﴾ «ئەنە شۇلار (يەنى مەزكۇر پەيغەمبەرلەر) الله ھىدايەت قىلغان كىشىلەردۇر، ئۇلارنىڭ يولىغا ئەگەشكىن». [①] ئىبنى كەسىر (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «<اقْتَدِهْ> دېگەنلىك <ئەگەشكىن> دېگەنلىكتۇر. بۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئوچۇق بۇيرۇق بولغانىكەن، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۈممىتى رەسۇلۇللاھ ﷺ يولىغا قويغان ۋە بۇيرۇغان ئىشلاردا ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ». [②]

شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىدە ئۇلارغا ئىشەنگەن مۇئمىنلەر ئۈچۈن ئىبرەت بار. چۈنكى، مۇئمىنلەر كۆپ قىيىنچىلىقلار بىلەن سىنىلىشى مۇمكىن، شۇڭلاشقا سىنالغاندا ئۇمىدسىزلەنمەسلىكى، ئۆزلىرىدىن پەزىلەتلىك كىشىلەرنىڭمۇ سىنالغانلىقى ۋە نەتىجىنىڭ ياخشىلىق بىلەن ئاخىرلاشقانلىقىنى ياخشى بىلىشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا، شەكلەنگەنلەر كەسكىن ئىشەنچ قىلىدۇ، گۇناھكارلار تەۋبە قىلىدۇ ۋە مۇئمىنلەرنىڭ ئىمانى

[①] سۈرە ئەنئام 90ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[②] «تفسير إبن كثير» 2ـ توم 190ـ بەت.

كۆچلىنىدۇ-دە، بۇ ئارقىلىق پەيغەمبەرلەرگە مۇكەممەل ئەگىشەلەيدۇ».[1]

## الله تائالانىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئەگىشىشتىكى بۇيرۇلغان ئىشلار

**❖ بىرىنچى، الله تائالاغا قىلىنغان ئىتائەت ۋە ئىبادەتتە چىدامچان بولۇش**

مانا بۇ كاتتا سۈپەت پەيغەمبەرلەرنىڭ ھاياتىدا ئىنتايىن روشەن ئىپادىلەنگەن. شۈبھىسىزكى، پەيغەمبەرلەر ئەڭ ئىبادەتگۈي، ئەڭ نامازخان ۋە الله تىن ئەڭ قورققۇچى كىشىلەر ئىدى. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَاذْكُرْ عِبَادَنَا إِبْرَاهِيمَ وَإِسْحَاقَ وَيَعْقُوبَ أُولِي الْأَيْدِي وَالْأَبْصَارِ**﴾ «ئىبادەتتە كۈچلۈك، (دىندا) بەسىرەتلىك بەندىلىرىمىز ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە يەئقۇبنى ئەسلىگىن»[2].

﴿**أُولِي الْأَيْدِي وَالْأَبْصَارِ**﴾ «ئىبادەتتە كۈچلۈك، (دىندا) بەسىرەتلىك» دېگەن ئايەت توغرىسىدا، ئەتا خۇراسانى «ئۇلار ئىبادەتتە چىداملىق ۋە الله نىڭ بۇيرۇقىنى تولۇق ئورۇندايدىغان كىشىلەردۇر» دېگەن.

قەتادە بۇ ئايەتتىكى كىشىلەر توغرىسىدا «ئۇلار ئىبادەتتە كۈچ-قۇۋۋەت بېرىلگەن، دىندا پاراسەتلىك بولغان كىشىلەردۇر» دېگەن.[3]

پەيغەمبەرلەرنىڭ ئىبادەتلىرى بايان قىلىنغان ئايەتلەر ناھايىتى كۆپتۇر. الله تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**رَبِّ اجْعَلْنِي مُقِيمَ الصَّلَاةِ وَمِنْ ذُرِّيَّتِي رَبَّنَا وَتَقَبَّلْ دُعَاءِ**﴾ «پەرۋەردىگارىم! مېنى ۋە بىر قىسىم ئەۋلادىمنى نامازنى ئادا قىلغۇچى قىلغىن، پەرۋەردىگارىمىز! دۇئايىمنى قوبۇل قىلغىن»[4].

الله تائالا ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى ماختاپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَكَانَ يَأْمُرُ**

---

[1] «مجموع الفتاوى» 15- توم 178- بەت.

[2] سۈرە ساد 45- ئايەت.

[3] «مجموع الفتاوى» 19- توم 170- بەت.

[4] سۈرە ئىبراھىم 40- ئايەت.

**أَهْلَهُ بِالصَّلَاةِ وَالزَّكَاةِ وَكَانَ عِنْدَ رَبِّهِ مَرْضِيًّا﴾** «ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرنى ناماز ئوقۇشقا، زاكات بېرىشكە بۇيرۇيتتى، پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن ئىدى»[1].

اللّٰه تائالا ئىبراھىم، ئىسھاق ۋە يەئقۇب ئەلەيھىسسالاملارنى ماختاپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَجَعَلْنَاهُمْ أَئِمَّةً يَهْدُونَ بِأَمْرِنَا وَأَوْحَيْنَا إِلَيْهِمْ فِعْلَ الْخَيْرَاتِ وَإِقَامَ الصَّلَاةِ وَإِيتَاءَ الزَّكَاةِ وَكَانُوا لَنَا عَابِدِينَ**﴾ «ئۇلارنى بىزنىڭ ئەمرىمىز بويىچە (كىشىلەرنى بىزنىڭ دىنىمىزغا) يېتەكلەيدىغان پېشۋالار (يەنى پەيغەمبەرلەر) قىلدۇق، ئۇلارغا بىز ياخشى ئىشلارنى قىلىشنى، ناماز ئوقۇشنى، زاكات بېرىشنى ۋەھيى قىلدۇق، ئۇلار بىزگە خالىس ئىبادەت قىلاتتى»[2].

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ گە كەلسەك، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنغان بولسىمۇ، ئىبادەتتە ناھايىتى تىرىشچان ئىدى ۋە كۆپ ئىبادەت قىلاتتى. اللّٰه تائالا رەسۇلۇللاھ ﷺ گە مۇنداق دېگەن: ﴿**وَمِنَ اللَّيْلِ فَاسْجُدْ لَهُ وَسَبِّحْهُ لَيْلًا طَوِيلًا**﴾ «كېچىنىڭ ئاز قىسمىدا ئۇنىڭغا سەجدە قىل، كۆپ قىسمىدا ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيت»[3].

اللّٰه تائالا پەيغەمبەر ﷺ گە يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿**فَاعْبُدْهُ وَاصْطَبِرْ لِعِبَادَتِهِ هَلْ تَعْلَمُ لَهُ سَمِيًّا**﴾ «ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلغىن، اللّٰه نىڭ ئىبادىتىگە چىداملىق بولغىن، سەن ئۇنىڭ شېرىكى بارلىقىنى بىلەمسەن؟»[4].

اللّٰه تائالا پەيغەمبەر ﷺ گە يەنە مۇنداق دېگەن: ﴿**وَمِنَ اللَّيْلِ فَتَهَجَّدْ بِهِ نَافِلَةً لَكَ عَسَى أَنْ يَبْعَثَكَ رَبُّكَ مَقَامًا مَحْمُودًا**﴾ «ساڭا نەپلە (ئىبادەت) بولۇشى ئۈچۈن، كېچىنىڭ بىر قىسمىدا (ناماز ئوقۇشقا، قۇرئان ئوقۇشقا) ئويغانغىن، (ئى مۇھەممەد!)

---

[1] سۈرە مەريەم 55_ ئايەت.
[2] سۈرە ئەنبىيا 73_ ئايەت.
[3] سۈرە ئىنسان 26_ ئايەت.
[4] سۈرە مەريەم 65_ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

پەرۋەردىگارىڭنىڭ سېنى مەدھىيىلىنىدىغان ئورۇنغا (يەنى بۈيۈك شاپائەت ماقامىغا) تۇرغۇزۇشى ھەقىقەتتۇر»①.

**❖ ئىككىنچى، ئىبادەتلەردە چىداملىق كۆرسىتىش، الله تائالانى كۆپ ئەسلەش ۋە الله قا يېلىنىپ دۇئا قىلىش**

پەيغەمبەرلەر ھەرقانداق ۋاقىتلاردا الله تائالانى كۆپ ئەسلەپ، رەببىگە ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئىزھار قىلاتتى؛ ئىبادەتنى كۆپ، ئۇزۇن ۋە كۆپ خىل قىلىش بىلەن بىرگە الله تائالاغا ئىلتىجا قىلىپ داۋاملىق دۇئا قىلاتتى.

پەيغەمبەرلەرنىڭ ھاجەتلىرىنى سوراش ئۈچۈن الله تائالاغا قانداق يېلىنىدىغانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ موھتاجلىقى ۋە قىزىقىشىنى قانداق ۋەسىلە قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ، الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَأَيُّوبَ إِذْ نَادَى رَبَّهُ أَنِّي مَسَّنِيَ الضُّرُّ وَأَنْتَ أَرْحَمُ الرَّاحِمِينَ ۞ فَاسْتَجَبْنَا لَهُ فَكَشَفْنَا مَا بِهِ مِنْ ضُرٍّ وَآتَيْنَاهُ أَهْلَهُ وَمِثْلَهُمْ مَعَهُمْ رَحْمَةً مِنْ عِنْدِنَا وَذِكْرَى لِلْعَابِدِينَ ۞﴾ «(ئەييۇبنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلغىن). ئۆز ۋاقتىدا ئۇ پەرۋەردىگارىغا: <ھەقىقەتەن مېنى بالا (يەنى قاتتىق كېسەل) ئورىۋالدى، سەن ئەڭ مەرھەمەتلىكسەن> دەپ دۇئا قىلدى [83]. ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن بالانى كۆتۈرۈۋەتتۇق، ئۇنىڭغا رەھىم قىلغانلىقىمىز، ئىبادەت قىلغۇچىلارغا ئىبرەت قىلغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئائىلىسىنى ۋە ئۇنىڭغا ئوخشاش بىر باراۋەرنى زىيادە ئاتا قىلدۇق (يەنى ئۇنىڭ ئۆلگەن بالىلىرىنىڭ ۋە يوقالغان ماللىرىنىڭ ئورنىغا بىر ھەسسە كۆپ بالا، بىر ھەسسە كۆپ مال بەردۇق) [84]»②.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَذَا النُّونِ إِذْ ذَهَبَ مُغَاضِبًا فَظَنَّ أَنْ لَنْ نَقْدِرَ عَلَيْهِ فَنَادَى فِي الظُّلُمَاتِ أَنْ لَا إِلَهَ إِلَّا أَنْتَ سُبْحَانَكَ إِنِّي كُنْتُ مِنَ الظَّالِمِينَ ۞ فَاسْتَجَبْنَا لَهُ وَنَجَّيْنَاهُ مِنَ الْغَمِّ وَكَذَلِكَ

① سۇرە ئىسرا 79- ئايەت.
② سۇرە ئەنبىيا 83- ۋە 84- ئايەت.

**نُنْجِي الْمُؤْمِنِينَ﴿ وَزَكَرِيَّا إِذْ نَادَى رَبَّهُ رَبِّ لَا تَذَرْنِي فَرْدًا وَأَنْتَ خَيْرُ الْوَارِثِينَ﴿ فَاسْتَجَبْنَا لَهُ وَوَهَبْنَا لَهُ يَحْيَى وَأَصْلَحْنَا لَهُ زَوْجَهُ إِنَّهُمْ كَانُوا يُسَارِعُونَ فِي الْخَيْرَاتِ وَيَدْعُونَنَا رَغَبًا وَرَهَبًا وَكَانُوا لَنَا خَاشِعِينَ﴿﴾**

«يۇنۇسنىڭ (قىسسىسىنى بايان قىلغىن) ئۆز ۋاقتىدا ئۇ (قەۋمىنىڭ ئىمان ئېيتمىغانلىقىدىن) خاپا بولۇپ (شەھىرىدىن) چىقىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ بىزنى (بىلىقنىڭ قارنىدا) ئۆزىنى قىسمايدۇ دەپ ئويلىدى، ئۇ قاراڭغۇلۇقتا (يەنى بېلىقنىڭ قارنىدا): <(پەرۋەردىگارىم) سەندىن بۆلەك ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، سەن (جىمى كەمچىلىكلەردىن) پاكتۇرسەن، مەن ھەقىقەتەن (ئۆز نەپسىمگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن بولدۇم> دەپ نىدا قىلدى [87]. ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنى (بېلىق يۇتقان چاغدىكى) غەمدىن خالاس قىلدۇق، شۇنىڭدەك مۇئمىنلەرنى (ئېغىرچىلىقلاردىن) خالاس تاپقۇزىمىز [88]. زەكەرىيانىڭ (قىسسىسىنى بايان قىلغىن). ئۆز ۋاقتىدا ئۇ: <ئى پەرۋەردىگارىم! مېنى (بالىسىز، ۋارىسسىز) يالغۇز قويمىساڭ، سەن ئەڭ ياخشى ۋارىستۇرسەن (يەنى ھەممە ئادەم ئۆلىدۇ، سەنلا باقىي قالىسەن)> دەپ نىدا قىلدى [89]. بىز ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدۇق، ئۇنىڭغا يەھيانى ئاتا قىلدۇق، ئۇنىڭغا خوتۇنىنى ئۆزگەرتىپ بەردۇق (يەنى تۇغىدىغان قىلىپ بەردۇق). (يۇقىرىقى پەيغەمبەرلەرنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىشىمىز) شۇنىڭ ئۈچۈن ئىدىكى، ئۇلار ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرايتتى، (رەھمىتىمىزنى) ئۈمىد قىلىپ، (ئازابىمىزدىن) قورقۇپ بىزگە دۇئا قىلاتتى، بىزگە كەمتەرلىك بىلەن ئىبادەت قىلاتتى [90]»①.

رەسۇلۇللاھ ﷺ داۋاملىق رەببىگە ئىلتىجا قىلىپ ئۇنىڭدىن ياردەم سورايتتى ۋە ئۇنىڭغا يېلىناتتى، بولۇپمۇ ئېغىرچىلىقلاردا تېخىمۇ شۇنداق قىلاتتى. بەدر كۈنى رەسۇلۇللاھ ﷺ رەببىگە ئىلتىجا قىلىپ، رەببىدىن ئۆزى ۋە ئۆزى بىلەن

① سۈرە ئەنبىيا 87- ئايەتتىن 90- ئايەتكىچە.

بىرگە بولغان مۇسۇلمانلارغا ياردەم بېرىشنى يالۋۇرۇپ تىلىگەن. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «بەدر كۈنى رەسۇلۇللاھ ﷺ قىبلىگە ئالدىنى قىلىپ ئىككى قولىنى كۆتۈردى ۋە ‹اللَّهم أنجز لي ما وعدتني، اللَّهم آت ما وعدتني، اللَّهم إن تهلك هذه العصابة من أهل الإسلام لا تعبد في الأرض› ‹ئى الله ! ماڭا ۋەدە قىلغان نۇسرىتىڭنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بەرگىن. ئى الله ! ماڭا ۋەدە قىلغان نۇسرىتىڭنى ۋۇجۇدقا چىقارغىن. ئى الله ! ئەگەر ئىسلام ئەھلىدىن بولغان بۇ جامائەت ھالاك بولۇپ كەتسە، سەن (زېمىندا) ئىبادەت قىلىنمايسەن (يەنى زېمىندا ساڭا ئىبادەت قىلىدىغان ئادەم قالمايدۇ)› دەپ دۇئا قىلدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ قىبلىگە ئالدىنى قىلىپ، قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ رەببىگە دۇئا قىلىۋەرگەچكە تونى مۈرىسىدىن چۈشۈپ كەتتى. ئاندىن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېلىپ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ تونىنى ئېلىپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۈچىسىغا ئارتىپ قويدى ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئارقا تەرىپىدىن قۇچاقلاپ: ‹ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! الله قا يېلىنىشىڭ يېتەرلىك بولدى، ئۇ چوقۇم ساڭا ۋەدە قىلغان نۇسرىتىنى ئاتا قىلىدۇ› دېدى».[1]

**❖ ئۈچىنچى، الله تائالانى ئەسلەپ قورقۇپ يىغلاش**

الله تائالا «سۈرە مەريەم»دە تىلغا ئېلىنغان پەيغەمبەرلەرنى ئۆزىنىڭ مۇنۇ سۆزى بىلەن مەدھىيىلىگەن: ﴿**أُولَئِكَ الَّذِينَ أَنْعَمَ اللَّهُ عَلَيْهِمْ مِنَ النَّبِيِّينَ مِنْ ذُرِّيَّةِ آدَمَ وَمِمَّنْ حَمَلْنَا مَعَ نُوحٍ وَمِنْ ذُرِّيَّةِ إِبْرَاهِيمَ وَإِسْرَائِيلَ وَمِمَّنْ هَدَيْنَا وَاجْتَبَيْنَا إِذَا تُتْلَى عَلَيْهِمْ آيَاتُ الرَّحْمَنِ خَرُّوا سُجَّدًا وَبُكِيًّا**﴾ «الله نىڭ نېئمىتىگە ئېرىشكەن ئەنە شۇ پەيغەمبەرلەر ئادەم (ئەلەيھىسسالام) نىڭ نەسلىدىندۇر، بىز نۇھ بىلەن بىللە كېمىگە سالغانلارنىڭ نەسلىدىندۇر، ئىبراھىمنىڭ نەسلىدىندۇر، ئىسرائىل (يەنى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام) نىڭ نەسلىدىندۇر، بىز (ئىمانغا) ھىدايەت قىلغان،

[1] مۇسلىم توپلىغان.

(پەيغەمبەرلىككە) تاللىغانلاردىندۇر، ئۇلارغا مەرھەمەتلىك اللە نىڭ ئايەتلىرى تىلاۋەت قىلىنغان چاغدا سەجدە قىلغان ۋە يىغلىغان ھالدا (زېمىنغا) يىقىلىدۇ»[①].

رەسۇلۇللاھ ﷺ اللە تائالادىن ئەڭ بەك قورقىدىغان كىشى بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «واللّه إني لأرجو أن أكون أخشاكم اللّه وأعلمكم بما أتقي» «اللە بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن مەن سىلەرگە قارىغاندا اللە تىن بەك قورقىدىغان ۋە تەقۋالىق قىلىشنى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان كىشى بولۇشنى ئارزۇ قىلىمەن»[②]. رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە مۇنۇ دۇئانى ئوقۇيتتى: «يَا مُقَلِّبَ الْقُلُوبِ ثَبِّتْ قَلْبِي عَلَى دِينِكَ» «ئى قەلبلەرنى ئۆزگەرتىپ تۇرغۇچى اللە! قەلبىمنى دىنىڭ ئۈستىدە مۇستەھكەم قىلغىن!»[③].

**❖ تۆتىنچى، اللە تائالانى تونۇشتا پەيغەمبەرلەرنىڭ يولىغا ئەگىشىش**

پەيغەمبەرلەرنىڭ اللە نى تونۇشى ئۇلارغا مۇكەممەل ئىمان ۋە كەسكىن ئىشەنچ ئاتا قىلغان. شۇڭا ئۇلار اللە تائالانى ئەڭ ياخشى تونۇيدىغان كىشىلەردۇر.

بەندە رەببىنى قانچە تونۇغانسېرى، ئۇنىڭ رەببىنى مەدھىيىلىشى، رەببىگە ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى بىلدۈرۈشى، ئىبادەت قىلىشى، رەببىدىن قورقۇشى، رەببىگە ئىخلاس قىلىشى ۋە رەببىنى ياخشى كۆرۈشى شۇنچە ئاشىدۇ.

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەرلەرنىڭ يېتەكلىشى — دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە نىجات تېپىش ۋە بەخت-سائادەتكە ئېرىششنىڭ بىردىنبىر يولىدۇر. پاك، نىجىس نەرسىلەرنى تەپسىلىي بىلىش

① سۇرە مەريەم 58- ئايەت.
② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
③ تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ۋە اللە نىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش پەقەت ئۇلارنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەنلا روياپقا چىقىدۇ.

دېمەك، سالىھ ئەمەل، ياخشى سۆز ۋە گۈزەل ئەخلاقلار ئۇلارنىڭ يولىدۇر. ئۇلار ئاساسلىق ئۆلچەم بولۇپ، بەندىنىڭ سۆز، ئەمەل ۋە ئەخلاقىنىڭ قانداقلىقى پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆز، ئەمەل ۋە ئەخلاقلىرى ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ. ھىدايەت تاپقان كىشىلەر ئۇلارغا ئەگىشىش بىلەن ئازغۇنلاردىن پەرقلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، پەيغەمبەرلەرگە بولغان زۆرۈرىيەت بەدەننىڭ روھقا، كۆزنىڭ ئۆز نۇرىغا ۋە روھنىڭ ھاياتلىققا بولغان زۆرۈرىيىتىدىن ئۈستۈندۇر. بەندىنىڭ پەيغەمبەرلەرگە بولغان زۆرۈرىيىتى ۋە موھتاجلىقى باشقا ھەرقانداق زۆرۈرىيەت ۋە ھاجەتتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ.

ئەگەر سىز ئۇنىڭ يولى ۋە ئېلىپ كەلگەن نەرسىسىدىن كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچىلىك ۋاقىت ئايرىلىپ قالسىڭىز، قەلبىڭىز خۇددى سۇدىن ئايرىلىپ قازانغا تاشلانغان بېلىقتەك پۇچۇلىنىدۇ.

بەندىنىڭ پەيغەمبەرلەرنىڭ يولىدىن ئايرىلغاندىكى ھالىتى ئەنە شۇ بېلىقنىڭ ھالىتىگە ئوخشايدۇ، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر بولىدۇ. لېكىن بۇنى پەقەت ئويغاق قەلبلا ھېس قىلالايدۇ، چۈنكى ئۆلۈك قەلب جاراھەت ئازابىنى ھېس قىلالمايدۇ. دېمەك، بەندىنىڭ ئىككىلا دۇنيادا بەخت-سائادەتكە ئېرىشىشى پەقەت پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يولىغا ئەگىشىش ئارقىلىقلا قولغا كېلىدۇ. شۇڭلاشقا، ئۆزىگە كۆيۈنىدىغان، ئۆزىنىڭ نىجات تېپىشى ۋە بەخت-سائادەتكە ئېرىشىشىنى خالايدىغان ھەربىر ئەقىل ئىگىسىنىڭ ئۆزىنى نادانلار سېپىدىن ئايرىپ چىقىرىپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئەگەشكەنلەرگە قوشىدىغان يوللارنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ تارىخىدىن ئۆگىنىشى ۋاجىبتۇر.

كىشىلەر ئىچىدە بۇنىڭدىن كۆپ مەلۇماتقا ئىگە بولغانلار، ئازغىنە بىلگەنلەر

ۋە پەقەت بىلمىگەنلەر بار. چۈنكى، پەزلى ـ رەھمەت الله تائالانىڭ قولىدا بولۇپ، الله تائالا ئۇنى خالىغان كىشىگە بېرىدۇ. ھەقىقەتەن الله بۈيۈك پەزلى ـ مەرھەمەت ئىگىسىدۇر».①.

## بىز نېمە ئۈچۈن پەيغەمبەر ﷺ گە ئەگىشىمىز؟

### ❖ بىرىنچى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھاياتى ئەڭ مۇكەممەل ھايات

الله تائالا پەيغەمبەر ﷺ نى ئىلىم ۋە ھېكمەتتە باشقا ئىنسانلاردىن ئۈستۈن قىلغان، شۇڭلاشقا الله نىڭ ئىلاھىي نۇرى ئاستىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن بۇ مۇبارەك ھايات بىلەن تونۇشۇپ چىقىشىمىز ئىنتايىن زۆرۈر. بۇ مۇبارەك ھايات ـــ ھايات سەپىرىمىزگە مەشئەل، ئۈممەتكە نىجاتلىقتۇر.

### ❖ ئىككىنچى، الله تائالانىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىش

رەسۇلۇللاھ ﷺ نى ئۈلگە قىلىشىمىز ۋە ئۇنىڭ يولىغا ئەگىشىشىمىز ھەققىدە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِمَنْ كَانَ يَرْجُو اللَّهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللَّهَ كَثِيرًا﴾ «سىلەرگە ـــ الله نى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە الله نى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ـــ رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر»②.

الله تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَلْيَحْذَرِ الَّذِينَ يُخَالِفُونَ عَنْ أَمْرِهِ أَنْ تُصِيبَهُمْ فِتْنَةٌ أَوْ يُصِيبَهُمْ عَذَابٌ أَلِيمٌ﴾ «پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار (دۇنيادا چوڭ بىر) پىتنىگە يولۇقۇشتىن، يا (ئاخىرەتتە) قاتتىق بىر ئازابقا دۇچار بولۇشتىن قورقسۇن»③.

### ❖ ئۈچىنچى، الله تائالا پەيغەمبەر ﷺ نى خاتالىقتىن ساقلاپ قالغان

① «زاد المعاد» 1 ـ توم 69 ـ بەت.
② سۈرە ئەھزاب 21 ـ ئايەت.
③ سۈرە نۇر 63 ـ ئايەت.

الله  تائالا پەيغەمبەرنى خاتالىقتىن ساقلاپ قالغان بولۇپ، ئەگەر ئۇنىڭدىن بىرەر خاتالىق سادىر بولۇپ قالغان بولسا، ئۇنى خاتالىق ئۈستىدە قالدۇرۇپ قويمىغان. شۇڭلاشقا، بۇ سۈپەتكە ئىگە بولغان كىشىگە ئەگىشىش، ئۇنىڭ ھاياتىنى ئۆگىنىش ۋە يولىنى تونۇش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**❖ تۆتىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھاياتى ئۈلگىلىك ھايات**

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھاياتىي ئىش-ئىزلىرى ئىمان ۋە تەۋھىدكە ئالاقىدار بولسۇن، ياكى ئۇنىڭ ئەدەپ-ئەخلاق ۋە ئىستىلىغا ئالاقىدار بولسۇن، ياكى ئۇنىڭ يولى ۋە مەنھەجىگە ئالاقىدار بولسۇن ۋە ياكى دەۋەت جەريانىدىكى باتىل ۋە ئۇنىڭ ئەھلى بىلەن بولغان كۈرەش قىلىشتىكى سەۋرىگە ئالاقىدار بولسۇن، ئۆگىنىشكە تېگىشلىك بۈيۈك ۋەز-نەسىھەت ۋە ئىبرەتتۇر.

**❖ بەشىنچى، پەيغەمبەر ﷺ گە ئەگىشىش ــــ ئۇتۇق قازىنىش ۋە نىجاتلىققا ئېرىشىشنىڭ شەرتى**

ئەگەر رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سۆز، ئىش-ھەرىكەت ۋە بارلىق ئىشلىرىغا ئەگەشمىسەك ۋە ئۇنىڭ ئىزىدا ماڭمىساق، مەڭگۈ نىجات تاپالمايمىز ۋە ھەرگىزمۇ ئۇتۇق قازىنالمايمىز.

**❖ ئالتىنچى، پەيغەمبەر ﷺ بارلىق ئىشلاردا نەمۇنىدۇر**

ئويلاپ باقمامسىز؟! ئەجەبا الله  تائالا پەيغەمبەر ﷺ نى ئەر كىشى، ئائىلە باشلىقى، قېرىنداش، دوست، ھاكىم ۋە قوماندان قىلمىدىمۇ؟! پەيغەمبەر ﷺ نى بارلىق ئەھۋاللاردا بىزگە نەمۇنە قىلمىدىمۇ؟!

- پەيغەمبەر ﷺ گە ئەگىشىش ئۈچۈن ئۇنىڭ تارىخىنى بىلىش ئىنتايىن زۆرۈر.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يولىدا قانداق مېڭىش، سۈننەتلىرىگە قانداق ئەگىشىش

ۋە ئۇنى قانداق ئۆلگە قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە تەپسىلىي توختىلىش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھاياتى، تارىخى، ھەرخىل ئەھۋاللاردا تۇرلۇك كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىسى ۋە پوزىتسىيىسىنى بىلىش ناھايىتى زۆرۈر ھېسابلىنىدۇ.

## 2 ـ باب

# پەيغەمبەر ﷺ گە ئەگىشىلىدىغان تەرەپلەر

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تارىخنى ياخشى تەپەككۇر قىلغان كىشىگە ئايانكى، پەيغەمبەر ﷺ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئېسىل ۋە پەزىلەتلىك دەپ قارالغان كىشىلەرنىڭ گۈزەل ئەخلاقلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن.

❖ **رەسۇلۇللاھ ﷺ گۈزەل ئەخلاق ئۈلگىسىدۇر**

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِنَّكَ لَعَلَى خُلُقٍ عَظِيمٍ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاقتا ئىكەنسەن»[1].

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئەخلاقى قۇرئان ئىدى. ئۇ قۇرئاندا ياخشى كۆرۈلگەن ئىشلارغا رازى بولۇپ، ئەيىبلەنگەن ئىشلارغا غەزەپ قىلاتتى، سەت گەپ قىلمايتتى،[2] ئۇ بازارلاردا سۈرەن سالمايتتى، يامانلىق قىلغۇچىغا يامانلىق قىلمايتتى، بەلكى ئەپۇ قىلىۋېتەتتى.[3]

سەفىيە بىنتى ھۇيەي رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «ما رأيت أحدا أحسن خلقا من رسول الله ﷺ» «مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ دىنمۇ گۈزەل ئەخلاقلىق بىر كىشىنى كۆرۈپ باقمىدىم».[4]

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «واللَّه لقد خدمته تسع سنين ما علمته قال لشيء صنعته لم فعلت كذا وكذا، أو لشيء تركته هلا فعلت كذا وكذا» «الله بىلەن قەسەمكى، مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ گە توققۇز يىل خىزمەت قىلدىم. لېكىن، ئۇنىڭ مەن قىلىپ سالغان بىر ئىشقا <نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلدىڭ؟> دېگىنىنى،

---

[1] سۈرە قەلەم 4 ـ ئايەت.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[3] تىرمىزى توپلىغان.
[4] تەبەرانى توپلىغان.

ياكى قىلمىغان بىر ئىشقا <بۇنى نېمىشقا قىلمىدىڭ؟> دېگىنىنى بىلمەيمەن». ①

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «كان رسول اللّٰه ﷺ من أحسن الناس خلقا فأرسلني يوما لحاجة فقلت واللّٰه لا أذهب وفي نفسي أن أذهب لما أمرني به نبي اللّٰه ﷺ فخرجت حتى أمر على صبيان وهم يلعبون في السوق فإذا رسول اللّٰه ﷺ قد قبض بقفاي من ورائي قال فنظرت إليه وهو يضحك فقال يا أنيس أذهبت حيث أمرتك؟ قال قلت نعم أنا أذهب يا رسول اللّٰه» «رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەخلاقى ئەڭ گۈزەل كىشى ئىدى. ئۇ بىر كۈنى مېنى بىر ئىشقا ئەۋەتمەكچى بولغاندا، مەن: <ﷲ نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بارمايمەن> دېدىم، لېكىن كۆڭلۈمدە رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇيرۇغان ئىشقا بارغۇم بار ئىدى. مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىدىن چىقىپ كوچىدا ئويناۋاتقان بالىلارنىڭ قېشىغا كەلدىم. بىر ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ ﷺ ئارقامدىن گەدىنىمنى تۇتتى، ئارقامغا بۇرۇلۇپ قارىسام، ئۇ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا: <ئى ئەنەس! مەن بۇيرۇغان ئىشقا باردىڭمۇ؟> دېگەنىدى، مەن: <مانا ھازىر ماڭدىم، ئى رەسۇلۇللاھ!> دېدىم». ②

### ❖ رەسۇلۇللاھ ﷺ كەڭ قورساقلىق ۋە ئەپۇچانلىق ئۈلگىسىدۇر

ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**فَبِمَا رَحْمَةٍ مِنَ اللَّهِ لِنْتَ لَهُمْ وَلَوْ كُنْتَ فَظًّا غَلِيظَ الْقَلْبِ لَانْفَضُّوا مِنْ حَوْلِكَ**﴾ «ﷲ نىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ، ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى»③.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «كنت أمشي مع النبي ﷺ وعليه برد نجراني غليظ الحاشية فأدركه أعرابي فجذبه جذبة شديدة حتى نظرت إلى صفحة

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
② مۇسلىم توپلىغان.
③ سۈرە ئال ئىمران 159- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

عاتق النبي ﷺ قد أثرت به حاشية الرداء من شدة جذبته ثم قال مر لي من مال اللّه الذي عندك فالتفت إليه فضحك ثم أمر له بعطاء» «مەن پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىرگە كېتىۋاتقان ئىدىم، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۇستىدە نەجراندىن كەلتۈرۈلگەن پەۋازلىرى يىرىك بىر تون بار ئىدى، بىر ئەئرابى كېلىپ ئۇنىڭ تونىنى قاتتىق تارتتى. مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بوينىغا قاراپ باقسام، ئەئرابىنىڭ قاتتىق تارتقانلىقىدىن ئۇنىڭ بوينىغا توننىڭ ئىزى چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئەئرابى: <ئى مۇھەممەد! قولۇڭدىكى الله نىڭ ماللىرىدىن ماڭا بۇيرۇپ بەرگىن!> دېدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى، ئاندىن (يېنىدىكىلەرنى) ئۇنىڭغا بىر نەرسە بېرىشكە بۇيرۇدى». ①

❖ **رەسۇلۇللاھ ﷺ ھايا ئۈلگىسىدۇر**

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «كان النبي ﷺ أشد حياء من العذراء في خدرها، فإذا رأى شيئا يكرهه عرفناه في وجهه» «پەيغەمبەر ﷺ چۈمپەردە ئىچىدىكى قىزلاردىنمۇ بەك ھايالىق ئىدى، پەيغەمبەر ﷺ ياقتۇرمايدىغان بىرەر ئىشنى كۆرسە، بىز پەيغەمبەر ﷺ نىڭ چىرايىدىن ئۇنى بىلىۋالاتتۇق». ②

❖ **پەيغەمبەر ﷺ مېھىر ـ شەپقەت ئۈلگىسىدۇر**

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَمَا أَرْسَلْنَاكَ إِلَّا رَحْمَةً لِلْعَالَمِينَ**﴾ «(ئى مۇھەممەد!) سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق»③.

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «صلى رسول اللّه ﷺ ليلة فقرأ بآية حتى أصبح، يركع بها ويسجد بها: ﴿**إِنْ تُعَذِّبْهُمْ فَإِنَّهُمْ عِبَادُكَ وَإِنْ تَغْفِرْ لَهُمْ فَإِنَّكَ أَنْتَ الْعَزِيزُ الْحَكِيمُ**﴾، فلما أصبح، قلت: يا رسول اللّه، ما زلت تقرأ هذه الآية حتى أصبحت، تركع بها وتسجد بها قال:

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
③ سۈرە ئەنبىيا 107 ـ ئايەت.

إني سألت ربي الشفاعة لأمتي فأعطانيها، وهي نائلة إن شاء اللّٰه لمن لا يشرك باللّٰه شيئا» «رەسۇلۇللاھ ﷺ بىر كېچىسى ناماز ئوقۇپ مۇنۇ ئايەتنى تەكرار قىرائەت قىلىپ، شۇ ئايەت بىلەن رۇكۇ ۋە سەجدە قىلىپ تاڭ ئاتقۇزدى: ‹ئەگەر ئۇلارغا ئازاب قىلساڭ، ئۇلار سېنىڭ بەندىلىرىڭدۇر (ئۇلارنى خالىغىنىڭچە تەسەررۇپ قىلىسەن)، (ساڭا ھېچ ئەھەدى تەئەررۇز قىلالمايدۇ)، ئەگەر ئۇلارغا (يەنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تەۋبە قىلغانلارغا) مەغپىرەت قىلساڭ، سەن (ئىشىڭدا) غالىب، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇرسەن›[1]. تاڭ ئاتقاندا مەن: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! سەن بۇ ئايەتنى تەكرار ئوقۇۋېرىپ، مۇشۇ ئايەت بىلەن رۇكۇ ۋە سەجدە قىلىپ تاڭ ئاتقۇزدۇڭغۇ؟› دېسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹مەن رەببىمدىن ئۈممىتىمگە شاپائەت قىلىشنى سورىغانىدىم، رەببىم ئۇنى ماڭا بەردى. اللّٰه خالىسا ئۇنىڭغا اللّٰه قا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەن كىشى ئېرىشىدۇ› دېدى».[2]

مالىك ئىبنى ھۇۋەيرىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «أتيت النبي ﷺ في نفر من قومي، فأقمنا عنده عشرين ليلة، وكان رحيما رفيقا، فلما رأى شوقنا إلى أهالينا قال: ارجعوا فكونوا فيهم وعلموهم وصلوا، فإذا حضرت الصلاة فليؤذن لكم أحدكم، وليؤمكم أكبركم» «قەۋمىمدىكى بىرنەچچە كىشى بىلەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كەلدۇق ۋە ئۇنىڭ يېنىدا 20 كېچە تۇردۇق، پەيغەمبەر ﷺ ناھايىتى مېھرىبان ۋە ئاقكۆڭۈل كىشى ئىدى. ئۇ بىزنىڭ ئائىلىمىزنى سېغىنغانلىقىمىزنى ھېس قىلىپ، بىزگە: ‹ئۆيۈڭلارغا قايتىپ كېتىڭلار، ئۇلار بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈڭلار، ئۇلارغا دىننى ئۆگىتىڭلار، ناماز ئوقۇڭلار، ناماز ۋاقتى بولغاندا بىرىڭلار ئەزان ئېيتىڭلار، ياشتا چوڭراقىڭلار سىلەرگە ئىمام بولسۇن› دېدى».[3]

---

[1] سۇرە مائىدە 118 ـ ئايەت.

[2] ئەھمەد توپلىغان، شۇئەيب ئەرنەئۇت «ھەسەن» دېگەن.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

**❖ رەسۇلۇللاھ ﷺ ئادەمگەرچىلىككە رىئايە قىلىش ئۈلگىسىدۇر**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «ما غرت على أحد من نساء النبي ﷺ ما غرت على خديجة وما رأيتها ولكن كان النبي ﷺ يكثر ذكرها وربما ذبح الشاة ثم يقطعها أعضاء ثم يبعثها في صدائق خديجة فربما قلت له كأنه لم يكن في الدنيا امرأة إلا خديجة فيقول إنها كانت وكانت وكان لي منها ولد» «گەرچە مەن خەدىچەنى كۆرۈپ باقمىغان بولساممۇ، لېكىن رەسۇلۇللاھ ﷺ نى ھېچبىر ئايالدىن خەدىچەدىن كۈنلىگەندەك كۈنلەپ باقمىدىم. چۈنكى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ گېپىنى تولا قىلاتتى، بەزىدە قوي سويۇپ پارچىلاپ خەدىچەنىڭ دوستلىرىغا ئەۋەتىپ بېرەتتى. بەزى چاغلاردا مەن ئۇنىڭغا: <خۇددى دۇنيادا خەدىچەدىن باشقا ئايال يوقتەك> دەپ قويسام، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <ئۇ مۇنداق، مۇنداق پەزىلەتلىك ئايال ئىدى، ھەم ئۇنىڭدىن بالىلىرىم بولغان> دەيتتى».①

**❖ رەسۇلۇللاھ ﷺ كەمتەرلىك ئۈلگىسىدۇر**

الله تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ﷺ گە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَاخْفِضْ جَنَاحَكَ لِمَنِ اتَّبَعَكَ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ**﴾ «ساڭا ئەگەشكەن مۆئمىنلەرگە مۇلايىم بولغىن»②. يەنى، ئۇلارغا مۇلايىم بولغىن ۋە كۆيۈنگىن. الله تائالا رەسۇلۇللاھ ﷺ نى كەمتەر ۋە مۇلايىم بولۇشقا، كەمبەغەل مۆئمىنلەرگە ۋە مۇسۇلمانلارغا كۆيۈنۈشكە بۇيرۇغان.

رەسۇلۇللاھ ﷺ كىچىك بالىلارنىڭ يېنىدىن ئۆتسە ئۇلارغا سالام قىلاتتى.③ ھەتتا بىر دېدەكمۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قولىنى تارتىپ خالىغان يېرىگە ئېلىپ كېتەلەيتتى.④ رەسۇلۇللاھ ﷺ ئايىغىنى ئۆزى تىكەتتى ۋە كىيىمىنى يامايتتى.⑤

---

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
② سۈرە شۇئەرا 215 ـ ئايەت.
③ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
④ ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
⑤ ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

قوي ساغاتتى.[1] مىسكىنلەر بىلەن ئولتۇراتتى.[2] تۇل ئايال ۋە يېتىملەرنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن بىرگە ماڭاتتى.[3] ئاز تاماقتا تەكلىپ قىلىنسىمۇ تەكلىپ قىلغۇچىنى رەت قىلمايتتى، كېسەللەرنى يوقلايتتى، جىنازا نامىزىغا باراتتى، ئېشەككە مىنەتتى، ھەتتا قۇل بىر كىشى تەكلىپ قىلسىمۇ باراتتى.[4]

❖ **رەسۇلۇللاھ ﷺ شجائەت ئۆلگىسىدۇر**

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «لما حضر البأس يوم بدر اتقينا برسول اللّه ﷺ، وكان من أشد الناس، ما كان أو لم يكن أحد أقرب إلى المشركين منه» «بەدر كۈنى مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار ئۆزئارا ئۇچرىشىپ جەڭ كۈچىيىپ كەتكەندە، بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ ئارقىلىق قوغداندۇق. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەڭ شجائەتلىك كىشى ئىدى ۋە ئارىمىزدىن دۈشمەنگە ئەڭ يېقىن تۇرۇپ جەڭ قىلىدىغان كىشى ئىدى».[5]

«سەھىھ مۇسلىم»دا بەرا ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان: «الله بىلەن قەسەمكى، جەڭ قىزىغاندا بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ ئارقىلىق قوغدىناتتۇق، ئىچىمىزدىن ئەڭ شجائەتلىك كىشى رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىرگە كاپىرلارغا قارشى روبىرو تۇراتتى».

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «كان رسول الله ﷺ أحسن الناس، وكان أجود الناس، وكان أشجع الناس. ولقد فزع أهل المدينة ذات ليلة، فانطلق ناس قبل الصوت، فتلقاهم رسول الله ﷺ راجعا، وقد سبقهم إلى الصوت، وهو على فرس لأبي طلحة

---

[1] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[2] «صحيح مسلم» 2413_ بەت.
[3] نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[4] «مدارج السالكين» 2_ توم 328_ بەت.
[5] ئەھمەد توپلىغان، شۇئەيىب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

عري[أي: بلا سرج]، في عنقه السيف وهو يقول: ‹لم تراعوا، لم تراعوا› قال: ‹وجدناه بحرا، أو إنه لبحر› قال: وكان فرسا يبطأ» «رەسۇلۇللاھ ﷺ كىشىلەر ئىچىدىكى ئەڭ كېلىشكەن، ئەڭ سېخىي ۋە ئەڭ شىجائەتلىك كىشى ئىدى. بىر كۈنى كېچىسى مەدىنە خەلقى قورقۇنچلۇق بىر ئاۋازدىن ساراسىمىگە چۈشۈپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ ئاتلانغانىدى، يولدا رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ھالبۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلاردىن بۇرۇن ئاۋاز چىققان تەرەپكە بېرىپ بولغان بولۇپ، ئەبۇ تەلھەنىڭ ئېتىغا ئېگەر-توقۇمسىزلا مىنگەن ۋە قىلىچىنى ئاسقان ھالەتتە: ‹ئەنسىرىمەڭلار، ئەنسىرىمەڭلار! بۇ بەكلا ئۇچقۇر ئات ئىكەن› دەپ كېلىۋاتاتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئات ئىنتايىن قاشاڭ ئىدى».①

شۇبھىسىزكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئاستا چاپىدىغان ئاتقا مىنگەندە، ئۇ ئاتنىڭ ھېچقانداق ئات ئالدىغا ئۆتۈپ كېتەلمەيدىغان ئۇچقۇر ئاتقا ئايلىنىشى بولسا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۆجىزىلىرىدىندۇر.

### ❖ رەسۇلۇللاھ ﷺ مەردلىك ۋە سېخىيلىق ئۈلگىسىدۇر

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «كان النبي ﷺ أجود الناس، وكان أجود ما يكون في رمضان حين يلقاه جبريل، وكان جبريل يلقاه في كل ليلة من رمضان، فيدارسه القرآن، فلرسول الله حين يلقاه جبريل أجود بالخير من الريح المرسلة» «پەيغەمبەر ﷺ كىشىلەر ئىچىدىكى ئەڭ سېخىي زات ئىدى. بولۇپمۇ رامىزاندا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشقاندا تېخىمۇ سېخىيلىشىپ كېتەتتى. پەيغەمبەر ﷺ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن رامىزاندا ھەر كېچىسى ئۇچرىشىپ قۇرئاندىن دەرس ئوقۇشاتتى. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشقان چاغدىكى سېخىيلىقى شامالدىنمۇ تېز ئىدى».②

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ما سئل النبي ﷺ عن شيء قط فقال: لا» «پەيغەمبەر ﷺ دىن بىر نەرسە سورالغاندا، ئۇ <ياق> دەپ باققان ئەمەس».[1]

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ما سئل رسول اللّٰه ﷺ على الاسلام شيئا الا اعطاه قال فجاءه رجل فاعطاه غنما بين جبلين فرجع إلى قومه فقال يا قوم اسلموا فان محمدا يعطى عطاء لا يخشى الفاقة» «پەيغەمبەر ﷺ دىن مۇسۇلمان بولۇش ئۈچۈن بىر نەرسە سورىلىپلا قالسا، بەرمەي قالمايتتى. بىر ئادەم پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كەلگەندى، ئۇنىڭغا ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدىكى قوينى بېرىۋەتتى. ئۇ ئادەم قەۋمىگە قايتىپ بېرىپ: <ئى قەۋمىم! مۇسۇلمان بولۇڭلار، چۈنكى مۇھەممەد نامراتلىقتىن ئەنسىرىمەي بېرىۋېرىدىكەن> دېدى».[2]

❖ **رەسۇلۇللاھ ﷺ الله تىن قورقۇش ۋە ئەيمىنىش ئۈلگىسىدۇر**

مۇتەررىف دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان: «رأيت رسول اللّٰه ﷺ يصلي وفي صدره أزيز كأزيز الرحى من البكاء» «مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ناماز ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ بوقۇلداپ يىغلىغان ئاۋازى يارغۇنچاقنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش چىقىۋاتاتتى».[3]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «يا رسول اللّٰه قد شبت، قال: شيبتني هود والواقعة والمرسلات وعم يتساءلون وإذا الشمس كورت» «<ئى رەسۇلۇللاھ! چېچىڭغا ئاق كىرىپتۇ> دېگەندى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا: <چېچىمنى ھۇد، ۋاقىئە، مۇرسەلات، نەبەئ ۋە تەكۋىر قاتارلىق سۈرىلەر ئاقارتىۋەتتى> دېدى».[4]

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[2] مۇسلىم توپلىغان.
[3] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[4] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

**❖ رەسۇلۇللاھ ﷺ دۇنياغا بېرىلمەسلىك ۋە ئۇنىڭدىن ئۆزىنى تارتىش ئۈلگىسىدۇر**

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا كىرگەندە، رەسۇلۇللاھ ﷺ بىر پارچە بورىنىڭ ئۈستىدە يېنىچە ياتقان بولۇپ، بورىنىڭ ئۈستىگە ھېچنەرسە سېلىنمىغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بېشىدا خورما قوۋزىقى بىلەن تولدۇرۇلغان تېرىدىن ياسالغان ياستۇق بار ئىدى. ئۇنىڭ بېشى تەرىپىدىكى تامغا ئاشلانمىغان بىر تېرە ئېسىقلىق ئىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «فرأيت أثر الحصير في جنبه، فبكيت. فقال: ما يبكيك؟ فقلت: يا رسول اللّٰه، إن كسرى وقيصر فيما هما فيه، وأنت رسول اللّٰه! فقال: ‹أما ترضى أن تكون لهم الدنيا، ولنا الآخرة؟›» «مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بىقىنىدىكى بورىنىڭ ئىزىنى كۆرۈپ يىغلاپ كەتتىم، رەسۇلۇللاھ ﷺ مەندىن: ‹نېمىگە يىغلايسەن؟› دەپ سورىدى، مەن: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! كىسرا ۋە قەيسەر باغۇبوستانلاردا ياشاۋاتسا، سەن الله نىڭ پەيغەمبىرى تۇرۇپ مۇشۇ ھالدا ياشاۋاتىسەن› دېسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹بىزگە ئاخىرەت، ئۇلارغا بۇ دۇنيا بېرىلسە رازى بولمامسەن؟› دېدى».[1]

رەسۇلۇللاھ ﷺ ساھابىلىرىگە دۇنياغا بېرىلمەسلىك ۋە ئاخىرەت ھاياتىغا قىزىقىش ھەققىدە نەسىھەت قىلغان ۋاقىتتا، ئۆزى تۆت دەرھەمگە باراۋەر كەلمەيدىغان كونا ئىگەر ۋە يېپىنچا بىلەن ھەج قىلدى.[2]

**❖ رەسۇلۇللاھ ﷺ الله نىڭ ۋەدىسىگە كەسكىن ئىشىنىش ۋە ئۇنىڭ يولىدا مۇستەھكەم تۇرۇش ئۈلگىسىدۇر**

بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، [بىر كىشى بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: «ئى ئەبۇ ئەمارە! ھۇنەين غازىتىدا ھەممىڭلار قاچقانمىدىڭلار؟» دەپ

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[2] ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

سورىغاندا، بەرا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «لا واللَّه، ما ولى النبي ﷺ ، ولكن ولى سرعان الناس، فلقيهم هوازن بالنبل، والنبي ﷺ ، على بغلته البيضاء، وأبو سفيان بن الحارث آخذ بلجامها، والنبي ﷺ يقول: أنا النبي لا كذب أنا ابن عبد المطلب» «ياق! الله بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر ﷺ قاچمىدى. لېكىن، ئالدىدا ماڭغان كىشىلەرگە ھەۋازىنلار ئوقلارنى ياغدۇرۇۋەتكەچكە ئۇلار قېچىپ كەتكەنىدى، ئەمما پەيغەمبەر ﷺ ئۆزىنىڭ ئاق قېچىرىغا مىنىۋالغان بولۇپ، ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھارىس ئۇنىڭ چۇلۋۇرىنى مەھكەم تۇتۇۋالغان ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دەيتتى:

<مەن الله نىڭ رەسۇلى،
پەقەت راستنى سۆزلەيمەن.
ھەمدە پاكتۇر نەسەبىم،
ئابدۇلمۇتەللىپ پۇشتىمەن> دەپ جاۋاب بەرگەن»].①

**❖ رەسۇلۇللاھ ﷺ سەۋرچانلىق ۋە يامانلىق قىلغانلارنى ئەپۇ قىلىش ئۆلگىسىدۇر**

تەۋراتتا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سۈپىتى «توڭ ۋە قوپال ئەمەس، بازارلاردا سۈرەن سالمايدۇ، يامانلىق قىلغۇچىغا يامانلىق قىلمايدۇ، بەلكى ئەپۇ قىلىپ كەچۈرۈۋېتىدۇ» دېيىلگەن.②

**❖ رەسۇلۇللاھ ﷺ كۆپ مەغپىرەت تىلەش ۋە تەۋبە قىلىش ئۆلگىسىدۇر**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «واللَّه إني لأستغفر اللَّه وأتوب إليه في اليوم أكثر من سبعين مرة» «الله بىلەن قەسەمكى، مەن بىر كۈندە الله تىن 70 قېتىمدىن كۆپرەك مەغپىرەت

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
② بۇخارى توپلىغان.

تەلەپ قىلىمەن ۋە تەۋبە قىلىمەن».[1]

❖ **رەسۇلۇللاھ ﷺ ئىبادەت ئۇلگىسىدۇر**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «پەيغەمبەر ﷺ كېچىسى قىيامدا تۇراتتى، ھەتتاكى پۇتلىرى قاپىرىپ كېتەتتى. مەن پەيغەمبەر ﷺ گە: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! الله تائالا سېنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلغان تۇرسا، نېمشقا بۇنچىلىك كۆپ ئىبادەت قىلىسەن؟› دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ: ‹أفلا أحب أن أكون عبدا شكورا› ‹مەنمۇ شۇكۇر ئېيتقۇچى بەندىلەردىن بولۇشنى ياخشى كۆرمەمدىم› دەيتتى».[2]

ئۇبەيدە ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا: «بىزگە رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن كۆرگەن ئەڭ ئەجەبلىنەرلىك بىر ئىشنى سۆزلەپ بەرگىن» دېگەنىدىم، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىردەم سۈكۈتتە تۇرغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: «لما كان ليلة من الليالي قال يا عائشة ذريني أتعبد الليلة لربي قلت والله إني لأحب قربك وأحب ما سرك قالت فقام فتطهر ثم قام يصلي قالت فلم يزل يبكي حتى بل حجره قالت ثم بكى فلم يزل يبكي حتى بل لحيته قالت ثم بكى فلم يزل يبكي حتى بل الأرض فجاء بلال يؤذنه بالصلاة فلما رآه يبكي قال يا رسول الله لم تبكي وقد غفر الله لك ما تقدم وما تأخر قال أفلا أكون عبدا شكورا لقد نزلت علي الليلة آية ويل لمن قرأها ولم يتفكر فيها ﴿**إِنَّ فِي خَلْقِ السَّمَاوَاتِ وَالْأَرْضِ وَاخْتِلَافِ اللَّيْلِ وَالنَّهَارِ لَآيَاتٍ لِأُولِي الْأَلْبَابِ**﴾» [مېنىڭ نۆۋىتىم بولغان بىر كېچىسى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ماڭا: «ئى ئائىشە! بۇ كېچىنى رەببىمگە ئىبادەت قىلىپ ئۆتكۈزسەم قانداق دەيسىز؟» دېدى، مەن: «الله بىلەن قەسەمكى، سېنىڭ الله قا يېقىنلىشىشىڭنى ۋە سېنى خۇرسەن قىلىدىغان ئىشنى ياخشى كۆرىمەن» دېدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئورنىدىن

[1] بۇخارى توپلىغان.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

تۇرۇپ تاھارەت ئېلىپ نامازغا تۇردى، ئۇ يىغلاۋېرىپ كۆز چانىقى، ئاندىن ساقىلى، ھەتتاكى يەرمۇ ھۆل بولۇپ كەتتى. كېيىن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېلىپ رەسۇلۇللاھ ﷺ نى نامازغا چاقىردى. ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يىغلىغانلىقىنى كۆرۈپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! الله سېنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلغان تۇرسا، نېمىگە يىغلايسەن!؟» دېگەندى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «مەن شۇكۇر قىلغۇچى بەندە بولمامدىم؟! ھەقىقەتەن بۈگۈن كېچە ماڭا <شۈبھىسىزكى، ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىپ تۇرۇشىدا ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە، روشەن دەلىللەر بار>① دېگەن ئايەت نازىل قىلىندى، ئۇ ئايەتنى تەپەككۇر قىلماستىن تىلاۋەت قىلغان كىشىنىڭ ھالىغا ۋاي!» دېدى].②

ئۇ ھەم رامىزان ئېيىدىكى ئۈلگىدۇر. رەسۇلۇللاھ ﷺ رامىزان ئېيىدا سەدىقە قىلىش، خەير-ئېھسان قىلىش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، ناماز ئوقۇش، زىكىر ئوقۇش ۋە ئېتىكاپ قىلىش... قاتارلىق تۈرلۈك ئىبادەتلەرنى كۆپ قىلاتتى.

ئۇ نەپلە ئەمەللەردە ھەم ئۈلگىدۇر. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇزۇلدۇرمەي روزا تۇتقانلىقتىن، ھەتتاكى كىشىلەر «داۋاملىق روزا تۇتىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ قېلىشاتتى؛ بەزىدە ئۇزۇنغىچە روزا تۇتمايتتى، ھەتتاكى كىشىلەر «پەقەتلا روزا تۇتمايدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ قېلىشاتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ رامىزاندىن باشقا ئايلاردا تولۇق بىر ئاي روزا تۇتۇپ باقمىغان ئىدى. ئۇ رامىزان ئېيىدىن باشقا بىرەر ئايدا شەئبان ئېيىدا روزا تۇتقاندەك كۆپ روزا تۇتۇپ باقمىغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ دۈشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنلىرى روزا تۇتۇشقا بەكمۇ

① سۈرە ئال ئىمران 190- ئايەت.

② ئىبنى ھىببان توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

تىرىشاتتى.[1]

ئۇ قۇرئان ئوقۇشتا ھەم ئۈلگىدۇر. رەسۇلۇللاھ ﷺ قۇرئاننى بەكمۇ تېز ئەمەس، ئايرىم ـ ئايرىم، دانىمۇدانە ۋە ئوچۇق قىرائەت قىلاتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ قىرائەت قىلغاندا ئايەتمۇئايەت ئۈزۈپ، مەد ھەرپلىرىگە كەلگەندە سوزۇپ ئوقۇيتتى. مەسىلەن، ئۇ «الرَّحْمَنِ» ۋە «الرَّحِيمِ»[2] نى سوزۇپ ئوقۇيتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ قىرائەت قىلىشتىن ئىلگىرى الله قا سىغىنىپ قوغلاندى شەيتاندىن پاناھ تىلەپ: «أَعُوذُ بِاللَّه مِنَ الْشَيْطَانِ الرَّجِيمِ» دەيتتى، بەزىدە «اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنَ الْشَيْطَانِ الرَّجِيمِ مِنْ هَمْزِهِ وَنَفْخِهِ وَنَفْثِهِ» «ئى الله! مەن ساڭا سىغىنىپ قوغلاندى شەيتاننىڭ پۈۋلىشى، سۈپلىشى ۋە چىپىلىپ قويۇشىدىن پاناھ تىلەيمەن» دەيتتى.[3] رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قۇرئان ئوقۇيدىغان كۈنلۈك ۋەزىپىسى بار بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنى تاشلاپ قويمايتتى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ قۇرئاننى ئۆرە تۇرغان، ئولتۇرغان، يېنى ياتقان، تاھارەتلىك ۋە تاھارەتسىز ھالەتلىرىدىمۇ ئوقۇيدىغان بولۇپ، پەقەت جۇنۇپلۇق ھالىتىدىلا ئوقۇمايتتى.[4]

**❖ رەسۇلۇللاھ ﷺ الله نى ئەسلەش ئۈلگىسىدۇر**

الله تائالانى ئەڭ مۇكەممەل رەۋىشتە ئەسلەيدىغان كىشى پەيغەمبەر ﷺ دۇر. ئۇ ئۆرە تۇرغان، ئولتۇرغان، پىيادىلىك، ئۇلاغلىق، ماڭغان ۋە بىرەر قونالغۇغا چۈشكەن ھالەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە الله نى ئەسلەيتتى.

**❖ رەسۇلۇللاھ ﷺ ناماز، روزا ۋە نىكاھلىنىشتا ئۆزىگە ئەگىشىشكە**

---

[1] تىرمىزى، نەسائى، ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[2] «صحيح البخاري» 5 ـ توم 46 ـ بەت.
[3] ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[4] «زاد المعاد» 1 ـ توم 482 ـ بەت.

**تەشەببۇس قىلغان**

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئۈچ كىشى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئاياللىرىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئىبادىتى ھەققىدە سورىدى. ئۇلارغا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئىبادەتلىرى سۆزلەپ بېرىلگەندە، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئىبادەتلىرىنى ئاز سانىغاندەك قىلىپ: <بىز بىلەن پەيغەمبەر ﷺ نى قانداقمۇ سېلىشتۇرغىلى بولسۇن؟ الله ئۇنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغان تۇرسا!> دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بىرى: <مەن ئەمدى مەڭگۇ ھەر كېچىسى ناماز ئوقۇيمەن> دېدى؛ يەنە بىرى: <مەن يىل بويى روزا تۇتىمەن، روزىسىز يۈرمەيمەن> دېدى؛ يەنە بىرى: <مەن ئەمدى ئاياللارغا يېقىن يولىمايمەن ۋە مەڭگۇ ئۆيلەنمەيمەن> دېدى. كېيىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ: <أنتم الذين قلتم كذا وكذا أما والله إني أخشاكم لله وأتقاكم له ولكني أصوم وأفطر وأصلي وأرقد وأتزوج النساء فمن رغب عن سنتي فليس مني> <مۇنداق، مۇنداق سۆزلەرنى قىلغان سىلەرمۇ؟ الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن الله تىن سىلەرگە قارىغاندا بەك قورقىمەن ۋە سىلەردىنمۇ بەك تەقۋادارمەن. لېكىن، مەن روزىنىمۇ تۇتىمەن، روزىسىزمۇ يۈرىمەن؛ نامازنىمۇ ئوقۇيمەن ۋە ئۇيقۇنىمۇ ئۇخلايمەن؛ ئاياللارغىمۇ ئۆيلىنىمەن. كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرۈسە، ئۇ مەندىن ئەمەس> دېدى».[1]

ئىبنى ھەجەر (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ <كىمكى مېنىڭ سۈننىتىمدىن يۈز ئۆرۈسە، ئۇ مەندىن ئەمەس> دېگەن سۆزى <كىمكى مېنىڭ يولۇمنى تەرك ئېتىپ مېنىڭ يولۇمدىن باشقا يولنى تاللىسا، ئۇ مەندىن ئەمەس> دېگەنلىكتۇر.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يولى ــ ئەڭ توغرا ۋە كەڭرى يولدۇر. پەيغەمبەر ﷺ روزا

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

تۇتۇشقا كۈچلىنىش ئۈچۈن روزىسىزمۇ يۈرگەن؛ قىيامدا تۇرۇشقا كۈچلىنىش ئۈچۈن ئۇخلىغان؛ شەھۋىتىنى كېسىش، نەپسىنى پاكلاش ۋە نەسلىنى كۆپەيتىش ئۈچۈن ئاياللارغا ئۆيلەنگەن.

بۇ ھەدىستىن، چوڭلارغا ئەگىشىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىبادەتلىرىنى تەكشۈرۈشكە بولىدىغانلىقىنى ھەمدە ياخشى ئەمەلگە نىيەت قىلغان ۋە ئۇنى سۆزلەشكە موھتاج بولغان كىشىنىڭ رىيادىن ساقلىنالىسا، ئۆزىنىڭ ئىبادەتلىرىنى ئاشكارىلاشنىڭ چەكلەنمەيدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ».[1]

❖ **رەسۇلۇللاھ ﷺ ھەجدە ھەم ئۈلگىدۇر**

ھەج ــ پەيغەمبەر ﷺ گە ئەگىشىش ۋە ئۇنى ئۈلگە قىلىش ئېنىق ئىپادىلىنىدىغان ئىسلامنىڭ ئەڭ روشەن شوئارلىرىدىندۇر. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنۇ سۆزى بىلەن ھەجدە ئۆزىگە ئەگىشىشكە بۇيرۇغان: «لتأخذوا مناسككم فإني لا أدري لعلي لا أحج بعد حجتي هذه» «ھەج پائالىيەتلىرىنى ئۆگىنىۋېلىڭلار، بەلكىم مۇشۇ قېتىمقى ھەجدىن كېيىن ھەج قىلالماسلىقىم مۇمكىن».[2]

پەيغەمبەر ﷺ گە ئەگىشىش، ئۇنىڭ مەنىۋي تەرەپتىكى سۈپەتلىرىگە ئەگىشىش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ، بەلكى يەنە ئۇنىڭ ئەمەلىي ھاياتىي تەرەپلىرىدە ئۇنىڭغا ئەگىشىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئەمەلىي ھاياتى ــ مۇسۇلمان كىشى ئەگىشىدىغان ئەڭ مۇكەممەل يولدۇر.

يېمەك ـ ئىچمەكتە رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئەگىشىش. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئالدىغا كەلگەن تائامنى قايتۇرمايتتى، يوقنى تەلەپ قىلمايتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ گە پاك نەرسىلەر كەلتۈرۈلسە ئۇنىڭدىن يەيتتى، تائامنى قەتئىي ئەيىبلىمەيتتى، بەلكى

---

[1] «فتح الباري» 9 ـ توم 106 ـ بەت.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

كۆڭلى تارتسا يەيتتى، تارتمىسا يېمەيتتى.[1] رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۆيىدە ئۇدا ئىككى ئاي ئوت يېقىلمايتتى.[2]

رەسۇلۇللاھ ﷺ گە تاماق كەلتۈرۈلسە: «بِسْمِ اللَّهِ» دەپ يەيتتى. تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن بولسا: «اللهُمَّ أَطْعَمْتَ وَأَسْقَيْتَ، وَأَغْنَيْتَ وَأَقْنَيْتَ، وَهَدَيْتَ وَأَحْيَيْتَ، فَلَكَ الْحَمْدُ عَلَى مَا أَعْطَيْتَ» «ئى اللە! سەن تائام بەردىڭ، سۇغاردىڭ، بىھاجەت قىلدىڭ، قانائەتلەندۈردۈڭ، ھىدايەت قىلدىڭ ۋە تىرىلدۈردۈڭ، ماڭا بەرگەن نېئمەتلىرىڭ ئۈچۈن ساڭا ھەمدىلەر بولسۇن!» دەيتتى.[3]

رەسۇلۇللاھ ﷺ بىرەر قەۋمنىڭ قېشىدا تاماق يېسە، ئۇلارغا دۇئا قىلمىغۇچە قوپۇپ كەتمەيتتى.[4]

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئادەتتىكى تاماقنىمۇ يەيتتى، يېگىلى بىر نەرسە تاپالمىسا سەۋر قىلاتتى، ھەتتاكى ئاچلىقتىن قورسىقىغا تاش تېڭىۋالغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ كىچىك ياكى چوڭ بولسۇن، ھۆر ياكى قۇل بولسۇن، سەھرالىق ياكى مۇھاجىر بولسۇن، ئۇلارنىڭ بىرەرسى بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشتىن خىجىل بولمايتتى.[5]

❖ **رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇخلاش ۋە ئويغىنىشتا ئۈلگىدۇر**

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇخلىماقچى بولسا اللە نى ئەسلەپ، قورسىقىنى بەك تويدۇرماستىن، ئوڭ تەرىپىنى بېسىپ ئۇخلايتتى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇخلىماقچى بولسا قولىنى مەڭزىنىڭ ئاستىغا قويۇپ: «اللَّهُمَّ قِنِي عَذَابَكَ يَوْمَ تَبْعَثُ عِبَادَكَ» «ئى اللە! مېنى بەندىلىرىڭنى قايتا تىرىلدۈرىدىغان

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[3] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[4] «صحيح مسلم» 2042 ـ ھەدىس.
[5] «زاد المعاد» 1 ـ توم 147 ـ بەت.

كۈندىكى ئازابىڭدىن ساقلىغىن» دەيتتى.[1]

رەسۇلۇللاھ ﷺ خوراز چىللىغاندا ئويغىنىپ اللە قا ھەمدە ۋە تەكبىر ئېيتاتتى، ئاندىن اللە نى مەدھىيىلەپ ئۇنىڭغا دۇئا قىلاتتى، مىسۋاك ئىشلىتەتتى، تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇراتتى. ئاندىن رەببىنىڭ كالامىنى تىلاۋەت قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ بىلەن مۇناجاتلاشقان، ئۇنى مەدھىيىلىگەن، ئۇنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئۇنىڭغا قىزىققان ھالدا نامازغا تۇراتتى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ بەزىدە كۆرپىدە، بەزىدە بورىدا، بەزىدە يەردە ۋە بەزىدە كارىۋاتتا ئۇخلايتتى.[2]

**❖ رەسۇلۇللاھ ﷺ سۆزلەش، سۈكۈتتە تۇرۇش، كۈلۈش ۋە يىغلاشتا ئۈلگىدۇر**

رەسۇلۇللاھ ﷺ سۆز قىلسا، ئاڭلاۋاتقانلار سۆز قىستۇرغىدەك دەرىجىدە ئاستىمۇ ئەمەس، يادقا ئالالمايدىغان دەرىجىدە تېزمۇ ئەمەس، سانىغۇچى سانىۋالالايدىغان دەرىجىدە تەپسىلىي ۋە ئوچۇق سۆزلەيتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ تۇتقان مانا بۇ ئۇسلۇبى ئەڭ مۇكەممەل يولدۇر.

باشقىلارغا چۈشىنىشلىك بولۇشى ئۈچۈن، رەسۇلۇللاھ ﷺ كۆپىنچە ۋاقىتتا ھەربىر سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلايتتى؛ سالام قىلسا، ئۈچ قېتىم قىلاتتى.[3]

رەسۇلۇللاھ ﷺ كۆپىنچە ھالەتتە سۈكۈتتە تۇراتتى، سۆزلەشكە ھاجەت بولمىسا سۆز قىلمايتتى، ئارتۇق ياكى كەممۇ سۆزلىمەستىن ئىخچام ۋە چۈشىنىشلىك سۆزلەيتتى. بىھۇدە سۆزلەرنى قىلمايتتى، بەلكى ئەجىر ئۈمىد

[1] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[2] «زاد المعاد» 1- توم 155- بەت، 4- توم 246- بەت.
[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

قىلىنىدىغان سۆزلەرنىلا قىلاتتى. ئەگەر رەسۇلۇللاھ ﷺ بىرەر ئىشنى يامان كۆرسە چىرايىدىن بىلىنەتتى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ چىرايىدىن دائىم تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. بەزىدە ھەتتا ئېزىق چىشلىرىمۇ كۆرۈنگىدەك دەرىجىدە كۈلۈپ كېتەتتى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ كۈلۈشكە تېگىشلىك بولغان، ھەيران قالارلىق ۋە ئاز ئۇچرايدىغان ئىشلارغىلا كۈلەتتى.①

رەسۇللاھ ﷺ قاقاقلاپ كۈلمىگىنىدەك، يىغلىسىمۇ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ يىغلىمايتتى، لېكىن كۆزىدىن ياش ئاقاتتى ۋە كۆكرىكىدىن ئاۋاز ئاڭلىناتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ بەزىدە ئۆلۈككە ئىچ ئاغرىتىپ، بەزىدە ئۈممىتىدىن ئەنسىرەپ، بەزىدە ئۇلارغا كۆيۈنۈپ ۋە بەزىدە الله تىن قورقۇپ يىغلايتتى، يەنە بەزىدە قۇرئان ئاڭلىغاندا يىغلايتتى. بۇلار سېغىنىش ۋە ياخشى كۆرۈش يىغىسى بولۇپ، بۇ يىغىلارغا الله تىن قورقۇش ۋە ئەيمىنىش ھەمراھ ئىدى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئوغلى ئىبراھىم ۋاپات بولغاندا، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ يىغلىغان. بىر قىزى ۋاپات بولۇش ئالدىدا ئۇنىڭغا ھەم يىغلىغانىدى.②

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «سۈرە نىسا»نى تىلاۋەت قىلىپ بەرگەندىمۇ يىغلىغانىدى.③

ئوسمان ئىبنى مەزئۇن ۋاپات بولغاندىمۇ يىغلىغانىدى. كۈن تۇتۇلغاندا يىغلاپ تۇرۇپ كۈن تۇتۇلۇش نامىزى ئوقۇغانىدى.

قىزلىرىدىن بىرىنىڭ قەبرىسى يېنىدا ئولتۇرغاندا ۋە بەزىدە كېچە نامازلىرىدا يىغلىغانىدى.④

---

① «زاد المعاد» 1 ـ توم 182 ـ بەت.

② ئەھمەد توپلىغان.

③ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

④ «زاد المعاد» 1 ـ توم 183 ـ بەت.

**❖ رەسۇلۇللاھ ﷺ خۇتبە سۆزلەشتە ئۈلگىدۇر**

رەسۇلۇللاھ ﷺ خۇتبە سۆزلىسە كۆزلىرى قىزىرىپ، ئاۋازلىرى كۆتۈرۈلەتتى، قوشۇننى ئاگاھلاندۇرۇۋاتقاندەك غەزەپلىنەتتى. خۇتبە سۆزلەپلا قالسا، خۇتبىسىنى الله قا ھەمدۇ ـ سانا ئېيتىش بىلەن باشلايتتى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ خۇتبىسىنىڭ تېمىسى ـــ الله قا ھەمدە ئېيتىش، الله نىڭ نېئمەتلىرى ۋە مۇكەممەل سۈپەتلىرى بىلەن ئۇنى مەدھىيىلەش، ئىسلامنىڭ پرىنسىپلىرىنى كىشىلەرگە ئۆگىتىش، جەننەت، دوزاخ ۋە قىيامەتنى ئەسلىتىش، الله قا تەقۋالىق قىلىشقا بۇيرۇش، الله نىڭ غەزەپلىنىشىگە ياكى رازى بولۇشىغا سەۋەب بولىدىغان ئىشلارنى بايان قىلىپ بېرىش ئىدى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ دائىم ئاڭلىغۇچىلارغا زۆرۈر ۋە مەنپەئەتلىك بولغان تېمىدا خۇتبە سۆزلەيتتى. خۇتبىنى كىشىلەرنىڭ ھاجىتىگە قاراپ بەزىدە قىسقا، بەزىدە ئۇزۇن قىلاتتى.[①]

**❖ رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇئامىلىلەردە ئۈلگىدۇر**

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەڭ گۈزەل مۇئامىلىلىك كىشىدۇر. ئۇ مال ساتقان ۋە سېتىۋالغان، باشقىلارنى ياللاپ ئىشلەتكەن، باشقىلار بىلەن تىجارەتتە شېرىكلەشكەن. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ تىجارەتتىكى بىر شېرىكى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ: «مېنى تونۇدۇڭمۇ؟» دېگەندە، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «أما كنت شريكي؟ فنعم الشريك كنت لا تداري ولا تماري» «سەن مېنىڭ شېرىكىم ئەمەسمۇ؟ سەن مۇلايىم، باشقىلار بىلەن جېدەللەشمەيدىغان ياخشى شېرىك ئىدىڭ» دېگەن.[②]

رەسۇلۇللاھ ﷺ ھەدىيە بېرەتتى، ھەدىيىنى قوبۇل قىلاتتى ۋە ھەدىيە

---

[①] «زاد المعاد» 1 ـ توم 191 ـ بەت.

[②] ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

قىلغۇچىغا مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرەتتى. بەزىدە مال رەنگە قويۇپ ۋە بەزىدە رەنگە قويماي قەرز ئالاتتى. باشقىلاردىن بىر نەرسە ئارىيەت ئالاتتى. بىر نەرسە سېتىۋالسا، نەق پۇلغىمۇ، بەزىدە نېسىگىمۇ سېتىۋالاتتى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ قەرزنى ئىگىسىگە قايتۇرغاندا ياخشىسىنى قايتۇراتتى ۋە قەرز بەرگۈچى ئۈچۈن مۇنداق دۇئا قىلاتتى: «بَارَكَ اللَّهُ لَكَ فِي أَهْلِكَ وَمَالِكَ. إِنَّمَا جَزَاءُ السَّلَفِ الْحَمْدُ وَالأَدَاءُ» «الله تائالا ساڭا، ئائىلە ـ تاۋابىئاتىڭغا ۋە بايلىقلىرىڭغا بەرىكەت بەرسۇن! قەرز بېرىشنىڭ مۇكاپاتى بولسا مەدھىيىلەش ۋە قەرزنى جايىدا ئادا قىلىشتۇر»[①].

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆزىنىڭ بىر پارچە زېمىنىنى ۋەخپە سۈپىتىدە الله يولىدا سەدىقە قىلغان. ئۇ باشقىلارنىڭ ئارىسىدا ۋاستىچىلىك رول ئوينىغان ۋە باشقىلارمۇ ۋاستىچىلىك ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەن. رەسۇلۇللاھ ﷺ بەرىيرە بىلەن مۇغىيسنى ياراشتۇرۇپ قويماقچى بولغاندا بەرىيرە بۇنى رەت قىلغان، لېكىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا غەزەپلەنمىگەن ۋە خاپا بولمىغان. رەسۇلۇللاھ ﷺ ھەقىقەتەنمۇ بۈيۈك ئۈلگە ۋە شانلىق نەمۇنىدۇر.

رەسۇلۇللاھ ﷺ 80 دىن كۆپرەك ئورۇندا قەسەم قىلغان بولۇپ، الله تائالا ئۇنى ئۈچ ئورۇندا قەسەم قىلىشقا بۇيرۇغان. رەسۇلۇللاھ ﷺ بەزىدە قەسىمىدىن يېنىپ ئۇنىڭغا كەففارەت بېرەتتى، بەزىدە قەسىمىدە ئاخىرىغىچە مۇستەھكەم تۇراتتى. ئۇ چاقچاقمۇ قىلاتتى، لېكىن چاقچاقلىرىدا پەقەت ھەقنىلا سۆزلەيتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ قوش بىسلىق سۆزلەرنى قىلاتتى، ئەمما شۇ سۆزلىرىدىمۇ ھەقنى سۆزلەيتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ يۈگۈرۈشتە مۇسابىقىلەشكەن ۋە چېلىشقانىدى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆزى ۋە ئائىلىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى: ئايىغىنى، كىيىمىنى، (سۇ تارتىدىغان) چېلەكنى يامايتتى؛ قوي ساغاتتى،

---

[①] نەسائى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

كېيىمىدىكى پىتلارنى تازىلايتتى ۋە ساھابىلەر بىلەن بىرگە مەسجىد سېلىش ئۇچۇن خىش كۆتۈرەتتى؛ باشقىلارنى مېھمان قىلاتتى ۋە باشقىلارنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ باراتتى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ كېسەللەرنى يوقلايتتى؛ جىنازا نامىزىغا قاتنىشاتتى ۋە تەكلىپ قىلىنغان يەرگە باراتتى؛ تۇل ئايال، مىسكىن ۋە ئاجىزلارنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىش ئۇچۇن ئۇلار بىلەن بىرگە ماڭاتتى؛ شائىرلارنىڭ ماختاشلىرىنى ئاڭلاپ ئۇلارنى مەدھىيىلەيتتى.①

❖ **رەسۇلۇللاھ ﷺ كېسەللەرنى يوقلاشتا ئۈلگىدۇر**

بىرەر ساھابە كېسەل بولۇپ قالسا، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنى يوقلاپ باراتتى. ئۇ ئەھلى كىتابتىن ئۆزىگە خىزمەت قىلغان بىر خىزمەتكارنى يوقلاپ بارغان، خىزمەتكارنىڭ تاغىسى ھەم ئۇنى يوقلاپ كەلگەن بولۇپ، ئۇ كىشى مۇشرىك ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇ ئىككىسىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغاندا، يەھۇدىي خىزمەتكار مۇسۇلمان بولۇپ، ئۇنىڭ تاغىسى مۇسۇلمان بولمىغانىدى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ كېسەل يوقلاپ بارسا، كېسەل كىشىگە يېقىن كېلىپ ئۇنىڭ بېشى تەرىپىدە ئولتۇراتتى ۋە ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ: «كيف تجدك؟» «ئۆزۈڭنى قانداقراق ھېس قىلىۋاتىسەن؟» دەيتتى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئوڭ قولى بىلەن كېسەل كىشىنى سىلاپ تۇرۇپ: «اللَّهُمَّ رَبَّ النَّاسِ، أَذْهِب البَأْسَ، وَاشْفِهِ أَنْتَ الشَّافِي، لاَ شِفَاءَ إِلاَّ شِفاؤكَ، شِفَاءً لاَ يُغَادِرُ سَقمًا» «ئى پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ پەرۋەردىگارى الله! كېسەلنى كۆتۈرۈۋەتكىن، ئۇنىڭغا شىپالىق بەرگىن، سەنلا شىپالىق بەرگۈچىسەن، سېنىڭ شىپايىڭدىن باشقا شىپا يوق، ئۇنىڭغا كېسەل بىدارى قويمايدىغان شىپالىق ئاتا قىلغىن!» دەيتتى.②

① «زاد المعاد» 1 ـ توم 165 ـ بەت.
② «زاد المعاد» 1 ـ توم 494ـ بەت.

**❖ رەسۇلۇللاھ ﷺ پىترەت (قەدىمىي) سۈننەتلەردە[①] ئۈلگىدۇر**

ئاياغ كىيىش، چاچ تاراش، پاكىزلىق، باشقىلارغا بىر نەرسە بېرىش ۋە ئېلىش قاتارلىق ئىشلاردا ئوڭدىن باشلاش رەسۇلۇللاھ ﷺ نى خۇرسەن قىلاتتى. ئۇ ئوڭ قولىنى يېمەك-ئىچمەك ۋە پاكلىق ئۈچۈن، سول قولىنى بولسا ھاجىتىنى ئادا قىلىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نىجاسەتلەرنى تازىلاش ئۈچۈن ئىشلىتەتتى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ چېچىنى چۈشۈرسە ھەممىنى چۈشۈرەتتى، ھەرگىزمۇ بېرىمىنى چۈشۈرۈپ، بېرىمىنى قالدۇرۇپ قويمايتتى.

ئۇ مىسۋاكنى ياخشى كۆرەتتى، روزىسىز ياكى روزىدار بولسۇن مىسۋاك قىلاتتى. ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا، تاھارەت ئالغاندا، نامازغا تۇرغاندا ۋە ئۆيگە كىرگەندە مىسۋاك قىلاتتى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ خۇش پۇراقنى ياخشى كۆرەتتى ۋە كۆپ ئىشلىتەتتى. خۇش پۇراق بۇيۇملار سۇنۇلسا رەت قىلمايتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ چاچ تاراشنى ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ، بەزىدە ئۆزى تارايتتى، بەزىدە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا تاراپ قوياتتى.[②]

مۇسۇلمانلار بۈگۈن ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ باقسۇنكى، ئۇلار ئارتىس، دۇنياۋى مۇتەپەككۇر ۋە ياۋروپالىقلارنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىشنىڭ ئورنىغا، رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنى ئەڭ مۇنەۋۋەر ئۈلگە قىلسۇن!

بۇ يەردە مۇھىم بىر مەسىلە توغرۇلۇق سۆزلەش ئىنتايىن زۆرۈردۇر. ئۇ بولسىمۇ، بىز قايسى تەرەپلەردە پەيغەمبەر ﷺ گە ئەگىشىمىز؟ بىز نۆۋەتتە بۇنى بايان قىلىپ ئۆتىمىز. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئىش-پائالىيەتلىرى تۆت قىسىمغا

[①] ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەردىن كېيىنكى ئۈممەتلەرگە مىراس قىلىپ قالدۇرۇلغان سۈننەتلەرنى كۆرسىتىدۇ.
[②] «زاد المعاد» 1- توم 176- بەت.

بۆلۈنىدۇ:

• بىرىنچى قىسىم، تۇغما بار بولغان ئىش-پائالىيەتلەردۇر. بۇ بولسىمۇ، رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن پەيغەمبەرلىك ۋەزىپىسى تەلەپ قىلىدىغان ئىشلار بولماستىن، بەلكى باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش ئىنسانلىق خاراكتېرىدىن يۈز بەرگەن ئىش-پائالىيەتلەردۇر. مەسىلەن: ھەرىكەت قىلىش، تۇرۇش، ئولتۇرۇش، مېڭىش، يەپ-ئىچىش ۋە ئۇخلاش... قاتارلىقلار. مانا بۇ ئىشلار بىرەر بۇيرۇق ياكى چەكلىمىگە ئالاقىدار ئەمەستۇر. بىراق، خۇددى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دائىم ئوڭ تەرىپىنى بېسىپ ئۇخلىغىنىغا ئوخشاش، پەيغەمبەر ﷺ ئادەتتىكى بىر ئىشنى خاس بىر ئادەتكە ئايلاندۇرۇپ داۋاملاشتۇرغان بولسا، ئۇ مۇباھلىقتىن مۇستەھەبلىككە ئۆزگىرىدۇ. يەنە شۇنىڭدەك، سۇ ئىچكەندە قاچا سىرتىغا ئۈچ قېتىم تىنىپ ئىچىش، ئوڭ قولىدا يېيىشكە ئوخشاش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەن ئىشلارمۇ مۇستەھەبكە ئۆزگىرىدۇ.

• ئىككىنچى قىسىم، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۆز قەۋمىنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ئۇيغۇن بولغان پائالىيەتلىرىدۇر. مەسىلەن، كىيىم-كېچەككە ئالاقىدار بولغان تۈرلۈك ئىشلار. ئەمما، بۇ خىلدىكى پائالىيەتلەرنى شەرىئەتكە باغلاشقا دەلىل يوقتۇر. چۈنكى، كىيىم-كېچەك ئۇسلۇبى شەھەر خەلقى ئادەتلەنگەن ئادەتكە قايتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، رەسۇلۇللاھ ﷺ پەيغەمبەر بولۇشتىن ئىلگىرىكى كىيىنىشىنى پەيغەمبەر بولغاندىن كېيىنمۇ ئۆزگەرتمىگەن. ئەمما، ئەر ۋە ئايالنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىگە شەرت ۋە بەلگىلىمىلەرنى بېكىتىپ بەرگەن. ئۆرپ-ئادەتكە ئۇيغۇن بولغان پائالىيەتلەر خۇددى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ چېچىنى ئۇزۇن قويغىنىغا ئوخشاشتۇر. بۇنداق ئىشلاردا پەيغەمبەر ﷺ گە ئەگىشىش سۈننەت دېيىلمەيدۇ، چۈنكى رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇ ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق ئۇ ئىشلارنى يولغا قويۇشنى مەقسەت قىلمىغان ۋە ئۇنى «ئىبادەت» دەپ

قارىمىغان. ئەگەر بۇ تۈردىكى ئىش-پائالىيەتلەردىن بىرەرسىگە بۇيرۇغان ياكى قىزىقتۇرۇلغان بىرەر سۆز كەلسە ياكى ئادەتكە تەۋە بولغان بىر ئىشنىڭ شەرىئەتكە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىگە دەلىل بولىدىغان پاكىت كەلسە، ئەنە شۇ ئىش بۇ تۈردىكى ئىشلاردىن ئايرىم بىر ئىشتۇر. مەسىلەن، ئاق كىيىم كىيىش، ئىشتاننىڭ پۇشقىقىنى ئوشۇقىدىن يۇقىرى قىلىپ كىيىش قاتارلىقلار.

• ئۈچىنچى قىسىم، پەيغەمبەر ﷺ گە خاس بولغان ئىش-پائالىيەتلەردۇر. بۇ ئىشلاردا پەيغەمبەر ﷺ ئۈلگە قىلىنمايدۇ. مەسىلەن: ئۇلاپ روزا تۇتۇش، تۆتتىن كۆپ ئايالنى بىرلا ۋاقىتتا نىكاھىدا ساقلاش، نىكاھ تەلىپى قويغان ئايالنى مەھرىسىز نىكاھىغا ئېلىش... قاتارلىقلار.

• تۆتىنچى قىسىم، ئىبادەتكە ئالاقىدار بولغان ئىش-پائالىيەتلەردۇر. بۇ — پەيغەمبەر ﷺ نىڭ الله قا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئىش-پائالىيەتلىرىدۇر. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇ پائالىيەتلىرى ئۈلگە قىلىنىدۇ. بۇ پائالىيەتلەرنىڭ بەزىسى ۋاجىب بولسا، يەنە بەزىسى مۇستەھەب بولىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قىلغان ئىش-پائالىيەتلىرىدە ئۇنىڭغا ئەگىشىلگەندەك، قىلمىغان ئىشلىرىدا ھەم ئۇنىڭغا ئەگىشىلىدۇ.

قىلمىغان ئىشلار دېگىنىمىز پەيغەمبەر ﷺ قىلىپ باقمىغان ئىشلارنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ. بۇ مۇنداق ئىككى يول بىلەن بولىدۇ:

• بىرىنچى، «پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق، مۇنداق ئىشلارنى قىلمىغان» دەپ ئاشكارىلاش. مەسىلەن، ساھابىلەر ھېيت نامىزى توغرىسىدا «أن رسول اللَّه ﷺ صلى العيد بلا أذان ولا إقامة» «رەسۇلۇللاھ ﷺ ھېيت نامىزىنى ئەزان ۋە تەكبىرسىز ئوقۇغان»[1] دېگەن.

[1] بۇخارى، مۇسلىم ۋە ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

• ئىككىنچى، ساھابىلەرنىڭ شۇ ئىشنى كېيىنكىلەرگە يەتكۈزمىگەنلىكى. ئەگەر پەيغەمبەر ﷺ بىرەر ئىشنى قىلغان بولسا، ساھابىلەر ئۇ ئىشنى يەتكۈزۈشتە ھېچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى چوقۇم ئۈممەتكە يەتكۈزگەن بولاتتى. مەسىلەن، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ نامازغا تۇرغاندا نىيەتنى ئېغىزىدا ئاشكارا دېگەنلىكىنى ھېچقانداق بىر كىشى نەقىل قىلمىغان ۋە بىرەر سورۇندا سۆزلەپمۇ باقمىغان. بۇنىڭدىن، نىيەتنى ئېغىزىدا ئاشكارا دېيىشنىڭ يۇز بەرمىگەنلىكى بىلىنىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بىر ئىشنى قىلمىغانلىقى شۇ ئىشنى قىلىشنىڭ دۇرۇس بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. لېكىن، خۇددى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۆز ئۈممىتىگە پەرز بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ رامىزاننىڭ قىيامىنى (تاراۋىھ نامىزىنى) جامائەت بولۇپ ئوقۇمىغانلىقىغا ئوخشاش، بىر ئىشنى قىلىشتا مۇئەييەن چەكلىگۈچى ئامىللار سەۋەبىدىن قىلمىغان ئىشلارغا كەلسەك، مانا بۇنداق ئىشلاردا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قىلمىغانلىقى ئۆلگە قىلىنمايدۇ، بەلكى (بىزگە نىسبەتەن) چەكلىگۈچى ئامىللار يوقالغانلىقى ئۈچۈن شۇ ئىشنى قىلىشتا ئۆلگە قىلىنىدۇ.

❁ ❁ ❁

# 2 ـ بۆلۈم

# پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئائىلىسى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ۋە ئەتراپىدىكىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىسى

## 1 ـ باب

# پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئاياللىرى بىلەن بولغان مۇئامىلىسى

الله تائالا پەيغەمبەر ﷺ گە ئەگىشىشكە ۋە ئۇنىڭ يولىنى ئۆلگە قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللَّهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ لِمَنْ كَانَ يَرْجُو اللَّهَ وَالْيَوْمَ الْآخِرَ وَذَكَرَ اللَّهَ كَثِيرًا﴾ «سىلەرگە ــ الله نى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە الله نى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ــ رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۆلگىدۇر»[①].

شۇڭا بارلىق كىشىلەرنىڭ ئۆز رىئاللىقىدا رەسۇلۇللاھ ﷺ نى ئۆلگە قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇنىڭ تارىخىنى بىلىشى ئىنتايىن زۆرۈردۇر. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئەڭ ياخشى ئائىلە باشلىقى، ھۆكۈم ئىشلىرىدا ئەڭ ئادىل ھۆكۈمدار، ئەڭ ياخشى قوماندان ئىكەنلىكىنى بىلىشى لازىم.

پەيغەمبەر ﷺ كىشىلەرنى ئاياللىرى بىلەن چىرايلىق مۇئامىلە قىلىشتىكى ئەڭ يۇكسەك پەللىگە يېتەكلەشتىكى يېگانە ئۆلگە ۋە ئۆچمەس مەشئەلدۇر. بۇ گۈزەل مۇئامىلىنىڭ شانلىق سەمەرىلىرى تۇرمۇش ۋە ئىجتىمائىي ھاياتلىقتا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. شۇڭلاشقا، بىز بۇ بۆلۈمدە الله نىڭ ياردىمى بىلەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئاياللىرى بىلەن بولغان مۇئامىلىسى توغرىسىدا توختىلىمىز.

بىرىنچى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەر ـ ئاياللىق تۇرمۇش ھاياتىدىن كۆرۈنۈشلەر.

ئىككىنچى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۆز ئاياللىرىنى پۈتۈن مۆمىنلەرنىڭ ئاياللىرىغا ئۆلگە بولۇشى ئۈچۈن تەربىيىلىشى.

ئۈچىنچى، پەيغەمبەر ئائىلىسىدىكى مۇئامىلە زىددىيەتلىرىنىڭ ھەل

[①] سۈرە ئەھزاب 21 ـ ئايەت.

قىلىنىشى.

قەدىرلىك ئوقۇرمەن قېرىنداشىم! تۆۋەندە بىز بۇنى سىزگە تەپسىلىي بايان قىلىپ بېرىمىز.

## بىرىنچى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەر ـ ئاياللىق تۇرمۇشىدىن كۆرۈنۈشلەر

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ 11 ئايالى بولۇپ، ئۇلار: خەدىچە بىنتى خۇۋەيلىد، ئائىشە بىنتى ئەبۇبەكرى، ھەفسە بىنتى ئۆمەر، سەۋدە بىنتى زەمئە ئامىرىيە، زەينەپ بىنتى جەھش ئەسەدىيە، زەينەپ بىنتى خۇزەيمە ھىلالىيە، ئۇممۇ سەلەمە ھىندى بىنتى ئەبۇ ئۇمەييە مەخزۇمىيە، ئۇممۇ ھەبىبە رەملە بىنتى ئەبۇ سۇفيان ئۇمەۋىيە، مەيمۇنە بىنتى ھارىس ھىلالىيە، جۇۋەيرىيە بىنتى ھارىس مۇستەلقىيە، سەفىيە بىنتى ھۇيەي نەزىرىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملاردىن ئىبارەت.

بۇلارنىڭ توققۇزى رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن كېيىن ۋاپات بولغان. خەدىچە بىنتى خۇۋەيلىد ۋە زەينەپ بىنتى خۇزەيمە رەزىيەللاھۇ ئەنھالار رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ۋاپاتىدىن بۇرۇن ۋاپات بولغان.

رەسۇلۇللاھ ﷺ پاك ئاياللىرى بىلەن تولىمۇ گۈزەل ۋە بەختلىك ھايات كەچۈرگەن. چۈنكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ الله تائالانىڭ: ﴿وَعَاشِرُوهُنَّ بِالْمَعْرُوفِ﴾ «ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار»[①] دېگەن سۆزىنى ئۆز ھاياتىغا ئەمەلىي تەتبىقلىغان. ئايەتتىكى ﴿الْمَعْرُوفِ﴾ — ئېسىل ئەخلاققا مەنسۇپ بولغان ھەرقانداق سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان سۆزدۇر.

پەيغەمبەر ﷺ ئاياللىرىغا ئەڭ گۈزەل مۇئامىلە قىلىدىغان كىشىدۇر. پەيغەمبەر ﷺ: «خيركم خيركم لأهله، وأنا خيركم لأهلي» «سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار ئايال ـ بالىلىرىغا ياخشى مۇئامىلە قىلغانلاردۇر. مەن ئايال ـ بالىلىرىمغا

[①] سۈرە نىسا 19 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سىلەرگە قارىغاندا ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىمەن»[①] دېگەن تۇرسا، يەنە قانداقمۇ ئايال ـ بالىلىرىغا ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلمىسۇن!؟ پەيغەمبەر ﷺ ئاياللىرى بىلەن شېرىن سۆھبەتلىشەتتى ۋە ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى. بۇ پەيغەمبەرﷺ نىڭ ھاياتىي تارىخىدا ئىنتايىن روشەن ئىپادىلەنگەن.

ئەگەر كىشىلەر ئاياللىرى بىلەن بولغان مۇئامىلىدە پەيغەمبەر ﷺ گە ئەگەشكەن بولسا ئىدى، بۇگۈنكى ئەر ـ ئاياللىق تۇرمۇش زىددىيەتلىرى ھەل بولۇپ كەتكەن بولاتتى.

ئەر ـ ئاياللىق مۇئامىلىدىكى تۈرلۈك مەسىلىلەرنى ئوقۇغان، ئاڭلىغان ياكى كۆرگەن كىشى، شۇ مەسىلىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ھەيران بولماي قالمايدۇ. ستاتىستىكىدىكى سانلىق مەلۇماتلارغا كۆرە، ئىسلام دۇنياسىدىكى تالاق قىلىش دەرىجىسى كىشىنى چۆچۈتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ھالەت ئۇزلۇكسىز داۋاملىشىۋاتىدۇ. سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ ئەدلىيە مىنىستىرلىقى ھىجرىيە 1430 ـ يىلى چىقارغان يېڭى ستاتىستىكىدا ئاشكارىلىنىشىچە، ئاجرىشىش نىسبىتى ئۆيلىنىش نىسبىتىگە سېلىشتۇرغاندا 21% يۇقىرى بولغان، پايتەخت رىيادمۇ ئۆز رايونلىرىدا ئاجرىشىش ھالەتلىرى توغرىسىدا ستاتىستىكا چىقارغان.[②]

مانا بۇ ئەر ـ ئاياللىق تۇرمۇش مەسىلىلىرى ۋە ئاجرىشىش نىسبىتىنىڭ يۇقىرىلىقى ــ پەيغەمبەر ئائىلىسىدىكى ھاياتنىڭ قانداقلىقى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئاياللىرىغا قانداق مۇئامىلە قىلغانلىقى، ئۇلارنىڭ مۇئامىلىسىگە قانداق سەۋر قىلغانلىقى ۋە خاتالىقلىرىغا قانداق كۆز يۇمغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ، چۈنكى رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزگە ئەڭ ياخشى

[①] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[②] 2012 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى نەشر قىلىنغان «أون لاين»ناملىق گېزىتتىن ئېلىندى.

ئۇلگىدۇر.

**❖ رەسۇلۇللاھ ﷺ ئاياللىرى بىلەن بىرگە ئولتۇرۇش ۋە ھەر كۈنى ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىشقا ئەھمىيەت بېرەتتى**

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «كان رسول الله ﷺ إذا صلى الصبح جلس في مصلاه وجلس الناس حوله حتى تطلع الشمس ثم دخل على نسائه امرأة امرأة يسلم عليهم ويدعو لهن فإذا كان يوم إحداهن كان عندها» «رەسۇلۇللاھ ﷺ بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، ناماز ئوقۇغان جايىدا ئولتۇراتتى، كىشىلەرمۇ تاكى كۈن چىققۇچە ئۇنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشاتتى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئاياللىرىنىڭ يېنىغا بىر-بىرلەپ كىرىپ سالام قىلاتتى ۋە ئۇلارغا دۇئا قىلاتتى. ئاندىن قايسىسىنىڭ نۆۋىتى كەلگەن بولسا، شۇنىڭ قېشىدا قالاتتى». ①

دېمەك، رەسۇلۇللاھ ﷺ ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئاياللىرىنى بىر-بىرلەپ يوقلاپ ئۇلارغا سالام قىلاتتى ۋە ئۇلارغا دۇئا قىلاتتى. كەچتە ئۇلار بىلەن ئولتۇرۇپ پاراڭلىشاتتى ۋە سىردىشاتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «كان رسول الله ﷺ إذا انصرف من العصر دخل على نسائه، فيدنو من إحداهن» «رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەسىر نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئاياللىرىنىڭ يېنىغا كىرەتتى ۋە ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىپ چىقاتتى». ②

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ «ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىپ چىقاتتى» دېگەن سۆزى جىما قىلىشنى ئەمەس، بەلكى سۆيۈش ۋە قۇچاقلاشنى بىلدۈرىدۇ. ③

① تەبەرانى توپلىغان.
② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
③ «عمدة القاري» 30- توم 92- بەت.

ئىبنى ھەجەر (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەتىگەندە ئاياللىرىنى يوقلىشى پەقەت سالام ۋە دۇئا قىلىش ئۈچۈن، گەرچە بولسا ئۇلار بىلەن ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىش ۋە سىردىشىش ئۈچۈن بولغان ئىدى».[1]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «قل يوم إلا وهو يطوف علينا جميعا، فيدنو من كل امرأة من غير مسيس، حتى يبلغ إلى التي هو يومها، فيبيت عندها» «رەسۇلۇللاھ ﷺ ھەر كۈنى دېگۈدەك بىزنى ئومۇمىيۈزلۈك ئايلىنىپ چىقاتتى ۋە ھەربىر ئايالىنى بىرگە بولماستىن خۇرسەن قىلاتتى. نۆۋىتى كەلگەن ئايالىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۇنىڭ يېنىدا قونۇپ قالاتتى».[2]

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارغا يالغۇزلۇق ھېس قىلدۇرماسلىق ۋە ئۇلارنىڭ قەلبلىرىنى خۇرسەن قىلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلاتتى. ھەتتاكى رەسۇلۇللاھ ﷺ باشقا ئاياللىرىنىڭ قەلبلىرىنىمۇ خۇرسەنچىلىككە تولدۇرغان ھالەتتە نۆۋىتى كەلگەن ئايالىنىڭ يېنىغا قايتاتتى.[3]

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئاياللىرى پەيغەمبەر ﷺ نى ھەر كۈنى دېگۈدەك كۆرۈپ تۇراتتى. ئۇنداقتا ئايالىنىڭ يېنىغا كېچە-كېچىلەپ، كۈنلەپ ۋە ھەتتا ئايلاپ كەلمەيدىغان كىشى بۇ ئۇلگىگە ئەگىشىشتە ئۆزىنى قەيەرگىمۇ قويار؟!

شۇنداق بىر قىسىم كىشىلەر باركى، سىرتتىكى ھەمراھلىرى بىلەن ھەر كۈنى دېگۈدەك يېرىم كېچىگىچە ئۇخلىماي ئولتۇرۇشىدۇ، ئاندىن ئايالى ئۇخلاپ قالغاندا قاتتىق چارچىغان ھالەتتە ئۆيىگە قايتىدۇ-دە، ئۆزىنى كۆرپىگە تاشلاپلا ئۆلۈكتەك ئۇخلايدۇ.

ھەدىستىن، ئەرنىڭ نۆۋىتى كەلمىگەن ئايالىنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۇنى

[1] «فتح الباري» 9- توم 379- بەت.

[2] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] قۇرتۇبىنىڭ «المفهم» ناملىق كىتابى 13- توم 90- بەت.

يالغۇزلۇق ھېس قىلدۇرماسلىق ئۈچۈن قۇچاقلاپ سۆيۈپ قويۇشنىڭ دۇرۇسلۇقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

ھەدىستە يەنە، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئايال ـ باللىرىغا ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان گۈزەل ئەخلاقلىق كىشى ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان.①

كېچىگە كەلسەك، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئاياللىرى بەزىدە بىرلا ئايالنىڭ ئۆيىگە يىغىلىشاتتى، ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ كېلىپ ئۇلار بىلەن پاراڭلىشاتتى ۋە سىردىشاتتى. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «كان للنبي ﷺ تسع نسوة، فكان إذا قسم بينهن لا ينتهي إلى المرأة الأولى في تسع، فكن يجتمعن كل ليلة في بيت التي يأتيها» «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ توققۇز ئايالى بار ئىدى، پەيغەمبەر ﷺ كۈنلىرىنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلغاندا، بىرىنچى قېتىم بىرگە بولغان ئايالغا توققۇز كۈندىن كېيىن قايتا نۆۋەت كېلەتتى. شۇڭا ئاياللىرى ھەر كېچىسى نۆۋىتى كەلگەن ئايالنىڭ ھۇجرىسىغا توپلىشاتتى».②

بۇ ھەدىستىن، ئەر كىشىنىڭ ئاياللىرىنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە چاقىرماستىن، بەلكى ئايالىنىڭ ئۆيىگە بېرىشىنىڭ مۇستەھەبلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.③

پەيغەمبەر ﷺ ئىشى كۆپ، مەسئۇلىيىتى شۇنچە ئېغىر تۇرۇپمۇ ئاياللىرى بىلەن كېچىنى بىدار ئۆتكۈزەتتى، ئۇلارغا يالغۇزلۇق ھېس قىلدۇرمايتتى ۋە ئۇلاردىن ئەتراپتىكى خەۋەرلەرنى ئاڭلاپ تۇراتتى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئۇممۇ زەرئەنىڭ سۆزلىرىنى بايان قىلىپ بەرگەن. ئۇممۇ زەرئە ئەرلىرىنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى يوشۇرماي سۆزلەشكە ئەھدىلەشكەن 11 ئايالنىڭ بىرىدۇر. ئۇممۇ زەرئە ئېرىنى ئەڭ ياخشى

① «عون المعبود» 6 ـ توم 122 ـ بەت.

② مۇسلىم توپلىغان.

③ «شرح النووي على صحيح مسلم» 10 ـ توم 47 ـ بەت.

سۆيەتلىگەن ۋە ئىبرىنىڭ ئۆزىگە قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ئەڭ كۆپ سۆزلىگەن ئايالدۇر.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ ﷺ ماڭا: <كنت لك كأبي زرع لأم زرع> <ئەبۇ زەرئە ئۇممۇ زەرئەگە قانداق (مۇئامىلە) قىلغان بولسا، مەنمۇ ساڭا شۇنداق (مۇئامىلە) قىلدىم> دېگەن».[1]

شۇڭلاشقا، ئەر كىشى ئايالى بىلەن ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن سىرداشلىش ئۈچۈن مەخسۇس ۋاقىت ئاجرىتىشى لازىم. بۈگۈنكى كۈندە ئاياللارنىڭ كۆپىنچىسى ئەرلىرىنىڭ ئۇستىدىن شىكايەت قىلماقتا، چۈنكى ئەرلەر كۈندۈزى خىزمەت قىلىدۇ، كەچتە ئۆيگە كەلگەندە يېرىم كېچىگىچە تېلېۋىزور ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ئاندىن چارچىغان ھالدا ئۆزىنى كۆرپىگە تاشلايدۇ ـ دە، خۇددى ئۆلۈكتەك ئۇخلاپ قالىدۇ. يەنە بەزىدە ھەتتا تېلېۋىزورنىڭ تىزگىنىكىنى قولىدا تۇتقان ھالدا ئۇخلاپ قالىدۇ ـ دە، مىسكىن ئايالىغا پەرۋا قىلىپمۇ قويمايدۇ. سىز بەزىدە بەزى خىزمەتچىلەرنىڭ ھەتتا ئۆيىدىمۇ كىتاب ئارىسىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرىسىز، ئۇ كىشى خىزمەت ئورنىدىن ئۆيىگە قايتىپ كېلىدۇ، ئايالى ئۇنى تەشنالىق بىلەن ساقلاۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ كىشى ئايالىغا پەرۋامۇ قىلماستىن ئۆيىدىمۇ خىزمىتى بىلەن بەند بولىدۇ.

ھازىرقى زاماندا ئەرلەر ئۈچۈر ئالاقىسى ئارقىلىق ئايالى بىلەن دائىم ئالاقىلىشىپ تۇرالايدۇ. گەرچە ئايالى بىلەن ئالاقىلىشىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلىشقا بىر مىنۇتتىن كۆپ ۋاقىت كەتمىسىمۇ، ئەمما مۇشۇ قىسقىغىنە ۋاقىت ئايال كىشىگە نىسبەتەن ناھايىتى مۇھىم بىلىنىدۇ.

❖ **رەسۇلۇللاھ ﷺ ئاياللىرىنىڭ تۇرمۇشتىكى ھەقلىرىنى تولۇق ئادا**

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

## قىلاتتى

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، [پەيغەمبەر ﷺ ئاياللىرىنى بىر كېچىدە ئايلىنىپ چىقاتتى، شۇ كۈنلەردە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ توققۇز ئايالى بار ئىدى. قەتادە (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «مەن ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: <رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇنىڭغا تاقەت كەلتۈرەلەمتى؟> دەپ سورىسام، ئۇ: <كنا نتحدث أنه أعطي قوة ثلاثين> <بىز پەيغەمبەرﷺ گە 30 ئەرنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى بېرىلگەن دېيىشەتتۇق> دېدى»].[1]

ئىبنى ھەجەر (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ الله تىن ئەڭ قورقىدىغان ۋە ئەڭ ئالىم كىشى تۇرۇپ، كىشىلەر بىلەلمەيدىغان ھۆكۈملەرنى يەتكۈزۈش ۋە ئادەتتىن تاشقىرى مۆجىزىلەرنى ئاشكارىلاش ئېھتىياجى سەۋەبىدىن كۆپ ئايالغا ئۆيلەنگەن. پەيغەمبەر ﷺ كۆپىنچە ۋاقىتلاردا قورسىقى تويغۇدەك ئوزۇق تاپالمايتتى، تاپالىغان تەقدىردىمۇ كۆپ قىسمىنى باشقىلارغا بېرىپ، ئۆزى دائىم دېگۈدەك ئۇلاپ روزا تۇتاتتى.

شۇنداق تۇرۇپمۇ، پەيغەمبەر ﷺ بىر كېچىدە پۈتۈن ئاياللىرىنى ئايلىنىپ چىقاتتى. ئەمەلىيەتتە بۇنى پەقەت ئەرلىك قۇۋۋىتى ناھايىتى كۈچلۈك ئادەملا قىلالايدۇ. ئەرەبلەر كۆپ خوتۇنلۇق كىشىلەرنى ماختىشىدۇ، چۈنكى كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش شۇ كىشىنىڭ ئەرلىك قۇۋۋىتىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى بىلدۈرىدۇ. ئەمما، ئاياللىرىنىڭ كۆپ بولۇشى پەيغەمبەر ﷺ نى ئىبادەتتىن توسۇپ قويمىغان».[2]

شۇنىڭدەك، ئىبادەتمۇ پەيغەمبەر ﷺ نى ئاياللىرى بىلەن پاراڭلىشىش ۋە سىردىشىشتىن توسۇپ قويمىغان. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «أن

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] «فتح الباري» 9- توم 115- بەت.

النبي ﷺ كان إذا صلى فإن كنت مستيقظة حدثني وإلا اضطجع حتى يؤذن بالصلاة» «پەيغەمبەر ﷺ (كېچىنىڭ ئاخىرىدا) نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، مەن ئويغاق بولسام مەن بىلەن پاراڭلىشاتتى، ئۇخلاۋاتقان بولسام نامازغا ئەزان ئېيتىلغانغا قەدەر يېنىچە ياتاتتى».[1]

پەيغەمبەر ﷺ سەپەردە ئايالى بىلەن بىللە ماڭاتتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشاتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «أن النبي ﷺ كان إذا خرج أقرع بين نسائه فطارت القرعة لعائشة وحفصة وكان النبي ﷺ إذا كان بالليل سار مع عائشة يتحدث» «پەيغەمبەر ﷺ سەپەرگە چىقماقچى بولسا ئاياللىرىنىڭ ئارىسىدا چەك تاشلايتتى، بىر قېتىم چەك مەن ۋە ھەفسە ئىككىمىزگە چىقتى، كېچىسى پەيغەمبەر ﷺ مەن بىلەن پاراڭلىشىپ بىرگە ماڭدى».[2]

پەيغەمبەر ﷺ يېڭى ئايال بىلەن توي قىلغان كېچىلىرىمۇ ھەم باشقا ئاياللىرىنى يوقلايتتى. ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «بني على النبي ﷺ بزينب بنت جحش بخبز ولحم فأرسلت على الطعام داعيا فيجيء قوم فيأكلون ويخرجون ثم يجيء قوم فيأكلون ويخرجون فدعوت حتى ما أجد أحدا أدعوا فقلت يا نبي اللّٰه ما أجد أحدا أدعوه قال ارفعوا طعامكم، فخرج النبي ﷺ فانطلق إلى حجرة عائشة فقال السلام عليكم أهل البيت ورحمة اللّٰه. فقالت وعليك السلام ورحمة اللّٰه كيف وجدت أهلك بارك اللّٰه لك. فتقرى حجر نسائه كلهن يقول لهن كما يقول لعائشة ويقلن له كما قالت عائشة» «پەيغەمبەر ﷺ زەينەپ بىنتى جەھش بىلەن تۇرمۇش قۇرۇغاندا نان ۋە گۆش بىلەن توي تائامى بەردى، مەن كىشىلەرنى تائامغا چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتىلدىم. بىر بۆلۈك كىشىلەر كېلىپ، تائام يەپ چىقىپ كېتىشتى. ئاندىن يەنە بىر بۆلۈك كىشىلەر كېلىپ، ئۇلارمۇ تائام يەپ چىقىپ كېتىشتى، ھەتتاكى مەن كىشىلەرنى چاقىرىۋېرىپ،

---

[1] بۇخارى توپلىغان.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

چاقىرىدىغان ئادەم تاپالماي قالدىم. ئاندىن: <ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مەن چاقىرىدىغان ئادەم تاپالمىدىم> دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ <تائامىڭلارنى ئېلىپ كېتىڭلار> دېدى، ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ ئۆيدىن چىقىپ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھۇجرىسىغا بېرىپ: <ئى ئائىلەمدىكىلەر! ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋە رەھمەتۇللاھ> دەپ سالام قىلدى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: <ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام! يېڭى ئايالىڭ بىلەن چىقىشىپ قالدىڭمۇ؟ الله ساڭا بەرىكەت بەرسۇن!> دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ﷺ ھەممە ئاياللىرىنىڭ ھۇجرىسىغا بىر-بىرلەپ بېرىپ ئۇلارغا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا دېگەندەك ئوخشاش بىر سۆزنى قىلدى. ئۇلارمۇ پەيغەمبەر ﷺ گە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئوخشاش جاۋاب بەردى».[1]

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئاياللىرىنىڭ ھۇجرىسىنى ئايلىنىشى — ئاياللىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرۇش، قەلبلىرىگە تەسەللى بېرىش ۋە يېڭى ئۆيلەنگەنلىكى سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدە پەيدا بولغان ئىشلارنى بىلىش ئۈچۈندۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاياللىرى: «ئى رەسۇلۇللاھ! يېڭى ئايالىڭ بىلەن چىقىشىپ قالدىڭمۇ؟» دېيىش ئارقىلىق پەيغەمبەر ﷺ نىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلغان.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۆيلىنىشىگە بولغان كۇندەشلىكنىڭ باشلىنىش ھالەتلىرىدە ئۇلارنىڭ بۇنداق سۆزلەرنى قىلىشى — ئۇلارنىڭ ناھايىتى ئەقىللىق، سەۋرچان ۋە ياخشى ھەمراھ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ بىر خىل تەنتەكلىك ۋە كۇندەشلىك بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئەڭ ئېسىل كىشىنىڭ ياخشى ھەمراھلىرىدۇر.[2]

يەنە بىر نەقىلدە مۇنداق دېيىلگەن: «پەيغەمبەر ﷺ ئاياللىرىنى بىر-بىرلەپ

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] قۇرتۇبىنىڭ «المفهم» ناملىق كىتابى 13- توم 15- بەت.

يوقلاپ بېرىپ ھەر بىرىگە: «سلام عليكم، كيف أنتم يا أهل البيت؟ فيقولون: بخير. يا رسول اللّٰه كيف وجدت أهلك؟ فيقول: بخير» <ئى ئائىلەمدىكىلەر! ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، قانداق ئەھۋالىڭلار؟> دەپ سالام قىلغان. ئۇلارنىڭ ھەربىرى: <ئى رەسۇلۇللاھ! بىز ياخشى، سەن يېڭى ئايالىڭ بىلەن چىقىشىپ قالدىڭمۇ؟> دېگەندە، پەيغەمبەر ﷺ: <مەنمۇ ياخشى> دېگەن». [1]

نەۋەۋى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «ئۆيگە كىرگەندە ئەر كىشىنىڭ ئايالىغا ۋە ئائىلىسىدىكىلەرگە سالام قىلىشى مۇستەھەبتۇر. ئۆيگە كىرگەندە سالام قىلماسلىق ــ كۆپلىگەن نادان، ھاكاۋۇر كىشىلەرنىڭ سۈپىتىدۇر.

بۇ ھەدىستىن، ئەر كىشىنىڭ ئايال ـ باللىرىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ تۇرۇشىنىڭ لازىملىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. چۈنكى، بەزىدە ئايال كىشى ھاجىتىنى ئېرىگە دېيىشتىن ھايا قىلغاچقا، ئەر كىشى ئايالىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ تۇرغاندا ئايالىنىڭ ھاجىتىنى دېيىشىگە پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن بولىدۇ. [2]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ئايالىغا ۋاپادارلىق قىلىپ، ئۇنىڭ ھەققىنى قوغدىغان ۋە بىرلىكتە ئۆتكەن ھاياتىنى ئۇنتۇپ قالمىغان**

پەيغەمبەر ﷺ خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ھايات ۋاقتىدىمۇ ۋە ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ ماختىغان. ئەمما، ئۇ خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن باشقا ئايالىنى ئۇنداق ماختاپ باقمىغان. پەيغەمبەر ﷺ خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ پەزىلىتى ۋە قەلبىدىكى ئورنىنى سۆزلەشنى ياخشى كۆرەتتى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «ما غرت على أحد من نساء النبي ﷺ ما

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] «شرح صحيح مسلم» 9 ـ توم 225 ـ بەت.

غرت على خديجة، وما رأيتها، ولكن كان النبي ﷺ يكثر ذكرها، وربما ذبح الشاة، ثم يقطعها أعضاء، ثم يبعثها في صدائق خديجة، فربما قلت له: كأنه لم يكن في الدنيا إمرأة إلا خديجة! فيقول: إنها كانت وكانت وكان لي منها ولد» «گەرچە مەن خەدىچەنى كۆرۈپ باقمىغان بولساممۇ، رەسۇلۇللاھ ﷺ نى ھېچبىر ئاياللاردىن خەدىچەدىن كۈنلىگەندەك كۈنلەپ باقمىدىم. چۈنكى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ گېپىنى تولا قىلاتتى. بەزىدە قوي سويۇپ پارچىلاپ ئۇنى خەدىچەنىڭ دوستلىرىغا ئەۋەتىپ بېرەتتى. بەزى چاغلاردا مەن ئۇنىڭغا: <خۇددى دۇنيادا خەدىچەدىن باشقا ئايال يوقتەك> دەپ قويسام، پەيغەمبەر ﷺ: <ئۇ مۇنداق، مۇنداق پەزىلەتلىك ئايال ئىدى، ھەم ئۇنىڭدىن بالىلىرىم بولغان> دەيتتى».[①]

پەيغەمبەر ﷺ خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن بولغان ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەنلا ئۇنىڭ گېپىنى قىلىشتىن ۋە ئۇنى ماختاشتىن توختاپ قالمىغان. يەنى، پەيغەمبەر ﷺ خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ داۋاملىق ياخشى گېپىنى قىلغان. پەيغەمبەر ﷺ: «إنها كانت وكانت» «ھەقىقەتەن ئۇ مۇنداق، مۇنداق (يەنى پەزىلەتلىك ۋە ئەقىللىق) ئايال ئىدى» دەيتتى.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: «وكان لي منها ولد» «ئۇنىڭدىن بالىلىرىم بولغان» دېگەن سۆزىگە كەلسەك، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئىبراھىمدىن باشقا بالىلىرىنىڭ ھەممىسى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن تۇغۇلغان بولۇپ، ئىبراھىم بولسا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دېدىكى مارىيەدىن تۇغۇلغان.

ئالىملار پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قاسىم، زەينەپ، رۇقىيە، ئۇممۇ كۇلسۇم، فاتىمە ۋە ئابدۇللاھ قاتارلىق بالىلىرىنىڭ خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن تۇغۇلغانلىقىغا ئىتتىپاقا كەلگەن. ئابدۇللاھ بولسا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ پەيغەمبەرلىك كەلگەندىن

[①] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

كېيىن تۇغۇلغان بالىسىدۇر. ئۇ «الطاهر و الطيب» «پاك، ياخشى» دەپمۇ چاقىرىلاتتى.①

پەيغەمبەر ﷺ خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ گېپىنى قىلىپلا قالسا، ئۇنى ماختايتتى ۋە ئۇنىڭغا الله تائالادىن مەغپىرەت تىلەيتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «كان رسول اللّٰه ﷺ إذا ذكر خديجة لم يكن يسأم من ثناء عليها والاستغفار لها» «رەسۇلۇللاھ ﷺ خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ گېپىنى قىلىپلا قالسا، ئۇنى ماختاش ۋە الله تائالادىن ئۇنىڭ ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىشتىن زېرىكىپ قالمايتتى».②

بۈگۈن كىشىلەرگە قارايدىغان بولساق شۇنىڭغا ھەيران قالىمىزكى، ئايالى ۋاپات بولغاندىن كېيىن يەنە باشقا بىر ئايال بىلەن توي قىلغان كىشىنىڭ، يېڭى توي قىلغان ئايالىنى ماختاپ، ۋاپات بولغان ئايالىنى «ئۇ مۇنداقتى، ئۇنداقتى» دەپ ناچار سۆپەتلەر بىلەن سۆپەتلەۋاتقانلىقىنى ئاڭلايمىز: ياكى ئۇ كىشى ئايالىدىن تالاق قىلىش سەۋەبلىك ئايرىلىپ كەتكەن بولسا، ئولتۇرغانلا يېرىدە ئۆزى تالاق قىلغان ئايالىنىڭ يامان گېپىنى قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ ئىنتايىن سەۋرچان ئىكەنلىكىنى، پەقەت سەۋرى-تاقىتى توشقاندىن كېيىنلا ئايالىنى تالاق قىلغانلىقىنى سۆزلەپ يۈرىدۇ. ئۇ ئايالىنىڭ گېپى چىقىپلا قالسا، پەقەت ئۇنىڭ يامان گېپىنىلا قىلىدۇ.

يەنە شۇنداق كىشىلەر باركى، ئايالى ياخشى ۋە پەزىلەتلىك بولغان تەقدىردىمۇ، مەڭگۈ ئۇنىڭ ياخشى گېپىنى قىلمايدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ ئايالى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ئەسلىتىدىغان بىرەر سۆزنى ئاڭلىسا ياكى بىرەر نەرسىنى كۆرسە خۇشال بولۇپ كېتەتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ

① «فتح الباري» 7- توم 137- بەت.

② تەبەرانى توپلىغان، ھەيسەمى «ھەسەن» دېگەن.

ئەنھا مۇنداق دېگەن: «استأذنت هالة بنت خويلد أخت خديجة على رسول اللَّه ﷺ فعرف استئذان خديجة فارتاع لذلك فقال: اللَّهم هالة. قالت: فغرت فقلت: ما تذكر من عجائز قريش حمراء الشدقين هلكت فى الدهر قد أبدلك اللَّه خيرا منها فتمعر وجهه تمعرا ما كنت أراه إلا عند نزول الوحي، أو عند المخيلة فقال ما أبدلني اللَّه عز وجل خيرا منها، قد آمنت بي إذ كفر بي الناس، وصدقتني إذ كذبني الناس، وواستني بمالها إذ حرمني الناس، ورزقني اللَّه عز وجل ولدها إذ حرمني أولاد النساء فقالت عائشة والذي بعثك بالحق لا أذكرها بعد هذا إلا بخير» «خەدىچەنىڭ سىڭلىسى ھالە بىنتى خۇۋەيلىد پەيغەمبەرﷺ نىڭ يېنىغا كىرىش ئۈچۈن ئىجازەت سورىغان ئىدى، پەيغەمبەرﷺ ئۇنىڭ ئاۋازىنى خەدىچەنىڭ ئاۋازىغا ئوخشىتىپ قېلىپ چۆچۈپ كەتتى ۋە: <ئى الله ! بۇ ھالە بولغىيدى> دېدى. مېنىڭ كۆندەشلىكىم تۇتۇپ: <قېرىپ كوماك بولۇپ كەتكەن، قۇيرۇقمىنى قۇم بېسىپ بولغان قۇرەيش قېرىسىنىڭ نەرىنى ياد ئېتىدىغانسەن؟ الله تائالا ساڭا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىسىنى بەرمىدىمۇ؟> دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى، مەن بۇنداق ھالەتنى پەقەت ۋەھيي نازىل بولغاندا ياكى يامغۇرلۇق بۇلۇت كۆرۈلگەن چاغدىلا كۆرەتتىم. پەيغەمبەرﷺ: <الله ماڭا ئۇنىڭدىن ياخشىسىنى بەرمىدى، چۈنكى كىشىلەر مېنى ئىنكار قىلغان چاغدا ئۇ ماڭا ئىمان كەلتۈرگەن؛ كىشىلەر مېنى يالغانغا چىقارغاندا ئۇ مېنى تەستىقلىغان؛ كىشىلەر مېنى مەھرۇم قويغاندا ئۇ ماڭا ئۆز مېلى بىلەن ياردەم بەرگەن؛ الله تائالا باشقا ئاياللىرىمدىن بالىلىق بولۇشتىن مېنى مەھرۇم قىلغاندا، ماڭا ئۇنىڭدىن بالىلارنى رىزىق قىلىپ بەرگەن> دېدى. ئاندىن مەن: <سېنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن الله بىلەن قەسەمكى، بۇنىڭدىن كېيىن پەقەت ئۇنىڭ ياخشى گېپىنىلا قىلىمەن> دېدىم». [1]

ھەدىستىن بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، بىراۋنى ياخشى كۆرگەن كىشى، شۇ

[1] ئەھمەد ۋە تەبەرانى توپلىغان.

ياخشى كۆرۈلگۈچى ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلەرنى ۋە ئۇنىڭغا ئالاقىدار بولغان نەرسىلەرنىمۇ ياخشى كۆرىدۇ.[1]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆزىمۇ تېخى پەيغەمبەر ﷺ گە ياتلىق بولۇشتىن ئىلگىرىلا ۋاپات بولۇپ كەتكەن بىر ئايالدىن كۈنلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئىشتۇر.[2]

پەيغەمبەر ﷺ خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا بولغان مىننەتدارلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، ئۇ ھايات ۋاقتىدا باشقا ئايالغا ئۆيلەنمىگەن. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «لم يتزوج النبي ﷺ على خديجة حتى ماتت» «پەيغەمبەر ﷺ خەدىچە ۋاپات بولغانغا قەدەر ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆيلەنمىگەن».[3] بۇ ئالىملار ئىختىلاپ قىلىشمايدىغان ئىشلاردىندۇر.

ھەدىستىن، خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قەلبىدىكى ئورنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە ئۇنىڭ پەزىلىتىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ. چۈنكى، خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ﷺ نى باشقا ئاياللارغا موھتاج قىلمىغان. شۇنداقلا، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن بولغان ھاياتى باشقا ئاياللىرى بىلەن بولغان ھاياتىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئومۇمىي نىكاھ ھاياتى 38 يىل بولغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن بولغان ۋاقىت 25 يىلنى ئىگىلىگەن، بۇ ۋاقىت پەيغەمبەر ﷺ نىڭ پۈتۈن نىكاھ ھاياتىنىڭ $\frac{2}{3}$ قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.

گەرچە شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئائىشە رەزىيەللاھۇ

---

[1] «فتح الباري» 7- توم 140- بەت.

[2] «سير أعلام النبلاء» 2- توم 112- بەت.

[3] مۇسلىم توپلىغان.

ئەنھانىڭ قەلبىدىكى كۆندەشلىك يەنىلا يوقالمىغان. چۈنكى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ باشقا ئاياللىرىنىڭ ھېچقايسىسى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئىگە بولغان پەزىلەتكە نائىل بولالمىغان.①

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ دوستلىرىغا سىلە-رەھىم قىلغانلىقى — خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا بولغان مېھىر-مۇھەببىتىگە سادىقلىقى ۋە ۋاپادارلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «كان النبي ﷺ يكثر ذكرها، وربما ذبح الشاة، ثم يقطعها أعضاء، ثم يبعثها في صدائق خديجة» «پەيغەمبەر ﷺ خەدىچەنىڭ گېپىنى كۆپ قىلاتتى، بەزىدە قوي سويۇپ، پارچىلاپ خەدىچەنىڭ دوستلىرىغا ئەۋەتىپ بېرەتتى».② يەنە بىر نەقىلدە: «وإن كان ليذبح الشاة، فيهدي في خلائلها منها ما يسعهن» «پەيغەمبەر ﷺ قوي سويۇپ قالسا، خەدىچەنىڭ دوستلىرىغا يەتكۈدەك ھەدىيە قىلاتتى» دېيىلگەن.③

يەنە بىر نەقىلدە: «وإن كان ليذبح الشاة فيتتبع بها صدائق خديجة فيهديها لهن» «پەيغەمبەر ﷺ قوي سويۇپ قالسا، خەدىچەنىڭ دوستلىرىنى يوقلاپ ئۇلارغا گۆش ھەدىيە قىلاتتى» دېيىلگەن.④

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ دوستلىرىغا گۆش ھەدىيە قىلىشى — خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا بولغان سادىقلىقى ۋە ئۇنىڭ مۇھەببىتىگە بولغان ۋاپادارلىقىدىندۇر.⑤

بۇ ھەدىسلەردىن، مېھىر-مۇھەببەتكە ئەھمىيەت بېرىشكە، ھەمراھى ھايات ياكى ۋاپات بولغاندا بولسۇن، ئۇنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ئىكرام قىلىش ۋە

① «فتح الباري» 7- توم 137- بەت.
② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
③ بۇخارى توپلىغان.
④ تىرمىزى توپلىغان.
⑤ «تحفة الأحوذى» 6- توم 134- بەت.

ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى ھۆرمەتلەش كېرەكلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.[1]

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ گە بىرەر نەرسە ھەدىيە قىلىنسا، ئۇ: ‹اذهبوا به إلى فلانة فإنها كانت صديقة خديجة. اذهبوا به إلى فلانة فإنها كانت تحب خديجة› ‹بۇنى پالانىغا ئاپىرىپ بېرىڭلار، ئۇ خەدىچەنىڭ دوستى ئىدى، بۇنى پالانىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرىڭلار، ئۇ خەدىچەنى ياخشى كۆرەتتى› دەيتتى».[2]

پەيغەمبەر ﷺ خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ دوستلىرىغا كۆپلەپ ئېھسان قىلاتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «جاءت عجوز إلى النبي ﷺ وهو عندي فقال لها رسول الله ﷺ: من أنت؟ فقالت: أنا جثامة المزنية، فقال: بل أنت حسانة المزنية، كيف أنتم؟ كيف حالكم؟ كيف كنتم بعدنا؟ قالت: بخير بأبي أنت وأمي يا رسول الله، فلما خرجت قلت: يا رسول الله، تقبل على هذه العجوز هذا الإقبال، فقال: يا عائشة إنها كانت تأتينا زمن خديجة، وإن حسن العهد من الإيمان» «پەيغەمبەر ﷺ مېنىڭ يېنىمدىكى ۋاقىتتا قېشىغا بىر قېرى ئايال كەلدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇ ئايالدىن: ‹سىز كىم؟› دەپ سورىغانىدى، ئۇ ئايال: ‹مەن مۇزەنىيلىك جەسسامە› دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ﷺ: ‹بەلكى سىز مۇزەنىيلىك ھەسسانە، ئەھۋالىڭلار قانداق؟ سىلەر بىزدىن كېيىن قانداق تۇرۇۋاتىسىلەر؟› دېگەنىدى، ئۇ ئايال: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! سىلىگە ئاتا ـ ئانام پىدا بولسۇن. بىز ياخشى تۇرۇۋاتىمىز› دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ ئايال چىقىپ كەتكەندە، مەن: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! بىر قېرى ئايالنىمۇ مۇشۇنداق قارشى ئېلىپ كەتتىڭغۇ؟› دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ: ‹ئى ئائىشە! بۇ ئايال بىزنىڭ يېنىمىزغا خەدىچەنىڭ زامانىدا كېلەتتى، دوستلۇقنىڭ

[1] «شرح النووي على صحيح مسلم» 15 ـ توم 202 ـ بەت.

[2] بۇخارى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

ھۆرمىتىنى ساقلاش ئىمانىنىڭ جۈملىسىدىندۇر> دېدى». [1]

**بۇ ھەدىستىن ئېلىنىدىغان پايدىلار**

گەرچە ئۇ ئايال قېرىپ كەتكەن بولسىمۇ، پەيغەمبەر ﷺ ئۇ ئايالنى ئەڭ گۈزەل ئىسىم بىلەن چاقىرغان. «جەسسامە» ـــ «ھەرىكەت قىلىشنى ياقتۇرمايدىغان ھۇرۇن، ھاڭۋاقتى» دېگەن مەنىدىكى ئىسىم بولۇپ، پەيغەمبەر ﷺ چاقىرغان «ھەسسانە» دېگەن ئىسىم «گۈزەللەرنىڭ گۈزىلى» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ تولىمۇ گۈزەل بىر ئىسىم بولۇپ، ھەتتا ھازىرقى زاماندىمۇ بۇ گۈزەل ئىسىم بىلەن ئاتىلىدىغان ئايالالار ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. [2]

مۇھەببەتكە سادىق بولۇش ۋە ۋاپادار بولۇش ئىمانلىقلارنىڭ ئەخلاقىدۇر. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇ مۇئامىلىسىدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۆزىگە ياردەم بەرگەن، ئېغىرچىلىقىنى كۆتۈرگەن ۋە قوللىغان ئايالى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ۋاپادارلىق، سەمىمىي ساداقەت، مېھىر-مۇھەببەت بىلەن جاۋاب قايتۇرغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە بىر قىسىم ئەرلەر تۇرمۇش قۇرۇۋغاندىن تارتىپلا جاپا-مۇشەققەتتە ئۆزى بىلەن بىرگە بولغان، ئۆزىگە ھەمنەپەس بولۇپ ئائىلىسى ئۈچۈن جانكۆيەرلىك بىلەن خىزمەت قىلغان قەدىناس ئايالىرىدىن يۈز ئۆرۈۋاتىدۇ. بۇ ئەسلا ۋاپا ۋە ساداقەت ئەمەس.

پەيغەمبەر ﷺ ئايالىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئوچۇق-ئاشكارا ئېيتىۋېرەتتى. پەيغەمبەر ﷺ خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا توغرىسىدا مۇنداق دېگەن:

---

[1] ھاكىم توپلىغان، ھاكىم ۋە ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] ئەلبانى پەيغەمبەر ﷺ گە ئەگىشىش يۈزىسىدىن بىر قىزنىڭ ئىسمىنى «ھەسسانە» دەپ قويغان. «سلسلة الصحيحة» 1- توم 215- بەت.

«إني قد رزقت حبها» «ماڭا ئۇنى ياخشى كۆرۈشۈم رىزىق قىلىپ بېرىلدى».[①]

بۇ ھەدىستىن، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ياخشى كۆرگەنلىكىنىڭ ئېسىل پەزىلەت ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.[②]

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ياخشى كۆرىدىغانلىقى ناھايىتى روشەن بولۇپ، بۇنى سۆزلەش ھاجەتسىزدۇر. چۈنكى، ئۇ باشقا بىرەر ئايالنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرۈپ باقمىغان. پەيغەمبەر ﷺ پەقەت ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىلا قىز ھالىتىدە نىكاھىغا ئالغان.

پەيغەمبەر ﷺ ئۆزىنىڭ بۇ خىل ياخشى كۆرۈشىنى يوشۇرماستىن ئوچۇق ئېيتقان. ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ دىن: «ساڭا كىم ئەڭ سۆيۈملۈك؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ﷺ: «ئائىشە» دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ يەنە: «ئەرلەردىنچۇ؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ﷺ: «ئۇنىڭ دادىسى» دېگەن.[③]

بەزى كىشىلەرنىڭ توي قىلغاندىن بېرى ئايالىغا ئۆزىنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتماستىن تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلىقىنى بايقايسىز. بەزىلەر بۇنى «قىلىنلىق» دەپ قارايدۇ، يەنە بەزىلەر بولسا خىجىل بولۇپ ئېيتالمايدۇ. ھالبۇكى، كۆپىنچە كىشىلەر ئايالىغا ئۆزىنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئوچۇق ئېيتىشىنىڭ مېھىر-مۇھەببەتنى كۈچەيتىش، بەختلىك ھاياتنى داۋاملاشتۇرۇش ۋە ئۆزئارا ئىشەنچنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىدىغان ئەڭ ياخشى ئۇسۇل ئىكەنلىكىنى بىلىشمەيدۇ. چۈنكى، ئايال كىشى ئېرىنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشىشنى، بۇنىڭغا ئالاقىدار سۆزلەرنىڭ ئۆزىگە ئېيتىلىشىنى ۋە كۆپ دېيىلىشىنى ياخشى كۆرىدۇ.

---

[①] مۇسلىم توپلىغان.

[②] «شرح النووي على صحيح مسلم» 15- توم 201- بەت.

[③] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئېرىدىن بۇنداق مۇھەببەتلىك سۆزلەرنى ئاڭلىيالمىغان كۆپلىگەن ئاياللار باشقىلاردىن ئاڭلاشقا ئىنتىلىپ، ھارام ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ.

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ئۆيدىن چىقىشتىن ئىلگىرى ئايالىنى سۆيۈپ قوياتتى**

ئۇرۋە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «ئائىشە ماڭا: ‹أن رسول الله ﷺ: قبل بعض نسائه، ثم خرج إلى الصلاة، ولم يتوضأ› ‹پەيغەمبەر ﷺ ئاياللىرىنىڭ بىرىنى سۆيۈپ قويۇپ، تاھارەت ئالماستىنلا نامازغا چىقاتتى› دېگەنىدى، مەن ئۇنىڭغا: ‹ئۇ ئايال سەندىن باشقا يەنە كىم بولماقچىتى؟› دېسەم، ئۇ كۈلۈپ قويدى».①

پەيغەمبەر ﷺ روزىدار ھالىتىدىمۇ ئاياللىرىنى سۆيۈپ قوياتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «كان رسول الله ﷺ يقبل ويباشر وهو صائم، وكان أملككم لإربه» «پەيغەمبەر ﷺ روزىدار تۇرۇپمۇ ئاياللىرىنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ قوياتتى، لېكىن ئۇ سىلەرگە قارىغاندا ئۆزىنى بەك تۇتۇۋالاتتى».②

**❖ پەيغەمبەر ﷺ (قاچىنىڭ) ئايالى ئىچكەن يېرىگە ئېغىزىنى قويۇپ ئىچكەن**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: «كنت أشرب وأنا حائض ثم أناوله النبي ﷺ فيضع فاه على موضع في فيشرب وأتعرق العرق وأنا حائض ثم أناوله النبي ﷺ فيضع فاه على موضع في» «مەن ھەيزدار ھالىتىمدە ئىچىملىك ئىچىپ پەيغەمبەر ﷺ گە ئۇزاتسام، پەيغەمبەر ﷺ (قاچىنىڭ) مەن ئىچكەن ئورۇنغا ئېغىزىنى قويۇپ ئىچەتتى. مەن ھەيزدار ھالىتىمدە سۆڭەكلىك گۆشنى غاجىلاپ ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ گە ئۇزاتسام، پەيغەمبەر ﷺ مەن يېگەن ئورۇنغا

① تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇد، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئىچىمىزنى قويۇپ يەيتتى».[1]

يەنە بىر لەۋزىدە، «كان رسول اللَّه ﷺ يضع فاه على الموضع الذي أشرب منه ، ويشرب من فضل شرابي وأنا حائض» «رەسۇلۇللاھ ﷺ مەن ئىچكەن ئورۇنغا ئىغىزىنى قويۇپ ئىچەتتى ۋە ھەيزدار ھالىتىمدە مەندىن ئاشقىنىنى ئىچەتتى» دېيىلگەن.[2]

مانا بۇ — پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ياخشى كۆرگەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر.[3] بۇ ئىشنىڭ ئايال كىشىگە نۇرغۇن ياخشى پايدىلىق تەرەپلىرى بار. پەيغەمبەر ﷺ يېمەك-ئىچمەكتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يېگەن ئورۇنغا ئىغىزىنى قويۇپ يېگەن ۋە ئىچكەن. گەرچە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەيزدار ھالىتىدە بولسىمۇ، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا بولغان دوستلۇق ۋە مۇھەببەتنى ئىپادىلەش يۈزىسىدىن شۇنداق قىلغان.

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ئايالى ئىشلەتكەن مىسۋاك بىلەن چىشىنى مىسۋاكلايتتى**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «إن من نعم اللَّه علي أن رسول اللَّه ﷺ توفي في بيتي، وفي يومي، وأن اللَّه جمع بين ريقي وريقه عند موته، دخل علي عبد الرحمن وبيده السواك، وأنا مسندة رسول اللَّه ﷺ ، فرأيته ينظر إليه، وعرفت أنه يحب السواك، فقلت آخذه لك؟ فأشار برأسه أن نعم، فتناولته، فاشتد عليه، وقلت ألينه لك؟ فأشار برأسه أن نعم، فقضمته، ثم مضغته، فأعطيته رسول اللَّه ﷺ ، فاستن به وهو مستند إلى صدري» «الله تائالانىڭ ماڭا بەرگەن نېمەتلىرىدىن بىرى شۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مېنىڭ ئۆيۈمدە ۋە مېنىڭ نۆۋىتىمدە جان ئۈزدى، ئۇ ۋاپات بولۇش ئالدىدا الله تائالا مېنىڭ تۈكۈرۈكۈم بىلەن ئۇنىڭ تۈكۈرۈكىنى بىرلەشتۈردى. رەسۇلۇللاھ ﷺ نى يۆلەپ ئولتۇرۇۋاتقىنىمدا، يېنىمغا ئابدۇراھمان كىرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ قولىدا مىسۋاك

[1] مۇسلىم توپلىغان.
[2] نەسائى توپلىغان.
[3] «مرقاة المفاتيح» 2- توم 487- بەت.

تۇراتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مىسۋاكقا كۆز يۇگۇرتۇۋاتقانلىقىنى سەزدىم-دە، ئۇنىڭ مىسۋاكنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېسىمگە ئېلىپ: «مىسۋاكنى سىزگە ئېلىپ بېرەيمۇ؟» دېسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ ماقۇل دېگەن مەنىدە بېشىنى لىڭشىتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇ مىسۋاكنى ئابدۇراھماندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئېلىپ بەردىم، مىسۋاك ئۇنىڭغا قاتتىق تۇيۇلدى. مەن: «سىزگە يۇمشىتىپ بېرەيمۇ؟» دېسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ بېشى بىلەن يەنە «ھەئە» دەپ ئىشارەت قىلدى. مەن مىسۋاكنى (چىشلىرىم بىلەن سۇندۇرۇپ) ئاقلاپ يۇمشاتقاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ﷺ گە بەردىم، رەسۇلۇللاھ ﷺ كۆكرىكىمگە يۆلىنىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن چىشىنى مىسۋاكلىدى».[1]

الله تائالا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دۇنيا ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنى ۋە ئاخىرەت ھاياتىنىڭ تۇنجى كۈنىدە، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تۈكۈرۈكى بىلەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ تۈكۈرۈكىنى بىرلەشتۈرگەن. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا نائىل بولغان بۇ پەزىلەت نېمىدېگەن بۈيۈك-ھە!

**❖ رەسۇلۇللاھ ﷺ بەزى ۋاقىتتا ئائىلىنىڭ يوتىسىغا بېشىنى قويۇپ ئۇخلايتتى**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىر سەپەردە يىتتۈرۈۋەتكەن بۇلاپكىسىنى ئىزدەپ كارۋاننى كېچىكتۈرۈپ قويىدى. كىشىلەرنىڭ يېنىدا سۇ يوق ئىدى. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا خاپا بولدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «عاتبني أبو بكر وجعل يطعنني بيده في خاصرتي فلا يمنعني من التحرك إلا مكان رسول الله ﷺ ورأسه على فخذي» «ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭا خاپا بولۇپ قولى بىلەن بىقىنىمغا نوقۇغىلى تۇردى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بېشى يوتامدا

[1] بۇخارى توپلىغان.

بولغاچقا مەن قىمىرلىيالمىدىم».[1]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «كان النبي ﷺ يتكئ في حجري وأنا حائض ثم يقرأ القرآن» «پەيغەمبەر ﷺ ھەيزدار ھالىتىمدە قۇچىقىمغا يۆلىنىپ تۇرۇپ قۇرئان ئوقۇغان ئىدى».[2] پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئاياللىرى بىلەن چىرايلىق ئۆتكەنلىكى — ئۇنىڭ بۈيۈك ئەخلاقىنىڭ قاتارىدىندۇر.

بۇ ھەدىستە، يەھۇدىيلارغا قارشى ئىش قىلىپ، ھەيزدار ئاياللارنى يىرگەنمەسلىك ۋە ئۇنى يامان كۆرمەسلىك لازىملىقى بايان قىلىنغان. چۈنكى، يەھۇدىيلار ئايال كىشى ھەيزدار بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ بىلەن بىللە تائام يېمەيدۇ ۋە بىرگە ئولتۇرمايدۇ.

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ئايالى ھەيزدار ھالەتتە، ئۇنىڭ بىلەن بىر يېپىنچىدا ياتاتتى**

ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «بينا أنا مع النبي ﷺ مضطجعة في خميصة إذ حضت فانسللت فأخذت ثياب حيضتي قال أنفست. قلت نعم فدعاني فاضطجعت معه في الخميلة» «مەن پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىر كىيىمنى يېپىنچا قىلىپ ياتقان ئىدىم. شۇ ئارىدا مەن ھەيزدار بولۇپ قېلىپ، يېپىنچىدىن سوغۇرۇلدۇم ۋە ھەيزلىك كىيىممنى ئېلىپ كىيمەكچى بولۇۋېدىم، پەيغەمبەر ﷺ مەندىن: <ھەيزدار بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟> دەپ سورىدى، مەن: <ھەئە> دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ مېنى يېنىغا چاقىردى، مەن پەيغەمبەر ﷺ بىلەن يەنە شۇ يېپىنچىدا ياتتىم».[3] يەنە بىر نەقىلدە، «فدعاني فأدخلني معه في الخميلة» «پەيغەمبەر ﷺ مېنى چاقىردى، ئىككىمىز يەنە شۇ يېپىنچىدا ياتتۇق» دېيىلگەن.

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

بۇ ھەدىستىن، ھەيزدار ئايال بىلەن بىللە ئۇخلاشنىڭ ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىر يېپىنچىدا يېتىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.

ئەمما، الله تائالانىڭ ﴿فَاعْتَزِلُوا النِّسَاءَ فِي الْمَحِيضِ﴾ «ھەيز مەزگىلىدە ئاياللاردىن نېرى تۇرۇڭلار»① دېگەن سۆزىگە كەلسەك، بۇ يەردە چەكلەنگىنى جىما قىلىشتۇر.②

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئايالى مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «كان رسول اللّٰه ﷺ يضطجع معي وأنا حائض وبيني وبينه ثوب» «مەن ھەيزدار ھالىتىمدە پەيغەمبەر ﷺ مەن بىلەن بىرگە ياتقان ئىدى، ئارىمىزدا پەقەت بىرلا كىيىم بار ئىدى».③

بەزى ئەرلەر ئايالى ھەيزدار بولۇپ قالسا، ئورۇننى ئايرىيدۇ. بۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يولىغا قارشى بولۇپ، بۇنداق قىلغاندا ئايال كىشىنىڭ قەلبى ئازار يەيدۇ. چۈنكى، ھەيزدار ۋاقىتتا ئايال كىشىنىڭ روھىي ھالىتى چۈشكۈن، مىجەزى تۇراقسىز، كەيپىياتى ناچار بولىدۇ. بۇلارغا قوشۇلۇپ ئەرمۇ ئورۇننى ئايرىسا، ئايال كىشىنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ ناچارلىشىدۇ.

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا يۆلەنگەن ھالىتىدە ۋاپات بولغان**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «توفي النبي ﷺ في بيتي، وفي نوبتي، وبين سحري ونحري» «پەيغەمبەر ﷺ مېنىڭ ئۆيۈمدە، مېنىڭ نۆۋىتىمدە، گېلىم بىلەن كۆكرىكىم ئوتتۇرىسىدا جان ئۈزدى».④ يەنە بىر نەقىلدە: «قبضه اللّٰه بين سحري ونحري» «الله تائالا ئۇنى گېلىم بىلەن كۆكرىكىم ئارىسىدا قەبزى روھ

① سۈرە بەقەرە 222- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② «شرح النووي على صحيح مسلم» 3- توم 207- بەت.
③ مۇسلىم توپلىغان.
④ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

قىلدى» دېيىلگەن.①

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇ سۆزى ئارقىلىق پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۆزىنىڭ قورسىقى بىلەن بوينى ئوتتۇرىسىدا، كۆكرىكىگە يۆلەنگەن ھالەتتە ۋاپات بولغانلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولغان.②

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ئايالى بىلەن بىر قاچىدىن سۇ ئېلىپ غۇسلى قىلاتتى**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «كنت أغتسل أنا ورسول اللّٰه ﷺ من إناء واحد بيني وبينه، يبادرني وأبادره ، حتى يقول: دعي لي وأقول أنا: دع لي» «مەن پەيغەمبەر ﷺ بىلەن ئوتتۇرىمىزدىكى بىر داستىن نۆۋەت بىلەن سۇ ئېلىپ بىللە غۇسلى قىلغان ئىدىم. پەيغەمبەر ﷺ سۇنى مەندىن بۇرۇن ئېلىشقا ئالدىرايتتى، مەنمۇ ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئېلىشقا ئالدىرايتتىم، ھەتتاكى پەيغەمبەر ﷺ: <سۇدىن ماڭىمۇ قالسۇن!> دەيتتى، مەنمۇ پەيغەمبەر ﷺ گە: <ماڭىمۇ قالسۇن!> دەيتتىم».③

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «أن النبي ﷺ وميمونة كانا يغتسلان من إناء واحد» «پەيغەمبەر ﷺ مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن بىر قاچىدىن سۇ ئېلىپ غۇسلى قىلغان ئىدى».④

ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «كنت أغتسل أنا و النبي ﷺ من إناء واحد من الجنابة» «مەن پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىر قاچىدىن سۇ ئېلىپ غۇسلى قىلدىم، ھەر ئىككىمىز جۇنۇپ ئىدۇق».⑤

بۇ ھەدىستىن، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۇلگىلىك ئەر ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.

---

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

② «فتح الباري» 1ـ توم 130ـ بەت.

③ بۇخارى، مۇسلىم ۋە نەسائى توپلىغان.

④ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

⑤ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

بۈگۈنكى كۈنىمىزدە بەزى كىشىلەر ئەجدادلىرىدىن قالغان بەزى ئادەتلەر تۈپەيلى ئايالى بىلەن بىر يېپىنچىدا ئۇخلاشتىن ۋە بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشتىن يىرگىنىدۇ.

**❖ رەسۇلۇللاھ ﷺ ئايالىنى ئەركىلىتىپ چاقىرىپ قوياتتى**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: « قال رسول الله ﷺ يوما: يا عائش هذا جبريل يقرئك السلام. قلت: وعليه السلام ورحمة الله وبركاته» «رەسۇلۇللاھ ﷺ بىر كۈنى: <ئى ئائىش! جىبرىئىل ساڭا سالام يوللىدى> دېدى، ئاندىن مەن: <ۋەئەلەيھىسسالام ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ> دېدىم».[①]

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى «گۈلۈم» دەپ چاقىرىپمۇ قوياتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «دخل الحبشة المسجد يلعبون، فقال لي النبي ﷺ: يا حميراء أتحبين أن تنظري إليهم فقلت: نعم» «ھەبەشىيلەر مەسجىدكە كىرىپ ئويناۋاتاتتى، پەيغەمبەر ﷺ ماڭا: <ئى گۈلۈم! ئۇلارنىڭ ئويۇنىنى كۆرۈشنى خالامسەن؟> دېگەنىدى، مەن: <ھەئە> دېدىم».[②]

قازى ئىياز (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بۇ (رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئەركىلىتىپ چاقىرىشى) ـــ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا بولغان كۆيۈنۈش، مېھرىبانلىق ۋە مۇھەببەت يۈزىسىدىندۇر».[③]

پەيغەمبەر ﷺ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا «ئۇممۇ ئابدۇللاھ» دەپ كۇنىيەت قويۇپ قويغان. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «لما ولد عبد الله بن الزبير أتيت به النبي ﷺ فتفل في فيه فكان أول شيء دخل جوفه وقال هو عبد الله وأنت أم عبد الله فما زلت أكنى بها وما ولدت قط» «ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير تۇغۇلغاندا مەن ئۇنى پەيغەمبەر

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

② نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

③ «مشارق الأنوار» 1 ـ توم 702 ـ بەت.

ﷺ نىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدىم، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ ئېغىزىغا تۈكۈرۈپ قويدى. ئۇ ئابدۇللاھنىڭ قورسىقىغا كىرگەن تۇنجى نەرسە ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ: <بۇ ئابدۇللاھ، سەن بولساڭ ئۇممۇ ئابدۇللاھ> دېدى، مەن شۇنىڭدىن كېيىن ھەممىشە بۇ ئىسىم بىلەن كۈنىيەتلەندىم، ئەمما مەن پەقەت تۇغۇپ باقمىدىم».①

بۈگۈن بەزى كىشىلەرنىڭ ئاياللىرىنى تېلېفوندا «نەشىبە (ئىلمەك)، ۋەرتە (بۇدۇشقاق)، بەلىيە (ئاپەت)، شەيتۇنە (ئالۋاستى)، غىلتەتۇ ئۆمرى (ئۆمۈرلۈك خاتالىقىم)...» لەرگە ئوخشاش ناچار ئىسىملار بىلەن ئاتاۋاتقانلىقىنى ئاڭلايسىز؛ مۇشۇ ۋاقىتتا يەنە بەزى كىشىلەرنىڭ تېلېفوندا ئاياللىرىنى «قەدىرلىكىم، ئەزىزىم، ئۆمۈر شېرىكىم، ئاي خېنىم، بالامنىڭ ئانىسى...» لەرگە ئوخشاش گۈزەل ۋە يېقىشلىق سۆزلەر بىلەن ئاتاۋاتقانلىقىنى ئاڭلايسىز. رىزىقلارنى تەقسىم قىلغان كەبى، ئەرلەر ئارىسىدا ئەخلاقنى تەقسىم قىلغان زات پاكتۇر.

**❖ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئاياللىرىنى بەزىدە بىرگە تائامغا ئېلىپ بارغانلىقى ـــ ئۇلارغا ياخشى ھەمراھ بولغانلىقىنىڭ جۈملىسىدىندۇر**

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنغان: «أن جارا لرسول الله ﷺ فارسيا كان طيب المرق فصنع لرسول اللّٰه ﷺ ثم جاء يدعوه فقال وهذه؟ لعائشة فقال لا، فقال رسول اللّٰه ﷺ لا، فعاد يدعوه فقال رسول اللّٰه ﷺ وهذه؟ قال لا، قال رسول اللّٰه ﷺ لا، ثم عاد يدعوه فقال رسول اللّٰه ﷺ وهذه؟ قال في الثالثة نعم، فقاما يتدافعان حتى أتيا منزله» «رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ پارىسلىق بىر قوشنىسى بولۇپ، ئۇ ئادەم شورپىنى بەكمۇ مەززىلىك تەييارلايتتى. ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە شورپا تەييارلاپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ نى چاقىرىش ئۈچۈن كەلدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئائىشەنىمۇ بىللە ئېلىپ بېرىش

① ئىبنى ھىببان توپلىغان.

ئۇچۇن، ئائىشەنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: <بۇچۇ؟> دەپ سورىغانىدى، ھېلىقى كىشى: <ياق> دېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <ئۇنداقتا، مەنمۇ بارمايمەن> دېدى. ئاندىن ھېلىقى كىشى رەسۇلۇللاھ ﷺ نى چاقىرىش ئۇچۇن يەنە كەلدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە: <بۇچۇ؟> دەپ سورىغانىدى، ئۇ كىشى يەنە: <ياق> دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <ئۇنداقتا، مەنمۇ بارمايمەن> دېدى. ئۇ كىشى رەسۇلۇللاھ ﷺ نى چاقىرىش ئۇچۇن ئۈچىنچى قېتىم يەنە كەلدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە: <بۇچۇ؟> دەپ سورىغانىدى، ھېلىقى كىشى بۇ قېتىم: <ماقۇل، بارسۇن> دېدى. ئاندىن ئۇ ئىككىسى ئورنىدىن تۇرۇپ بىللە مېڭىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى». ①

نەۋەۋى (رەھىمەھۇللاھ) يۇقىرىقى ھەدىس توغرىسىدا مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ ﷺ تاماقنى ئۆزى يالغۇز يېيىشنى خالىمىغان. مانا بۇ ــ ئاياللار بىلەن ئىناق ئۆتۈش، ھەمراھىنىڭ ھەقلىرى ۋە ھەمسۆھبەت بولۇشتا تەكىتلەنگەن ئەدەپلەردۇر». ②

**❖ رەسۇلۇللاھ ﷺ نى بىرەر ئايالى يوقلاپ كەلسە، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئايالىنى ئۇزىتىپ قويۇش ئۇچۇن ئېتىكاپتا بولغان تەقدىردىمۇ ئورنىدىن تۇراتتى**

سەفىيە بىنتى ھۇيەي رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «كان رسول الله ﷺ معتكفا فأتيته أزوره ليلا فحدثته ثم قمت فانقلبت فقام معي ليقلبني، فمر رجلان من الأنصار فلما رأيا النبي ﷺ أسرعا فقال النبي ﷺ على رسلكما إنها صفية بنت حيي. فقالا سبحان الله يا رسول الله قال إن الشيطان يجري من الإنسان مجرى الدم وإني خشيت أن يقذف في قلوبكما سوءا»

«رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېتىكاپ قىلغان ئىدى. مەن بىر كېچىسى ئۇنى يوقلاپ بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشتىم، ئاندىن قايتىپ كېتىش ئۇچۇن ئورنۇمدىن تۇردۇم.

① مۇسلىم توپلىغان.

② «شرح النووي على صحيح مسلم» 13 ـ توم 209 ـ بەت.

رەسۇلۇللاھ ﷺ مېنى ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن مەن بىلەن بىرگە ئورنىدىن تۇردى. شۇ ۋاقىتتا ئەنسارىلاردىن ئىككى ئادەم يېنىمىزدىن ئۆتتى، ئۇ ئىككىسى پەيغەمبەر ﷺ نى كۆرۈپ ئالدىراش مېڭىشتى. پەيغەمبەر ﷺ: ‹ئالدىرىماڭلار! بۇ ئايالىم سەفىيە بىنتى ھۇيەي› دېدى. ئاندىن ئۇ ئىككىسى: ‹سۇبھانەللاھ، ئى رەسۇلۇللاھ!› دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹ھەقىقەتەن شەيتان ئىنساننىڭ قان تومۇرلىرىدا ماڭىدۇ، مەن شەيتاننىڭ سىلەرنى گۇمانلاندۇرۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرىدىم› دېدى».[1]

ئويلىنىپ بېقىڭ! ئېتىكاپ قىلغان كىشى مەسجىدتىن پەقەت زۆرۈرىيەت ئۈچۈنلا چىقىدىغان تۇرۇپ، پەيغەمبەر ﷺ ئايالىنى يامانلىقتىن قوغداش، كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇش ئۈچۈن ئېتىكاپ قىلغان ئورۇندىن چىققان.

مېھىر بىلەن باشلىدۇق بىز گۈزەل تۇرمۇشنى،
جۆرىمىز ھەم گۈللەندۈردى ئۇشبۇ مېھنەتنى.
تەقۋالىق ۋە ياخشىلىقنى يارىشىقى قىلىپ،
تاللانغان سۈننەتلەردە بېزىدۇق بېغىمنى.

نەمۇنىدۇر رەسۇلۇللاھ ھەربىرىمىزگە،
سۈننىتىدىن جاۋاب چىقار ھەممە شۈبھىگە.
ئوچۇق ئېيتقان «ئايالىمنى ياخشى كۆرىمەن» دەپ،
تەۋرىمەيدۇ باشقىلارنىڭ پىتنە ـ سۆزىگە.

چاقچاق بىرلە ئايالىنى خۇشال قىلاتتى،
ئىسمىنى ئەڭ گۈزەل سۈپەتلەردە ئاتايتتى.

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئۆيىدىن چىققاندا سۆيۈپ قويۇپ خوشلىشىپ،
قەلبىگە ئۇنتۇلماس ھېس-تۇيغۇلار بېرەتتى.

كىشىگە ئەزىيەت بەرمەيتتى ئەسلا،
كۆڭلىدە ئاداۋەت تۇتمايتتى پەقەتلا.
قەلبىگە تۈگىمەس ياخشىلىق تولغان،
ئەپۇنى دوست تۇتۇپ كۈلگەن دائىما.

رەسۇلۇللاھ ﷺ پاك ئاياللىرى بىلەن تولىمۇ گۈزەل ۋە بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرگەن. بۇ بەختلىك ھايات ـــ الله تائالانىڭ ﴿وَعَاشِرُوهُنَّ بِالْمَعْرُوفِ﴾ «ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار»[①] دېگەن سۆزىنىڭ ئىنچىكە ۋە ئەمەلىي تەتبىقلانغانلىقىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۆز تۇرمۇش ھاياتى توغرىسىدا: «خيركم خيركم لأهله، وأنا خيركم لأهلي» «سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار ئايال-بالىلىرىغا ياخشى مۇئامىلە قىلغانلاردۇر. مەن ئايال-بالىلىرىمغا سىلەرگە قارىغاندا ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىمەن»[②] دېگەن سۆزى ھەيران قالارلىق ئەمەس.

رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «أكمل المؤمنين إيمانا أحسنهم خلقا وخياركم خياركم لنسائهم خلقا» «مۇئمىنلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەخلاقى ئەڭ ياخشى بولغانلىرى ئىمانى مۇكەممەل كىشىلەردۇر. ئاياللىرىڭلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلغانلىرىڭلار ئەخلاقى ئەڭ ياخشى بولغانلىرىڭلاردۇر».[③]

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئاياللىرىنى ئۇرغانلىق ياكى پەس كۆرگەنلىكى ھەققىدە

① سۈرە نىسا 19- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
③ تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ھېچقانداق مەلۇمات يوق.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «ما ضرب رسول اللّٰه ﷺ شيئا قط بيده، ولا امرأة، ولا خادما، إلا أن يجاهد في سبيل اللّٰه» «رەسۇلۇللاھ ئۆز قولى بىلەن ھېچبىر نەرسىنى ئۇرۇپ باققان ئەمەس. ئاياللىرىمۇ، خىزمەتچىسىنىمۇ ئۇرۇپ باقمىغان. پەقەت الله يولىدا جىھاد قىلغاندىلا دۈشمەننى ئۇرغان».[1]

دەۋرىمىزدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى قانداقمۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئەھۋالىغا سېلىشتۇرغىلى بولسۇن؟! سىز بەزى كىشىلەرنىڭ ئورۇنسىز ئىشلار ئۈچۈن ئايالىغا قول ئۇزىتىپ، ئۇنىڭ دۈمبىسىگە، بېشىغا ۋە ھەتتا يۈز-كۆزلىرىگە ئۇرغانلىقىنى؛ بەزىدە ھاسا، ئاياغ ۋە ياكى ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەر بىلەن ئۇرغانلىقىنى كۆرىسىز.

پەيغەمبەر ﷺ: «لا تضربوا إماء اللّٰه» «الله نىڭ ئايال بەندىلىرىنى ئۇرماڭلار!» دەپ ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئاياللار ئەرلىرىدىن تەپتارتماس بولۇپ كەتتى» دېدى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنى ئۇرۇشقا رۇخسەت قىلدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي نۇرغۇن ئاياللار ئېرىدىن شىكايەت قىلىپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۆيىگە كېلىشكە باشلىدى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ: «لقد طاف بآل محمد نساء كثير يشكون أزواجهن، ليس أولئك بخياركم» «نۇرغۇن ئاياللار ئېرىدىن شىكايەت قىلىپ مۇھەممەد ﷺ نىڭ ئۆيى ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرىدۇ، شۇلار (يەنى ئاياللىنى ئۇرغانلار) ياخشى كىشىلەر ھېسابلانمايدۇ» دېدى.[2]

يەنى، ئاياللىرىنى ئۇرىدىغان ئەرلەر ياخشى كىشى ھېسابلانمايدۇ، بەلكى سىلەرنىڭ ياخشىلىرىڭلار ئاياللىرىنى ئۇرمايدىغان ۋە ئۇلارنىڭ كەمچىلىكىگە

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] ئەبۇ داۋۇد، ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

سەۋر قىلىدىغان كىشىلەردۇر.[1]

ئەرەبلەردە مۇنداق سۆز بار: «ئېسىل كىشىلەر ئاياللارنى ھۆرمەتلەيدۇ، نامەردلەر ئۇلارنى خارلايدۇ؛ ئاياللار ئېسىل كىشىلەردىن غالىب كېلىدۇ، نامەردلەر ئاياللاردىن غالىب كېلىدۇ».

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئاياللارغا كۆيۈنۈشنى ۋەسىيەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: «استوصوا بالنساء خيرا فإنهن خلقن من ضلع وإن أعوج شيء في الضلع أعلاه فإن ذهبت تقيمه كسرته وإن تركته لم يزل أعوج فاستوصوا بالنساء خيرا» «ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار! چۈنكى ئاياللار ئەگرى قوۋۇرغىدىن يارىتىلغان، ھەقىقەتەن قوۋۇرغىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى ئۇنىڭ ئەڭ ئەگرى تەرىپىدۇر. ئەگەر ئۇنى تۈزلەشكە ئۇرۇنساڭ، سۇندۇرۇپ قويىسەن؛ شۇ پېتى تاشلاپ قويساڭ، ئۇ شۇ پېتى تۇرۇۋېرىدۇ. شۇڭا ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار».[2]

بۇ ھەدىستە، ئاياللارغا كۆيۈنۈش، كەمچىلىكىگە سەۋر قىلىش، ئۇلارغا مېھرىبانلىق ۋە ياخشىلىق قىلىشقا قىزىقتۇرۇلغان.[3]

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «إن المرأة خلقت من ضلع، وإنك إن ترد إقامة الضلع تكسرها، فدارها تعش بها» «شۇبھىسىزكى، ئاياللار قوۋۇرغىدىن يارىتىلغان. ئەگەر ئۇنى تۈزلەيمەن دېسەڭ، سۇندۇرۇپ قويىسەن؛ چىقىشىپ ئۆتسەڭ، بىرگە ياشايسەن».[4]

شۇڭلاشقا، ئەرلەر ئاياللىرىغا سەۋرچان بولۇشى ۋە ئۇلاردىن سادىر بولغان خاتالىقلارنى كەچۈرۈۋېتىشى كېرەك. پەيغەمبەر ﷺ پۇرسەت تاپسىلا بۇ ۋەسىيەتنى تەكرارلايتتى.

---

[1] «عون المعبود» 6- توم 130- بەت.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] «شرح النووي على صحيح مسلم» 10- توم 57- بەت.

[4] ئەھمەد، ئىبنى ھىببان ۋە ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

پەيغەمبەر ﷺ ئۆزىنىڭ مەشھۇر خۇتبىلىرىدىن بىرى بولغان ۋىدالىشىش ھەجىدىمۇ مۇشۇ توغرىسىدا ۋەسىيەت قىلغان. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ألا واستوصوا بالنساء خيرا، فإنما هن عوان عندكم ليس تملكون منهن شيئا غير ذلك» «ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار! چۈنكى ئۇلار سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا قولۇڭلارغا چۈشكەن ئەسىرگە ئوخشايدۇ. سىلەر ئۇلاردىن ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىگە ئىگە بولالمايسىلەر». ①

پەيغەمبەر ﷺ غەزەپلەنگەندە ئۆزىنى تۇتالمايدىغان كىشىلەرنىڭ ئاياللارنىڭ كەمچىلىكىگە سەۋر قىلالمايدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشتىكى ۋەسىيىتىنى دائىم تەكرارلايتتى. چۈنكى، ئاياللارنىڭ كەمچىلىكى غەزەپلەنگەندە ئۆزىنى تۇتالمايدىغان كىشىنى ئايالىنى تالاق قىلىشقا قۇترىتىدۇ-دە، شۇنىڭ بىلەن بىرلىك بۇزۇلۇپ، ئائىلە ۋەيران بولىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ يەنە بىر ھەدىستە، ئەرلەرنى ئايالى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلايدىغان بىر ئىشقا يېتەكلەپ مۇنداق دېگەن: «لا يفرك مؤمن مؤمنة، إن كره منها خلقا رضي منها آخر» «مۇئمىن ئەر مۇئمىن ئايالنى يامان كۆرمىسۇن. ئەگەر ئۇنىڭ بىر ئەخلاقىنى يامان كۆرسە، يەنە بىر ئەخلاقىدىن رازى بولىدۇ». ②

ئايال كىشىنى يامان كۆرمەسلىك لازىم، چۈنكى ئايالىدىن ئۆزى ياخشى كۆرمەيدىغان بىر خۇلقنى كۆرگەن بىر ئەر، شۇ ئايالىدىن ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان يەنە بىر خۇلقنىمۇ كۆرىدۇ. ئايال كىشىنىڭ مىجەز-خۇلقى يېقىمسىز بولسىمۇ، ئەمما ئۇ دىندار، چىرايلىق، ئىپپەتلىك ۋە ئېرىغا كۆيۈنىدىغان بولۇشى مۇمكىن. ③

---

① تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

② مۇسلىم توپلىغان.

③ «شرح صحيح مسلم للنووي» 10- توم 58- بەت.

مانا شۇنىڭدەك، پەيغەمبەر ﷺ ئاياللىرى بىلەن چىرايلىق ئۆتەتتى، دائىم تەبەسسۇم قىلىپ تۇراتتى، ئاياللىرىنى خۇشال قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇلار بىلەن بىللە ئولتۇراتتى، بىللە تاماق يەيتتى، پاراڭلىشاتتى، چاقچاقلىشاتتى، مەسلىھەتلىشەتتى. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالاتتى، ئۇلارغا ياردەملىشەتتى. ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خاتىرجەم قىلاتتى، كەمچىلىك ۋە خاتالىقلىرىنى ئەپۇ قىلاتتى.

**❖ رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزگە ئاياللارنىڭ تۇغقانلىرىغا ياخشى مۇئامىلە قىلىشىمىزنى تەۋسىيە قىلغان**

ئەبۇ زەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «إنكم ستفتحون مصر وهي أرض يسمى فيها القيراط، فإذا فتحتموها فأحسنوا إلى أهلها فإن لهم ذمة ورحما، (أو قال) ذمة وصهرا» «سىلەر كەلگۈسىدە مىسىرنى پەتھى قىلىسىلەر. ئۇ زېمىندا ئىشلىتىلىدىغان پۇل قىيرات دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ زېمىننى پەتھى قىلساڭلار، ئاھالىسىگە ياخشىلىق قىلىڭلار، چۈنكى بىز ئۇلارغا ئامانلىق بەرگەن، شۇنداقلا ئۇلار بىلەن بىزنىڭ تۇغقاندارچىلىق ياكى قۇدا-باجىلىق مۇناسىۋىتىمىز بار».①

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ «تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى» دېگىنى — ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ھاجەرنىڭ ئەسلى يۇرتى ئۇلار تەرەپتىن بولغانلىقىدىندۇر؛ «قۇدا-باجىلىق» دېگىنى — رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئوغلى ئىبراھىمنىڭ ئانىسى مارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئەسلى يۇرتى ئۇلار تەرەپتىن بولغانلىقىدىندۇر.②

**❖ رەسۇلۇللاھ ﷺ ئايالىنىڭ كەيپىياتىغا كۆڭۈل بۆلەتتى**

① مۇسلىم توپلىغان.

② «شرح النووي على صحيح مسلم» 16- توم 97- بەت.

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئايالىنىڭ ئۆزىدىن مەمنۇن بولغانلىقى ياكى خاپا بولغانلىقىغا دىققەت قىلاتتى. [رەسۇلۇللاھ ﷺ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا: «إني لأعلم إذا كنت عني راضية، وإذا كنت علي غضبى» «مەن سىنىڭ مەندىن مەمنۇن ئىكەنلىكىڭنى ياكى خاپا ئىكەنلىكىڭنى بىلەلەيمەن» دېگەنىدى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «قانداق بىلىسەن؟» دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «أما إذا كنت عني راضية فإنك تقولين لا ورب محمد، وإذا كنت علي غضبى، قلت: لا ورب إبراهيم» «سەن مەندىن مەمنۇن بولغان ۋاقتىتا: <مۇھەممەدنىڭ رەببى بىلەن قەسەم> دەيسەن؛ ئەگەر مەندىن خاپا بولۇپ قالساڭ: <ئىبراھىمنىڭ رەببى بىلەن قەسەم دەيسەن>» دېگەنىدى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «شۇنداق، ئى رەسۇلۇللاھ! الله بىلەن قەسەمكى، مەن پەقەت سىنىڭ ئىسمىڭنىلا ئاتىمايمەن» دېدى].[1]

شۇنداق بىر قىسىم ئەرلەر باركى، ئۇلار ئاياللىرىنىڭ ئۆزىدىن مەمنۇن ياكى خاپا ئىكەنلىكىدىن بىخەۋەر يۈرىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دۆلەت مەسئۇلىيەتلىرى، غازات، جىھاد، قوشۇن تەييارلاش، ئىسلام دەۋىتىنى دۇنياغا تارقىتىش، كىسرا ۋە قەيسەرگە مەكتۇپ ئەۋەتىش... قاتارلىق چوڭ ئىشلىرىمۇ، ئاياللىرىنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشكە توسالغۇ بولمىغان.

ئايالىنىڭ رازى بولۇشى ياكى غەزەپلىنىشىگە، خۇشال ياكى غەمكىن بولۇشىغا پەرۋا قىلمايدىغان ۋە ئايالىنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرىغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان كىشى يەنە قانداقمۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئەگەشتىم دېيەلىسۇن؟!

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھېس-تۇيغۇلىرىغا ئەھمىيەت بەرگەنلىكى — ئۇنىڭ ئاياللىرىنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى «يەھۇدىينىڭ قىزى» دەپ ئەيىبلىگەندە، رەسۇلۇللاھ ﷺ سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ھىمايە قىلغان ھەمدە ئۇنىڭ كۆڭلىنى چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ياسىغان ۋە تەسەللى بەرگەن.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «بلغ صفية أن حفصة قالت: بنت يهودي فبكت فدخل عليها النبي ﷺ وهي تبكي فقال ما يبكيك؟ فقالت: قالت لي حفصة: إني بنت يهودي فقال النبي ﷺ: إنك ابنة نبي وإن عمك لنبي وإنك لتحت نبي ففيم تفخر عليك؟» «سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆزىنى <سەفىيە يەھۇدىينىڭ قىزى> دېگەنلىكىنى ئاڭلىدى. شۇنىڭ بىلەن، سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يىغلاشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ يېنىغا كىرگەندە، ئۇ يىغلاۋاتاتتى. پەيغەمبەر ﷺ: <نېمىگە يىغلايسەن؟> دەپ سورىغانىدى، سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: <ھەفسە مېنى يەھۇدىينىڭ قىزى دەپتۇ> دېدى، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ: <سەن پەيغەمبەرنىڭ قىزى، سېنىڭ تاغاڭ پەيغەمبەر، سەن پەيغەمبەرنىڭ ئايالى، ئۇ سېنىڭ ئالدىڭدا نېمىسى بىلەن پەخىرلىنىدىكەن؟> دېدى».[1]

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «سەن پەيغەمبەرنىڭ قىزى» دېگەن سۆزىدىكى پەيغەمبەر «ھارۇن ئىبنى ئىمران ئەلەيھىسسالام» نى، «سېنىڭ تاغاڭ پەيغەمبەر» دېگەن سۆزىدىكى پەيغەمبەر «مۇسا ئىبنى ئىمران ئەلەيھىسسالام» نى كۆرسىتىدۇ.[2]

**❖ رەسۇلۇللاھ ﷺ ئايالىنىڭ غەمكىن ياكى كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرسە، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرەتتى**

مەن (ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا) ھەجدە ھەيزدار بولۇپ قېلىپ يىغلاپ ئولتۇرسام، پەيغەمبەر ﷺ يېنىمغا كىردى. پەيغەمبەر ﷺ: «ما لك أنفست؟» «ساڭا

[1] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] «تحفة الأحوذي» 10- توم 268- بەت.

نېمە بولدى، ھەيزدار بولۇپ قالدىڭمۇ؟» دەپ سورىغانىدى، مەن: «ھەئە» دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ: «إن هذا أمر كتبه اللَّه على بنات آدم فاقضي ما يقضي الحاج غير أن لا تطوفي بالبيت» «بۇ الله تائالا ئاياللارغا پۈتكەن ئىشتۇر. سەن بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلماي، ھاجىلار ئادا قىلىدىغان باشقا ئىشلارنى ئادا قىلغىن!» دېدى. مەن ھەجنى ئادا قىلغاندىن كېيىن پەيغەمبەر ﷺ ئابدۇراھماننى بۇيرۇدى، ئۇ مېنى مەن ئۆمرە ھەجگە ئېھرام باغلىغان تەنئىمدىن ئۆمرە ھەج قىلدۇردى.[1]

ھەيز، نىپاس، تۇغۇت ۋە باشقا تەبىئىي ھادىسىلەر سەۋەبلىك ئاياللاردا پەيدا بولغان چارچاش، قىيىنچىلىق ۋە دەرد ـ ئەلەم... لەر ئەرلەر كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر.

ئەر كىشى بۇ ھالەتلەرنى ھېس قىلىپ ئايالىغا كۆڭۈل بۆلگەندە، ئايال كىشىمۇ ئېرىنىڭ بۇ گۈزەل ئەخلاقىدىن سۆيۈنۈپ، ئېرىگە تېخىمۇ ئىتائەت قىلىدۇ.

**❖ رەسۇلۇللاھ ﷺ ئايالى كېسەل بولۇپ قالسا، شىپا دۇئاسى ئوقۇپ ئىللىق قولى بىلەن ئۇنى سىلايتتى**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «أن النبي ﷺ كان يعوذ بعض أهله، يمسح بيده اليمنى، ويقول: اللَّهم رب الناس، أذهب البأس، اشف أنت الشافي، لا شفاء إلا شفاءك شفاء لا يغادر سقما» «پەيغەمبەر ﷺ بەزى ئاياللىرىغا دۇئا ئوقۇپ، ئوڭ قولى بىلەن سىلاپ تۇرۇپ: <ئى پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ رەببى الله! كېسەللىكنى كۆتۈرۈۋەتكىن، ئۇنىڭغا شىپالىق بەرگىن، سەنلا شىپالىق بەرگۈچىسەن، سېنىڭ شىپايىڭدىن باشقا شىپا يوق، ئۇنىڭغا كېسەل بىدارى قويمايدىغان شىپالىق ئاتا قىلغىن!> دەيتتى».[2]

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئەر كىشى ئايالىغا كۆيۈنۈپ، ئۇنىڭ ئاغرىۋاتقان يېرىگە مېھرىبانلىق بىلەن قولىنى قويسا، ئايالىنىڭ قەلبىگە زور تەسەللى بولىدۇ. گەرچە ئاغرىق توختىمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئايال كىشى ئېرىنىڭ ئۆزىنىڭ ئاغرىق ئازابىنى سەزگەنلىكىدىن مېھرىبانلىق ھېس قىلىدۇ.

ئۇممۇ زەرئەنىڭ قىسسىسىدە، ئاياللارنىڭ بىرى ئېرىنى «غەم قايغۇمنى بىلىش ئۈچۈن قولىنى ماڭا سۇنۇپمۇ قويمايدۇ»[1] دەپ ئەيىبلىگەن. ئۇ ئايال ئېرىدىن ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان بىرەر سۆز ياكى ئىش-ھەرىكەتنى ھېس قىلىپ باقمىغانلىقىنى ۋە بۇ توغرىسىدا ئېرىنىڭ ئۆزىدىن بىرەر ئېغىزمۇ گەپ سورىمايدىغانلىقىنى شىكايەت قىلىپ، ئېرىنىڭ ئۆزىگە پەقەتلا كۆيۈنمەيدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن.[2]

دېمەك، ئۇ ئايال ئېرىنى مۇشۇنداق سۆزلەر بىلەن ئەيىبلىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، قىيىنچىلىق ۋە كېسەل بولۇپ قالغاندا ئەر-ئاياللار ئۆزئارا يار-يۆلەك بولۇشقا رىغبەتلەندۈرۈلگەن.

لېكىن، بەزى ئەرلەر بۇ ھالەتلەرگە كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، ئايالىنىڭ داۋاملىق ساغلام بولۇشىنىلا خالايدۇكى، ئەگەر ئايالى كېسەل بولۇپ قالسا، ئۇنى ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپ ساقايغانغا قەدەر قايتۇرۇپ كەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ كېسەل ئايالى بىلەن بىرگە تۇرۇشقا سەۋر قىلالماسمىش.

- بىر قېتىملىق سەپەردە سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ تۆگىسى ئاغرىپ قالغاندا، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆز قولى بىلەن سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېشىنى سۈرتكەن. مانا بۇ ئايالىغا تەسەللى بەرگەنلىكتۇر.

سەفىيە بىنتى ھۇيەي رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «أن

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] «فتح الباري» 9- توم 263- بەت.

النبي ﷺ حج بنسائه، فلما كان في بعض الطريق، نزل رجل، فساق بهن، فأسرع، فقال النبي ﷺ: كذاك سوقك بالقوارير، فبينا هم يسيرون، برك بصفية بنت حيي جملها، وكانت من أحسنهن ظهرا، فبكت. وجاء رسول اللّٰه ﷺ حين أخبر بذلك، فجعل يمسح دموعها بيده» «پەيغەمبەر ﷺ ئاياللىرى بىلەن ھەج قىلىش ئۈچۈن يولدا كېتىۋاتاتتى. بىر كىشى ئاياللارنىڭ تۆگىسىنى ناھايىتى ئالدىراپ ھەيدىگەندە، پەيغەمبەر ﷺ ئۇ ئادەمگە: ‹ئاياللار ئولتۇرغان تۆگىلەرنى مۇشۇنداقمۇ تېز ھەيدەمسەن؟› دېدى. ئارىدا مېنىڭ تۆگەم يېتىۋالدى، مېنىڭ تۆگەم ئەڭ ياخشى تۆگە ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن يىغلىدىم. پەيغەمبەر ﷺ بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ يېنىمغا كەلدى ۋە يېشىمنى قولى بىلەن سۈرتۈشكە باشلىدى».[①]

گەرچە ئايال كىشى كىچىككىنە ئىشلار ئۈچۈن يىغلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئەرنىڭ ئۆز قولى بىلەن ئايالىنىڭ يېشىنى سۈرتىشى ئايال كىشىگە زور تەسەللى بولىدۇ، شۇنداقلا بۇ يەنە ئايالىنىڭ ھېس-تۇيغۇسىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىك بولىدۇ. سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا تۆگىسىنىڭ ئەڭ ياخشى تۆگە تۇرۇپمۇ يېتىۋالغانلىقى ئۈچۈن يىغلىغان، بۇ بىر ئاددىي ئىش بولسىمۇ، لېكىن پەيغەمبەر ﷺ سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ كەيپىياتىغا كۆڭۈل بۆلگەن.

ئايال كىشى بەزى ۋاقىتلاردا تۈرلۈك بېسىم ۋە قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرايدۇ، بۇنداق ۋاقىتتا ئېرىنىڭ ئىللىق تەبەسسۇم ۋە مېھرىبانلىق بىلەن ئۆزىگە تەسەللى بېرىشىنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇ بېسىم ۋە قىيىنچىلىقلار ئالدىدا ئۆزىگە يالغۇز ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدۇرىدىغان، بۇ ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى يەڭگىللىتىدىغان كىشىگە بەكمۇ موھتاج بولىدۇ.

ئايال كىشى بەزىدە دادىسى، ئانىسى ۋە قېرىنداشلىرىدىن ئىبارەت يېقىنلىرىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ئۇ ئۆزىگە سەۋر قىلىشقا

[①] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئۇندەيدىغان، سەۋرنىڭ پەزىلىتىنى ئەسلىتىدىغان ۋە تەسەللى بېرىدىغان بىر كىشىگە موھتاج بولىدۇ. ئەمما، بەزى كىشىلەردە بۇ ئەخلاقتىن ئەسەرمۇ بولمىغاچقا، ئايالى دۇچ كەلگەن مۇسىبەت ۋە قىيىنچىلىقلارغا پەرۋا قىلمايدۇ، بەزىدە ھەتتا ئايالىنىڭ مۇسىبىتىنى ئەرزىمەس ھېسابلاپ، شۇ سەۋەبلىك ئايالىنى مەسخىرە قىلىدۇ ۋە كەمسىتىدۇ.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «اللَّهم إني أحرج حق الضعيفين: اليتيم والمرأة» «ئى الله ! مەن يېتىم ۋە تۇل ئايالدىن ئىبارەت ئىككى ئاجىزنىڭ ھەققىدىن (ھەققىنى زايە قىلىۋېتىشنىڭ نەقەدەر چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكىدىن) قاتتىق ئاگاھلاندۇرىمەن». [1]

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇنداق دېيىشتىكى مەقسىتى بولسا بۇ ھۆكۈمنى كىشىلەرگە يەتكۈزگەنلىكىگە الله تائالانى گۇۋاھ قىلىشتۇر. [2]

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئاياللىرىغا بولغان كۆيۈمچانلىقى، ئۇلار بىلەن ئىناق ئۆتۈشى شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، ھەتتا ئايالى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئاۋازىنى يۇقىرى قىلغاندىمۇ، پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارغا سەۋر قىلاتتى.

نۇئمان ئىبنى بەشىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «جاء أبو بكر يستأذن على النبي ﷺ، فسمع عائشة وهي رافعة صوتها على رسول اللَّه ﷺ، فأذن له، فدخل، فقال: يا ابنة أم رومان وتناولها، أترفعين صوتك على رسول اللَّه ﷺ؟ فحال النبي ﷺ بينه وبينها، فلما خرج أبو بكر جعل النبي ﷺ يقول لها يترضاها: ألا ترين أني قد حلت بين الرجل وبينك، ثم جاء أبو بكر، فاستأذن عليه، فوجده يضاحكها، فأذن له، فدخل، فقال له أبو بكر: يا رسول اللَّه أشركاني في سلمكما، كما أشركتماني في حربكما» «ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېلىپ، پەيغەمبەر

[1] ئەھمەد، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.
[2] «حاشية السندى على سنن إبن ماجة» 7- توم 83- بەت.

ﷺ نىڭ يېنىغا كىرىشكە رۇخسەت سورىدى. شۇ ئارىدا ئۇ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە يۇقىرى ئاۋازدا ۋارقىراۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت بەردى. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىرىپ: <ئى ئۇممۇ رۇماننىڭ قىزى! سەن تېخى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئاۋازىڭنى كۆتۈرۈپ ۋارقىراۋاتامسەن؟> دەپ، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا قول ئۇزاتتى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىنى توسۇۋالدى. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چىقىپ كەتكەندە، پەيغەمبەر ﷺ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى رازى قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا: <كۆرگەنسەن، مەن ئوتتۇراڭلارنى توسۇۋالدىم> دېيىشكە باشلىدى. كېيىن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېلىپ، كىرىشكە رۇخسەت سورىدى ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا كۇلۇۋاتقانلىقىنى بايقىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت بەردى. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىرىپ: <ئى رەسۇلۇللاھ! مېنى جېدەللىشىپ قالغاندا ئىشىڭلارغا ئارىلاشتۇرغاندەك، كېلىشىپ قالغاندىمۇ ئارىلاشتۇرۇڭلار> دېدى». [1]

بەزىدە بىرەر ئايالى پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىرەر ئىش ھەققىدە تاكاللىشىپ قېلىپ، پەيغەمبەر ﷺ دىن پۈتۈن كېچە ياتىقىنى ئايرىغاندا، پەيغەمبەر ﷺ بۇنىڭغىمۇ سەۋر قىلغان.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «بىز قۇرەيشلەر ئاياللىرىمىزنى باشقۇراتتۇق، مەدىنىگە كەلسەك ئەنسارىلارنىڭ ئاياللىرى ئەرلىرىنى باشقۇرىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن، بىزنىڭ ئاياللىرىمىزمۇ ئەنسارى ئاياللارنىڭ بۇ ئىشىنى ئۆگىنىشكە باشلىدى. مەن ئايالىمغا ۋارقىرىسام، ئۇمۇ مەن بىلەن تاكاللاشقانىدى، ئايالىمنىڭ بۇ قىلغىنى ماڭا بەك ئېغىر كەلدى. ئايالىم ماڭا:

---

[1] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

‹ساڭا گەپ ياندۇرغىنىمنى ئېغىر ئالمىغىن! الله بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئاياللىرىمۇ ئۇنىڭغا گەپ ياندۇرىدىكەن، ھەتتا بەزىلىرى بىر كۈن كەچكىچە ئۇنىڭغا قېيداپ يۈرىدىكەن› دېدى. ئاندىن مەن ھەفسەنىڭ يېنىغا بېرىپ: ‹سىلەر رەسۇلۇللاھ ﷺ گە گەپ ياندۇرامسىلەر؟› دەپ سورىسام، ئۇ: ‹ھەئە› دېدى. مەن ‹بەزىڭلار ئۇنىڭغا بىر كۈن كەچكىچە قېيدامسىلەر؟› دېسەم، ئۇ: ‹ھەئە› دېدى...».[1]

بۇ ھەدىستىن، ئاياللارنى چەكتىن ئاشۇرۇپ ئەيىبلەشنىڭ چەكلىنىدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ، چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ بۇ ئىشتا ئۆز قەۋمى بولغان قۇرەيشنىڭ يولىنى تاشلاپ، ئەنسارىلارغا ئەگەشكەن.

بۇ ھەدىستىن يەنە، ئاياللارغا سەۋرچان بولۇش، ئۇلارنىڭ خاتالىقلىرىنى كۆرمەسكە سېلىش ۋە الله نىڭ ھەققىدىن باشقا ئىشلاردا يۈز بەرگەن خاتالىقلىرىغا كەڭ قورساق بولۇش لازىملىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.[2]

**❖ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئاياللىرى بىلەن ئىناق ئۆتۈشى شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، ھەتتا ئۆي ئىشلىرىغا قەدەر ياردەملىشەتتى**

ئەسۋەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «سألت عائشة: ما كان النبي ﷺ يصنع في بيته؟ قالت: كان يكون في مهنة أهله، فإذا حضرت الصلاة خرج إلى الصلاة» «مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن: ‹پەيغەمبەر ﷺ ئۆيىدە نېمە ئىشلارنى قىلاتتى؟› دەپ سورىسام، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: ‹پەيغەمبەر ﷺ ئائىلىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى. ئەگەر ناماز ۋاقتى بولسا نامازغا چىقاتتى› دېدى».[3]

بۇ ھەدىستىكى دېيىلگەن خىزمەت يەنە باشقا نەقىللەردە ئائىشە رەزىيەللاھۇ

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] «فتح الباري» 9- توم 291- بەت.

[3] بۇخارى توپلىغان.

ئەنھانىڭ مۇنۇ سۆزى بىلەن شەرھلەنگەن: «ما كان إلا بشرا من البشر يفلي ثوبه، ويحلب شاته، ويخدم نفسه» «پەيغەمبەر ﷺ سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنساندۇر، ئۇ كىيىملىرىدىكى پىتلارنى تازىلايتتى، قوي ساغاتتى ۋە ئۆزىنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزى قىلاتتى».[1]

ئەھمەد توپلىغان نەقىلدە مۇنداق دېيىلگەن: «كان يخيط ثوبه ويخصف نعله ويعمل ما يعمل الرجال في بيوتهم» «پەيغەمبەر ﷺ كىيىمىنى تىكەتتى، ئايىغىنى يامايتتى ۋە سىلەرگە ئوخشاشلا ئائىلە ئىشلىرىنى قىلاتتى».[2]

بۈگۈنكى كۈندە شۇنداق كىشىلەر باركى، ئايالىغا ئايالى قىلالمايدىغان مەسئۇلىيەت ۋە ئېغىرچىلىقلارنى يۈكلەپ قويىدۇ. بەزىدە ئايالىنىڭ چارچىغانلىقى ياكى كېسەل بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرسە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈپمۇ قويمايدۇ ۋە ئۆي ئىشلىرىدا ئايالىغا ياردەملەشمەيدۇ. بۇنداق قىلىش ھەرگىزمۇ ئايال كىشى بىلەن ئىناق ئۆتكەنلىك ھېسابلانمايدۇ.

### ❖ رەسۇلۇللاھ ﷺ ئايالىنىڭ ئۇلاغقا مىنىشىگە ياردەملىشەتتى

سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا تۆگىگە مىنمەكچى بولغاندا، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا ياردەملەشكەن. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «فرأيته يحوي لها وراءه بعباءة، ثم يجلس عند بعيره فيضع ركبته، فتضع صفية رجلها على ركبته حتى تركب» «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تۆگىنىڭ ئارقىسىغا توندىن بىرنى يېپىپ، ئاندىن تۆگىنىڭ يېنىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ بەرگىنىنى، سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۇنىڭ تىزىغا دەسسەپ تۇرۇپ تۆگىگە مىنگىنىنى كۆردۇم».[3]

رەسۇلۇللاھ ﷺ سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ تۆگىگە مىنىشى ئۈچۈن

[1] بۇخارى توپلىغان.
[2] ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ بەرگەن. مانا بۇ — ئائىلىگە مۇئامىلە قىلىشتىكى كەمتەرلىك، مېھرىبانلىق ۋە ياخشىلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىدۇر.

❖ **پەيغەمبەر ﷺ ئۆزىنىڭ پاكىزلىقىغا ۋە خۇش پۇرىقىغا ئەھمىيەت بېرەتتى**

پەيغەمبەر ﷺ ئۆيىگە كىرگەندە ئائىلىسىنىڭ ئۆزىدىن بەتبۇي پۇراقنى پۇراپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئەڭ ئالدى بىلەن مىسۋاك قىلاتتى.

شۇرەيھ ئىبنى ھانەئى مۇنداق دېگەن: «سألت عائشة: قلت بأي شيء كان يبدأ النبي ﷺ إذا دخل بيته؟ قالت: بالسواك» «مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۆيىگە كىرگەندە تۇنجى بولۇپ قىلىدىغان ئىشى توغرۇلۇق سورىغانىدىم، ئۇ: <مىسۋاك ئىشلىتىش> دەپ جاۋاب بەردى». [1]

بۇنىڭدىكى ھېكمەت شۇكى، بەزىدە كىشىلەر بىلەن سۆزلەشكەندە ئېغىز پۇرىقى ئۆزگىرىپ قالىدۇ، شۇڭا ئۆيىگە كىرىشتىن ئىلگىرى شۇ پۇراقنى يوقاتقاندا ئايال كىشى بىلەن ئىناق ئۆتۈشكە ياردىمى بولىدۇ. [2]

پەيغەمبەر ﷺ ھەر قېتىم ئۇيقۇسىدىن ئويغانسا، ئېغىز ۋە چىشلىرىنى تازىلاشنى ياخشى كۆرەتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «كان لا يرقد من ليل ولا نهار فيستيقظ إلا تسوك قبل أن يتوضأ» «پەيغەمبەر ﷺ مەيلى كۈندۈز ياكى كېچىدە بولسۇن، ئۇخلاپ ئويغانسىلا تاھارەت ئېلىشتىن بۇرۇن مىسۋاك قىلاتتى». [3]

پۇراقلىق يېمەكلىك، تائام ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەر سەۋەبلىك ئېغىز پۇرىقى ئۆزگىرىپ قالىدۇ. شۇڭلاشقا، بۇ ھەدىستىن مىسۋاك ئىشلىتىشكە كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ مۇستەھەبلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. [4]

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] «حاشية السيوطى على سنن النسائي» 1- توم 10- بەت.

[3] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

[4] «المفهم» 3- توم 136- بەت.

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ مىسۋاكنى ياخشى كۆرەتتى. مەيلى روزىدار ياكى روزىسىز بولسۇن مىسۋاك قىلاتتى. ئۇ ئۇيقۇدىن ئويغانغاندا، تاھارەت ئالغاندا، نامازغا تۇرغاندا ۋە ئۆيگە كىرگەندە مىسۋاك قىلاتتى. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مىسۋىكى ئىراك دەرىخىنىڭ ياغىچى ئىدى».[1]

مىسۋاك قىلىش ــ ئەر-ئاياللىق تۇرمۇشتىكى ئەڭ مۇھىم ئىشلاردىندۇر. بۈگۈنكى كۈندە ئەرنىڭ ياكى ئايالنىڭ ئېغىز ۋە چىش پاكىزلىقىغا ئەھمىيەت بەرمەسلىكى ــ مەھكىمىلەرگە سۇنۇلغان ئاجرىشىش مەسىلىلىرىنىڭ بىر تۈرلۈك سەۋەبى ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىز بىزگە يېتەرلىكتۇر.

❖ **رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆزىدىن بەتبۇي پۇراق چىقىپ قېلىشىنى ياقتۇرمايتتى**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «كان يشتد عليه أن يوجد منه الريح» «رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆزىدىن غەيرى پۇراقنىڭ تېپىلىپ قېلىشىنى بەك يامان كۆرەتتى».[2]

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن نەقىل قىلىنغان يەنە بىر ھەدىستە «وكان أشد شيء عليه أن يوجد منه ريح سيئ» «پەيغەمبەر ﷺ گە ئەڭ يامان كۆرۈلىدىغان ئىش ــ ئۆزىدىن غەيرى پۇراقنىڭ چىقىشىدۇر» دېيىلگەن.[3]

خۇش پۇراق ئىشلىتىش پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەخلاقلىرىدىندۇر. پەيغەمبەر ﷺ خۇش پۇراقنى ياخشى كۆرەتتى ۋە ئۇنى كۆپ ئىشلىتەتتى. خۇشبۇي نەرسىلەر پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دۇنيا نېئمەتلىرى ئىچىدىكى ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلىرىنىڭ بىرىدۇر.

---

[1] «زاد المعاد» 1- توم 167- بەت.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] «المعجم الأوسط» 8764- ھەدىس.

پەيغەمبەر ﷺ يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېگەن: «حبب إلي من الدنيا النساء والطيب وجعل قرة عيني في الصلاة» «ماڭا دۇنيا نېئمەتلىرىدىن ئايال ۋە خۇشبۇي نەرسىلەر ياخشى كۆرسىتىلدى، مېنىڭ خۇرسەنلىكىم نامازدا قىلىندى».①

پەيغەمبەر ﷺ بەتبۇي پۇراقنى يامان كۆرگەنلىكى ئۈچۈن، پىياز ۋە سامساقتا ئوخشاش بەزى مۇباھ يېمەكلىكلەرنى يېمەيتتى.

تاماكىنىڭ بەتبۇي پۇرىقى گۇپۇلدەپ تۇرغان ھالەتتە ئۆيگە كىرىپ، ئايالى بىلەن بىر تۆشەكتە بولغان كىشىنى بۇنىڭغا سېلىشتۇرۇش قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن! ھالبۇكى، ئۇ ئايال ئېرى ئۈچۈن ئەڭ ئېسىل خۇشپۇراقلىرىنى ئىشلىتىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئېرى سېسىق پۇراقلار بىلەن ئۇنىڭ قېشىغا كېلىدۇ.

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ئاياللىرى ئۈچۈن ياسىناتتى، چېچىنى تارايتتى ۋە ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرەتتى**

پەيغەمبەر ﷺ ساھابىلىرىنى ھەم بۇنىڭغا بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: «من كان له شعر فليكرمه» «كىمنىڭ چېچى بولسا ئۇنى ھۆرمەتلىسۇن».②

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «فليكرمه» «ئۇنى ھۆرمەتلىسۇن» دېگەن سۆزى چېچىنى يۇيۇش، تاراش، مايلاش بىلەن پاكىز تۇتسۇن، ئۇنى رەتسىز تاشلاپ قويمىسۇن دېگەنلىك بولىدۇ. چۈنكى پاكىزلىق ۋە گۈزەللىك ياخشى كۆرۈلىدىغان ئىشلاردۇر.③

ئەرلەر ئايالى ئۈچۈن ياسىنىشى ۋە پاكىزلىنىشى لازىم. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ئايالىمنىڭ مەن ئۈچۈن زىننەتلىنىشىنى ياخشى كۆرگىنىمدەك، مەنمۇ ئايالىم ئۈچۈن زىننەتلىنىشنى ياخشى كۆرىمەن».

① نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
② ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
③ «عون المعبود» 9- توم 1183- بەت.

چۈنكى الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَهُنَّ مِثْلُ الَّذِي عَلَيْهِنَّ بِالْمَعْرُوفِ وَلِلرِّجَالِ عَلَيْهِنَّ دَرَجَةٌ﴾ «ئاياللىرى ئۈستىدە ئەرلەرنىڭ ھەقلىرى بولغىنىدەك، ئەرلىرى ئۈستىدە ئاياللارنىڭمۇ ھەقلىرى بار (يەنى ئاياللار مۇۋاپىق دەرىجىدە ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشى كېرەك، مۇۋاپىق دەرىجىدە مەجبۇرىيەتمۇ ئۆتىشى كېرەك). (ئاياللارغا مەھرى بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش مەجبۇرىيەتلىرى ئەرلەرگە يۈكلەنگەنلىكتىن) ئەرلەر ئاياللاردىن بىر دەرىجە ئارتۇقلۇقا ئىگە»[1].

### ❖ پەيغەمبەر ﷺ چېچىنى تارايتتى

سەھل ئىبنى سەئىد ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «بىر ئادەم رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئىشىكىنىڭ يوچۇقىدىن ماراپ قارىغاندا، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قولىدا تاغاق بارلىقىنى، شۇ تاغاق بىلەن چېچىنى تاراۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىدى»[2].

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئايالى بەزى ۋاقىتلاردا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ چېچىنى تاراپ قوياتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «كان النبي ﷺ إذا اعتكف يدني إلي رأسه فارجله» «پەيغەمبەر ﷺ ئېتىكاپ قىلسا، بېشىنى ماڭا ئۇزىتاتتى، مەن ئۇنىڭ چېچىنى تاراپ قوياتتىم»[3].

ئاياللىرى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بېشىنىمۇ يۇيۇپ قوياتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «كنت أغسل رأس النبي ﷺ وأنا حائض» «مەن ھەيزدار ھالىتىمدە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بېشىنى يۇيۇپ قويغان ئىدىم»[4].

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھەربىر پاكىزلىق ئامىللىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشى ــ ئۇنىڭ ھاياتىدا ئەكس ئەتكەن ئەڭ روشەن ئىشلاردىندۇر. پەيغەمبەر ﷺ بۇنى پۈتۈن

---

[1] سۈرە بەقەرە 228ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[4] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئۈممىتىگە تەشەببۇس قىلغان ھەمدە كىشىلەرنىڭ چىرايلىق شەكىلدە بولۇشى ئۈچۈن پىترەت (قەدىمىي) سۈننەتلىرىگە[1] قىزىقتۇرغان.

❖ **پەيغەمبەر ﷺ ئاياللىرىغا مۇلايىملىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى ۋە ئۇلارغا ئىشلارنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرەتتى**

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئاياللىرى بىر ئىشنى قىلماقچى بولسا، ئۇ ئىش شەرىئەتتە چەكلەنمىسىلا پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلاتتى.

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھەج پائالىيىتىدىكى سۈپىتى مۇنداق نەقىل قىلىنغان: «أن عائشة قالت يا رسول الله إني أجد في نفسي أني لم أطف بالبيت حتى حججت. قال: فاذهب بها، يا عبد الرحمن فأعمرها من التنعيم» «ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ قەلبىم سىقىلىۋاتىدۇ، چۈنكى مەن بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلماي تۇرۇپ ھەج قىلدىم› دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹ئى ئابدۇراھمان! ئائىشەنى ئېلىپ بېرىپ تەنئىم دېگەن ئورۇندىن ئۆمرە ھەج قىلدۇرغىن› دېدى». جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق دېگەن: «كان رسول الله ﷺ رجلا سهلا إذا هويت الشيء تابعها عليه» «رەسۇلۇللاھ ﷺ ئاسانلىق يارىتىپ بېرىدىغان كىشى بولۇپ، ئەگەر ئايالى بىر ئىشنى قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭغا قوشۇلاتتى».[2]

ھەدىستىكى «رجلا سهلا» — «بۈيۈك ئەخلاقلىق، ئەخلاقتا ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگۈچى» دېگەن مەنىدىدۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَإِنَّكَ لَعَلَى خُلُقٍ عَظِيمٍ**﴾ «(ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاقتا ئىگىسەن»[3].

ئەمما، بۈگۈنكى كۈندە كۆپىنچە ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدا جېدەل-ماجىرا،

---

[1] ئىلگىرىكى پەيغەمبەرلەردىن تارتىپ داۋاملىشىپ، كېيىنكى ئۈممەتلەرگە مىراس قىلىپ قالدۇرۇلغان سۈننەتلەرنى كۆرسىتىدۇ.
[2] مۇسلىم توپلىغان.
[3] سۈرە قەلەم 4- ئايەت.

باش قېتىقچىلىقى ۋە ھەربىر نەرسىدە تالاش ـ تارتىش بارلىقىنى بايقايسىز.

❖ **پەيغەمبەر ﷺ ئايالىنىڭ مۇباھ بولغان ئويۇننى كۆرۈشىگە رۇخسەت قىلغان**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «كان رسول الله ﷺ جالسا فسمعنا لغطا وصوت صبيان. فقام رسول الله ﷺ فإذا الحبشة يلعبون بحرابهم، فقال: يا عائشة تعالي فانظري فجئت فوضعت لحيي على منكب رسول الله ﷺ فجعلت أنظر إليهم ما بين المنكب إلى رأسه. فقال لي: أما شبعت؟ أما شبعت؟ فجعلت أقول: لا لأنظر منزلتي عنده» «رەسۇلۇللاھ ﷺ يېنىمدا ئولتۇراتتى، بىز كىچىك بالىلارنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدۇق. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئورنىدىن تۇرۇپ قارىغانىدى، ھەبەشلەر نەيزىلىرىنى ئوينىتىۋاتقان ئىكەن. رەسۇلۇللاھ ﷺ: <ئى ئائىشە! بۇياققا كېلىپ قارىغىن> دېدى. مەن كېلىپ ئېڭىكىمنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۈرىسىگە قويۇپ، ئۇنىڭ مۈرىسى بىلەن بېشىنىڭ ئارىسىدىن ئۇلارغا قارىدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ ماڭا: <كۆرۈپ قاندىڭمۇ؟ كۆرۈپ قاندىڭمۇ؟> دەيتتى، مەن رەسۇلۇللاھنىڭ نەزىرىدىكى ئورنۇمنى بىلىش ئۈچۈن <ياق> دەيتتىم». ①

بۇ ھەدىستە، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ گۈزەل ئەخلاقى ۋە ئايالى بىلەن ئەڭ چىرايلىق رەۋىشتە ئىناق ئۆتكەنلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ②

ئىبنى بەتتال مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىستە، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ گۈزەل ئەخلاقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. شۇڭلاشقا، ئەر كىشى چەكلەنمىگەن ئىشلاردا ئاياللىرىنىڭ رايىغا باقسا بولىدۇ». ③

يەنە بىر نەقىلدە: «فجعلت أنظر إلى لعبهم حتى كنت أنا التي أنصرف عن النظر إليهم» «مەن

① تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
② «عمدة القارى» 7 ـ توم 77 ـ بەت.
③ «شرح صحيح البخاري» 2 ـ توم 548 ـ بەت.

ئۇلارنىڭ ئويۇنىغا قارىدىم، ھەتتاكى ئۇلارغا قاراشتىن زېرىكىپ ئۆزۈم ياندىم» دېيىلگەن.[1]

يەنە بىر نەقىلدە: «قلت: يا رسول اللّٰه، لا تعجل، فقام لي، ثم قال: حسبك، قلت: لا تعجل. قالت: وما بي حب النظر إليهم، ولكني أحببت أن يبلغ النساء مقامه لي، ومكاني منه» «مەن: <ئى رەسۇلۇللاھ! ئالدىرىمىغىن> دېدىم، پەيغەمبەر ﷺ بىردەم تۇرۇپ بېرىپ، ئاندىن يەنە: <ئەمدى بولدىمۇ؟> دەپ سورايتتى، مەن يەنە: <ئى رەسۇلۇللاھ! ئالدىرىمىغىن> دېدىم. مەن ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ئويۇنىنى كۆرۈشنى ياخشى كۆرمەيتتىم، لېكىن مەن ئۆزۈمنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ نەزىرىدىكى ئورنۇمنى ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مېنىڭ قەلبىمدىكى ئورنىنى باشقا ئاياللارغا بىلدۈرۈپ قويماقچى بولغان ئىدىم» دېيىلگەن.[2]

بۇ ھەدىستە، ئاياللار بىلەن ئىناق ئۆتۈش ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. يەنى، چەكلەنمىگەن ئىشلاردا ئۇلارنىڭ ئارزۇلىرىغا يول قويۇش ۋە ئۇلارغا ياردەملىشىش؛ چەكلەنمىگەن ئويۇنلاردا ئايالى ياخشى كۆرگەن ئىشنى ئەر ياقتۇرمىغان تەقدىردىمۇ، ئايالىنىڭ بۇ ئىشىغا سەۋر قىلىش كېرەك.[3]

**❖ رەسۇلۇللاھ ﷺ ھېيتتا ئايالىنى چەكلەنمىگەن قوشاقلارنى ئاڭلاشتىن توسمىغان**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «دخل رسول اللّٰه ﷺ وعندى جاريتان تغنيان بغناء بعاث فاضطجع على الفراش وحول وجهه فدخل أبو بكر فانتهرني وقال مزمار الشيطان عند رسول اللّٰه ﷺ؟ فأقبل عليه رسول اللّٰه ﷺ فقال دعهما فلما غفل غمزتهما فخرجتا وكان يوم عيد» «رەسۇلۇللاھ ﷺ يېنىمغا كىرگەندە، يېنىمدىكى ئىككى قىز بۇئاس (ئەۋس

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] ئىبنى بەتتالنىڭ «شرح صحيح البخاري» ناملىق كىتابى 7- توم 298- بەت.

ۋە خەزرەج ئوتتۇرىسىدا جەڭ بولغان جاي) ئۇرۇشىدا ئېيتىلغان قوشاقلارنى ناخشا قىلىپ ئېيتىۋاتاتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇدۇل كۆرپىسىگە چىقىپ بىرگە ئارقىسىنى قىلىپ ياتتى. بىر كەمدىن كېيىن (دادام) ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىرىپ مېنى ئەيىبلەپ: <رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىدا شەيتاننىڭ چالغۇلىرى ياڭراپ كېتىپتىغۇ؟> دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئالدىنى قىلىپ: <ئۇلارنى ئۆز مەيلىگە قوي!> دېدى. پەيغەمبەرﷺ دىققەت قىلمىغان ۋاقىتتا مەن ئۇ ئىككىسىگە كۆز ئىشارىتى قىلغانىدىم، ئۇلار چىقىپ كەتتى. بۇ ھېيت كۈنى ئىدى».[1]

ئىبنى ھەجەر (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىستە نۇرغۇن پايدىلار بار. ھېيت كۈنلىرىدە ئائىلىدىكىلەرگە كۆڭۈلنى خۇش قىلىدىغان ۋە بەدەننى ئىبادەتنىڭ ھارغىنلىقلىرىدىن راھەتلەندۈرىدىغان تۈرلۈك ئىشلارنى قىلىپ بېرىش يوللۇقتۇر. بۇ ھەدىستە يەنە ئايال كىشىگە كۆيۈنۈش ۋە ئايالىنىڭ قەلبىنى ئۆزىگە رام قىلىۋېلىش ئەكس ئەتتۈرۈلگەن».[2]

پەيغەمبەر ﷺ ھېيت، نىكاھ كۈنى دېگەندەك خۇشاللىق ۋاقىتلاردا، ئاياللىرىنىڭ داپ چېلىشىغا ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە مەزمۇنى ساغلام بولغان شېئىرلارنى قوشاق قىلىپ ئوقۇشىغا رۇخسەت بەرگەن.

پارس ۋە رۇم مەملىكەتلىرى پەتھى قىلىنغاندا، ساھابىلەر ئۇلارنىڭ ھاراق خۇمارى ۋە ھاۋايى-ھەۋەسنى قوزغايدىغان، ھارام قىلىنغان ئىشلار تەسۋىرلەنگەن شېئىرلارنى چالغۇ ئەسۋابلار بىلەن ئاھاڭغا چۈشۈرۈپ ئېيتىدىغان ئادەتلىرىنى بايقاپ، بۇنىڭ ھەممىسىنى رەت قىلغان ۋە كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن چەكلىگەن ھەمدە بۇ ھەقتە ئۇلارغا قاتتىق مۇئامىلە قىلغان.

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] «فتح الباري» 2- توم 443- بەت.

بۇنىڭدىن، ساھابىلەرنىڭ پەيغەمبەر ﷺ رۇخسەت قىلغان قوشاقلارنىڭ بۇنداق ئەمەسلىكىنى، ئەسۋابلىرىنىڭمۇ بۇنداق ئەمەسلىكىنى ۋە پەيغەمبەر ﷺ ئۆز دەۋرىدە رۇخسەت قىلغان نەرسىلەرنىڭ ئەرەبلەرگە تونۇشلۇق بولغان ئەسۋابلار ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ.

ئەجەملەرنىڭ ئۆزىنىڭ چالغۇ ئەسۋابلىرى بىلەن ئېيتقان قوشاقلىرىغا كەلسەك، ئۇ گەرچە قوشاق دەپ ئاتالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ رۇخسەت قىلىنغان قوشاق دائىرىسىگە كىرمەيدۇ، چۈنكى بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ئەقىللىق كىشىگە مەخپىي ئەمەستۇر. شۈبھىسىزكى، ئەجەملەرنىڭ ئۆزىنىڭ چالغۇ ئەسۋابلىرى بىلەن ئېيتقان قوشاقلىرى ھاۋايى ـ ھەۋەسنى قوزغايدۇ، تەلپۈنۈشلىرىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ ۋە ھارامغا تەرغىب قىلىدۇ. مانا بۇ قوشاقلار ــ زىنانىڭ قۇتراتقۇچى ئامىللىرىدىندۇر.

ئەرەبلەرنىڭ رۇخسەت قىلىنغان قوشاقلىرى بۇ بۇزۇقچىلىقلاردىن پۈتۈنلەي خالىيدۇر. كىمكى بۇ ئىككىسىنىڭ بىرىنى يەنە بىرىگە قىياس قىلىدىكەن، ئۇ كىشى ناھايىتى ئېغىر خاتالاشقان بولىدۇ. ئوتتۇرىدىكى پەرق ئوچۇق ئىپادىلىنىپ تۇرسىمۇ، يەنە قىياس قىلىش ئەڭ ناچار ۋە توغرىدىن ناھايىتى يىراق بىر ئىشتۇر.[①]

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئايالىنىڭ ئاڭلىشىغا يول قويغىنى بولسا گۇناھتىن خالىي ۋە رۇخسەت قىلىنغان كۆڭۈل ئېچىشتۇر.

بۇ جەھەتتە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئاياللىرىغا قىلغان مۇئامىلىسى بۇنىڭ بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا كىچىك قىزلارنى ئەۋەتەتتى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇلار بىلەن بىللە ئويناتتى. پەيغەمبەر ﷺ بۇ كىچىك مېھمانلارنى ئۇركۇتۇپ قويۇشتىن ئېھتىيات

[①] «فتح الباري» 6 ـ توم 78 ـ بەت.

قىلاتتى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «كنت ألعب بالبنات عند النبي ﷺ وكان لي صواحب يلعبن معي فكان رسول اللّٰه ﷺ إذا دخل يتقمعن فيسربهن إلي فيلعبن معي» «مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىدا قورچاقلارنى ئويناتتىم، مەن بىلەن بىرگە ئوينايدىغان دوستلىرىممۇ بار ئىدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھ ﷺ كىرسە تارتىنىپ پەردىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇۋالاتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارنى مېنىڭ يېنىمغا ئېلىپ چىقىپ قوياتتى، ئاندىن ئۇلار مەن بىلەن يەنە ئويناتتى».[1]

نەۋەۋى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بۇ ــ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇلايىملىقى ۋە ئايالى بىلەن ئىناق ئۆتكەنلىكىدىندۇر».[2]

مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا قورچاقلارنى ۋە ھەرخىل ئويۇنلارنى ئويناتتى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن بىرگە كۈلەتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «قدم رسول اللّٰه ﷺ من غزوة تبوك أو خيبر وفي سهوتها ستر فهبت ريح فكشفت ناحية الستر عن بنات لعائشة لعب فقال: ما هذا يا عائشة؟ قالت: بناتي ورأى بينهن فرسا له جناحان من رقاع فقال: ما هذا الذي أرى وسطهن؟ قالت: فرس قال: وما الذي عليه؟ قالت: جناحان قال: فرس له جناحان؟ قالت: أما سمعت أن لسليمان خيلا لها أجنحة؟ فضحك حتى رأيت نواجذه» «پەيغەمبەر ﷺ تەبۇك (ياكى خەيبەر) غازىتىدىن قايتىپ كەلدى. ئۆيىنىڭ تەكچىسىگە پەردە تارتىپ قويۇلغان بولۇپ، پەردە شامالدا قايرىلىپ كېتىۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ مەن ئوينايدىغان قورچاق قىزلىرىمنى كۆرۈپ قالدى ـ دە:

ــ ئى ئائىشە! بۇ نېمە؟ ــ دەپ سورىغان ئىدى، مەن:

ــ قورچاق قىزلىرىم، ــ دەپ جاۋاب بەردىم. پەيغەمبەر ﷺ قورچاقلار

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] «شرح النووي على صحيح مسلم» 10 ـ توم 205 ـ بەت.

ئارىسىدىكى قاناتلىق ئاتنى كۆرۈپ:

ــــ ئۇنداقتا بۇ نېمە؟ ــــ دەپ سورىغان ئىدى، مەن:

ــــ ئۇ ئات، ــــ دەپ جاۋاب بەردىم، پەيغەمبەر ﷺ:

ــــ ئاتنىڭ ئۈستىدىكىلەرچۇ؟ ــــ دەپ سورىغان ئىدى، مەن:

ــــ ئۇلار ئاتنىڭ قاناتلىرى، ــــ دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ:

ــــ ئاتنىڭمۇ قانىتى بولامدۇ؟ ــــ دېگەنىدى، مەن:

ــــ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ قاناتلىق ئاتلىرىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ ــــ دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ بۇنى ئاڭلاپ مۇبارەك ئېزىق چىشلىرى كۆرۈنگىدەك دەرىجىدە كۈلۈپ كەتتى.[1]

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بۇ كۈلكىسى ئايالىنى خۇشال قىلغان ھەمدە ئايالى بىلەن بۇنداق چاقچاقلىشىشى ئايالىنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرىغا نۇرغۇنلىغان ئىجابىي تەسىرلەرنى ئېلىپ كەلگەن.

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەرلەرنىمۇ مۇشۇنداق قىلىشقا قىزىقتۇرغان، چۈنكى بۇنداق قىلىش ئۆزئارا ئىناقلىق ۋە قەلبكە خۇشاللىق بېغىشلايدۇ. جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ توي قىلغاندا، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا: «هلا جارية تلاعبها وتلاعبك أو تضاحكها وتضاحكك» «قىز ئالساڭ بولماسمىدى، ئۇ سەن بىلەن ئوينىشاتتى، سەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن ئوينىشاتتىڭ؛ سەن ئۇنى كۈلدۈرەتتىڭ، ئۇمۇ سېنى كۈلدۈرەتتى» دېگەن.[2]

رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «كل شيء ليس من ذكر الله فهو لهو، إلا أربع خصال: مشي الرجل بين الغرضين، وتأديبه فرسه، وملاعبته أهله، وتعلم السباحة» «اللہ نى زىكىر قىلىشتىن باشقا ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىھۇدە ئويۇنلاردۇر. لېكىن تۆت

[1] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

خىسلەت بۇنىڭدىن مۇستەسنا: ئىككى نىشان ئوتتۇرىسىدا مېڭىش، ئېتىنى مەشىق قىلدۇرۇش، ئۆز ئايالى بىلەن ئوينىشىش ۋە سۇ ئۈزۈشنى ئۆگىنىش». [1]

دېمەك، ئەر-ئايال ئوتتۇرىدىكى كۈلكە-چاقچاق قەلبنى خۇشاللىققا، ئۆينى مېھىر-مۇھەببەتكە تولدۇرىدۇ، ئەر-ئاياللار ئارىسىدىكى مۇئامىلىنى مۇستەھكەملەيدۇ، دوستلۇق ۋە مېھىر-مۇھەببەتنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ.

چاقچاقلىشىش ۋە ئوينىشىش ئاياللارنىڭ قەلبلىرىنى خۇشال قىلىدۇ. [2]

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاچچىقى يامان ۋە قاتتىق قول تۇرۇپمۇ مۇنداق دەيتتى: «ئەر كىشى ئۆز ئۆيىدە كىچىك بالىغا ئوخشاش بولۇشى، ئەگەر ئەرلىك خاراكتېرىنى ئاشكارىلاش ۋاقتى كەلسە، رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك». [3]

سابىت ئىبنى ئۇبەيد مۇنداق دېگەن: «زەيد ئىبنى سابىت ئۆز ئۆيىدە كۈلۈپلا تۇراتتى، ئەگەر سىرتقا چىقىپ قالسا باشقا ئەرلەرگە ئوخشاشلا ئۆزىنىڭ سالاپىتىنى ساقلاپ يۈرەتتى». [4]

بىر ئەئرابى ئايال ئۆلۈپ كەتكەن ئېرىنى سۈپەتلەپ مۇنداق دېگەن: «اللە بىلەن قەسەمكى، ئۇ ئۆيگە كىرسە كۈلۈپلا تۇراتتى، ئەمما سىرتتا كۈلمەيتتى. تاپسا يەيتتى، تاپالمىسا باشقىلاردىن سورىمايتتى». [5]

كۆپلىگەن كىشىلەر دوستلىرى ۋە ساۋاقداشلىرىغا تەبەسسۇم قىلىدۇ، ئەمما ئۆيىگە قايتقى تۇرۇك، چىرايى تۇتۇلغان ھالەتتە كىرىدۇ.

**❖ رەسۇلۇللاھ ﷺ ئايالىنى كۈلدۈرۈپلا قالماي، ئۇنىڭ بىلەن يۈگۈرۈشتە**

---

[1] تەبەرانى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] «موعظة المؤمنين» 168 - بەت.

[3] «المجالسة و جواهر العلم» 3 - توم 430 - بەت.

[4] بەغەۋىينىڭ «شرح السنة» ناملىق كىتابى 13 - توم 183 - بەت.

[5] «موعظة المؤمنين» 106 - بەت.

**مۇسابىقىلەشكەن**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «خرجت مع النبي ﷺ في بعض أسفاره وأنا جارية لم أحمل اللحم ولم أبدن، فقال للناس: تقدموا فتقدموا، ثم قال لي: تعالي حتى أسابقك فسابقته فسبقته، فسكت عني، حتى إذا حملت اللحم وبدنت ونسيت، خرجت معه في بعض أسفاره، فقال للناس: تقدموا فتقدموا، ثم قال: تعالي حتى أسابقك فسابقته، فسبقني، فجعل يضحك، وهو يقول: هذه بتلك» «رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىللە بىر قېتىملىق سەپەرگە چىقتىم. ئۇ چاغدا مەن تېخى كىچىك قىز بولۇپ، گۆشسىز ھەم ئورۇق ئىدىم. پەيغەمبەر ﷺ كىشىلەرگە: <سىلەر ماڭغاچ تۇرۇڭلار!> دېدى، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئىلگىرىلەپ كەتتى. ئاندىن ماڭا: <كېلىڭ، مۇسابىقىلىشەيلى!> دېدى. مەن ئۇنىڭ بىلەن مۇسابىقىلىشىپ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتىم. پەيغەمبەر ﷺ گەپ قىلماي سۈكۈت قىلدى. كېيىن ماڭا گۆش تولۇپ، سەمرىپ، ئىلگىرىكى ئىشنى ئۇنتۇپ قالغان بىر ۋاقىتتا، رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىرگە يەنە بىر قېتىم سەپەرگە چىقتىم. پەيغەمبەر ﷺ كىشىلەرگە: <سىلەر ماڭغاچ تۇرۇڭلار!> دېدى، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئىلگىرىلەپ كەتتى. ئاندىن ماڭا: <كېلىڭ، مۇسابىقىلىشەيلى!> دېدى. ئاندىن مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن مۇسابىقىلىشىپ يېڭىلىپ قالدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ كۈلۈپ كەتتى ۋە: <بۇ ئىلگىرىكىسى بىلەن تەڭلەشتى> دېدى».[1]

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قىلىدىغان ئىشى شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، ئايالىنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىشقا ۋە ھاجىتىنى راۋا قىلىشقا كۆڭۈل بۆلگەن. دېمەك، پەيغەمبەر ﷺ ئايالى بىلەن بولغان ئۆلپەتچىلىكتە بۈگۈنكى كۈندىكى بەزى كىشىلەر ھەتتا خالىي جايدا قىلىشتىنمۇ ئۆزىنى قاچۇرىدىغان ئىشلارنى قىلغان.

[1] ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

بەزى كىشىلەر ئايالى بىلەن مۇسابىقىلىشىش ئەمەس، ھەتتا ئايالى بىلەن بىرگە مېڭىشتىنمۇ بىئارام بولىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ ئاياللىرىنى سەپەرگە بىرگە ئېلىپ چىقىپ قالسا، كېچىسى ئۇلار بىلەن ھەر تۈرلۈك ئىشلار ھەققىدە پاراڭلىشىپ ماڭاتتى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «كان رسول الله ﷺ إذا خرج أقرع بين نسائه فطارت القرعة على عائشة وحفصة فخرجتا معه جميعا وكان رسول الله ﷺ إذا كان بالليل سار مع عائشة يتحدث معها فقالت حفصة لعائشة ألا تركبين الليلة بعيري وأركب بعيرك فتنظرين وأنظر؟ قالت بلى فركبت عائشة على بعير حفصة وركبت حفصة على بعير عائشة فجاء رسول الله ﷺ إلى جمل عائشة وعليه حفصة فسلم ثم سار معها حتى نزلوا فافتقدته عائشة فغارت فلما نزلوا جعلت تجعل رجلها بين الإذخر وتقول يا رب سلط علي عقربا أو حية تلدغني، رسولك ولا أستطيع أن أقول له شيئا» «رەسۇلۇللاھ ﷺ ھەر قېتىم سەپەرگە چىققاندا ئاياللىرىنىڭ ئارىسىدا چەك تاشلايتتى. بىر قېتىم چەك مەن ۋە ھەفسە ئىككىمىزگە چىقتى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز رەسۇلۇللاھ بىلەن سەپەرگە چىقتۇق. رەسۇلۇللاھ كېچىلىرى مەن بىلەن پاراڭلىشىپ ماڭدى. ھەفسە ماڭا: <بۇگۈن كېچە سەن مېنىڭ تۆگەمگە مىنگىن، مەن سېنىڭ تۆگەڭگە مىنەي، ئىككىمىز قاراپ باقايلى> دېگەندى، مەن: <بولىدۇ> دېدىم. شۇنىڭ بىلەن مەن ھەفسەنىڭ تۆگىسىگە مىندىم، ھەفسە مېنىڭ تۆگەمگە مىندى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەسلىدىكى مېنىڭ تۆگەمنىڭ يېنىغا كەلدى، لېكىن تۆگىنىڭ ئۈستىدە ھەفسە بار ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا سالام بېرىپ قونالغۇغا يېتىپ بارغۇچە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ نى يوقىتىپ قويۇپ كۈندەشلىكىم تۇتتى. ئۇلار قونالغۇغا چۈشكەندە مەن پۇتۇمنى چىغلارنىڭ ئارىسىغا تىقىپ: <ئى رەببىم! بىرەر چايان ياكى يىلان ئەۋەتىپ پۇتۇمنى چاقتۇرغىن، ئۇ سېنىڭ پەيغەمبىرىڭ. مەن ئۇنىڭغا بىرەر نەرسە دېيەلمەيمەن>

دېدىم» .①

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رەسۇلۇللاھ ﷺ گە بولغان كۆندەشلىكى ئېشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن بۇ ئىشنى ۋە ئۇ سۆزلەرنى قىلغان. ئەمما كۆندەشلىك ئەپۇ قىلىنغان ئىشتۇر.

پەيغەمبەر ﷺ سەپەردە ئاياللىغا ناھايىتى مېھرىبان بولغانلىقى ئۈچۈن كارۋان ھەيدىگۈچىلەرنى كارۋاننى ئاستا ھەيدەشكە بۇيرۇغان.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «كان رسول اللّٰه ﷺ في بعض اسفاره وغلام اسود يقال له انجشة يحدو فقال له رسول اللّٰه ﷺ يا انجشة رويدك سوقا بالقوارير» «رەسۇلۇللاھ ﷺ بىر سەپەردە ئىدى. ئەنجەشە ئىسىملىك بىر قۇل قوشاق ئوقۇپ كارۋاننى ھەيدەپ كېتىۋاتاتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا: <ئى ئەنجەشە! شېشىلەرنى (ئاياللارنى) ئاۋايلاپ ھەيدىگىن> دېدى» .②

ئالىملار مۇنداق دېگەن: «ئاياللارنىڭ ئىرادىسىنىڭ ئاجىزلىقى خۇددى ئەينەك شېشىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە ناھايىتى ئاسان سۇنۇپ كېتىدىغانلىقىغا ئوخشىغانلىقى ئۈچۈن، ئاياللار <شېشىلەر> دېيىلگەن» .

بۇ ھەدىستىن، مېڭىشتىكى مېھرىبانلىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ، چۈنكى قوشاق ئوقۇلسا تۆگە قوشاقتىن ھۇزۇرلىنىپ تېز مېڭىپ، تۆگىگە مىنگەن كىشىنى بىئارام قىلىدۇ. شۇڭلاشقا، رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇنداق قىلىشتىن توسقان. چۈنكى، ئاياللار قاتتىق ھەرىكەتكە بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارغا كۆتۈلمىگەن بىر ئىش بولۇپ قېلىشىدىن ۋە ئۇلارنىڭ تۆگىدىن يىقىلىپ چۈشۈشىدىن ئەندىشە قىلغان.③

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
③ «شرح النووي على صحيح مسلم» 15- توم 81- بەت.

### ❖ رەسۇلۇللاھ ﷺ ئاياللىرىنىڭ ئارىسىدا چاقچاق قىلاتتى ۋە تەبەسسۇم قىلاتتى

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «زارتنا سودة يوما فجلس رسول اللّٰه ﷺ بيني وبينها، إحدى رجليه في حجري والاخرى في حجرها، فعملت لها حريرة، فقلت كلي، فأبت، فقلت: واللّٰه لتأكلن أو لألطخن وجهك، فأبت فأخذت من القصعة شيئا، فلطخت به وجهها، فضحك النبي ﷺ، فوضع فخذه لها، وقال لسودة الطخي وجهها، فلطخت وجهي، فضحك النبي ﷺ ايضا، فإذا عمر يقول: يا عبد اللّٰه بن عمر، يا عبد اللّٰه بن عمر، فقال لنا رسول اللّٰه ﷺ قوما فاغسلا وجوهكما؛ فلا أحسب عمر إلا داخلا» «بىر كۈنى سەۋدە بىزنى يوقلاپ كەلدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ مەن بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇردى. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بىر پۇتى مېنىڭ قۇچىقىمدا، يەنە بىر پۇتى سەۋدەنىڭ قۇچىقىدا ئىدى. مەن ھەرىرە[①] دېگەن تاماقنى ئېتىپ ئەكىلىپ سەۋدەگە: <يېگىن> دېدىم. ئۇ يېگىلى ئۇنىمىدى. مەن: <الله بىلەن قەسەمكى، بۇنى يەيسەن، يېمىسەڭ يۈزۈڭگە سۈۋايمەن> دېسەممۇ، ئۇ يەنىلا يېگىلى ئۇنىمىدى. مەن تاۋاقتىكى تاماقتىن ئېلىپ سەۋدەنىڭ يۈزىگە سۈۋىغان ئىدىم، پەيغەمبەر ﷺ كۈلۈپ كەتتى. پەيغەمبەر ﷺ يوتىسى بىلەن سەۋدەنى تۇرتۇپ: <سەنمۇ ئۇنىڭ يۈزىگە سۈۋىغىن!> دېدى. شۇنىڭ بىلەن سەۋدەمۇ مېنىڭ يۈزۈمگە تاماقتىن سۈۋىدى، پەيغەمبەر ﷺ يەنە كۈلۈپ كەتتى. شۇ ئەسنادا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: <ئى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر! ئى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر!> دەپ چاقىردى. رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزگە: <ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ، يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار، مەن ئۆمەرنى كىرەمدىكىن دەپ ئويلايمەن> دېدى».[②]

ئەگەر بۇ ئىش بۈگۈنكى كۈندە ئەر كىشى ئىككى ئايالىنىڭ ئوتتۇرىسىدا

[①] ئۇن، ياغ ۋە سۇ ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئېتىلىدىغان بىر خىل تاماق.
[②] نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

ئۆلتۈرگەن ھالەتتە يۈز بېرىپ قالسا، ئۇ ئەر پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئاياللىرىنى كۆلدۈرۈش ۋە چاقچاقلىشىشتىكى مۇئامىلە يولىنى بىلمىگەنلىكتىن، ئىككىلا ئايالنى تالاق قىلىۋېتىشى مۇمكىن.

بۇ ھەدىستىن، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ شاد-خۇراملىق ئىچىدە ئىكەنلىكى ۋە خۇشاللىق ئىچىدىمۇ ئادىللىق قىلغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى باشقا ئاياللىرىدىن بەكرەك ياخشى كۆرسىمۇ، لېكىن بۇ ياخشى كۆرۈش ئاياللىرى ئارىسىدا ئادالەتسىزلىك قىلىشىغا سەۋەب بولمىغان. پەيغەمبەر ﷺ ئايالى سەۋدە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يۈزىگە تائامنى سۈۋىشىغا ياردەملەشكەن. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ مەقسىتىگە يەتكەن بولۇپ، سورۇننى شاد-خۇراملىق، كۈلكە ۋە خۇرسەنچىلىك قاپلىغان.

كۇلسۇم ئىبنى مۇستەلىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئاياللىرىغا بولغان مۇلايىملىقى ۋە خۇشخۇيلۇقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇ مۇنداق دېگەن: «كانت زينب تفلي رأس رسول الله ﷺ، وعنده امرأة عثمان بن مظعون، ونساء من المهاجرات وهن يشتكين منازلهن، وأنهن يخرجن منها، ويضيق عليهن فيها، فتكلمت زينب، وتركت رأس رسول الله ﷺ، فقال رسول الله ﷺ: إنك لست تكلمين بعينيك، تكلمي واعملي عملك. فأمر رسول الله ﷺ يومئذ أن يورث من المهاجرين النساء»

«زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بېشىنى بېقىپ قويۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ يېنىدا ئوسمان ئىبنى مەزئۇننىڭ ئايالى ۋە باشقا مۇھاجىر ئاياللار بار ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئۆي قىيىنچىلىقى تارتىۋاتقانلىقىنى، (ئەرلىرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن) ئۆيلىرىدىن ھەيدىلىدىغانلىقىنى شىكايەت قىلىشىۋاتاتتى. زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بېشىنى بېقىشتىن توختاپ قالدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا: <سەن

كۆزۈڭ بىلەن سۆزلىمەيسەن، سۆزلىگەچ، ئىشىڭنى قىلغىن!> دېدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ شۇ كۈنى مۇھاجىرلارنىڭ ئۆيلىرىنى ئاياللارغا مىراس قالدۇرۇشقا بۇيرۇدى». ①

بۇ ھەدىستىمۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئايالى بىلەن چاقچاقلاشقانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

**❖ رەسۇلۇللاھ ﷺ ئاياللىرىنىڭ چاقچاقلىرى ۋە قىزىقارلىق پاراڭلىرىغا قۇلاق سالاتتى**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «قلت يا رسول الله أرايت لو نزلت واديا وفيه شجرة قد أكل منها ووجدت شجرا لم يؤكل منها في أيها كنت ترتع بعيرك؟ قال ‹في الذي لم يرتع منها› تعني أن رسول الله ﷺ لم يتزوج بكرا غيرها» «مەن: <ئى رەسۇلۇللاھ! ئېيتىپ باقمىنە، سەن بىر ۋادىغا چۈشسەڭ، ئۇ ۋادىنىڭ بىر تەرىپىدە يېيىلگەن، يەنە بىر تەرىپىدە يېيىلمىگەن چاتقاللىقنى كۆرسەڭ، تۆگىلىرىڭنى قايسى چاتقاللىقتا ئوتلىتىسەن؟> دېسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <ئەلۋەتتە يېيىلمىگەن چاتقاللىقتا ئوتلىتىمەن> دېدى. مەن بۇ سۆزۈم ئارقىلىق رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مەندىن باشقا قىز ئايالغا ئۆيلىنىپ باقمىغانلىقىنى ئېيتماقچى بولغانىدىم». ②

**❖ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قىزىقارلىق چاقچاقلىرى**

ئۇ مۇنداق دېگەن: «رجع إلي رسول الله ﷺ ذات يوم من جنازة بالبقيع، وأنا أجد صداعا في رأسي، وأنا أقول: وارأساه قال: بل أنا وارأساه، ما ضرك لو مت قبلي، فغسلتك وكفنتك، ثم صليت عليك، ودفنتك؟، قلت: لكأني بك، والله لو فعلت ذلك لقد رجعت إلى بيتي فأعرست فيه ببعض نسائك، فتبسم رسول الله ﷺ ، ثم بدئ في وجعه الذي مات فيه» «بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ ﷺ بىر كىشىنى بەقىئ قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلغاندىن كېيىن، مېنىڭ يېنىمغا

① ئەھمەد توپلىغان، شۇئەيب ئەرنەئۇت «ھەسەن» دېگەن، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
② بۇخارى توپلىغان.

قايتىپ كەلدى. مېنىڭ بېشىم ئاغرىپ تۇراتتى، مەن: <ۋاي بېشىمەي!> دېسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <بەلكى مېنىڭ بېشىمغا ۋاي! سەن مەندىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتسەڭ، ساڭا نېمە زىيىنى بار؟ چۈنكى مەن سېنى يۇيىمەن، كېپەنلەيمەن، نامىزىڭنى چۈشۈرىمەن ۋە دەپنە قىلىمەن> دېدى. مەن: <الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر شۇنداق بولغان تەقدىردە، سەن مېنىڭ ئۆيۈمگە قايتىپ، باشقا ئاياللىرىڭ بىلەن بىللە بولارسەنمىكىن؟> دېسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ گەپنى ئاڭلاپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. كۆپ ئۆتمەي كېسەللى قوزغىلىشقا باشلىدى ۋە شۇ كېسەلدە ۋاپات بولدى». ①

## ئىككىنچى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئاياللىرىنى مۇئمىنلەرنىڭ ئاياللىرىغا ئۈلگە بولۇشى ئۈچۈن تەربىيىلىشى

رەسۇلۇللاھ ﷺ چاقچاق، كۆڭۈل ئېچىش، كۆيۈنۈش... لىرى بىلەن بىرگە، ئاياللىرىنىڭ باشقا ئاياللارغا ئەڭ مۇنەۋۋەر ئۈلگە بولۇشى ئۈچۈن ئۇلارنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بەرگەن ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇستىدىكى ئەرلىك مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلغان.

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «إن اللّه تعالى سائل كل راع عما استرعاه أحفظ ذلك أم ضيع؟ حتى يسأل الرجل عن أهل بيته» «شۈبھىسىزكى، الله تائالا ھەربىر پادىچىنىڭ پادىچىلىقىنى (مەسئۇلىيىتىنى) ياخشى ئادا قىلغان ياكى ئادا قىلمىغانلىقىدىن سورايدۇ. ئەر كىشىدىنمۇ ئۇنىڭ ئائىلىسى توغرۇلۇق سورايدۇ». ②

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ألا كلكم راع وكلكم مسؤول عن رعيته فالأمير الذي على الناس راع، وهو

① ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.
② نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

مسؤول عن رعيته والرجل راع على أهل بيته وهو مسؤول عنهم» «ئاگاھ بولۇڭلاركى، سىلەرنىڭ ھەممىڭلار پادىچى، ھەممىڭلار ئۆز پادىلىرىڭلاردىن سورىلىسىلەر. كىشىلەرنىڭ ئۈستىدىكى ئەمىرمۇ پادىچى، ئۇ قول ئاستىدىكىلەردىن سورىلىدۇ؛ ئەر كىشىمۇ ئۆز ئائىلىسىدە پادىچى، ئۇ ئۆيىدىكىلىرىدىن سورىلىدۇ».[1]

دېمەك، ئەر كىشى ئائىلىگە ئىلىم ئۆگىتىش، ئۇنى يېتەكلەش ۋە توغرا كۆرسەتمىلەرگە باشلاش ھەققىدە سورىلىدۇ. ئەرلەرنىڭ ئائىلىلىرىگە دىنىي ئىشلارنى ئۆگىتىشكە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكى ۋە ئائىلىلىرىنىڭ ھەقلىرىنى تولۇق ئادا قىلمىغانلىقى سەۋەبىدىن كۆپلىگەن ئائىلىلەرنىڭ تۇرمۇشىدا يامانلىقلار يامراپ كېتىدۇ.

❖ **رەسۇلۇللاھ ﷺ ئائىلىلىرىنى پەرز ئىبادەتلەر ۋە نەپلە ئەمەللەر ئارقىلىق اللە قا يېقىنلىشىشقا تەربىيىلىگەن.**

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئايالى ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «استيقظ رسول اللّٰه ﷺ ليلة فزعا يقول: سبحان اللّٰه ماذا أنزل اللّٰه من الخزائن؟ وماذا أنزل من الفتن؟ من يوقظ صواحب الحجرات لكي يصلين؟ رب كاسية في الدنيا عارية في الآخرة» «رەسۇلۇللاھ ﷺ بىر كېچىسى چۆچۈپ ئويغىنىپ: <سۇبھانەللاھ! اللە تائالا ياخشىلىق خەزىنىلىرىدىن ۋە پىتنىلەردىن نىمىلەرنى چۈشۈردى؟ ھۇجرا ئىگىلىرىنى (ئائىلىلىرىنى دېمەكچى) ناماز ئوقۇشى ئۈچۈن كىم ئويغۇتۇپ قويىدۇ؟ دۇنيادا كىيىم كىيگەن نۇرغۇن ئاياللار باركى، ئۇلار ئاخىرەتتە يالىڭاچتۇر> دېدى».[2]

رەسۇلۇللاھ ﷺ اللە تائالانىڭ بىر كۈندە ئېچىۋەتكەن ساۋاب خەزىنىلىرى ۋە چۈشۈرگەن پىتنىلىرىنى بىلگەندە، ياخشىلىق ۋە يامانلىقنىڭ كۆپلۈكىدىن

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[2] بۇخارى توپلىغان.

ھەيران بولۇپ ئۇيقۇسىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتكەن. ئىنسانلارنىڭ الله نىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ، ئازابىدىن قورقۇشقا ۋە ئىبادەتكە تىرىشچانلىق قىلىشقا ئۈندەيدىغان ياخشىلىق خەزىنىلىرىنىڭ ئېچىلىشى بىلەن بىرگە يەنە نۇرغۇن پىتنە ئىشىكلىرىنىڭمۇ ئېچىلغانلىقىدىن خەۋەرسىز قالغانلىقىدىن ئەجەبلەنگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاياللىرىنى نامازغا ئويغىتىشقا بۇيرۇغان. رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ ئارقىلىق ئۇلارنى (ئاياللىرىنى) پەيغەمبەرنىڭ ئاياللىرى ئىكەنلىكلىرىنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ ئىبادەتتە غەپلەتتە قېلىشتىن ئاگاھلاندۇرغان.

بۇ ھەدىستىن، ئەر كىشىنىڭ كېچىسى، بولۇپمۇ بىرەر ئالامەت يۈز بەرگەندە ئايالىنى ئىبادەتكە ئويغىتىشى لازىملىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.

رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنلىرى كىرسە، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئاياللىرىنى قىيامدا تۇرۇش ۋە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن ئويغىتاتتى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «كان النبي ﷺ إذا دخل العشر شد مئزره، وأحيا ليله، وأيقظ أهله» «پەيغەمبەر ﷺ رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونى كىرسە بەلۋېغىنى چىڭ باغلايتتى (يەنى ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئۆزىنى تارتاتتى)، كېچىلىرىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزەتتى ۋە ئائىلىسىنى (تەھەججۇد نامىزىغا) ئويغىتاتتى».[①]

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «أن النبي ﷺ كان يوقظ أهله في العشر الأواخر من رمضان» «پەيغەمبەر ﷺ رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا ئاياللىرىنى (نامازغا) ئويغىتاتتى».[②]

پەيغەمبەر ﷺ رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنى كىرسە ئاياللىرىنى كېچىسى

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
② تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ناماز، زىكىر ۋە دۇئا ئۈچۈن ئويغىتاتتى. ئەمما، باشقا ۋاقىتلاردا پەقەت ۋىتىر نامىزى ئۈچۈنلا ئويغىتاتتى، چۈنكى ۋىتىر نامىزى تەكىتلەنگەن سۈننەتتۇر.[①]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «كان رسول اللّٰه ﷺ يصلى من الليل فإذا اوتر قال قومي فاوتري يا عائشة» «رەسۇلۇللاھ ﷺ كېچىلىك نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، ۋىتىر ئوقۇيدىغان ۋاقىتتا: <ئى ئائىشە! تۇرۇڭ، ۋىتىر ئوقۇڭ> دەيتتى».[②]

**❖ رەسۇلۇللاھ ﷺ ئاياللىرىنى اللّٰه قا ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىشتا تەربىيىلىگەن**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «كان رسول اللّٰه ﷺ إذا اراد أن يعتكف صلى الصبح، ثم دخل في المكان الذي يريد أن يعتكف فيه، فأراد أن يعتكف العشر الأواخر من رمضان. فأمر فضرب له خباء، فاستأذنته عائشة أن تعتكف، فأذن لها فضربت فيه قبة، فسمعت بها حفصة فضربت قبة، وسمعت زينب بها فضربت قبة أخرى، فلما انصرف رسول اللّٰه ﷺ من الغداة أبصر أربع قباب، فقال: <ما هذا؟> فأخبر خبرهن، فقال: <آلبر تردن>، وفي رواية: <ما حملهن على هذا آلبر؟ فأمر بخبائه فقوض، وقال انزعوها فلا أراها، فنزعت فلم يعتكف في رمضان، واعتكف في العشر الأول من شوال» «رەسۇلۇللاھ ﷺ ئېتىكاپ قىلماقچى بولسا، بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ ئېتىكاپ قىلماقچى بولغان ئورۇنغا كىرىپ كېتەتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونىدا ئېتىكاپ قىلماقچى بولۇپ چېدىر تىكىشكە بۇيرۇدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ گە چېدىر تىكىلدى. مەن ئېتىكاپ قىلىش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن رۇخسەت سورىغانىدىم، ماڭا رۇخسەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن مەسجىدكە بىر چېدىر تىكتىم. ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇنى ئاڭلاپ ئۇمۇ بىر چېدىر تىكتى. ئۇنىڭدىن كېيىن زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇ ئاڭلاپ بىر چېدىر تىكتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ بامدات نامىزىدىن قايتىپ، تۆت دانە

[①] «فتح الباري» 6- توم 251- بەت.
[②] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

چېدىرنى كۆرۈپ: <بۇ نېمە ئىش؟> دەپ سورىدى، ئۇنىڭغا بولغان ئەھۋال يەتكۈزۈلگەندى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: <ئۇلار ياخشىلىقنى نىيەت قىلىپتىمۇ؟> دېدى.

يەنە بىر نەقىلدە: <ئۇلار نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىپتۇ؟ ياخشىلىق ئۈچۈنمۇ؟> دېدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ چېدىرلارنى سۆكۈشكە بۇيرۇپ: <چېدىرلارنى سۆكۈڭلار! ئۇنى قايتا كۆرۈپ قالماي> دېدى. شۇنىڭ بىلەن چېدىرلار سۆكۈلدى. شۇ سەۋەبتىن، رەسۇلۇللاھ ﷺ رامىزاندا ئېتىكاپ قىلماي، شەۋۋال ئېيىنىڭ ئاۋۋالقى ئونىدا ئېتىكاپ قىلدى».[1]

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارنىڭ بۇ ئىشىنى رەت قىلىش ئۈچۈن ئۇ سۆزلەرنى قىلغانىدى، چۈنكى رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارنىڭ قىلغان ئېتىكاپىنىڭ ئىخلاس بىلەن بولماستىن، بەلكى بىر ـ بىرىگە بولغان كۈندەشلىكى تۈپەيلىدىن ئۆزىگە يېقىنلىششى ئۈچۈن بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن.

ئىبنى ھەجەر (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ ﷺ ئاياللىرىنىڭ ئۆزىگە يېقىنلىشىش ئۈچۈن ئۆزئارا كۈندەشلىك قىلىپ رىقابەتلىشىش ۋە پەخىرلىنىش تۈپەيلىدىن ئېتىكاپ قىلىشىدىن ئەنسىرىگەن. ناۋادا شۇنداق بولغاندا، بۇ ئېتىكاپنىڭ ئەسلى مەقسىتىگە مۇۋاپىقلاشمىغانلىق بولاتتى».[2]

**❖ رەسۇلۇللاھ ﷺ ئايالىغا يامانلىقتىن پاناھ تىلەشنى ئۆگەتكەن**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ ﷺ مېنىڭ قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئايغا ئىشارەت قىلىپ: ‹يا عائشة استعيذي بالله من شر هذا، فإن هذا هو الغاسق إذا وقب› <ئى ئائىشە! الله تائالاغا سېغىنىپ بۇنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[2] «فتح الباري» 4 ـ توم 276 ـ بەت.

تىلىگىن، چۈنكى بۇ (فەلەق سۈرىسىدە تىلغا ئېلىنغان) غاسىقتۇر> دېدى».①

بۇ ھەدىستىكى «الغاسق» «غاسىق» — قۇياش پاتقاندىن كېيىنكى قاراڭغۇلۇقتۇر. كۆپچىلىك تەپسىرشۇناسلار بۇنى «كېچە» دەپ تەپسىرلىگەن.②

رەسۇلۇللاھ ﷺ كېچىنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەشكە بۇيرۇغان، چۈنكى ئاپەتلەر كېچىدە تارايدۇ. «الغاسق» نىڭ كېچە ئىكەنلىكى ھەدىستىكى مەزمۇنغا زىت كەلمەيدۇ، چۈنكى ئاي كېچىنىڭ ئالامىتى بولۇپ، ئۇ پەقەت كېچىدىلا ئاشكارىلىنىدۇ.③

ھەدىستىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئايالىغا ئىلىم ئۆگىتىشكە ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئەكس ئېتىدۇ، چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ ئايالىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرغان ھالەتتە مەقسىتىنى چۈشەندۈرگەن، ئاندىن ئايالىنى ئۆزىنىڭ دېگىنىنى قىلىشقا بۇيرۇغان ۋە ئۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرگەن.

**❖ رەسۇلۇللاھ ﷺ ئاياللىرىغا ئەتىگەن ۋە كەچلىك زىكىرلەرگە ئوخشاش پايدىلىق زىكىرلەرنى ئۆگەتكەن**

جۇۋەيرىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق نەقىل قىلىنغان: «أن النبي ﷺ خرج من عندها بكرة حين صلى الصبح، ثم رجع بعد أن أضحى وهي جالسة، فقال: ما زلت على الحال التي فارقتك عليها؟ قالت: نعم، فقال النبي ﷺ: لقد قلت بعدك أربع كلمات ثلاث مرات، لو وزنت بما قلت منذ اليوم لوزنتهن: سُبْحَانَ اللَّهِ وَبِحَمْدِهِ عَدَدَ خَلْقِهِ وَرِضَا نَفْسِهِ وَزِنَةَ عَرْشِهِ وَمِدَادَ كَلِمَاتِهِ» «پەيغەمبەر ﷺ بىر ئەتىگىنى بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن مېنىڭ يېنىمدىن چىقىپ كېتىپ، چاشگاھ ۋاقتى بولغاندا قايتىپ كىردى. مەن ئۆز ئورنۇمدا ئولتۇرغان ئىدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ: <مەن يېنىڭدىن ئايرىلغاندىن باشلاپ

① تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② «بدائع الفوائد» 2- توم 442- بەت.

③ «تفسير ابن كثير» 8- توم 536- بەت.

(مۇشۇ ئورنۇڭدا) ئولتۇرۇۋاتامسەن؟> دەپ سورىغانىدى، مەن: <ھەئە> دەپ جاۋاب بەردىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ: <مەن سەندىن ئايرىلغاندىن كېيىن <سُبْحَانَ اللَّهِ وَبِحَمْدِهِ عَدَدَ خَلْقِهِ وَرِضَا نَفْسِهِ وَزِنَةَ عَرْشِهِ وَمِدَادَ كَلِمَاتِهِ>[1] دېگەن تۆت كەلىمىنى ئۈچ قېتىم دېدىم. ئەگەر بۇ تۆت كەلىمە بىلەن سېنىڭ بۈگۈن ئوقۇغانلىرىڭ تارازىغا سېلىنسا، بۇ تۆت كەلىمە چوقۇم ئېغىر كېلىدۇ> دېدى».[2]

ھەدىسنىڭ شەرھىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: «مەن ئۈچ قېتىم دېگەن تۆت كەلىمە، سېنىڭ ئەتىگەندىن باشلاپ ئوقۇغان زىكىرلىرىڭ بىلەن سېلىشتۇرۇلسا، مېنىڭ دېگەنلىرىم ئۇلارغا باراۋەر كېلىدۇ».[3]

بەزى زىكىرلەر ئومۇمىيلىققا ئىگە بولۇپ، بۇ خىلدىكى زىكىرلەر الله تائالانىڭ زاتىي ۋە ئىش-ھەرىكەتلىرىدىكى سۈپەتلىرىنى ئۆزىدە مۇكەممەل مۇجەسسەملىگەنلىكى ئۈچۈن يەنە بەزى زىكىرلەردىن ئەۋزەل بولىدۇ، شۇڭا بۇ تۇردىكى ئاز ئېيتىلغان زىكىر، باشقا تۇردىكى كۆپ ئېيتىلغان زىكىرلەردىن ئەۋزەلدۇر.[4] شۇنىڭ ئۈچۈن، رەسۇلۇللاھ ﷺ جۇۋەيرىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا قىيىنچىلىقلىرى يوق، ئەمما ئەجرى كاتتا، ئۆزى يەڭگىل ئىشنى كۆرسىتىپ قويغان.

**❖ رەسۇلۇللاھ ﷺ ئاياللىرىنى ئىبادەتتە ئەڭ ئەۋزەل ۋە ئاسان ئىشقا يېتەكلىگەن**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «كنت أحب أن أدخل البيت فأصلي فيه فأخذ رسول الله ﷺ بيدي فأدخلني في الحجر، فقال صلي في الحجر اذا أردت دخول البيت، فإنما

---

[1] تەرجىمىسى: الله پاكتۇر، مەن ئۇنىڭغا مەخلۇقاتىنىڭ سانىچە، ئۆزى رازى بولغۇچە، ئەرشىنىڭ ۋەزنىچە ۋە كەلىمىلىرىنىڭ سانىچە ھەمدۇ-سانا ئېيتىمەن.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

[3] ئەينىينىڭ «شرح أبي داود» ناملىق كىتابى 5- توم 414- بەت.

[4] «حاشية السيوطي والسندي على سنن النسائي» 3- توم 78- بەت.

هو قطعة من البيت» «مەن كەئبىگە كىرىپ ئۇنىڭدا ناماز ئوقۇشنى ياخشى كۆرەتتىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ قولۇمدىن تۇتۇپ مېنى ھىجىرغا ئېلىپ كىردى، ئاندىن: ‹ئەگەر سىز كەئبىگە كىرىپ ناماز ئوقۇماقچى بولسىڭىز، ھىجىردا[1] ناماز ئوقۇڭ، ھەقىقەتەن بۇمۇ كەئبىنىڭ بىر پارچىسىدۇر› دېدى»[2].

بۇ ھەدىستە، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئايالىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ھىجىرنىڭ كەئبىنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى ئۆگەتكەنلىكى بايان قىلىنغان. شۇڭا كەئبىنىڭ ئىچىدە ناماز ئوقۇماقچى بولغان كىشى ھىجىردا ئوقۇسىمۇ بولىدۇ.

**❖ رەسۇلۇللاھ ﷺ ئائىلىسىدىكىلەرنى ئىبادەتتە ئوتتۇراھال بولۇشقا، چېكىتتىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىككە بۇيرۇغان**

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «دخل رسول الله ﷺ المسجد فإذا حبل ممدود بين ساريتين، فقال ما هذا الحبل؟ قالوا هذا حبل لزينب، تصلي فإذا كسلت أو فترت أمسكت به، فقال حلوه ليصل أحدكم نشاطه، فإذا كسل أو فتر فليقعد» «رەسۇلۇللاھ ﷺ مەسجىدكە كىرىپ ئىككى تۈۋرۈكنىڭ ئارىلىقىغا تارتىلغان تارتىلغان ئارغامچىنى كۆردى-دە: ‹بۇ نېمىگە تارتىلغان ئارغامچا؟› دەپ سورىدى. كىشىلەر: ‹بۇ زەينەپنىڭ ناماز ئوقۇپ ھېرىپ قالغاندا ئېسىلىۋالىدىغان ئارغامچىسى› دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹ئۇنى يېشىۋېتىڭلار! بىرىڭلار نامازغا تۇرسا، روھلۇق تۇرۇپ ئوقۇسۇن! ئەگەر بوشاپ قالسا ياكى ھېرىپ قالسا ئارام ئالسۇن!› دېدى»[3].

نەۋەۋى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىستە، ئىبادەتتە ئوتتۇراھال بولۇپ چەكتىن ئاشۇرۇۋەتمەسلىك؛ روھلۇق كەيپىياتتا ئىبادەت قىلىش ۋە

---

[1] الحجر ـــ ئەسلى كەئبىگە تەۋە بولغان، لېكىن كەئبىنى قايتا سالغاندا كەئبىنىڭ سىرتىدا قېلىپ قالغان ئورۇندۇر.
[2] تىرمىزى ۋە نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

چارچىغاندا ئارام ئېلىشقا قىزىقتۇرۇلغان».①

**❖ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىر ئايالنىڭ كېچىسى ئۇخلىماي قىيامدا تۇرىدىغانلىقىنى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئېيتقاندا، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇ ئايالنىڭ ئىشنى ياقتۇرمىغان.**

ئۇرۋە ئىبنى زۇبەيردىن نەقىل قىلىنىدۇكى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: «أن الحولاء بنت تويت مرت بها وعندها رسول اللّٰه ﷺ، فقلت هذه الحولاء بنت تويت وزعموا أنها لا تنام الليل، فقال رسول اللّٰه ﷺ لا تنام الليل؟، خذوا من العمل ما تطيقون، فواللّٰه لا يسأم اللّٰه حتى تسأموا» «ھەۋلە بىنتى تۇۋەيت رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن ئىككىمىز تۇرغان بىر جايدىن ئۆتتى. مەن: <بۇ ئايال ھەۋلە بىنتى تۇۋەيت بولىدۇ، كىشىلەر ئۇنى كېچىسى ئۇخلىمايدۇ دېيىشىدىكەن> دېسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <كېچىسى ئۇخلىمامدىكەن؟ تاقىتىڭلار يېتىدىغان ئەمەلنى قىلىڭلار! اللّٰه بىلەن قەسەمكى، سىلەر زېرىكمىگۈچە اللّٰه ھەرگىز زېرىكمەيدۇ> دېدى».②

رەسۇلۇللاھ ﷺ «كېچىسى ئۇخلىمامدىكەن؟» دېگەن سۆزى ئارقىلىق — ئۇ ئايالنى تەنقىد قىلغان ۋە ئۇنىڭ ئىبادەتنى چىڭىتىۋالغانلىقىنى ياقتۇرمىغان.③

**❖ رەسۇلۇللاھ ﷺ ئاياللىرىنى گەرچە ئاز بولسىمۇ، سالىھ ئەمەللەرنى داۋاملاشتۇرۇشقا قىزىقتۇرغان**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «أحب الأعمال إلى اللّٰه تعالى أدومها و إن قل» «اللّٰه قا ئەڭ سۆيۈملۈك ئەمەل،

---

① «شرح النووي على صحيح مسلم» 6- توم 73- بەت.
② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
③ «شرح النووي على صحيح مسلم» 6- توم 73- بەت.

گەرچە ئاز بولسىمۇ داۋام قىلغىنىدۇر». ①

قاسىم ئىبنى مۇھەممەد مۇنداق دېگەن: «ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىرەر ئەمەل قىلسا، ئۇنى ئىزچىل داۋاملاشتۇراتتى».

ئىبنى جەۋزى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «ئەمەلنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرغان كىشى تۆۋەندىكى ئىككى سەۋەب تۈپەيلىدىن ياخشى كۆرۈلىدۇ: بىرىنچى، دەسلىپىدە بىر ئەمەلنى قىلىپ، كېيىن ئۇنى تاشلاپ قويغان كىشى ئۇ ئەمەلدىن ۋاز كەچكەن كىشىگە ئوخشاپ قالىدۇ؛ ئىككىنچى، ئەمەلدىكى ئىزچىللىق ــ ئۇنى ئۇزۇلدۇرمەي داۋام قىلىشتۇر. ھەر كۈنى مۇئەييەن بىر ۋاقىتتا بىرلا ئەمەلنى قىلىشنى داۋاملاشتۇرغان كىشى، پۈتۈن بىر كۈن ئەمەل قىلىپ كېيىن ئۇنى تاشلاپ قويغان كىشىگە ھەرگىز ئوخشىمايدۇ». ②

**❖ رەسۇلۇللاھ ﷺ ئاياللىرىغا نەسىھەت قىلاتتى، ئۇلارنى سەدىقە قىلىشقا ۋە ياخشىلىق يوللىرىغا مال سەرپلەشكە قىزىقتۇراتتى**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: «يا عائشة، استتري من النار ولو بشق تمرة، فإنها تسد من الجائع مسدها من الشبعان» «ئى ئائىشە! يېرىم تال خورما سەدىقە قىلىپ بولسىمۇ دوزاختىن ساقلانغىن! چۈنكى يېرىم تال خورما ئاچ قالغان كىشىنىڭ قورسىقىنى ئازراق بولسىمۇ تويغۇزىدۇ». ③

بۇ ھەدىسنىڭ مەنىسى ــ خورما ياكى ئۇنىڭدىن باشقا نەرسە بولسۇن، ئاز بولسىمۇ سەدىقە قىلىش بىلەن دوزاختىن ئۆزىنى قۇتقۇزۇشنى كۆرسىتىدۇ.

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى گەرچە ئاز بولسىمۇ ياخشىلىق ۋە

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

② «فتح الباري» 1- توم 103- بەت.

③ ئەھمەد توپلىغان، ئىبنى ھەجەر ۋە ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

سەدىقە قىلىش ئارقىلىق، شۇنىڭ بەدىلىگە ئۆزى بىلەن دوزاخنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەردە ھاسىل قىلىشقا قىزىقتۇرغان، چۈنكى ئازغىنە سەدىقىمۇ سەدىقە قىلغۇچىنى دوزاختىن قۇتقۇزىدۇ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «دخل علي سائل مرة، وعندي رسول اللَّه ﷺ فأمرت له بشيء، ثم دعوت به فنظرت إليه فقال رسول اللَّه ﷺ أما تريدين أن لا يدخل بيتك شيء، ولا يخرج إلا بعلمك. قلت: نعم. قال: مهلا يا عائشة لا تحصي فيحصي اللَّه عليك» «بىر قېتىم يېنىمغا بىر تىلەمچى كىردى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مېنىڭ يېنىمدا ئىدى. مەن تىلەمچىگە بىر نەرسە بېرىشنى بۇيرۇدۇم. ئاندىن ئۇنى (يەنى خىزمەتچىنى) چاقىرىپ، بېرىلگەن نەرسىگە قارىدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ: <ئۆيۈڭگە سېنىڭ خەۋىرىڭسىز بىرنەرسىنىڭ كىرىپ-چىقىشىنى خالىمامسەن؟> دەپ سورىدى، مەن <ھەئە> دېدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ: <ئۇنداق قىلما، ئى ئائىشە! (باشقىلارغا بەرگەن نەرسىنى) ھېسابلاپ ئولتۇرمىغىن، بولمىسا اللە مۇ ساڭا ھېسابلاپ بېرىدۇ> دېدى».①

ھەدىستە دېيىلمەكچى بولغىنى مالنىڭ تۈگەپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ سەدىقە بەرمەسلىكنى چەكلەشتۇر. بۇنداق قىلىش بەرىكەتنىڭ ئۈزۈلۈشىگە ئەڭ چوڭ سەۋەب بولۇپ قالىدۇ، چۈنكى اللە تائالا ئۆزىنىڭ يولىدا ئېھسان قىلغان كىشىنى ھېسابسىز مۇكاپاتلايدۇ؛ ياخشىلىق قىلغاندا ھېسابلىماي بەرگەن كىشىگە، ھېسابسىز بېرىلىدۇ. اللە نىڭ ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرگەن كىشى، باشقىلارغىمۇ ھېسابلىماستىن بېرىدۇ.②

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئائىلىسىدىكىلەر قوي سويغاندا، پەيغەمبەر ﷺ: «ما بقي منها؟

① ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② «فتح الباري» 3- توم 300- بەت.

قالت عائشة: يا رسول الله ما بقي إلا كتفها، فقال ﷺ: كلها قد بقي إلا كتفها» «<ئۇ قويىنىڭ گۆشىدىن قانچىلىك قالدى؟> دەپ سورىغاندا، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: <بىر قولىدىن باشقا يېرى قالمىدى> دېگەندى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <بىر قولىدىن باشقا ھەممە يېرى قېلىپ قاپتۇ> دېدى».①

«سەدىقە قىلغىنىڭ قېلىپ قالىدۇ، يېنىڭدىكى تۈگەپ كېتىدۇ» دېگەن سۆز الله تائالانىڭ مۇنۇ سۆزىگە ئۇيغۇندۇر: ﴿مَا عِنْدَكُمْ يَنْفَدُ وَمَا عِنْدَ اللَّهِ بَاقٍ﴾ «(ئى ئىنسانلار!) سىلەرنىڭ ئىلىكىڭلاردىكى نەرسىلەر تۈگەيدۇ، الله نىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىلەر تۈگىمەستۇر»②.③

**❖ رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەڭ كۆپ سەدىقە قىلغان ئايالىنىڭ، ئۆزى بىلەن ئەڭ بالدۇر جەم بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «أسرعكن لحوقا بي أطولكن يدا» «ئاراڭلاردىن قولى ئەڭ ئۇزۇن بولغىنى مەندىن كېيىن ئەڭ بۇرۇن ۋاپات تاپىدۇ». ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «ئۇلار كىمنىڭ قولىنىڭ ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن قوللىرىنى ئۆلچەشكە باشلىغانىدى، زەينەپنىڭ قولى ئەڭ ئۇزۇن چىقتى. چۈنكى، ئۇ ئۆز قولى بىلەن ئىشلەپ تېپىپ سەدىقە قىلاتتى».④

ھەدىسنىڭ مەنىسى — ئۇلار «قولى ئۇزۇن» دېگەننى «ئەزا جەھەتتىكى قول ئۇزۇنلۇق» دەپ ئويلاپ قېلىپ، بىر تال چىۋىق بىلەن قوللىرىنى ئۆلچەشكە باشلىغان، شۇنىڭ بىلەن سەۋدە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قولى ئەڭ ئۇزۇن بولۇپ چىققان. ئەمەلىيەتتە، زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھا سەدىقە ۋە ياخشىلىق قىلىشتا

① تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
② سۈرە نەھل 96- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
③ «تحفة الأحوذي» 7- توم 142- بەت.
④ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

قولى ئەڭ ئۇزۇن ئايال بولۇپ، ئۇ ھەممىدىن بۇرۇن ۋاپات بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار «قولى ئۇزۇن»لۇقنىڭ سەدىقە ۋە سېخىيلىق ئىكەنلىكىنى بىلىشكەن.①

بۇ ھەدىس، قىلغان ئەمەللىرىدە ئۆزىنى باشقىلاردىن تۆۋەن ھېسابلاش ۋە سەدىقىنى كۆپ قىلىشنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە قېتىلىشنىڭ سەۋەبى ئىكەنلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مانا بۇ ئەڭ يۇكسەك پەزىلەتتۇر.②

**❖ رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارنى ياخشىلىق ۋە سىلە-رەھىم قىلىش ئاساسىدا تەربىيىلىگەن**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «استأذن علي أفلح أخو أبى القعيس بعد ما أنزل الحجاب، فقلت: لا آذن له حتى أستأذن فيه النبي ﷺ فإن أخاه أبى القعيس ليس هو أرضعنى، ولكن أرضعتنى امرأة أبى القعيس، فدخل علي رسول اللّٰه ﷺ فقلت له: يا رسول اللّٰه إن أفلح أخا أبى القعيس استأذن، فأبيت أن آذن له حتى أستأذنك. فقال النبي ﷺ: وما منعك أن تأذنى لعمك؟. قلت: يا رسول اللّٰه إن الرجل ليس هو أرضعنى، ولكن أرضعتنى امرأة أبى القعيس. فقال: ائذنى له فإنه عمك تربت يمينك» «ئەبۇ قۇئەيسنىڭ قېرىندىشى ئەفلەھ مېنىڭ يېنىمغا كىرىشكە ئىجازەت سورىدى، (ئۇ چاغدا) ھىجاب توغرىسىدىكى ئايەت نازىل قىلىنىپ بولغانىدى. مەن: <رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن رۇخسەت سورىمىغۇچە ئىجازەت بېرەلمەيمەن، چۈنكى مېنى ئۇنىڭ قېرىندىشى ئەبۇ قۇئەيس ئەمەس، بەلكى ئەبۇ قۇئەيسنىڭ ئايالى ئېمىتكەن> دېدىم. پەيغەمبەرﷺ مېنىڭ يېنىمغا كىرگەندە، مەن ئۇنىڭغا: <ئى رەسۇلۇللاھ! ئەبۇ قۇئەيسنىڭ قېرىندىشى ئەفلەھ كىرىشكە رۇخسەت سورىغانىدى، مەن سەندىن رۇخسەت سورىمىغۇچە ئۇنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت قىلمىدىم> دېسەم، پەيغەمبەرﷺ: <ئۇ سېنىڭ تاغاڭ تۇرسا، نېمىشقا رۇخسەت قىلمىدىڭ؟> دېدى. مەن: <ئى رەسۇلۇللاھ! مېنى ئېرى ئەمەس،

① نەۋەۋىنىڭ «شرح صحيح مسلم» ناملىق كىتابى 16- توم 8- بەت.

② «فتح الباري» 3- توم 286- بەت.

بەلكى ئايالى ئىمىتكەن تۇرسا› دېسەم، پەيغەمبەرﷺ: ‹ئۇنىڭغا ئىجازەت بەرگىن! ھەقىقەتەن ئۇ سىنىڭ تاغاڭ بولىدۇ، مۇشۇنىمۇ بىلمەمسەن؟› دېدى». ①

**❖ رەسۇلۇللاھ ﷺ ئاياللىرىنى بىلمەي تۇرۇپ سۆزلەشتىن توسقان**

ئايال كىشىنىڭ پەتىۋا بېرىشكە ياكى ھۆكۈم چىقىرىشقا ئالدىراپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئاياللىرىنى الله ھەققىدە ئىلىمسىز سۆزلەشتىن ئاگاھلاندۇرغان.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «دعي رسول الله ﷺ إلى جنازة صبي من الأنصار فقلت يا رسول الله طوبى لهذا عصفور من عصافير الجنة لم يعمل السوء ولم يدركه قال أو غير ذلك يا عائشة إن الله خلق للجنة أهلا خلقهم لها وهم في أصلاب آبائهم وخلق للنار أهلا خلقهم لها وهم في أصلاب آبائهم» «رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەنسارىلارنىڭ بىر كىچىك بالىسىنىڭ جىنازا نامىزىغا چاقىرىلدى. مەن: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! جەننەت قۇشقاچلىرىدىن بولغان بۇ بالىغا خۇش مۇبارەك بولسۇن! ئۇ يامان ئەمەل قىلمىدى ۋە گۇناھمۇ ئۆتكۈزمىدى› دېسەم، رەسۇلۇللاھﷺ: ‹ئى ئائىشە! ئۇنداق بولماي قالسىچۇ؟ الله تائالا بىرمۇنچە ئىنسانلارنى ئاتىلىرىنىڭ سۆلبىدىكى ۋاقىتتىلا جەننەت ئۈچۈن ياراتقان. يەنە بىرمۇنچە ئىنسانلارنى ئاتىلىرىنىڭ سۆلبىدىكى ۋاقىتتىلا دوزاخ ئۈچۈن ياراتقان› دېدى». ②

نەۋەۋى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «ئالىملار مۇسۇلمانلارنىڭ ۋاپات بولغان كىچىك بالىلىرىنىڭ جەننەتكە كىرىدىغانلىقى ھەققىدە ئوخشاش قاراشقا ئىگە، چۈنكى ئۇلار شەرئەتكە تەكلىپ قىلىنمىغان.

ئۇلار ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ بۇ ھەدىسىگە مۇنداق جاۋاب بەرگەن:

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
② مۇسلىم توپلىغان.

<رەسۇلۇللاھ ﷺ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ئوچۇق دەلىلسىز ھالدا ھۆكۈم چىقىرىشتىن توسقان>». ①

**❖ رەسۇلۇللاھ ﷺ ئاياللىرىنى تەقۋالىق ۋە گۈزەل ئەخلاقلارغا بۇيرۇيتتى**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: «يا عائشة! عليك بتقوى اللّٰه والرفق، فإن الرفق لم يك في شيء قط إلا زانه ولم ينزع من شيء قط إلا شانه» «ئى ئائىشە! تەقۋادار ۋە مۇلايىم بولغىن! مۇلايىملىق قانداق نەرسىدە بولىدىكەن ئۇنى زىننەتلەيدۇ، قانداق بىر نەرسىدىن مۇلايىملىق يوقالسا ئۇنى سەتلەشتۈرۈۋېتىدۇ». ②

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ئاياللىرىنى مۇلايىم، ئېغىر-بېسىق ۋە سەۋرچان بولۇش ئاساسدا تەربىيىلىگەن**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن: «يا عائشة، ارفقي، فإن الله إذا أراد بأهل بيت خيرا، دلهم على باب الرفق» «ئى ئائىشە! مۇلايىم بولۇڭ. چۈنكى، اللہ تائالا بىر ئۆي ئەھلىگە ياخشىلىقنىڭ بولۇشىنى خالىسا، ئۇلارغا مۇلايىملىق بەخش ئېتىدۇ». ③

**❖ رەسۇلۇللاھ ﷺ ئاياللىرىنى ياخشى سۆز قىلىش ئاساسدا تەربىيىلىگەن ۋە ئۇلارنى مۇسۇلمان بولمىغان كىشىلەرگىمۇ سەت گەپ قىلىشتىن چەكلىگەن**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «استأذن رهط من اليهود على رسول اللّٰه ﷺ، فقالوا: السام عليكم، فقال: وعليكم. فقلت: السام عليكم ولعنكم اللّٰه، وغضب عليكم، فقال رسول اللّٰه ﷺ: مهلا يا عائشة! عليك بالرفق، وإياك والعنف أوالفحش، فقلت: أولم تسمع ما قالوا؟، قال أولم تسمعي ما قلت؟ رددت عليهم، فيستجاب لي فيهم، ولا يستجاب لهم في»

---

① «شرح النووي على صحيح مسلم» 16- توم 207- بەت.
② ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
③ ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

«يەھۇدىيلاردىن بىر گۇرۇھ كىشىلەر رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا كىرىش ئۈچۈن رۇخسەت سوراپ: <ئەسسامۇ ئەلەيكۇم (سىلەرگە ئۆلۈم تىلەيمەن)!> دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <سىلەرگىمۇ شۇ> دەپ جاۋاب قايتۇردى، ئاندىن مەن: <سىلەرگە ئۆلۈم تىلەيمەن، الله نىڭ لەنىتى ۋە غەزىپى سىلەرگە بولسۇن!> دېسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <ئى ئائىشە! ئۆزۈڭنى بېسىۋالغىن، مۇلايىم بول، قوپاللىق ۋە سەت گەپ قىلىشتىن ساقلانغىن> دېدى. مەن: <ئۇلارنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟> دېسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <مېنىڭ نېمە دېگەنلىكىمنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ مەن ئۇلارغا جاۋاب قايتۇردۇم، مېنىڭ ئۇلارغا قىلغان دۇئايىم ئىجابەت قىلىنىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ماڭا قىلغان دۇئاسى ئىجابەت قىلىنمايدۇ> دېدى».[1]

مۇسلىمنىڭ نەقىلىدە، «مه يا عاعشة فإن الله لا يحب الفحش و التفحش» «توختا، ئى ئائىشە! الله تائالا قەبىھ سۆز ۋە قەبىھ ئىش-ھەرىكەتنى ياقتۇرمايدۇ» دېيىلگەن.

پەيغەمبەر ﷺ ئاياللىرىغا ئەقىدە ئىلىملىرىنىمۇ ئۆگىتەتتى ۋە الله تىن قورقۇش ئاساسىدا تەربىيىلەيتتى. ئەگەر شامال چىقسا ياكى ئاسماندا بۇلۇت پەيدا بولسا، چىرايى ئۆزگىرىپ ئۆيگە تولا كىرىپ-چىقاتتى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «وكان إذا رأى غيما أو ريحا، عرف ذلك في وجهه. فتقول له: يا رسول الله أرى الناس، إذا رأوا الغيم، فرحوا. رجاء أن يكون فيه المطر. وأراك إذا رأيته، عرفت في وجهك الكراهية؟ فقال: يا عائشة ما يؤمنني أن يكون فيه عذاب. قد عذب قوم بالريح. وقد رأى قوم العذاب فقالوا: هذا عارض ممطرنا» «رەسۇلۇللاھ ﷺ قارا بۇلۇتنى ياكى شامالنى كۆرسە چىرايى ئۆزگىرىپ كېتەتتى. مەن ئۇنىڭغا: <ئى رەسۇلۇللاھ! باشقىلار قارا بۇلۇتنى كۆرسە، يامغۇر يېغىشىنى ئۈمىد قىلىپ

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

خۇشال بولۇپ كېتىدىكەن. ئەمما، سەن ئۇنى كۆرسەڭ، چىرايىڭ ئۆزگىرىپ كېتىدىكەنغۇ؟> دېگەنىدىم، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <ئى ئائىشە! ئەگەر ئۇنىڭدا ئازاب بولۇپ قالسا، مەن قانداقمۇ خاتىرجەم بولالايمەن؟ چۈنكى ئىلگىرىكى بىر قەۋم شامال بىلەن ھالاك بولغان، يەنە بىر قەۋم ئازابنى كۆرگەندە بۇ بىزگە يامغۇر ياغدۇرغۇچى بۇلۇت دېيىشكەن> دېدى».[1]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ئاياللىرىغا باشقىلارنىڭ ئەقىدىدىكى خاتالىقلىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «لما اشتكى النبي ﷺ ذكرت بعض نسائه كنيسة رأينها بأرض الحبشة يقال لها مارية وكانت أم سلمة وأم حبيبة أتتا أرض الحبشة فذكرتا من حسنها وتصاوير فيها فرفع رأسه فقال أولئك إذا مات منهم الرجل الصالح بنوا على قبره مسجدا ثم صوروا فيه تلك الصورة وأولئك شرار الخلق عند اللّٰه» «پەيغەمبەر ﷺ كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغاندا، بەزى ئاياللىرى ھەبەشىستان زېمىنىدا كۆرگەن مارىيە ئىسىملىك بىر چېركاۋنى تىلغا ئېلىشتى، ئۇممۇ سەلەمە بىلەن ئۇممۇ ھەبىبە رەزىيەللاھۇ ئەنھالارمۇ ھەبەشىستان زېمىنىغا ھىجرەت قىلىپ بارغان بولۇپ، ئۇ ئىككىسى چېركاۋنىڭ گۈزەللىكى ۋە ئۇنىڭدىكى سۈرەتلەر توغرىسىدا پاراڭ قىلىشقانىدى، پەيغەمبەر ﷺ بېشىنى كۆتۈرۈپ: <ئەگەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى سالىھ بىر كىشى ۋاپات بولسا، ئۇلار ئۇ كىشىنىڭ قەبرىسىگە مەسجىد سېلىۋالىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭغا ئەنە شۇ سۈرەتلەرنى سىزىدۇ. ئۇلار اللّٰه نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ يامان كۆرۈلىدىغان كىشىلەردۇر> دېدى».[2]

بۇ ھەدىستىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ ئەقىدە خاتالىقلىرىغا تەنبىھ بېرىشكە ۋە ئاياللىرىنى ئۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلگەن.

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ئائىلىسىدە بىرەر يامان ئىشنى كۆرسە ئۇنىڭغا سۈكۈت قىلمايتتى، بەلكى ئۇنى يوقىتىشقا ئالدىرايتتى**

ئائىلىدىكىلەرنى گۇناھ ئىشلاردىن توسۇش ھەربىر ئەر ئۈستىدىكى چوڭ مەجبۇرىيەتتۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿قُوا أَنْفُسَكُمْ وَأَهْلِيكُمْ نَارًا﴾ «ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا ـ چاقاڭلارنى دوزاختىن ساقلاڭلار!»[1].

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «دخل علي النبي ﷺ ، وفي البيت قرام فيه صور، فتلون وجهه، ثم تناول الستر فهتكه، وقال إن من أشد الناس عذابا يوم القيامة الذين يصورون هذه الصور» «پەيغەمبەر ﷺ يېنىمغا كىرگەندە ئۆيگە سۈرەت بار بىر پەردە تارتىلغان ئىدى. بۇنى كۆرۈپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتتى، ئاندىن پەردىنى ئېلىپ يىرتىۋەتتى ۋە: <بۇنداق سۈرەتلەرنى سىزغان كىشىلەر ئاخىرەتتە ئەڭ قاتتىق ئازابلىنىدۇ> دېدى»[2].

پەيغەمبەر ﷺ بۇ يامان ئىشنى سۆزى ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن توسقانىدى.

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ئاياللىرىنى كىشىلەرنى كەمسىتىدىغان سۆزلەرنى قىلىشتىن توسقان**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «وحكيت له إنسانا، فقال: ما أحب أني حكيت إنسانا وأن لي كذا وكذا» «پەيغەمبەر ﷺ گە بىر كىشىنى دوراپ بەرسەم، پەيغەمبەر ﷺ: <ماڭا مۇنداق، مۇنداق مۇكاپاتلار بېرىلسىمۇ، بىر ئىنساننى (ئەيىبىنى ئېچىپ) دورىمايمەن> دېدى»[3].

يەنى، «گەرچە ماڭا دۇنيادىن مۇنداق، مۇنداق كۆپلىگەن نەرسىلەر بېرىلسىمۇ، بىر ئىنساننى كەمسىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭ سۆزىنى ياكى

[1] سۈرە تەھرىم 6 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] بۇخارى توپلىغان.
[3] ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ھەرىكىتىنى دورىمايمەن». [1]

نەۋەۋى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «ئاقساش، ئېگىشىش ياكى ئۇنىڭدىن باشقا شەكىلدە مېڭىش ئارقىلىق بىر ئىنساننى دوراش ھارام قىلىنغان غەيۋەتتۇر». [2]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ئايالىرىنى چوڭ گۇناھلاردىن ئاگاھلاندۇرۇپلا قالماي، كىچىك گۇناھلاردىنمۇ ئاگاھلاندۇرغان**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ ماڭا مۇنداق دېگەن: «يا عائشة إياك ومحقرات الذنوب، فإن لها من اللَّه طالبا» «ئى ئائىشە! كىچىك گۇناھلاردىن ساقلانغىن! چۈنكى گۇناھلارغا الله نىڭ ئازابى بار». [3]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئاياللىرى چۈشىنەلمىگەن مەسىلىلەرنى پەيغەمبەر ﷺ دىن سورايتتى**

ئىبنى ئەبۇ مۇلەيكەدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: [ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىرەر ئىشنى بىلەلمىسە، پەيغەمبەر ﷺ دىن سورايتتى. پەيغەمبەر ﷺ: «من حوسب عذب» «كىمدىن ئىنچىكىلەپ ھېساب ئېلىنسا چوقۇم ئازابقا دۇچار بولىدۇ» دېگەنىدى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «الله تائالا قۇرئاندا: ﴿فَسَوْفَ يُحَاسَبُ حِسَابًا يَسِيرًا﴾ <ئاسان ھېساب ئېلىنىدۇ> [4] دېگەن ئەمەسمۇ؟» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: «فقال انما ذلك العرض ولكن من نوقش الحساب يهلك» «ئۇ دېگەن قىلمىشلىرىنى كۆرسىتىپ قويۇشتىن ئىبارەت. كىمدىن ئىنچىكىلەپ ھېساب ئېلىنسا، ئۇ چوقۇم ھالاك بولىدۇ» دېدى]. [5]

---

[1] «عون المعبود» 13ـ توم 151ـ بەت.
[2] «تحفة الأحوذي» 7ـ توم 176ـ بەت.
[3] ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[4] سۈرە ئىنشىقاق 8ـ ئايەت.
[5] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

### ❖ پەيغەمبەر ﷺ ئاياللىرىنى كۈنلەيتتى

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «كان يدخل على ازواج النبي ﷺ مخنث، فكانوا يعدونه من غير اولى الاربة، فدخل النبي ﷺ يوما وهو عند بعض نسائه، وهو ينعت امرأة قال: إذا اقبلت اقبلت بأربع، وإذا ادبرت ادبرت بثمان، فقال النبي ﷺ ألا أرى هذا يعرف ما ههنا، لا يدخلن عليكن، قالت فحجبوه» «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئاياللىرىنىڭ يېنىغا بىر مۇخەننەس[1] كىرەتتى، بىز ئۇنى ئاياللارغا ئېھتىياجى يوق دەپ قارايتتۇق. بىر كۈنى ئۇ مۇخەننەس پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئاياللىرىنىڭ يېنىدا بىر ئايالنى سۈپەتلەپ: <سېمىزلىكتىن ئالدىدىن تۆت قات، كەينىدىن سەككىز قات كۆرۈنىدۇ> دەۋاتقان ئىدى، پەيغەمبەر ﷺ كىرىپ قالدى. پەيغەمبەر ﷺ: <مەن بۇنى ئاياللارنىڭ ئۇياتلىق يەرلىرىنى بىلىدىكەن دەپ قارايمەن، بۇنداق كىشىلەر سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا كىرمىسۇن!> دېدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: <شۇنىڭدىن تارتىپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئاياللىرى ئۇنىڭ كىرىشىنى چەكلىگەن ئىدى>».[2]

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئاياللىرى دەسلەپتە ئۇ مۇخەننەسنى ئاياللارغا ئېھتىياجى يوق كىشى دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يېنىغا كىرىشىگە ئىجازەت بەرگەن. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ شەھۋەتتىن قالمىغانلىقىنى بىلىپ مۇئمىنلەرنىڭ ئانىلىرىنىڭ يېنىغا كىرىشىنى چەكلىگەن.

پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ ئايال كىشىنى ئەرلەرنىڭ شەھۋىتىنى قوزغايدىغان دەرىجىدە سۈپەتلىگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنى ئاياللارنىڭ يېنىغا

[1] مۇخەننەس — مىجەز-خاراكتېر ۋە سۆز-ھەرىكەتلىرىدە ئاياللارغا ئوخشىۋالىدىغان كىشىدۇر. بۇنداق كىشىنىڭ مىجەز-خاراكتېرى بەزىدە ئەسلىدىنلا شۇنداق بولىدۇ، بەزىدە شۇنداق مىجەز-خاراكتېرنى ئۆزىدە يېتىلدۈرۈۋالىدۇ.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

كىرىشتىن چەكلىگەن. ناۋادا ئۇ ئاياللارنى كىشىلەرگە سۆپەتلەپ بەرسە ھىجابنىڭ نىمە ئەھمىيىتى بولسۇن!

بۇ ھەدىسكە ئاساسەن، ئاياللار ئۆزىنىڭ زىننەت جايلىرىنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان كىشىلەردىن ھىجابلىنىشى، شۇنداقلا گۇمان قىلىنىدىغان كىشىدىن يىراقلىشىشى لازىم.[1]

پەيغەمبەر ﷺ بۈگۈنكى جەمئىيىتىمىزدىكى بەزى ئەخلاقسىز كىشىلەرنىڭ كۈندەشلىكنى ئاجىزلاشتۇرۇش ۋە ئۇنى قەلبلەردىن يوقىتىش ئۈچۈن قىلىۋاتقان ھەرىكەتلىرىنىڭ ئەكسىچە ئاياللىرىنى كۈنلىگەن. سىز ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن شۇنداق بىر كىشىلەرنى كۆرىسىزكى، ئۇ ئايالى، ھەمشىرىسى ياكى قىزىنىڭ يات بىر ئەر كىشى بىلەن بىللە ئولتۇرۇشىغا پەرۋا قىلمايدۇ.

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ئاياللىرىغا گۇمانخورلۇق قىلمايتتى ۋە ئۇلارنى «خىيانەت قىلدۇ» دەپ ئويلىمايتتى**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «كان النبي ﷺ لا يطرق أهله، ليلا وكان لا يدخل إلا غدوة أو عشية» «پەيغەمبەر ﷺ سەپەردىن قايتىپ كەلسە، ئۆيىگە ئەتىگەن ياكى كەچقۇرۇن كىرەتتى».[2]

«لا يطرق أهله» ــــ سەپەردىن كېچىسى قايتىپ كەلسە ئۆيىگە كىرمەيتتى. «الطروق» ــــ «كېچىدە كېلىش» دېگەنلىكتۇر. سەپەردىن كېچىدە قايتقان كىشى «طارق» دېيىلىدۇ.[3]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ئەرلەرنى سەپەردىن كېچىدە قايتىپ كەلسە ئۆيىگە كىرىشتىن توسقان**

---

[1] «فتح الباري» 9- توم 336- بەت.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] «شرح النووي على صحيح مسلم» 13- توم 71- بەت.

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «نهى رسول اللَّه ﷺ أن يطرق الرجل أهله ليلا، يتخونهم، أو يلتمس عثراتهم» «رەسۇلۇللاھ ﷺ كېچىسى سەپەردىن قايتىپ كەلگەن كىشىنى، ئاياللىرىنى <خىيانەت قىلىدۇ> دەپ گۇمان قىلىپ ياكى ئاياللىرىنىڭ خاتالىقلىرىنى ئىزدەش ئۈچۈن كېچىسى ئۆيىگە كىرىشتىن توسقان».[1]

ئۇزۇن سەپەردىن كېچىدە قايتىپ كەلگەن كىشىنىڭ، شۇ كېچىسى ئايالىنىڭ يېنىغا ئۇشتۇمتۇت كىرىشىنى رەسۇلۇللاھ ﷺ ياقتۇرمىغان. ئەمما، ئۇزۇن سەپەرگە چىقمىغان، ئايالى ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتۈۋاتقان بولسا، ئۆيىگە كېچىدە كىرىشى دۇرۇستۇر.

ئىبنى ھەجەر (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىستە ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق ۋە مۇھەببەتكە قىزىقتۇرۇلغان، چۈنكى ئەر-ئاياللار بىر-بىرىنىڭ مەخپىيەتلىكى ۋە ئەيىبلىرىنى بىلىدىغان بولسىمۇ، لېكىن قارشى تەرەپنىڭ ئۇنىڭ بىرەر ئىشىنى كۆرۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن، رەسۇلۇللاھ ﷺ كېچىسى ئۆيىگە كىرىشتىن توسقان. ئەر-خوتۇنلار بۇنداق بولغان يەردە، ئەر-خوتۇن ئەمەس كىشىلەر بۇ مەسىلىگە تېخىمۇ دىققەت قىلىشى كېرەك».[2]

ئەرنىڭ ئۆيىگە كېچىسى ياكى ئۇشتۇمتۇت كىرمەسلىكىدىكى ھېكمەت شۇكى، ئايال كىشىنىڭ ئېرى ئۈچۈن ياسىنىش ۋە تەييارلىق قىلىۋېلىشىغا ئىمكان بېرىلىدۇ.

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «إذا قدم أحدكم ليلا، فلا يأتين أهله طروقا، حتى تستحد المغيبة، و تمتشط الشعثة» «بىرىڭلار سەپەردىن كېچىسى قايتىپ كەلسە، ئۆيىگە

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] «فتح الباري» 9- توم 341- بەت.

كېچىدە كىرمىسۇن. ئاياللار سۈننەت قىلىپ، چېچىنى تارىۋالسۇن». [①]

«المغيبة» ــــ يېنىدا ئېرى يوق ئاياللارنى كۆرسىتىدۇ. «تستحد» ــــ ئەۋرەت تۈكلىرىنى تازىلاشنى كۆرسىتىدۇ.

بۇ بولسا ئۇزۇن ۋاقىت سەپەردە بولغان كىشى ھەققىدىكى ھۆكۈمدۇر. ھەدىسنىڭ يەنە بىر لەۋزىدە مۇنداق بايان قىلىنغان: «إذا أطال أحدكم الغيبة فلا يطرق أهله ليلا» «سىلەردىن بىرىڭلار ئۇزۇن مۇددەت سەپەرگە چىقىپ كېتىپ قايتىپ كەلسە، ئۆيىگە كېچىسى كىرمىسۇن!». [②]

ھەدىستىكىدەك، ئۆيگە كىرىشنى چەكلەش ئۈچۈن «ئۇزۇن مۇددەت سەپەرگە چىقىپ كەتكەن بولۇشى» شەرت قىلىنىدۇ، چۈنكى ئىشلارنىڭ سەۋەبىگە قارىتا ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ.

مەسىلەن، كۈندۈزى ئۆزىنىڭ مەلۇم بىر ھاجىتى ئۈچۈن چىقىپ كېتىپ، كېچىسى قايتىپ كەلگەن كىشىگە ئۇزۇن مۇددەت سەپەرگە چىقىپ كەتكەن كىشىنىڭ ھۆكمى بېرىلمەيدۇ. ئايال كىشى ئۇزۇن مۇددەت سەپەرگە چىقىپ كەتكەن ئەرنىڭ ئۆيگە ئۇشتۇمتۇت كىرىپ قېلىشىنى ئويلىمايدۇ. شۇڭا ئۇزۇن مۇددەت سەپەرگە چىقىپ كەتكەن ئەر كىشى ئۆيىگە ئۇشتۇمتۇت كىرسە، كۆپىنچە ئەھۋالدا ئۆزى ياقتۇرمايدىغان بىر قىسىم ئىشلارنى ئۇچرىتىپ قالىدۇ، ئايالىمۇ ياسانمىغان ۋە پاكىزلانمىغان بولىدۇ. نەتىجىدە، بۇ ئىشلار ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋەتنىڭ يىرىكلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. [③]

ئەمما، ئايالىغا ئۆزىنىڭ قايتىپ كېلىدىغان ۋاقتىنى دەپ قويغان كىشىگە ھەدىستىكى چەكلەش ھۆكمى تەتبىقلانمايدۇ.

[①] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[②] بۇخارى توپلىغان.

[③] «فتح الباري» 9- توم 340- بەت.

### ❖ پەيغەمبەر ﷺ ئاياللىرىنىڭ كۈندەشلىكىگە ھېكمەتلىك ئۇسۇلدا مۇئامىلە قىلغان

ئاياللارنىڭ تەبىئىتىدە ئەسلىدىنلا ئېرىگە كۈندەشلىك قىلىش خاراكتېرى بولغان بولىدۇ. بەزى ئەسەرلەردە مۇنداق دېيىلگەن: «الله تائالا ئاياللارنىڭ ۋۇجۇدىغا كۈندەشلىكنى ئورۇنلاشتۇرۇۋەتكەن».[①] دېمەك، كۈندەشلىك — ئاياللارنىڭ بىر تۇرلۇك مىجەز-خاراكتېرىدۇر. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئاياللىرىمۇ ئۇنىڭغا كۈندەشلىك قىلاتتى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «أن رسول اللّٰه ﷺ خرج من عندها ليلا، قالت: فغرت عليه، فجاء فرأى ما أصنع، فقال: ما لك يا عائشة أغرت؟، فقلت: وما لي؟ لا يغار مثلي على مثلك؟ فقال رسول اللّٰه ﷺ: لقد جاءك شيطانك؟ قالت: يا رسول اللّٰه أومعي شيطان؟ قال: نعم، قلت: ومع كل انسان؟ قال: نعم، قلت: ومعك يا رسول اللّٰه؟ قال: نعم، ولكن ربي أعانني عليه حتى أسلم» «رەسۇلۇللاھ ﷺ بىر كېچىسى مېنىڭ يېنىمدىن چىقىپ كەتكەنىدى، مېنىڭ كۈندەشلىكىم تۇتتى (يەنى ھەربىكەتلىرىم قالايمىقانلىشىپ، ئەھۋالىم ئۆزگىرىپ كەتتى). رەسۇلۇللاھ ﷺ قايتىپ كېلىپ چىرايىمدىكى ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ: <ئى ئائىشە! ساڭا نېمە بولدى؟ كۈندەشلىكىڭ تۇتقان ئوخشىمامدۇ؟> دېدى. مەن: <قانداقمۇ سېنى كۈنلىمەي تۇرالايمەن؟!> دېسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <قارىغاندا شەيتىنىڭ كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟> دېدى. مەن: <(يېنىمدا) شەيتان بارمىكەن؟> دېسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <ھەئە، بار> دېدى، مەن: <ھەرقانداق ئىنساننىڭ (يېنىدا) شەيتان بارمۇ؟> دېسەم، رەسۇلۇللاھ: <ھەئە، بار> دېدى. مەن: <ئۇنداقتا، سېنىڭمۇ (يېنىڭدا) شەيتان بارمۇ؟> دېسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <ھەئە، بار. ئەمما، رەببىم ماڭا ياردەم قىلغاچقا مەن ئۇنىڭ يامانلىقىدىن

① تەبەرانى توپلىغان، ئەلبانى «زەئىپ» دېگەن.

سالامەت قالدىم› دېدى».[1]

يەنە بىر نەقىلدە، مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ كۆندەشلىك قىلىپ، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ نەگە بارىدىغانلىقىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئارقىسىدىن ماڭغانلىقى سۆزلەنگەن.

عن عائشة رضي اللّٰه عنها قالت: لما كانت ليلتي التي كان النبي ﷺ فيها عندي، انقلب فوضع رداءه، وخلع نعليه، فوضعهما عند رجليه، وبسط طرف إزاره على فراشه فاضطجع، فلم يلبث إلا ريثما ظن أن قد رقدت، فأخذ رداءه رويدا، وانتعل رويدا، وفتح الباب، فخرج، ثم أجافه رويدا، فجعلت درعي في رأسي، واختمرت، وتقنعت إزاري، ثم انطلقت على إثره حتى جاء البقيع، فقام فأطال القيام، ثم رفع يديه ثلاث مرات، ثم انحرف فانحرفت، فأسرع فأسرعت، فهرول فهرولت، فأحضر فأحضرت، فسبقته فدخلت، فليس إلا أن اضطجعت فدخل، فقال: ما لك يا عائش حشيا رابية، قلت: لا شيء، قال: لتخبريني أو ليخبرني اللطيف الخبير، قلت: يا رسول اللّٰه بأبي أنت وأمي فأخبرته، قال: فأنت السواد الذي رأيت أمامي؟، قلت: نعم فلهدني في صدري لهدة أوجعتني، ثم قال: أظننت أن يحيف اللّٰه عليك ورسوله، فإن جبريل أتاني حين رأيت، فناداني فأجبته، ولم يكن يدخل عليك، وقد وضعت ثيابك، وظننت أن قد رقدت، وكرهت أن أوقظك، وخشيت أن تستوحشي، فقال: إن ربك يأمرك أن تأتي أهل البقيع فتستغفر لهم، قلت: كيف أقول لهم يا رسول اللّٰه؟ قال: قولي السلام على أهل الديار من المؤمنين، والمسلمين، ويرحم اللّٰه المستقدمين منا والمستأخرين، وإنا إن شاء اللّٰه بكم للاحقون».

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ﷺ نىڭ نۆۋىتى ماڭا كەلگەن بىر كېچىسى، ئۇ ئايىغىنى سېلىپ، پۇتى تەرىپىگە قويدى. ئاندىن يەكتىكىنى سېلىپ، بىر تەرىپىنى ئاستىغا سېلىپ ياتتى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا مېنى ئۇخلاپ قالدى دەپ ئويلاپ يەكتىكىنى ئاستا ئېلىپ، ئايىغىنى كىيدى ۋە ئۈن ـ تىنسىز ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيدىن چىقىپ، ئۇنى يېپىپ قويدى. مەن

[1] مۇسلىم توپلىغان.

لىچىكىمنى بېشىمغا ئارتىپ، كىيىمىمگە يۆگىنىپ، پەيغەمبەرﷺ نىڭ ئىزىغا ئەگىشىپ ماڭدىم، ئۇ بەقىئ قەبرىستانلىقىغا بېرىپ ئۇزۇنغىچە ئۆرە تۇردى، ئاندىن قولىنى ئۈچ قېتىم كۆتۈردى، ئۇنىڭدىن كېيىن قايتىپ ماڭدى، مەنمۇ قايتىپ ماڭدىم. ئۇ تېز ماڭسا مەنمۇ تېز ماڭدىم، يۈگۈرسە مەنمۇ يۈگۈردۈم، ئۆينىڭ قېشىغا كەلگەندە، ئۇنىڭدىن بۇرۇن كىرىپ بۇرۇنقىدەك يېتىپ تۇرۇشۇمغا، پەيغەمبەرﷺ ئۆيگە كىرىپ: «ئى ئائىشە! ساڭا نېمە بولدى، ھاسىراپ كېتىپسەنغۇ؟» دېدى، مەن: «ھېچنېمە بولمىدى» دېدىم، پەيغەمبەر ﷺ: «ئېيتىپ بەرگىن، بولمىسا ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى اللہ ئېيتىپ بېرىدۇ» دېدى. مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن» دېگىنىمچە ھەممىنى سۆزلەپ بەردىم. پەيغەمبەرﷺ: «بايا ئالدىمدا كۆرۈنگەن قارا كۆلەڭگە سەنمىدىڭ؟» دېدى، مەن: «ھەئە» دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ مەيدەمدىن بىرنى ئىتتىرىۋەتكەندى، مەيدەم ئاغرىپ كەتتى. ئاندىن: «سەن اللہ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى ساڭا زۇلۇم قىلىدۇ دەپ ئويلامسەن؟ (يەنى پەيغەمبەر ﷺ مېنى تاشلاپ باشقا خوتۇنلىرىنىڭ يېنىغا چىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالدىڭمۇ؟) سەن مېنى كۆرگەن ۋاقتىڭدا جىبرىئىل مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ مېنى چاقىرغاچقا چىقىپ كەتكەنىدىم. سەن يېتىپ بولغان بولغاچقا، ئۇ ئۆيگە كىرمىدى. مەن سېنى ئۇخلاپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ ئويغاتمىغان بولساممۇ، ئەمما يالغۇز قېلىپ قورقۇپ قېلىشىڭدىن ئەنسىرىدىم. جىبرىئىل: ‹پەرۋەردىگارىمىنىڭ مېنى بەقىئ قەبرىستانلىقىغا بېرىپ، ئۇلارغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىشقا بۇيرۇغانلىقىنى ئېيتتى›» دېدى. مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن قەبرىدىكىلەرگە نېمە دەپ دۇئا قىلىمەن؟» دېسەم، پەيغەمبەرﷺ: «‹السَّلاَمُ عَلَى أَهْلِ الدِّيَارِ مِنَ الْمُؤْمِنِينَ وَالْمُسْلِمِينَ، وَيَرْحَمُ اللهُ الْمُسْتَقْدِمِينَ مِنَّا وَالْمُسْتَأْخِرِينَ، وَإِنَّا إِنْ شَاءَ اللهُ بِكُمْ لَلاَحِقُونَ› ‹ئى قەبرە ئەھلى بولغان مۇئمىنلەر ۋە مۇسۇلمانلار! بىزدىن ئىلگىرى

كەتكەنلەرگە ۋە كېيىن قالغانلارغا الله رەھمەت قىلسۇن! الله خالىسا، بىزمۇ پات ئارىدا سىلەرگە قوشۇلىمىز» دېگىن» دېدى.[①]

مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۆزىنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قەلبىدىكى ئورنىنى بىلسىمۇ، ئۇنى باشقا ئاياللىرىدىن كۆنلەيتتى. ھەتتا ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ۋاپات بولۇپ كەتكەن ئايالىغا ھەم كۆندەشلىك قىلغان. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «ما غرت على امرأة ما غرت على خديجة» «مەن ھېچقانداق بىر ئايالغا، خەدىچەگە كۆندەشلىك قىلغاندەك كۆندەشلىك قىلىپ باقمىدىم».[②]

پەيغەمبەر ﷺ ئاياللىرىغا ھېكمەتلىك ئۇسۇلدا مۇئامىلە قىلاتتى. ئەگەر بىرەر ئايالدىن كۆندەشلىكنى بايقىسا، بۇگۈنكى كۆنىمىزدىكى بەزى كىشىلەر قىلغاندەك قىلمايتتى. شۇنداق بىر قىسىم كىشىلەر باركى، ئەگەر ئايالىنىڭ ئۆزىگە كۆندەشلىك قىلغىنىنى بىلسە، ئايالىنى سىلكىشلەپ، ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى سۈرۈشتۈرۈشىدىن توسىدۇ. بۇ سەۋەبتىن، ئايالىنىڭ كۆندەشلىكى ۋە گۇمانى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ-دە، ئەر-ئايال ئوتتۇرىسىدىكى چۈشىنىشمەسلىك چوڭقۇرلىششقا باشلايدۇ. مانا بۇ — رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئۆگىنىشكە تېگىشلىك ھېكمەتنى بىلمىگەنلىكتىن يامان مۇئامىلە قىلغانلىقنىڭ نەتىجىسىدۇر.

رەسۇلۇللاھ ﷺ بەزىدە تەبەسسۇم قىلىش بىلەن، بەزىدە مۇلايىم كۆرسەتمىلەر بىلەن ۋە يەنە بەزىدە ئەھۋالغا قاراپ خاپا بولۇش بىلەن ئاياللىرىنىڭ كۆندەشلىكىنى ھەل قىلغان.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «كان النبي ﷺ عند

[①] مۇسلىم توپلىغان.
[②] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

بعض نسائه، فأرسلت إحدى أمهات المؤمنين بصحفة فيها طعام، فضربت التي النبي ﷺ في بيتها يد الخادم، فسقطت الصحفة، فانفلقت، فجمع النبي ﷺ فلق الصحفة، ثم جعل يجمع فيها الطعام الذي كان في الصحفة، ويقول: غارت أمكم، ثم حبس الخادم حتى أتي بصحفة من عند التي هو في بيتها، فدفع الصحفة الصحيحة إلى التي كسرت صحفتها، وأمسك المكسورة في بيت التي كسرت»

«پەيغەمبەر ﷺ ئاياللىرىدىن بىرىنىڭ يېنىدا ئىدى، مۇئمىنلەرنىڭ ئانىلىرىدىن بىرى بىر تەخسە تائام ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىدىكى ئايالى (تاماق ئەكەلگەن) خىزمەتچىنىڭ قولىغا ئۇرغانىدى، تەخسە چۈشۈپ كېتىپ چېقىلىپ كەتتى. پەيغەمبەر ﷺ تەخسىنىڭ پارچىلىرىنى ۋە تەخسىدىكى تائامنى يىغىشقا باشلىدى ۋە: <ئاناڭلارنىڭ كۆندەشلىكى تۇتتى> دېدى. ئاندىن تاماق ئەكەلگەن خىزمەتچىنى توختىتىپ، ئايالىنىڭ ئۆيىدىن بىر تەخسە ئېلىپ چىقىپ، تائام ئەۋەتكەن ئايالىغا ئەۋەتتى ۋە چېقىلغان تەخسىنى ئۇنى چېقىۋەتكەن ئايالىنىڭ يېنىدا ئېلىپ قالدى».[①]

مانا بۇ ـــ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئاياللىرىغا بولغان كۆيۈمچانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر، چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ تەخسىنى چېقىۋەتكەن ئايالىغا ھېچنەرسە دېمەستىن، بەلكى ئۇنىڭدىن ئۆزرە ئىزدىگەن ۋە شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا تائام ئەۋەتكەن ئايالىنىڭ ھەققىنى ئېلىپ بەرگەن.

ئىبنى ھەجەر (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىس ـــ كۆندەشلىك قىلغان ئاياللارنىڭ سادىر قىلغان ئىشى سەۋەبلىك جازالانمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. چۈنكى، كۆندەشلىك قىلغاندا ئايال كىشى غەزەپلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن ئەقلى ئىشلىمەي قالىدۇ».[②]

❖ **رەسۇلۇللاھ ﷺ ئاياللىرىنىڭ ئۆز كۆندىشى توغرىسىدا يولسىز سۆزلەرنى**

[①] بۇخارى توپلىغان.

[②] «فتح الباري» 9- توم 325- بەت.

**قىلىشنى رەت قىلاتتى**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «قلت: للنبي ﷺ: حسبك من صفية كذا وكذا، فقال ﷺ: لقد قلت كلمة لو مزجت بماء البحر لمزجته» «مەن پەيغەمبەر ﷺ گە: <سەفىيەنىڭ مۇنداق، مۇنداق ئىكەنلىكى ساڭا كۇپايە قىلمامدۇ؟> دېۋىدىم، (ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا سەفىيەنىڭ پاكارلىقىنى مەقسەت قىلغان) پەيغەمبەر ﷺ: <سىز شۇنداق بىر سۆزنى قىلدىڭىزكى، ئەگەر ئۇ سۆز دېڭىز سۈيىگە ئارىلاشتۇرۇلسا، ئەلۋەتتە ئۇ سۆز دېڭىزغا تېتىغان بولاتتى> دېدى».[1]

ھەدىسنىڭ مەنىسى ــ ئەگەر بۇ غەيۋەت دېڭىز سۈيىگە ئارىلاشتۇرۇلسا، دېڭىز سۈيىنىڭ كۆپلۈكىگە قارىماي، ئۇنى ئۆز ھالىتىدىن ئۆزگەرتىۋەتكەن بولاتتى. ئۇنداقتا غەيۋەت ئارىلاشقان كىچىككىنە ئەمەللەر قانداق بولار ـ ھە؟![2]

**❖ رەسۇلۇللاھ ﷺ ئاياللىرىنى بىر ـ بىرىدىن ئۆچىنى ئالغىلى قويىاتتى**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئاياللىرى ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنگەن بولۇپ، بىر گۇرۇھتا مەن (ئائىشە)، ھەفسە، سەفىيە ۋە سەۋدە قاتارلىقلار، يەنە بىر گۇرۇھتا ئۇممۇ سەلەمە ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ باشقا ئاياللىرى بار ئىدى. مۇسۇلمانلار رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مېنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، رەسۇلۇللاھ ﷺ گە بىرەر نەرسە ھەدىيە قىلماقچى بولسا، مېنىڭ نۆۋىتىم كەلگۈچە كۈتۈپ تۇراتتى ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ مېنىڭ ھۇجرامغا كىرگەندىن كېيىن ھەدىيىلىرىنى ئەۋەتەتتى. شۇ سەۋەبتىن، ئۇممۇ سەلەمە گۇرۇھىدىكى ئاياللار ئۇممۇ سەلەمەگە:

ــ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئېيتقىن! رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇسۇلمانلارغا «ماڭا بىر نەرسە ھەدىيە قىلماقچى بولساڭلار، مەن قايسى ئايالىمنىڭ ھۇجرىسىدا بولسام

[1] ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] «تحفة الأحوذي» 7 ـ توم 177 ـ بەت.

ھەدىيىنى شۇ يەرگە ئەۋەتىڭلار» دەپ قويسۇن ـــ دېدى. ئۇممۇ سەلەمە ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە يەتكۈزگەندى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا ھېچنېمە دېمىدى. ئاياللار ئۇممۇ سەلەمەدىن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ نېمە دېگەنلىكىنى سورىغانىدى، ئۇممۇ سەلەمە ئۇلارغا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھېچنېمە دېمىگەنلىكىنى ئېيتتى. ئاياللار ئۇممۇ سەلەمەگە:

ـــ يەنە قايتا دېگىن! ـــ دېدى. ئۇممۇ سەلەمە ئۆزىنىڭ نۆۋىتى كەلگەن كۈنى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە بۇ ئىش توغرۇلۇق يەنە ئېغىز ئاچقانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا يەنە ھېچنېمە دېمىدى. ئاياللار ئۇممۇ سەلەمەدىن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ نېمە دېگەنلىكىنى سورىغان ئىدى، ئۇممۇ سەلەمە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يەنە ھېچنېمە دېمىگەنلىكىنى ئېيتتى. ئاياللار ئۇممۇ سەلەمەنى «رەسۇلۇللاھ ﷺ ساڭا بىر نەرسە دېگەنگە قەدەر ئۇنىڭغا دەۋەرگىن» دەپ قىستىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئاياللىرىنى ئايلىنىپ ئۇممۇ سەلەمەنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئۇممۇ سەلەمە بۇ ئىش توغرۇلۇق رەسۇلۇللاھ ﷺ گە يەنە ئېغىز ئاچقانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا:

ـــ «لا تؤذيني في عائشة، فإن الوحي لم يأتني وأنا في ثوب امرأة إلا عائشة» «ئائىشە ھەققىدە ماڭا ئازار بەرمىگىن! ئائىشەدىن باشقا ھېچبىرىڭلارنىڭ ھۇجرىسىدا ماڭا ۋەھيي نازىل قىلىنمىدى» ـــ دېدى. ئۇممۇ سەلەمە:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! سېنى خاپا قىلىپ قويغانلىقىم ئۈچۈن الله قا تەۋبە قىلىمەن ـــ دېدى. شۇندىمۇ ئاياللار يەنە بولدى قىلماي رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى چاقىردى. فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا كىرىشكە ئىجازەت سورىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مەن بىلەن بىر يېپىنچىدا ياتقان ئىدى. فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئاياللىرىڭ سېنىڭ ئەبۇ قۇھافەنىڭ قىزى ھەققىدە ئادىل مۇئامىلە قىلىشىڭنى سوراپ مېنى ئەۋەتتى ـــ دېدى، مەن سۈكۈتتە

تۇرغان ئىدىم، رەسۇلۇللاھ ﷺ:

— «يا بنية ألا تحبين ما أحب؟» «ئى قىزىم! مەن ياخشى كۆرگەننى سەن ياخشى كۆرمەمسەن؟!» — دېگەندى، فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

— ئەلۋەتتە ياخشى كۆرىمەن — دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ:

— «فأحبي هذه» «ئۇنداقتا بۇنى (ئائىشەنى) ياخشى كۆرگىن!» — دېدى. فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ چىقىپ كەتتى. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئاياللىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە دېگەن سۆزلىرىنى ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۆزىگە دېگەن سۆزلىرىنى ئۇلارغا يەتكۈزدى. ئاياللار فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا:

— سەن ھېچبىر ھاجىتىمىزنى راۋا قىلماپسەن، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا قايتا بارغىن — دېدى. فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

— الله بىلەن قەسەمكى، مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ گە بۇ ئىش توغرىسىدا مەڭگۈ ئېغىز ئاچمايمەن — دەپ، قايتا بارغىلى ئۇنىمىدى. ئاندىن ئۇلار زەينەپ بىنتى جەھش رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ئەۋەتتى. ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ نەزىرىدىكى ئورۇن جەھەتتە ھەر دائىم مەن بىلەن بەسلىشەتتى. مەن دىيانەت جەھەتتە زەينەپتىنمۇ ياخشى بىر ئايالنى كۆرمىدىم. ئۇ تولىمۇ تەقۋا، ئىنتايىن راستچىل، كۆپ سىلە-رەھىم قىلىدىغان، كۆپ سەدىقە قىلىدىغان، سەدىقە ۋە ياخشى ئىشلارغا كۆپ كۈچ سەرپ قىلىدىغان، الله قا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئىشلارنى كۆپ قىلىدىغان ئايال ئىدى. لېكىن مىجەزى ئىتتىك بولغاچقا ئاسانلا ئاچچىقلاپ قالاتتى، بىراق ئاچچىقىدىن تېزلا ياناتتى. زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ، كىرىشكە رۇخسەت سورىدى. زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھا كىرگەندە، رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنىلا مەن بىلەن بىر يېپىنچىدا ياتقان ئىدى. زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئاياللىرىڭ مېنى سېنىڭ يېنىڭغا ئەبۇ قۇھافەنىڭ قىزى ھەققىدە ئادىل مۇئامىلە قىلىشىڭنى سوراپ ئەۋەتتى ـــ دېدى. ئاندىن ئۇ ئاچچىقلاپ ماڭا تىل ئۇزاتتى، مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ماڭا (زەينەپكە جاۋاب قايتۇرۇشۇمغا) رۇخسەت بېرىدىغان ياكى بەرمەيدىغانلىقىنى كۆزەتتىم، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مېنىڭ ئۆچ ئېلىشىمنى يامان كۆرمەيدىغانلىقىنى سەزدىم. شۇنىڭ بىلەن زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھا تېخى ئورنىدىن مىدىرلىماستىنلا ئۇنىڭغا جاۋاب قايتۇرۇپ، ئۇنى جىمىقتۇرۇپ قويدۇم. ئۇنىڭ بىلەن دېيىشكەندە جېدەل ـ ماجىرا قىلمايلا يېتەرلىك جاۋابنى بەردىم. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ ماڭا قاراپ تەبەسسۇم قىلدى ۋە:

ـــ «إنها بنت أبي بكر» «نېمىلا دېگەن بىلەن، ئەبۇبەكرىنىڭ قىزىدە ـ سەن؟!» ـــ دېدى.[①]

بۇنىڭدىن، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇكەممەل چۈشەنچە ۋە ئۆتكۈر ئەقىلگە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ جېدەللەشكۈچى تەرەپ ھەددىدىن ئاشقانغا قەدەر سەۋر قىلغان، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭغا قانائەتلىنەرلىك جاۋابنى بەرگەن.

ئىبنى ھەجەر (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىستىن ـــ بىر ـ بىرىگە كۈندەشلىك قىلىدىغان ئاياللارنىڭ ئۆزئارا بەسلىشىدىغانلىقى ۋە ئېرىنى بىر ـ بىرىدىن قىزغىنىدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ئاياللىرى ئۆزئارا دېيىشىۋاتقاندا ئەر كىشىنىڭ سۈكۈتتە تۇرسا بولىدىغانلىقى ۋە ئەر كىشىنىڭ بىر تەرەپكە يان باسماسلىقى كېرەكلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ».[②]

## ئۈچىنچى، پەيغەمبەر ئائىلىسىدىكى مۇئامىلە مەسىلىرىنىڭ ھەل

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

② «فتح الباري» 5 ـ توم 208 ـ بەت.

**قىلىنىشى**

رەسۇلۇللاھ ﷺ الله تائالانىڭ ﴿وَعَاشِرُوهُنَّ بِالْمَعْرُوفِ﴾ «ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە تىرىكچىلىك قىلىڭلار»[1] دېگەن سۆزىنى ھاياتىغا ئەمەلىي تەتبىقلىغان ھالەتتە پاك ئاياللىرى بىلەن گۈزەل ۋە بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرگەن.

لېكىن، بۇ مۇبارەك ئائىلىدىمۇ بەزىدە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر پەيدا بولغان، چۈنكى ھەربىر ئائىلە بۇ ئىشلارغا يولۇقۇپ تۇرىدۇ.

رەسۇلۇللاھ ﷺ ھەربىر ئائىلە باشلىقى ئۆزىگە نەمۇنە قىلىپ ئەگىشىدىغان ئۈلگە بولغاچقا، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئائىلىسىدىمۇ بەزى مەسىلىلەرنىڭ يۈز بېرىشى ئىنتايىن تەبىئىي بىر ئىشتۇر. الله تائالا بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىش چارىلىرىنى شۇ ئارقىلىق بىزگە كۆرسىتىپ بەرگەن.

بۇ ئىشلار ھەربىر ئەرگە نىسبەتەن ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئۆي ئىچىدە بەزى مەسىلىلەرنىڭ يۈز بېرىشى خەتەرلىك ئەمەس، چۈنكى ھەرقانداق بىر ئائىلە بۇنىڭدىن خالىي بولالمايدۇ. ئەمما، بۇ مەسىلىلەرنى ھېكمەت ۋە توغرا ئۇسلۇب بىلەن ھەل قىلماسلىق خەتەرلىكتۇر. ئەگەر بۇ مەسىلىلەر ھېكمەتلىك ئۇسۇلدا توغرا ھەل قىلىنمىسا، ئەر-ئاياللار بىر-بىرىدىن ئالاقىنى ئۈزىدىغان ۋە نىھايەتتە ئائىلىسى ۋەيران بولىدىغان ئىشلار كېلىپ چىقىدۇ.

**❖ پەيغەمبەر ﷺ بۇ مەسىلىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلغان ۋە ئۇنى قانداق ھەل قىلغان؟**

پەيغەمبەر ئائىلىسىدە بوھتان چاپلىنىش، خىراجەت تەلەپ قىلىش ۋە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ئۆزىگە ھارام قىلغانلىق

[1] سۈرە نىسا 19- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

قىسسىسىگە ئوخشاش ئېغىر مەسىلىلەر يۈز بەرگەن.

بىز بۇ ھادىسىلەرنىڭ بىر قىسمىنى بايان قىلىپ، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۇ ئىشلارغا قانداق مۇئامىلە قىلغانلىقىغا قاراپ باقايلى.

**بوھتان ۋەقەلىكى**

بۇ قىسسىدە مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئىنتايىن قىيىن سىناقتا دۇچ كەلگەن ۋە نۇرغۇن كۆڭۈلسىز ئىشلار يۈز بەرگەن. ھەتتا الله تائالا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ۋەھيي نازىل قىلىش ئارقىلىق پاكلىغان.

مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇ قىسسىنى بىزگە بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ سەپەرگە چىقماقچى بولسا ئاياللىرىنىڭ ئارىسىدا چەك تاشلايتتى. چەك كىمگە چىقسا، شۇنى بىللە ئېلىپ چىقاتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ بىر غازاتقا چىقماقچى بولۇپ ئارىمىزدا چەك تاشلىغانىدى، چەك ماڭا چىقتى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىرگە سەپەرگە ئاتلاندىم. بۇ ۋاقىتلار ھىجاب ئايىتى نازىل بولغاندىن كېيىنكى چاغلار ئىدى. مەن كاجۋىدا ماڭاتتىم. قونالغۇغا چۈشكەندىمۇ، كاجۋا بىلەن يەرگە چۈشۈرۈلەتتىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ غازاتتىن بىكار بولغاندا، مەدىنىگە قايتىپ ماڭدۇق ۋە مەدىنىگە يېقىن بىر يەرگە كېلىپ چۈشتۇق. رەسۇلۇللاھ ﷺ قوشۇننى كېچىسى مېڭىشقا بۇيرۇدى، ئۇلار مېڭىشقا تەييارلانغاندا مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ قوشۇندىن چەترەك بىر جايغا ھاجەتكە بېرىپ، قايتىپ كېلىپ قارىسام بوينۇمدىكى زىفارنىڭ كەھرىۋا مونچىقى ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ قاپتۇ. مەن ھاجەت قىلغان يەرگە قايتا بېرىپ، مونچاقنى ئىزدەش بىلەن بولۇپ قاپتىمەن. كاجۋامنى تۆگىگە ئارتىپ تاڭىدىغان كىشىلەر مېنى كاجۋا ئىچىدە بار دەپ ئويلاپ كاجۋىنى تۆگىنىڭ ئۈستىگە ئارتىپلا يۈرۈپ كېتىپتۇ. ئۇ چاغلاردا ئاياللار تاماقنى ئاز يېگەنلىكتىن ئورۇق ۋە يېنىك بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەن تېخى يېشى كىچىك قىز

ئىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، مېنىڭ كاجۋىدا يوقلۇقۇم ئۇلارغا بىلىنمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تۆگىنى ھەيدەپ يۈرۈپ كېتىپتۇ، مەن مونچىقىمنى تېپىپ قايتىپ كەلسەم، قوشۇن يۈرۈپ كېتىپ ئۇ يەردە ھېچ ئادەم قالماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن جايىمغا قايتىپ «ئۇلار مېنى يوقۇتۇپ قويغانلىقىنى بىلىپ ئىزدەپ كېلىدىغۇ» دەپ ئويلاپ ئولتۇرۇپ كۆزۈم ئۇيقۇغا كېتىپ قاپتۇ. سەفۋان ئىبنى مۇئەتتەل قوشۇننىڭ ئارقىسىدىن ماڭغان ئىكەن، ئۇ مېنىڭ يېنىمغا يېتىپ كېلىپ، ئۇخلاۋاتقان بىرسىنىڭ قارىسىنى كۆرۈپتۇ ـ دە، يېقىنلاپ كېلىپ مېنى تونۇپتۇ. ئۇ مېنى ھىجاب پەرز بولۇشتىن ئىلگىرى كۆرگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئېيتقان ئىستىرجاسى سەۋەبلىك ئويغىنىپ، يۈزۈمنى چۈمبەل بىلەن يۆگىۋالدىم. الله بىلەن قەسەمكى، ئۇ ماڭا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. مەن ئۇنىڭ ئىستىرجاسىدىن باشقا سۆزىنى ئاڭلىمىدىم. ئۇ تۆگىسىنى چۆكتۈرۈپ، تۆگىنىڭ ئالدى پۇتىغا دەسسەپ تۇردى، مەن تۆگىگە مىندىم، ئۇ تۆگىنى يېتىلەپ ماڭدى. ئەتىسى چۈش ۋاقتى كۈن تازا قىزىغان بىر چاغدا بىر يەرگە چۈشۈپ دەم ئېلىۋاتقان قوشۇنغا يېتىشىۋالدۇق. بىزنى كۆرگەن مۇناپىقلار مەن ھەققىدە بوھتان توقۇپ ھالاكەتكە يۈزلەندى، ئۇلارنىڭ باشچىسى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل ئىدى.

نىھايەت، مەدىنىگە قايتىپ كەلدۇق. مەن ئاغرىپ قېلىپ بىر ئاي يېتىپ قالدىم. مەدىنىدە سۆزـ چۆچەك تارقىلىپ، مېنىڭ ئۈستۈمدىن توقۇلغان بوھتان ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يۈرۈپتۇ. لېكىن مەن بۇنىڭدىن ھېچنەرسە ئۇقماپتىمەن. پەيغەمبەر ﷺ گە كەلسەك، بۇرۇن ئاغرىپ قالسام، ماڭا كۆرسىتىدىغان مېھرـ شەپقەتنى بۇ قېتىم كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇ ھۇجرامغا سالام بېرىپ كىرىپ:

ــ ئەھۋالىڭ قانداق؟ ــ دەپلا قوياتتى. بۇ مۇئامىلە مېنى شۈبھىلەندۈرۈپ

قويدى، ئەمما سىرتتا بولۇۋاتقان سۆز ـ چۆچەكلەردىن ھېچنەرسىنى ئۇقمايتتىم. كېسەلىم ساقىيىشقا باشلىغاندا، مىستەھنىڭ ئانىسى بىلەن سىرتقا ھاجەتكە چىقتىم. ئۇ ئېتىكىگە پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشتى ـ دە:

ـــ مىستەھ بېشىنى يېسۇن! ـــ دېدى. مەن ئۇنىڭغا:

ـــ ئەجەب يامان گەپ قىلدىڭغۇ، بەدر غازىتىغا قاتناشقان ئادەمنىمۇ قارغامسەن؟ ـــ دېسەم، ئۇ ماڭا:

ـــ ئى ئائىشە! ئۇنىڭ قىلىپ يۈرگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ ـــ دېدى، مەن:

ـــ ئۇ نېمە دەپ يۈرۈپتۇ؟ ـــ دېسەم، بوھتانچىلارنىڭ قىلىپ يۈرگەن سۆزلىرىنى ماڭا ئېيتىپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن ئاغرىقىمغا ئاغرىق قوشۇلدى. ھۇجرامغا قايتىپ كەلگىنىمدىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ ﷺ يېنىمغا كىرىپ سالام بېرىپ:

ـــ قانداق ئەھۋالىڭ؟ ـــ دەپ ئەھۋالىمنى سورىدى. مەن ئۇنىڭدىن ئاتا ـ ئانامنىڭ ئۆيىگە بېرىشقا ئىجازەت سورىدىم، مەن ئۇلاردىن ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەكچى ئىدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ ماڭا ئىجازەت بەردى. مەن ئاتا ـ ئانامنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئانامغا:

ـــ ئى ئانا! كىشىلەر نېمە سۆز ـ چۆچەكلەرنى قىلىشىۋاتىدۇ؟ ـــ دەپ سورىسام، ئانام:

ـــ ئى قىزىم! ئۆزۈڭنى ئۇپراتما. الله بىلەن قەسەمكى، ئېرى ئامراق، ئۆزى چىرايلىق، كۈندەشلىرى بار ئايال توغرىسىدا ھەر قىسىم گەپلەرنىڭ چىقىشى نورمال، ـــ دېدى. مەن:

ـــ سۇبھانەللاھ (الله پاكتۇر)! كىشىلەر مۇنداق، مۇنداق گەپلەرنى قىلىپ يۈرۈپتۇ ـــ دېدىم. شۇ كېچىسى تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىماي يىغلاپ چىقتىم. بۇ

ھەقتىكى ۋەھيي كېچىككەنلىكتىن، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب بىلەن ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنى چاقىرىپ، مەن بىلەن ئايرىلىپ كېتىش توغرىسىدا ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئېلىپ كۆرگەن ئىكەن، ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئاياللىنى پاك دەپ بىلىدىغانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ ياخشى كۆڭلىگە ئاساسەن:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلار سىزنىڭ ئەھلىڭىزدۇر، بىز پەقەت ئۇلارنىڭ ياخشىلىقىنىلا بىلىمىز — دەپتۇ. ئەمما، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— الله تائالا سىزنى خوتۇندىن قىسىپ قويغىنى يوق، ئائىشەدىن باشقا ئاياللارمۇ كۆپقۇ؟ ئائىشەنىڭ خىزمەتچىسى بەرىرەدىن سوراپ باقساڭ، ئۇ راستىنى ئېيتىپ بېرىدۇ — دەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ﷺ بەرىرەنى چاقىرىپ:

— ئى بەرىرە! ئائىشەدە بىرەر گۇمانلىق ئىش سەزدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. بەرىرە:

— سىزنى ھەق پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن ئائىشەدىن بىرەر ئەيىبلىك ئىش كۆرگىنىم يوق. ئۇ خېمىر يۇغۇرۇۋېتىپ ئۇخلاپ قالىدىغان، ئاندىن مال-ۋاران كېلىپ خېمىرنى يەۋالسىمۇ تۇيمايدىغان كىچىك قىز — دەپتۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئايالى زەينەپ بىنتى جەھشتىن مېنىڭ ئىشىم ھەققىدە كۆرگەن ياكى بىلگەن ئىشلارنى سورىغان ئىكەن. زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

— ئى رەسۇلۇللاھ! مەن قۇلىقىمنى ۋە كۆزۈمنى ھىمايە قىلىمەن. الله بىلەن قەسەمكى، مەن ئائىشەدىن پەقەت ياخشىلىقنىلا بىلىمەن — دەپتۇ. زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئاياللىرى ئىچىدىن مەن بىلەن

بەسلىشىدىغان ئايال ئىدى، الله تائالا ئۇنى تەقۋالىق بىلەن ساقلاپ قاپتۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇلدىن رەنجىگەنلىكىنى جاكارلىماقچى بولۇپ، مۇسۇلمانلارنى يىغىپ، مۇنبەرگە چىقىپ:

— «يا معشر المسلمين، من يعذرني من رجل قد بلغ أذاه في أهلي بيتي؟، فوالله ما علمت على أهلي إلا خيرا، ولقد ذكروا رجلا ما علمت عليه إلا خيرا، وما كان يدخل على أهلي إلا معي» «ئى مۇسۇلمانلار جامائىتى! ئايالىم توغرىسىدا مېنى رەنجىتكەن ئادەمگە قارىتا كىم ماڭا ياردەم بېرىدۇ؟ الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەيلى ئايالىم ياكى سەفۋان ئىبنى مۇئەتتەل بولسۇن، ئۇلاردىن ياخشىلىقتىن باشقا نەرسىنى سەزگىنىم يوق، سەفۋان مېنىڭ ئۆيۈمگە پەقەت مەن بىلەنلا كىرەتتى» — دېگەنىكەن. ئاندىن سەئىد ئىبنى مۇئاز ئەنسارى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئۇنىڭدىن ئۆچۈڭنى ئېلىپ بېرىمەن. ئەگەر ئۇ ئادەم ئەۋس قەبىلىسىدىن بولسا، ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالىمەن، ئەگەر ئۇ ئادەم خەزرەج قەبىلىسىدىكى قېرىنداشىمىز بولسا، سەن نېمىگە بۇيرۇساڭ، بىز سېنىڭ بۇيرۇقىڭنى ئىجرا قىلىمىز — دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەۋس قەبىلىسى بىلەن خەزرەج قەبىلىسى ئۆزئارا تالاش-تارتىشقا چۈشۈپتۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارنىڭ ئاچچىقىغا ھاي بېرىشنى ئېيتىپ، ئۇلارنى تەستە بېسىقتۇرۇپتۇ.

مەن ئۇ كۈنى بىر كېچە-كۈندۈز يىغلاپ كۆزۈمدىن ياش قۇرۇمىدى، كۆزۈم ئۇيقۇغىمۇ بارمىدى. مەن يىغلاۋەرگەچكە، ئاتا-ئانام مېنىڭ جىگىرىمنى يېرىلىپ كەتتىمىكىن دەپ ئويلاپ قاپتۇ. ئۇلار يېنىمدا ئولتۇراتتى، ئەنسارىلاردىن بىر ئايال يېنىمغا كىرىشكە ئىجازەت سورىغانىدى، مەن ئۇنىڭغا ئىجازەت بەردىم، ئۇمۇ كىرىپ ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ مەن بىلەن بىللە يىغلاپ ئولتۇردى. بىز مۇشۇ ھالەتتە تۇرغاندا، رەسۇلۇللاھ ﷺ كىرىپ سالام بېرىپ ئولتۇردى، ئۇ مەن ھەققىدە سۆز-چۆچەك تارالغاندىن بۇيان يېنىمدا ئولتۇرۇپ

باقمىغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ بىر ئاي كۈتتى، ئەمما مېنىڭ ئىشىم ھەققىدە ئۇنىڭغا ۋەھيي نازىل قىلىنمىغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئولتۇرۇپ شاھادەت ئېيتقاندىن كېيىن:

— «يا عائشة: فإنه قد بلغني عنك كذا وكذا، فإن كنت بريئة فسيبرئك اللّٰه، وإن كنت ألممت بذنب، فاستغفري اللّٰه وتوبي إليه، فإن العبد إذا اعترف بذنب ثم تاب، تاب اللّٰه عليه» ئى ئائىشە! سېنىڭ ئۈستۈڭدىن تۈرلۈك سۆزلەرنى ئاڭلىدىم. ئەگەر سەن پاك بولساڭ، الله سېنى ئاقلايدۇ. ئەگەر گۇناھ قىلىپ سالغان بولساڭ، الله قا ئىستىغپار ئېيتىپ تەۋبە قىلغىن! بەندە گۇناھىغا ئىقرار قىلىپ تەۋبە قىلسا، الله تائالا ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ — دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يېشىم قۇرۇپ كەتتى، كۆزۈمدىن بىرەر تامچە ياشمۇ چىقمىدى. مەن دادامغا:

— مېنىڭ ئورنۇمدا رەسۇلۇللاھ ﷺ گە سەن جاۋاب بەرگىن — دېسەم، دادام:

— الله بىلەن قەسەمكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ گە نېمە دېيىشىمنى بىلمەيمەن — دېدى. ئاندىن ئانامغا:

— مېنىڭ ئورنۇمدا رەسۇلۇللاھ ﷺ گە سەن جاۋاب بەرگىن — دېسەم، ئاناممۇ:

— الله بىلەن قەسەمكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ گە نېمە دېيىشىمنى بىلمەيمەن — دېدى، مېنىڭ يېشىم تېخى كىچىك بولغاچقا، قۇرئاندىن كۆپ ئايەت يادلىيالمىغانىدىم، شۇڭا:

— الله بىلەن قەسەمكى، سىلەر كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىگە شۇ قەدەر ئىشەنگەنسىلەركى، ئەگەر مەن ئۆزۈمنى پاك دېسەم (الله ئەلۋەتتە پاكلىقىمنى بىلىدۇ) سىلەر سۆزۈمگە ئىشەنمەيسىلەر. ئەگەر تۆھمەتنى ئۈستۈمگە ئالسام (الله پاكلىقىمنى بىلىدۇ)، سىلەر ئۇنىڭغا چوقۇم ئىشىنىسىلەر. الله نىڭ نامى بىلەن

قەسەمكى، بۇ ھەقتە سىلەرگە ئېيتىش ئۈچۈن يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسىنىڭ (يەئقۇب ئەلەيھىسسالامنىڭ) «مەن پەقەت چىرايلىقچە سەۋر قىلىمەن، سىلەرنىڭ (سۆزۈڭلارنى) كۆتۈرۈشۈمگە الله مەدەتكاردۇر» دېگەن سۆزىدىن باشقا مىسال تاپالمايمەن — دېدىم. الله نىڭ پاكلىقىمنى بىلىدىغانلىقى ئۈچۈن مېنى ئاقلىشىنى ئۈمىد قىلىپ، ھەم چوقۇم ئاقلايدۇ دەپ ئىشەنچ قىلىپ، ئورنۇمغا بېرىپ ياتتىم. لېكىن، الله نىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، الله تائالانىڭ مېنىڭ ھەققىمدە ئايەت نازىل قىلىشىنى ئويلىمىغان ئىدىم. ئۆزۈمنى قۇرئاندا تىلغا ئېلىنىشقا ئەرزىيدىغان ئادەم دەپ قارىمايتتىم، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بىر چۈش كۆرۈشىنى ۋە الله نىڭ مېنىڭ پاك ئىكەنلىكىمنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ چۈشىگە ئايان قىلىشىنىلا ئۈمىد قىلاتتىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئورنىدىن قوزغالمىغان بولۇپ، ئۆيدىكىلەردىنمۇ ھېچكىم سىرتقا چىقىپ كەتمىگەن ئىدى. شۇ ئەسنادا، الله تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ﷺ گە ۋەھيي نازىل قىلدى. چۈنكى نازىل بولغان ۋەھيينىڭ ئېغىرلىقىدىن، قىش بولۇشىغا قارىماي مۇھەممەد ﷺ نىڭ ئۈستى-بېشىدىن مونچاق-مونچاق تەر ئېقىۋاتاتتى، ۋەھيي نازىل بولۇپ بولغاندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ ﷺ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— «أبشري يا عائشة! أما اللّٰه فقد برأك» «ئى ئائىشە! بېشارەت ئالغىن. الله سېنى ئاقلىدى» — دېدى، ئانام ماڭا:

— ئورنۇڭدىن تۇرۇپ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە رەھمەت ئېيتقىن! — دېدى، مەن:

— الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئورنۇمدىن تۇرمايمەن، مېنى ئاقلىغان الله تىن باشقىغا رەھمەتمۇ ئېيتمايمەن — دېدىم. الله تائالا مېنى ئاقلاش ئۈچۈن ﴿إِنَّ الَّذِينَ جَاءُوا بِالْإِفْكِ عُصْبَةٌ مِنْكُمْ لَا تَحْسَبُوهُ شَرًّا لَكُمْ بَلْ هُوَ خَيْرٌ لَكُمْ لِكُلِّ امْرِئٍ مِنْهُمْ مَا اكْتَسَبَ مِنَ الْإِثْمِ وَالَّذِي تَوَلَّى كِبْرَهُ مِنْهُمْ لَهُ عَذَابٌ عَظِيمٌ۞ لَوْلَا إِذْ سَمِعْتُمُوهُ ظَنَّ الْمُؤْمِنُونَ وَالْمُؤْمِنَاتُ

**بِأَنْفُسِهِمْ خَيْرًا وَقَالُوا هَذَا إِفْكٌ مُبِينٌ...﴾** «شۈبھىسىزكى، سىلەردىن بىر گۇرۇھ ئادەم (ئائىشەگە) بوھتان چاپلىدى. بۇ سىلەر ئۈچۈن يامان ئەمەستۇر، (سەۋر قىلغانلىقىڭلار بىلەن ساۋابقا ئېرىشىدىغانلىقىڭلار ئۈچۈن ۋە ئائىشە، سەفۋانلارنىڭ پاكلىقى ئاشكارا بولىدىغانلىقى ئۈچۈن) بەلكى ياخشىدۇر، بوھتان چاپلىغۇچىلاردىن كىمنىڭ قانچىلىك گۇناھى بولسا، ئۇنىڭغا شۇنچىلىك جازا بېرىلىدۇ، بوھتاننىڭ چوڭ قىسمىنى تارقاتقان ئادەم (يەنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي) قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ [11]. بوھتاننى ئاڭلىغان چاغلىرىڭلاردا ئەر ـ ئايال مۇئمىنلەر نېمىشقا ئۆزلىرىنى ياخشى دەپ قاراپ، بۇ ئېنىق بوھتان دېمىدى؟ [12] ...»① دېگەن ئۇن ئايەتنى نازىل قىلغان ئىدى.②

❖ **بۇ ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بوھتان ھەققىدە ئايالىغا قىلغان مۇئامىلىسىدە تۆۋەندىكىلەر ئەكس ئەتكەن:**

• بىرىنچى، چوڭقۇر ئويلىنىش. پەيغەمبەر ﷺ بۇ ئۆسەك سۆزلەرگە ھۆكۈم چىقىرىشتىن ئىلگىرى ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى تەكشۈرۈش، ئىسپاتلاش ۋە چوڭقۇر ئويلىنىش ئۇسۇلىنى قوللانغان. قارارىنىڭ ئادىل ۋە توغرا بولۇشى ئۈچۈن ئالدىراقسانلىق قىلمىغان.

ۋەقەنىڭ يۈز بەرگىنىگە تولۇق بىر ئاي ئۆتكەن بولسىمۇ، رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ تېما توغرىسىدا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئېغىز ئاچمىغان، بەلكى ئىشنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئەھۋال ئىگىلىگەن.

• ئىككىنچى، مۇئامىلىنى ئۆزگەرتىش. پەيغەمبەر ﷺ مۇئامىلە ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ ئايالىنىڭ يېنىدا ئولتۇرمىغان. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەم بۇنىڭدىن ئىلگىرى كېسەل بولۇپ قالغاندا، پەيغەمبەر ﷺ دىن كۆرىدىغان

① سۇرە نۇر 11 ـ ئايەتتىن 20 ـ ئايەتكىچە.
② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

مېھىر ـ شەپقەتنى بۇ قېتىم ھېس قىلالمىغان. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ دىن بۇرۇن ئاغرىپ قالسام كۆرىدىغان مېھىر ـ شەپقەتنى بۇ قېتىم كۆرگىلى بولمايتتى».

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇ پوزىتسىيىسىدىن، ئۇنىڭ ھادىسىگە ئىنتايىن ھېكمەتلىك مۇئامىلە قىلغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ ئايالىدىن بىر پۈتۈن يىراقلاشمىغان، چۈنكى ئايال كىشىدىن گۇناھ سادىر بولغانلىقى ئېنىق ئاشكارا بولغاندىن كېيىن ئاندىن ئايال كىشىدىن يىراقلىشىشقا بولىدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن جازالىنىشقا تېگىشلىك ھېچقانداق ئىش ئىسپاتلانمىغاچقا، پەيغەمبەر ﷺ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى يوقلاپ، ئۇنىڭدىن: «ئەھۋالىڭ قانداق؟» دەپ سوراپ تۇرغان.

پەيغەمبەر ﷺ بىر ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ھەمدە ئۇ ئىشنىڭ ھەقىقىتىنى ئېنىقلاشقا موھتاج ئىكەنلىكىنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ھېس قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئىلگىرىكى مۇئامىلە ئۇسلۇبى بويىچە مۇئامىلە قىلمىغان.

ھاپىز ئىبنى ھەجەر (رەھىمەھۇللاھ) بۇ ھەدىسنىڭ پايدىلىرى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «ئايال كىشىگە كۆيۈنۈش، ئۇنىڭ بىلەن ئىناق ئۆتۈش كېرەك. ئايال كىشىدە مۇئامىلىلەرنى ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك بىرەر ئىش كۆرۈلگەن، ئەمما ئىشنىڭ ھەقىقىتى تېخى ئېنىقلانمىغان بولسا، بۇ ۋاقىتتا مۇئامىلىنى ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ. ئايال كىشى مۇئامىلىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى ھېس قىلىپ ئۆزرە ئېيتىدۇ ياكى خاتالىقىنى تونۇيدۇ».①

نەۋەۋى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بوھتان توغرىسىدىكى ھەدىستە كۆپلىگەن پايدىلار بار. ئەر كىشى ئايالى توغرىسىدا بىرەر ئىشنىڭ يۈز

① «فتح الباري» 2ـ توم 479ـ بەت.

بەرگەنلىكىنى ئاڭلىغاندا ئايالىغا بولغان كۆيۈنۈشىنى كېمەيتسە بولىدۇ. نەتىجىدە ئايال كىشى بۇنى ھېس قىلىپ، يۈز بەرگەن ئىشنىڭ سەۋەبىنى سوراپ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرىدۇ».[1]

• ئۈچىنچى، ئۇخشىمىغان پىكىر ۋە مەسلىھەتلەرنى توپلاش. رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈرۈش ئۈچۈن، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئەخلاقى ۋە ئىش-پائالىيەتلىرى توغرىسىدا ئۇسامە ئىبنى زەيد، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار، زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋە بەرىرە قاتارلىقلاردىن بۇ ئىش ھەققىدە بىرەر ئىشنىڭ كۆرۈلگەن ياكى كۆرۈلمىگەنلىكىنى مەخپىي سۈرۈشتۈرگەن.

رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ ئىش ھەققىدە يۇقىرىقى تۆت نەپەر كىشىنى ھېكمەتسىز تاللىمىغان. چۈنكى، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېقىنى ۋە ئائىلىسىدىن، ئۇسامە ئىبنى زەيد بولسا سىر ساقلايتتى ۋە پەيغەمبەر ﷺ ئائىلىسىنىڭ يېقىن كىشىلىرىدىن ئىدى.

ئىبنى ھەجەر (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئەلى ۋە ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنى مەسلىھەتكە تاللىشىدىكى سەۋەب شۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى كىچىكىدىن تارتىپلا تەربىيىلىگەن بولغاچقا، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۆز بالىسىدەكلا كۆرەتتى. ئۇنىڭدىن سىرت، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن نىكاھلىنىشى ئوتتۇرىدىكى مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ چىڭىتقان. مۇشۇ سەۋەبلەرگە كۆرە، ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئائىلە ئىشلىرىنى باشقىلارغا قارىغاندا كۆپرەك بىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئائىلىگە ئالاقىدار بولغان ئىشلاردىكى مەسلىھەتكە مەخسۇس تاللانغان. ئومۇمىي مۇسۇلمانلارغا ئالاقىدار مەسىلىلەردە ئۇلۇغ ساھابىلەردىن بولغان

[1] «شرح النووي على صحيح مسلم» 17- توم 117- بەت.

ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مەسلىھەتچىلىرىدۇر».

ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا كەلسەك، ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىدا ئۇزۇن تۇرۇش ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇھەببىتىگە نائىل بولۇش جەھەتتە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قېلىشمايتتى. شۇڭلاشقا، ساھابىلەر ئۇنى «رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ دوستى» دەپ ئاتىشاتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ مەسلىھەتكە ئۇنىڭ دادىسى ۋە ئانىسىنى تاللىماستىن پەقەت ئۇنىلا تاللىغان. ئۇ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاشلا ياش يىگىت ئىدى. ئۇنى تاللىشىدىكى سەۋەب بولسا، ياشلارنىڭ ئەقلى چوڭلارغا قارىغاندا ئۆتكۈر ۋە بىلگىنىنى دېيىشتە چوڭلارغا قارىغاندا جۈرئەتلىك بولىدۇ. چوڭلار بولسا كۆپىنچە ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆپ ئويلاپ، بەزىدە دېگۈچىنىڭ ۋە بەزىدە سورالغۇچىنىڭ ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتۇپ بەزى ئىشلارنى يوشۇرىدۇ.[1]

رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ مەسلىھەتكە ئىككى نەپەر ئايال كىشىنىمۇ تاللىغان بولۇپ، بىرى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھامىسىنىڭ قىزى، يەنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئايالى زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھا؛ يەنە بىرى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ دېدىكى بەرىرەدۇر. رەسۇلۇللاھ ﷺ بەرىرەنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېقىنى بولغانلىقى ۋە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن تاللىغان. بۇ تاللاشتىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلىدىغانلىقى ۋە ئابرۇيغا تاقىشىدىغان مەسىلىلەرگە ناھايىتى ھوشيارلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ نەتىجىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان بۇ مەخپىي تەكشۈرۈشنى ئېلىپ بارغاندىن كېيىن مۇنبەرگە چىقىپ، بۇ پىتنىنىڭ باش مەنبەسى بولغان

[1] «فتح الباري» 8- توم 469- بەت.

كىشىنىڭ ئىسمىنى جاكارلىغان. ئۇ بولسىمۇ، مۇناپىقلارنىڭ كاتتىۋېشى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيدۇر. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئى مۇسۇلمانلار جامائىتى! ئايالىم توغرىسىدا مېنى رەنجىتكەن ئادەمگە قارىتا كىم ماڭا ياردەم بېرىدۇ؟ الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەيلى ئايالىم ياكى سەفۋان ئىبنى مۇئەتتەل بولسۇن، ئۇلاردىن ياخشىلىقتىن باشقا نەرسىنى سەزگىنىم يوق، سەفۋان مېنىڭ ئۆيۈمگە پەقەت مەن بىلەنلا كىرەتتى».

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنبەردە تۇرۇپ: «ئايالىمدىن ياخشىلىقتىن باشقىنى سەزگىنىم يوق» دېگەن سۆزنى دېيىش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئايالىنى ئاقلىغان.

پەيغەمبەر ﷺ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پاكلىقىنى بىلىپ يەتكەن بولسىمۇ، كەسكىن قارار چىقىرىش ئۈچۈن ۋەھيىنىڭ نازىل بولۇشىنى كۈتكەن.

ۋەھيىنىڭ كېچىكىشى ھەم كۆپلىگەن ھېكمەتكە ئىگە بولغان ئىدى. ئەڭ مۇھىم ھېكمەت شۇ بولغان ئىدىكى، الله تائالا بۇ ھادىسە ئارقىلىق، مۇسۇلمان ئائىلىنى پارچىلىنىشتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سەزگۈر ھادىسىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىشنى ئۇممەتكە ئۆگەتكەن.

- تۆتىنچى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن يۇزمۇيۇز پاراڭلىشىش. رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئاشكارىلاش ۋە قەلبىنى ئارام تاپقۇزۇش مەقسىتىدە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن بۇ تېما ھەققىدە ئوچۇق پاراڭلاشقان.

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ۋەز-نەسىھەت شەكلىدە مۇنداق دېگەن: «ئى ئائىشە! سەن توغرىسىدا مۇنداق، مۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلىدىم. ئەگەر سەن پاك بولساڭ، الله سېنى ئاقلايدۇ؛ ئەگەر گۇناھ قىلىپ سالغان بولساڭ، الله قا ئىستىغپار ئېيتىپ تەۋبە قىلغىن! بەندە گۇناھىغا ئىقرار بولۇپ

تەۋبە قىلسا، الله تائالا ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ».

• بەشىنچى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پاكلىقى ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېيدىشىغا كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغان. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «ئانام ماڭا: <ئورنۇڭدىن تۇرۇپ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە رەھمەت ئېيتقىن> دېگەنىدى، مەن: <الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئورنۇمدىن تۇرمايمەن، مېنى ئاقلىغان الله تىن باشقىغا رەھمەتمۇ ئېيتمايمەن> دېدىم».

نەۋەۋى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ بوھتاندىن پاكلىنىشى قۇرئان كەرىمنىڭ ئايىتى ئارقىلىق كەسكىن بايان قىلىنغان. ئەگەر ئىنسان ئۇنىڭدا شۇبھىلەنسە (الله ئۇنىڭدىن ساقلىسۇن!)، ئالىملارنىڭ ئىجماسى بىلەن مۇرتەد كاپىر بولىدۇ».[1]

**خىراجەت تەلەپ قىلىش ۋەقەلىكى**

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئاياللىرىنىڭ ئارتۇق نەپىقە تەلەپ قىلىشىدىن يۈز بەرگەن ئىشلارمۇ پەيغەمبەر ئائىلىسى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن قىيىنچىلىق ۋە ئوڭۇشسىزلىقلار قاتارىدىندۇر.

بۇ قىسىمدا، ئاياللىرىنىڭ ئارتۇق نەپىقە تەلەپ قىلىشى سەۋەبىدىن ئائىلىسىدە يۈز بەرگەن ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلارغا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قانداق مۇئامىلە قىلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

عن جابر بن عبد اللّه، قال : «دخل أبو بكر رضي اللّه عنه يستأذن على رسول اللّه ﷺ فوجد الناس جلوسا ببابه لم يؤذن لأحد منهم، فأذن لأبي بكر فدخل ثم أقبل عمر، فاستأذن فأذن له، فوجد النبي ﷺ جالسا حوله نسائه واجما ساكتا، فقال لأقولن شيئا أضحك النبي ﷺ ، فقال: يا رسول

[1] «شرح النووي على صحيح مسلم» 17- توم 117- بەت.

الله لو رأيت بنت خارجة سألتني النفقة، فقمت إليها فوجأت عنقها، فضحك رسول الله ﷺ وقال: هن حولي كما ترى يسألنني النفقة. فقام أبو بكر إلى عائشة يجأ عنقها، وقام عمر إلى حفصة يجأ عنقها، كلاهما يقول: تسألن رسول الله ﷺ ما ليس عنده؟، فنهاهما رسول الله ﷺ، فقلن: والله لا نسأل رسول الله ﷺ شيئا أبدا ليس عنده ثم نزلت عليه هذه الآية: ﴿**يَاأَيُّهَا النَّبِيُّ قُلْ لِأَزْوَاجِكَ إِنْ كُنْتُنَّ تُرِدْنَ الْحَيَاةَ الدُّنْيَا وَزِينَتَهَا فَتَعَالَيْنَ أُمَتِّعْكُنَّ وَأُسَرِّحْكُنَّ سَرَاحًا جَمِيلًا ۞ وَإِنْ كُنْتُنَّ تُرِدْنَ اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَالدَّارَ الْآخِرَةَ فَإِنَّ اللَّهَ أَعَدَّ لِلْمُحْسِنَاتِ مِنْكُنَّ أَجْرًا عَظِيمًا**﴾ فبدأ بعائشة فقال: يا عائشة إني أريد أن أعرض عليك أمرا أحب أن لا تعجلي فيه حتى تستشيري أبويك. قالت: وما هو يا رسول الله؟ فتلا عليها الآية. قالت: أفيك يا رسول الله أستشير أبوي؟، بل أختار الله ورسوله والدار الآخرة وأسألك أن لا تخبر امرأة من نسائك بالذي قلت. قال: لا تسألني امرأة منهن إلا أخبرتها، إن الله لم يبعثني معنتا ولا متعنتا ولكن بعثني معلما ميسرا، ثم خير نساءه فقلن مثل ما قالت عائشة»

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ قىسسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: [ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا كىرىشكە ئىجازەت سوراش ئۈچۈن، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە كىشىلەرنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى، ئۇلارنىڭ ھېچبىرىگە ئىجازەت بېرىلمىگەن ئىدى. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئىجازەت بېرىلىپ، ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۆيىگە كىردى. ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېلىپ ئىجازەت سورىغانىدى، ئۇنىڭغىمۇ ئىجازەت بېرىلدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆيگە كىرىپ، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ غەم باسقان، جىمجىت سۈكۈتتە ئولتۇرغان ھالىتىنى كۆردى، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئاياللىرىمۇ بار ئىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مەن بىر ئىشنى سۆزلەپ پەيغەمبەر ﷺ نى كۈلدۈرۈۋېتىمەن» دېدى ـ دە، ئاندىن: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئەگەر خارىجەنىڭ قىزى مەندىن نەپىقە سورىسا، ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ بوينىغا ئۇرىمەن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، رەسۇلۇللاھ ﷺ كۈلۈپ كەتتى ۋە: «سەن كۆرۈپ تۇرغاندەك، بۇلار مېنىڭ

ئەتراپىمدا ئولتۇرۇپ مەندىن نەپىقە سوراۋاتىدۇ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئائىشەنىڭ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەفسەنىڭ بويىنىغا ئۇرۇش ئۇچۇن ئورنىدىن تۇردى ۋە: «سىلەر رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىدا يوق نەرسىنى سورامسىلەر؟» دېيىشتى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇ ئىككىسىنى توسۇپ قالدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھالار: «الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن مەڭگۈ ئۇنىڭ يېنىدا يوق نەرسىنى سورىمايمىز» دېيىشتى. كېيىن رەسۇلۇللاھ ﷺ گە مۇنۇ ئايەت نازىل بولدى: «ئى پەيغەمبەر! (ئارتۇق خىراجەت سوراپ سېنى رەنجىتكەن) ئاياللىرىڭغا ئېيتقىنكى، <ئەگەر سىلەر دۇنيا تىرىكچىلىكىنى (يەنى پاراۋان تۇرمۇشنى) ۋە دۇنيانىڭ زىبۇ-زىننىتىنى كۆزلىسەڭلار، كېلىڭلار، سىلەرگە بىر ئاز نەرسە بېرەي، سىلەرنى چىرايلىقچە قويۇپ بېرەي [28]. ئەگەر سىلەر الله نى ۋە الله نىڭ پەيغەمبىرىنى، ئاخىرەت يۇرتىنى ئىختىيار قىلساڭلار، الله ھەقىقەتەن ئىچىڭلاردىكى ياخشى ئىش قىلغۇچىلارغا چوڭ ساۋابنى (يەنى كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان ۋە ئىنساننىڭ كۆڭلىگە كەلمىگەن نازۇنېئمەتلەر بار جەننەتنى) تەييار قىلدى [29]>»[①].

رەسۇلۇللاھ ﷺ تۇنجى بولۇپ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن باشلاپ: «ئى ئائىشە! مەن سېنى بىر ئىشقا تەكلىپ قىلىمەن، بۇ ھەقتە ئاتا-ئاناڭغا مەسلىھەت سالمىغۇچە ئالدىراپ كەتمەسلىكىڭنى ئۈمىد قىلىمەن» دېگەن. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ نېمە ئىش؟» دەپ سورىغاندا، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا نازىل بولغان ئايەتنى ئوقۇپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن سەن ھەققىدە ئاتا-ئانامغا مەسلىھەت سالامدىمەن، بەلكى مەن الله نى، الله نىڭ رەسۇلىنى ۋە ئاخىرەت

[①] سۈرە ئەھزاب 28- ۋە 29- ئايەتلەر.

دىيارنى تالاليمەن. ئاياللىرىڭدىن ھېچبىرىگە مېنىڭ سۆزۈمنى خەۋەر قىلماسلىقىڭنى سورايمەن» دېگەن. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇلاردىن بىرەرسى سوراپ قالسا، مەن ئۇنى ئەھۋالدىن خەۋەردار قىلىمەن. الله تائالا مېنى باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلىدىغان ياكى قىيىنلاشتۇرۇپ باشقىلارنى قىيىنچىلىقتا قويىدىغان ئەمەس، بەلكى ئۆگەتكۈچى ۋە ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگۈچى قىلىپ ئەۋەتكەن» دېگەن. ئاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ھەممە ئاياللىرىغا ئىختىيارلىقنى بەرگەندە، ئۇلارمۇ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئوخشاش سۆزنى ئېيتقان]. ①

بۇ قىسسىدە، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئاياللىرىنىڭ ئارتۇق نەپىقە تەلەپ قىلغانلىقىغا قانداق مۇئامىلە قىلغانلىقى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. دەسلەپتە، خۇددى جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ «ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەرﷺ نىڭ غەم باسقان، سۈكۈتتە ئولتۇرغان ھالىتىنى كۆرگەن، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەتراپىدا ئاياللىرىمۇ بار ئىدى» دېگىنىدەك، رەسۇلۇللاھ ﷺ سۈكۈت قىلىپ جىمجىت تۇرغان ۋە ئاياللىرىغا جاۋاب بەرمىگەن.

پەيغەمبەر ﷺ بۇ قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن بەزى ئىشلارغا كۆز يۇمۇش ئۇسلۇبىنى قوللانغان. چۈنكى، ئەر- ئاياللىق تۇرمۇشتىكى ئۇقۇشماسلىقلارنىڭ كۆپىنچىسى جېدەللىشىش بىلەن ھەل بولمايلا قالماستىن، بەلكى جېدەللىشىش بەزىدە مەسىلىنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈۋېتىدۇ.

پەيغەمبەرﷺ بۇ قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش ئۈچۈن قوللانغان ئىككىنچى ئۇسلۇبى ئىختىيارلىق بېرىشتۇر. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئاياللىرىغا ئۆزى بىلەن چىرايلىق ئۆي تۇتۇشقا ياكى ئايرىلىپ كېتىشكە ئىختىيارلىق بەرگەن. ئەگەر

① مۇسلىم توپلىغان.

ئايال كىشى ئېرىدىن ئېرى قىلالمايدىغان ئىشنى تەلەپ قىلسا، ئەرنىڭ ئايالىغا يېنىدا قېلىش ياكى ئايرىلىپ كېتىش ئىختىيارلىقىنى بېرىشى ـــ شەرئەتتە ئورۇنلۇق ئىشتۇر.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ماددىي قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشتا قوللانغان ئىختىيارلىقنى بېرىش ئۇسلۇبى ـــ ئەر-ئاياللىق تۇرمۇشتىكى مەسلىھەت قىلىش پرىنسىپلىرىنىڭ يارقىن ئىپادىسىدۇر.

❖ **رەسۇلۇللاھ ﷺ ئاياللىرىنى ئەتراپلىق ئويلىنىش ۋە ئالدىراپ قارار چىقارماسلىققا بۇيرۇغان**

پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەقتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا: «ئى ئائىشە! مەن ساڭا پايدىلىق بىر ئىشنى سۆزلەيمەن، سەن ئالدىراپ كەتمىگىن!» دېگەن.

كۆپلىگەن ئەرلەر رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۇسلۇبىغا قارشى ھالدا ئايالىدىن بىرەر خاتالىق كۆرۈلسە، ئايالىغا دائىم: «سېنى تالاق قىلىۋېتىمەن» دەپ تەھدىت سالىدۇ. مەسىلەن، ئايال كىشى بىرەر ئىشتا خاتالىق ئۆتكۈزسە، ئەر كىشى ئۇنىڭغا: «سېنى تالاق قىلىۋېتىمەن؛ ئەگەر ئۆيدىن چىقساڭ، سەن تالاق؛ كەلگەن تېلېفون تۇرۇپكىسىنى ئالساڭ، سەن تالاق؛ پالانى ئايال بىلەن پاراڭلاشساڭ، سەن تالاق» دەيدۇ.

بۇ قىسىمدىن ئېلىنىدىغان پايدىلار شۇكى، پەيغەمبەر ﷺ ئاياللىرىنىڭ بۇ ئىشىغا ھېكمەتلىك ئۇسۇلدا مۇئامىلە قىلىپ، ئاياللىرىنى ئۇرۇش ۋە ھاقارەتلەش ئۇسۇلىنى قوللانمىغان. ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار ئائىشە ۋە ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھالارنى ئۇرۇش ئۈچۈن ئورۇنلىرىدىن تۇرغىنىدا، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇ ئىككىسىنى توختىتىپ قويغان، چۈنكى مەسىلىلەر دائىم ئۇرۇش بىلەن ھەل بولمايدۇ. كۆپىنچە ۋاقىتتا مەسىلىلەر مۇنازىرە ۋە قايىل قىلىش ئۇسلۇبى بىلەن ھەل قىلىنىدۇ.

### ❖ ئاياللار رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار

بەزى ئاياللار ئاتا-ئانىسىنىڭ يېنىدىكى باي-باياشات ۋە راھەت-پاراغەتلىك تۇرمۇشىدىن ئايرىلىپ ئېرىنىڭ ئاددىي-ساددا تۇرمۇشىغا يۆتكىلىدۇ. ھەتتا ئېرى كەمبەغەل، خىزمەت ئىزدەۋاتقان ياكى ئادەتتىكى بىر خىزمەتچى بولۇشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا، ئايال كىشى يۆتكەلگەن ئائىلىنىڭ شارائىتىغا ماسلىشىشى لازىم. بۇ الله تائالانىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿نَحْنُ قَسَمْنَا بَيْنَهُمْ مَعِيشَتَهُمْ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَرَفَعْنَا بَعْضَهُمْ فَوْقَ بَعْضٍ دَرَجَاتٍ لِيَتَّخِذَ بَعْضُهُمْ بَعْضًا سُخْرِيًّا﴾ «بىز ئۇلارنىڭ ھاياتىي دۇنيادىكى رىزقىنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلدۇق، ئۇلارنىڭ بەزىسى بەزىسىنى (ھەق بېرىپ) ئىشقا سالسۇن دەپ، ئۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ دەرىجىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلدۇق»[①].

گەرچە قىز بالا ئاتا-ئانىسىنىڭ ئالدىدا ناھايىتى ئەركە بولۇپ، دادىسى ئۇنىڭغا ھەر كۈنى ئۇنى-بۇنى ئېلىپ بېرىدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئېرىنىڭ ئۆيىگە يۆتكەلگەندىن كېيىن ئېرىنى زىيادە نەپىقە بېرىشكە قىستىماسلىقى كېرەك.

ئارتۇق نەپىقە ۋە كۆپ نەرسىنى تەلەپ قىلىش ئەر كىشىنى بەكلا چارچىتىۋېتىدۇ. بولۇپمۇ ئەر كىشى كەمبەغەل بولۇپ قالسا، تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. بەزى ۋاقىتلاردا ئارتۇق نەپىقە تەلەپ قىلىش ئىمانى ئاجىز ئەرلەرنى ھارام كەسىپ قىلىشقا مەجبۇرلاپ قويىدۇ. ئۇ پارا ئېلىش، ئوغرىلىق قىلىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھارام ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق ئۆزى ۋە ئائىلىسىگە زىيان يەتكۈزىدۇ. نىھايەتتە، ئەر بۇ ئىشلار سەۋەبلىك خىزمەتتىن ئايرىلىدۇ ياكى تۈرمىگە دۇچار بولۇپ، دىن ۋە دۇنيالىق جەھەتتىن زىيان تارتىدۇ.

---

[①] سۈرە زۇخرۇف 32- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

يەنە بىر جەھەتتىن، ئەر كىشىمۇ ئايالىنىڭ راھەت-پاراغەتلىك ئائىلىدە چوڭ بولغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئايالى شەرىئەتتە چەكلەنمىگەن ۋە ئېرىنىڭ قۇربى يېتىدىغان نەرسىلەرنى تەلەپ قىلغان بولسا، ئۇ نەرسىلەرنى تولۇقلاپ بېرىشى لازىم.

**❖ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بەزى ئاياللىرىنىڭ پەيغەمبەر ﷺ گە ھىيلە ئىشلىتىش ئۈچۈن تىل بىرىكتۈرۈۋالغانلىقىمۇ پەيغەمبەر ئائىلىسىدە يۈز بەرگەن مۇشكۇلاتلاردۇر**

عن عائشة قالت: «كان رسول اللّٰه ﷺ يحب الحلواء و العسل، فكان إذا صلى العصر؛ دار على نساءه فيدنو منهن. كان رسول اللّٰه ﷺ يشرب عسلا عند زينب بنت جحش ويمكث عندها. فقلت أما واللّٰه لنحتالن له، فتواصيت أنا وحفصة على أيتنا دخل عليها فلتقل له أكلت مغافير، إني أجد منك ريح مغافير، وكان رسول اللّٰه ﷺ يشتد عليه أن يوجدمنه الريح، فدخل على إحداهما فقالت له ذلك، فقال: لا ولكن كنت أشرب عسلا عند زينب بنت جحش، فلن أعود له وقد حلفت لا تخبري بذلك أحدا. فنزلت: ﴿**يَاأَيُّهَا النَّبِيُّ لِمَ تُحَرِّمُ مَا أَحَلَّ اللَّهُ لَكَ تَبْتَغِي مَرْضَاتَ أَزْوَاجِكَ وَاللَّهُ غَفُورٌ رَحِيمٌ ۞ قَدْ فَرَضَ اللَّهُ لَكُمْ تَحِلَّةَ أَيْمَانِكُمْ وَاللَّهُ مَوْلَاكُمْ وَهُوَ الْعَلِيمُ الْحَكِيمُ ۞ وَإِذْ أَسَرَّ النَّبِيُّ إِلَى بَعْضِ أَزْوَاجِهِ حَدِيثًا فَلَمَّا نَبَّأَتْ بِهِ وَأَظْهَرَهُ اللَّهُ عَلَيْهِ عَرَّفَ بَعْضَهُ وَأَعْرَضَ عَنْ بَعْضٍ فَلَمَّا نَبَّأَهَا بِهِ قَالَتْ مَنْ أَنْبَأَكَ هَذَا قَالَ نَبَّأَنِي الْعَلِيمُ الْخَبِيرُ ۞ إِنْ تَتُوبَا إِلَى اللَّهِ فَقَدْ صَغَتْ قُلُوبُكُمَا وَإِنْ تَظَاهَرَا عَلَيْهِ فَإِنَّ اللَّهَ هُوَ مَوْلَاهُ وَجِبْرِيلُ وَصَالِحُ الْمُؤْمِنِينَ وَالْمَلَائِكَةُ بَعْدَ ذَلِكَ ظَهِيرٌ ۞ عَسَى رَبُّهُ إِنْ طَلَّقَكُنَّ أَنْ يُبْدِلَهُ أَزْوَاجًا خَيْرًا مِنْكُنَّ مُسْلِمَاتٍ مُؤْمِنَاتٍ قَانِتَاتٍ تَائِبَاتٍ عَابِدَاتٍ سَائِحَاتٍ ثَيِّبَاتٍ وَأَبْكَارًا۞**﴾

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ تاتلىق-تۈرۈم ۋە ھەسەلنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ئەسىر نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ ئاياللىرىنىڭ يېنىغا كىرىپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلاتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ زەينەپ بىنتى جەھشىنىڭ يېنىدا ھەسەل ئىچىپ ئۇنىڭ يېنىدا ئۇزۇنراق تۇرۇپ قالاتتى. مەن: <الله بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭغا ھىيلە ئىشلىتىمىز> دېدىم،

ئاندىن ھەفسە بىلەن ئىككىمىز پەيغەمبەرﷺ قايسىمىزنىڭ قېشىغا كىرسە، ئۇنىڭغا: <مەغافىر (پۇرىقى ناچار بىر خىل ئۆسۈملۈك) يېدىڭمۇ؟ مەن سەندىن مەغافىرنىڭ پۇرىقىنى پۇراۋاتىمەن> دەيدىغانغا كېلىشىۋالدۇق. پەيغەمبەرﷺ ئۆزىدىن غەيرى پۇراق چىقىپ قېلىشىنى يامان كۆرەتتى. رەسۇلۇللاھﷺ ئىككىمىزنىڭ بىرىنىڭ يېنىغا كىرگەندە، ئۇنىڭغا ھېلىقى كېلىشىۋالغان سۆزنى دېدۇق، رەسۇلۇللاھﷺ: <ياق! مەغافىر يېمىدىم، لېكىن زەينەپ بىنتى جەھشىنىڭ يېنىدا ھەسەل ئىچكەنىدىم. قەسەم قىلىمەنكى، ئەمدى ھەرگىز ئىچمەيمەن، بۇنى ھېچكىمگە ئېيتمىغىن!> دېدى. شۇ چاغدا «ئى پەيغەمبەر! نېمە ئۈچۈن الله ساڭا ھالال قىلغان نەرسىنى ئاياللىرىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەش يۈزىسىدىن ھارام قىلىسەن، الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر [1]. الله سىلەرگە (كەففارەت) بىلەن قەسىمىڭلاردىن چىقىشنى بەلگىلىدى، الله سىلەرنىڭ ئىگەڭلاردۇر، الله ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر [2]. ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئاياللىرىدىن بىرىگە (يەنى ھەفسەگە) بىر سۆزنى يوشۇرۇن ئېيتقان ئىدى، ئۇ (يەنى ھەفسە) ئۇنى (ئائىشەگە) ئېيتىپ قويغان، الله بولسا سىرنىڭ ئاشكارىلانغانلىقىنى (پەيغەمبەرگە) بىلدۈرگەن چاغدا، ئۇ (يەنى پەيغەمبەر) ئۇنىڭغا (ھەفسەگە) ئۇ (يەنى ھەفسە) ئاشكارىلاپ قويغان سۆزلەرنىڭ بەزىسىنى ئېيتتى (يەنى يۈزىگە سالدى). بەزىسىنى ئېيتمىدى (يەنى يۈزىگە سالمىدى). پەيغەمبەر ئۇنىڭغا سىرنى ئاشكارىلاپ قويغانلىقىنى ئېيتقان چاغدا، ئۇ (يەنى ھەفسە): <بۇنى ساڭا كىم خەۋەر قىلدى؟> دېدى، پەيغەمبەر: <ماڭا (بۇنى) ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچى، ھەممىدىن تولۇق خەۋەردار الله خەۋەر قىلدى> دېدى [3]. ئەگەر (ئائىشە، ھەفسە) ئىككىڭلار الله قا تەۋبە قىلساڭلار (ئۆزۈڭلار ئۈچۈن ياخشىدۇر). سىلەرنىڭ دىلىڭلار (رەسۇلۇللاھقا ئىخلاس قىلىشتىن)

بۇرۇلۇپ كەتتى، ئەگەر سىلەر (رەسۇلۇللاھ خوپ كۆرمەيدىغان ئىش ئۈستىدە) ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرساڭلار، ئۇ چاغدا الله ئۇنىڭ مەدەتكارىدۇ، جىبرىئىلمۇ ئۇنىڭ مەدەتكارىدۇر، مۇئمىنلەرنىڭ ياخشىلىرىمۇ ئۇنىڭ مەدەتكارىدۇر، ئۇلاردىن باشقا پەرىشتىلەرمۇ (ئۇنىڭغا) ياردەمچىدۇر [4]. ئەگەر ئۇ سىلەرنى قويۇۋەتسە، پەرۋەردىگارى سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارغا، سىلەردىن ياخشى، (الله نىڭ ۋە پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە) بويسۇنغۇچى، (الله قا ۋە پەيغەمبەرگە) ئىمان ئېيتقۇچى، ئىتائەت قىلغۇچى، گۇناھلاردىن تەۋبە قىلغۇچى، ئىبادەت قىلغۇچى، روزا تۇتقۇچى چوكانلارنى ۋە قىزلارنى ئۇنىڭغا بېرىشى مۇمكىن [5]»[1] دېگەن بۇ ئايەت نازىل بولدى.[2]

﴿إِنْ تَظَاهَرَا عَلَيْهِ﴾ ــــ «ئۇ ئىككىيلەن ھەمكارلاشتى، نەتىجىدە رەسۇلۇللاھ ﷺ ھالال بولغان نەرسىنى ھارام قىلدى» دېگەنلىكتۇر.

پەيغەمبەر ﷺ نەپىقە تەلەپ قىلىش ۋە ھەسەل قىسسىسىدىن كېيىن «ئاياللىرىدىن ئايرىلىپ تۇرۇش» ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئاياللىرىدىن بىر ئاي ئايرىلىپ تۇرغان.

ئىبنى ھەجەر (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «يۇقىرىقى ئىشلار پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۇلاردىن ئايرىلىپ تۇرۇشىغا سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەخلاقىنىڭ نەقەدەر يۈكسەك ۋە كۆڭلى ـ كۆكسىنىڭ نەقەدەر كەڭرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئاياللىرىدىن ئايرىلىپ تۇرۇشقا تېگىشلىك ئىشلار قايتا ـ قايتا تەكرارلانغاندا، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئاندىن ئۇلاردىن ئايرىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما كېيىن ئۇلاردىن رازى بولۇپ كەتكەن».

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، ئۇ

[1] سۈرە تەھرىم 1 ـ ئايەتتىن 5 ـ ئايەتكىچە.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:

ــ ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! الله تائالانىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئىككى ئايالى ھەققىدىكى ﴿إِنْ تَتُوبَا إِلَى اللَّهِ فَقَدْ صَغَتْ قُلُوبُكُمَا﴾«ئەگەر ئىككىڭلار الله قا تەۋبە قىلساڭلار (ئۆزۈڭلار ئۈچۈن ياخشىدۇر)» دېگەن ئايىتىدىكى ئۇ ئىككىيلەن كىم؟ ــ دەپ سورىغانىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئى ئىبنى ئابباس! مېنى بەكلا ھەيران قالدۇردۇڭ. ئۇ ئىككىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھالاردۇر ــ دېدى. ئاندىن سۆزىنى داۋام قىلىپ مۇنداق دېدى:

ــ بىز قۇرەيشلەر ئاياللىرىمىزنى باشقۇراتتۇق، مەدىنىگە كەلسەك ئەنسارىلارنىڭ ئاياللىرى ئەرلىرىنى باشقۇرىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ئاياللىرىمىزمۇ ئەنسارى ئاياللارنىڭ بۇ ئىشىنى ئۆگىنىشكە باشلىدى. مېنىڭ ئۆيۈم مەدىنىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى بەنى ئۇمەييە ئىبنى زەيدنىڭ مەھەللىسىدە ئىدى. بىر كۈنى ئايالىمغا ئاچچىقلانسام، ئۇ مەن بىلەن تاكاللاشتى، ئايالىمنىڭ بۇ قىلغىنى ماڭا هار كەلدى. ئايالىم ماڭا:

ــ ساڭا گەپ ياندۇرغىنىمنى ئېغىر ئالمىغىن! الله بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئاياللىرىمۇ ئۇنىڭغا گەپ ياندۇرىدىكەن، ھەتتا بەزىلىرى بىر كۈن كەچكىچە ئۇنىڭغا قېيداپ يۈرىدىكەن ــ دېدى. ئاندىن مەن ھەفسەنىڭ يېنىغا بېرىپ:

ــ سىلەر رەسۇلۇللاھ ﷺ گە گەپ ياندۇرامسىلەر؟ ــ دېسەم، ئۇ:

ــ ھەئە ــ دېدى. مەن:

ــ بىرىڭلار ئۇنىڭغا بىر كۈن كەچكىچە قېيدامدۇ؟ ــ دېسەم، ئۇ:

ــ ھەئە، ــ دېدى. مەن:

ــ ئىچىڭلاردىن بۇنداق قىلغان كىشى ھالاك بولۇپ، ئېغىر زىيان تارتىدۇ.

بىرىڭلار رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ غەزىپى تۇپەيلى الله نىڭ غەزەپلىنىشىدىن قورقمامدۇ؟ ئەگەر ئۇنداق بولسا ئۇ چوقۇم ھالاك بولىدۇ. سەن رەسۇلۇللاھ ﷺ گە گەپ ياندۇرمىغىن، ئۇنىڭدىن كۆپ نەرسە سورىمىغىن! بىرەر نەرسە لازىم بولسا، مەندىن سورىغىن. سىنىڭ كۇندىشىڭ (ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى دېمەكچى) رەسۇلۇللاھ ﷺ گە نىسبەتەن سەندىن چىرايلىق ھەم سۆيۈملۈك. بۇ سىنى ئالداپ قويمىسۇن! — دېدىم. مىنىڭ بىر ئەنسارى قوشنام بار بولۇپ، بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا نۆۋەتلىشىپ باراتتۇق. بىر كۈنى ئۇ، يەنە بىر كۈنى مەن باراتتىم. ئۇ ماڭا ۋەھيي ياكى ئۇنىڭدىن باشقا خەۋەرلەرنى ئېلىپ كېلەتتى. مەنمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاشلا ئېلىپ كېلەتتىم. بىز شۇ كۈنلەردە غەسسان قەبىلىسىنىڭ بىزگە قارشى ئۇرۇش تەييارلىقى قىلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى دېيىشىۋاتاتتۇق. بىر كۈنى ھەمراھىم بېرىپ، كەچتە قايتىپ كېلىپ، ئىشىكىمنى قېقىپ مېنى چاقىردى، مەن ئۇنىڭ يېنىغا چىقتىم، ئۇ ماڭا:

— چوڭ ئىش يۈز بەردى — دېدى. مەن:

— نېمە ئىش يۈز بەردى؟ غەسسانلار كەلدىمۇ؟ — دەپ سورىسام، ئۇ:

— ياق، ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ ۋە زور ئىش يۈز بەردى. پەيغەمبەر ﷺ ئاياللىرىنى تالاق قىلىۋېتىپتۇ — دېدى. مەن:

— ھەفسە ھالاك بولدى ۋە زىيان تارتتى، مۇشۇنداق بولىشىنى ئويلىغانىدىم — دېدىم. بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ كىيىملىرىمنى كىيىپ، ئاندىن پەسكە چۈشۈپ ھەفسەنىڭ يېنىغا كىرسەم ئۇ يىغلاۋېتىپتۇ. مەن:

— رەسۇلۇللاھ ﷺ سىلەرنى تالاق قىلىۋەتتىمۇ؟ — دەپ سورىسام، ھەفسە:

— ئۇقمايمەن، ئۇ ھازىر كەپە ئۆيگە چىقىۋالدى — دېدى. مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قارا تەنلىك خىزمەتكارىنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئۆمەرنىڭ كىرىشى ئۈچۈن رۇخسەت سورىغىن — دېدىم. ئۇ كىرىپ

قايتىپ چىقتى ۋە:

ــ سىنىڭ كەلگەنلىكىڭنى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئېيتتىم، ئەمما جاۋاب بەرمىدى ــ دېدى. مەن كەينىمگە ئۆرۈلۈپ مۇنبەرنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردۇم. مۇنبەرنىڭ ئەتراپىدا بىر بۆلۈك كىشىلەر ئولتۇرغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىسى يىغلاۋاتاتتى. مەن بىر ئاز ئولتۇرغاندىن كېيىن ئىچىم تىتىلداپ خىزمەتچىنىڭ يېنىغا يەنە كېلىپ:

ــ ئۆمەرنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت سورىغىن ــ دېدىم. ئۇ كىرىپ قايتىپ چىقتى ۋە:

ــ سىنىڭ كەلگەنلىكىڭنى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئېيتتىم، ئەمما جاۋاب بەرمىدى ــ دېدى. مەن كەينىمگە ئۆرۈلۈپ ماڭاي دەپ تۇرۇشۇمغا ھېلىقى خىزمەتچى مېنى چاقىرىپ:

ــ كىرگىن، رەسۇلۇللاھ ﷺ سىنىڭ كىرىشىڭگە رۇخسەت بەردى ــ دېدى. مەن رەسۇلۇللا ﷺ نىڭ يېنىغا كىرىپ سالام بەردىم. ئۇ بىر پارچە بورىنىڭ ئۈستىدە خورما تالاسى تىقىلغان تىرە ياستۇققا يۆلىنىپ يېنىچە ياتقان بولۇپ، بورا ئۇنىڭ بېقىنىغا پېتىپ ئىز چىقىپ قاپتۇ. مەن ئۇنىڭغا سالام بېرىپ ئۆرە تۇرغان ھالىتىمدە:

ــ ئاياللىرىڭنى تالاق قىلدىڭمۇ؟ ــ دەپ سورىسام، رەسۇلۇللاھ ﷺ بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قاراپ:

ــ ياق ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن «الله أكبر!» دەۋەتتىم. ئاندىن ئۆرە تۇرغان پېتى گەپ باشلاپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! قارىمامسەن؟ بىز قۇرەيشلەر ئاياللىرىمىزنى باشقۇراتتۇق، مەدىنىگە كەلسەك ئەنسارىلارنى ئاياللىرى باشقۇرىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ئاياللىرىمىز ئەنسارى ئاياللارنىڭ بۇ ئىشىنى ئۆگىنىشكە

باشلىدى. بىر كۈنى مەن ئايالىمغا ئاچچىقلانسام، ئۇ مەن بىلەن تاكاللاشتى، ئايالىمنىڭ بۇ قىلغىنى ماڭا ھار كەلدى. ئايالىم ماڭا:

— ساڭا گەپ ياندۇرغىنىمنى ئېغىر ئالمىغىن! الله بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئاياللىرىمۇ ئۇنىڭغا گەپ ياندۇرىدىكەن، ھەتتا بەزىلىرى بىر كۈن كەچكىچە ئۇنىڭغا قېيداپ يۈرىدىكەن — دېدى. مەن:

— ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بۇنداق قىلغان كىشى، ھالاك بولۇپ ئېغىر زىيان تارتىدۇ، ئۇلار رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ غەزىپى تۈپەيلى الله نىڭ ئۇلارغا غەزەپلىنىشىدىن قورقمامدۇ؟ ئەگەر ئۇنداق بولسا ئۇ چوقۇم ھالاك بولىدۇ — دېدىم، دېسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ تەبەسسۇم قىلدى. ئاندىن:

— قارىمامسەن؟ مەن ھەفسەنىڭ يېنىغا كىرىپ: «كۈندىشىڭنىڭ سەندىنمۇ چىرايلىق ھەم رەسۇلۇللاھ ﷺ گە سەندىنمۇ سۆيۈملۈك بولۇشى سېنى ئالداپ قويمىسۇن!» دېدىم — دېگەنىدىم، رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە بىر قېتىم تەبەسسۇم قىلدى. مەن ئۇنىڭ تەبەسسۇم قىلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئولتۇردۇم. ئاندىن:

— ئى رەسۇلۇللاھ! يەنە بىردەم پاراڭلىشايلىمۇ؟ — دېسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ:

— ماقۇل — دېدى. مەن سۆزلەۋېرىپ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ غەزىپى ياندى ۋە چىشىنى چىقىرىپ كۈلۈپ كەتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ چىشى ئەڭ گۈزەل كىشى ئىدى. مەن ئولتۇرغاچ ئۆيىگە كۆز يۈگۈرتتۈم. الله بىلەن قەسەمكى، ئۆي ئىچىدە ئۈچ پارچە تېرىدىن باشقا كۆزگە چېلىققۇدەك بىر نەرسە تاپالمىدىم. ئاندىن:

— ئى رەسۇلۇللاھ! الله تائالاغا دۇئا قىلغىن، ئۈممەتلىرىڭگە پاراۋان تۇرمۇش ئاتا قىلسۇن. پارس ۋە رۇم خەلقى الله قا ئىبادەت قىلمىسىمۇ، الله تائالا ئۇلارغا پاراۋان تۇرمۇش ئاتا قىلدى — دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ قەددىنى رۇسلاپ ئولتۇرۇپ:

— ئى ئىبنى خەتتاب! سەن شەكلىنىپ قالدىڭمۇ؟ ئۇلار ھاياتىي دۇنيادىلا نېسىۋىسى بېرىلىپ بولغان كىشىلەردۇر — دېدى. مەن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا الله تىن مەغپىرەت تەلەپ قىلغىن! ــ دېدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئاياللىرىدىن قاتتىق رەنجىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ يېنىغا بىر ئاي كىرمەسلىككە قەسەم قىلغانىدى. ھەتتا الله تائالا بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھ ﷺ گە كايىغان ئىدى.[1]

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «آلى رسول اللّٰه من نسائه، فأقام في مشربة تسعا وعشرين ليلة ثم نزل فقالوا: يا رسول اللّٰه آليت شهرا فقال: إن الشهر يكون تسعا وعشرين» «رەسۇلۇللاھ ﷺ ئاياللىرىنىڭ يېنىغا كىرمەسلىككە قەسەم قىلىپ، كەپە ئۆيدە 29 كۈن تۇرۇپ كەلدى. ساھابىلەر: <ئى رەسۇلۇللاھ! بىر ئاي قەسەم قىلغان ئىدىڭغۇ؟> دەپ سورىغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <ئاي دېگەن 29 كۈنمۇ بولىدۇ> دېدى».[2]

ئەر-ئاياللىق تۇرمۇش مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش چارىسىدىن بىرى بولغان «ئايرىلىپ تۇرۇش» ئۇسۇلى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئاياللىرىدىن ئايرىلىپ تۇرۇش قىسسىسىدىن ئېلىنغان بىر تۈرلۈك پايدىدۇر.

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئاياللىرىدىن قاتتىق رەنجىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ يېنىغا بىر ئاي كىرمەسلىككە قەسەم قىلغاندا مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللانغان.

«ئايرىلىپ تۇرۇش» ــ ئايال كىشىگە نىسبەتەن ئەڭ ئېغىر روھىي جازادۇر. «ئايرىلىپ تۇرۇش» ئۆي ئىچىدە ياكى ئۆينىڭ سىرتىدىمۇ بولىدىغان بولۇپ، ئەڭ ئېغىرى ئۆينىڭ ئىچىدە بولغىنىدۇر. پەيغەمبەر ﷺ ئاياللىرىغا بولغان مېھرىبانلىقى سەۋەبىدىن ئۆينىڭ سىرتىدا ئايرىلىپ تۇرغان.

**يۇقىرىقى ھەدىستىن ئېلىنغان پايدىلار**

- ئاتىنىڭ كۈيئوغلىنىڭ رۇخسىتىسىز قىزىنىڭ يېنىغا كىرسە ۋە

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[2] بۇخارى توپلىغان.

تۇرمۇشقا ئالاقىدار ئىشلاردا ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى سوراشتۇرۇپ تۇرسا بولىدىغانلىقى.

• ئەر كىشىنىڭ قىزى ۋە قىز بىر تۇغقانلىرىغا ئېرى بىلەن يارىشىپ قېلىشى ئۈچۈن نەسىھەت قىلىشىنىڭ لازىملىقى.

• ئاياللارغا سەۋرچان بولۇش، سۆزلىرىنى كۆڭۈلگە ئالماسلىق ۋە ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرى الله نىڭ ھەقلىرىگە ئالاقىدار بولمىسىلا، ئۇلارنى ئەپۇ قىلىشنىڭ لازىملىقى.

• ئاياللارنى خارلاشقا بولمايدىغانلىقى. چۈنكى، بۇ مەسىلىدە پەيغەمبەر ﷺ ئەنسارىلارنىڭ ئاياللىرىغا قىلغان مۇئامىلە يولىغا ئەگىشىپ، ئۆز قەۋمىنىڭ يولىدىن ۋاز كەچكەن.

• يالغۇز تۇرۇۋاتقان كىشىنىڭ يېنىغا كىرىش ئۈچۈنمۇ، چوقۇم ئۇ كىشىدىن رۇخسەت سوراش لازىملىقى. چۈنكى، ئۇ كىشى باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىنى ياقتۇرمايدىغان بىر ھالەتتە بولۇشى مۇمكىن.

• ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: «مەن پەيغەمبەر ﷺ نى كۈلدۈرىدىغان بىر ئىشنى قىلىمەن» دېگەن سۆزىدىن، يېقىنلىرىنى غەمكىن ھالەتتە كۆرگەن كىشىنىڭ ئۇنىڭ كۆڭلىنى خۇشال قىلىدىغان ۋە غەملىرىنى ئۇنتۇلدۇرىدىغان ئىشلارنى قىلىشىنىڭ مۇستەھەبلىكى.[1]

---

[1] «فتح الباري» 9- توم 291- بەت.

## 2 ـ باب

# پەيغەمبەر ﷺ نىڭ پەرزەنتلىرى بىلەن بولغان مۇئامىلىسى

پەيغەمبەر ﷺ ئائىلىسىگە ئەڭ كۆپ ياخشىلىق ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا ئەڭ كۆپ سىلە ـ رەھىم قىلىدىغان كىشىدۇر. بۇ تەرەپلەر پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەۋلادلىرى بىلەن بولغان مۇئامىلە جەريانىدىكى ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىش ئىشلىرىدا روشەن ئىپادىلىنىدۇ.

**❖ الله تائالا پەيغەمبەر ﷺ گە بىرقانچە ئوغۇل ـ قىز پەرزەنت ئاتا قىلغان**

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۈچ ئوغلى بولۇپ، ئۇلار: قاسىم، ئابدۇللاھ ۋە ئىبراھىمدۇر. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئوغلى ئابدۇللاھ تايىيىب (ياخشى) ۋە تاھىر (پاكىز) دەپ كۇنىيەتلەنگەن.[1]

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھەممە ئوغۇللىرى بالىلىق دەۋرىدىلا ۋاپات بولغان.

قاسىم مەككىدە ۋاپات بولغان بولۇپ، ئۇ ۋاپات بولغاندا ئىككى ياشقا كىرىپ بىرقانچە ئاي ئاشقان. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۆزىگە كۇنىيەت قىلىپ قوللانغان. ئۇنىڭ ئانىسى خەدىچە بىنتى خۇۋەيلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھادۇر.

ئابدۇللاھ پەيغەمبەر ﷺ پەيغەمبەر بولغاندىن كېيىن تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇمۇ مەككىدە ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ ئانىسى ھەم خەدىچە بىنتى خۇۋەيلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھادۇر.

ئىبراھىمغا كەلسەك، ئۇ مەدىنىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئانىسى قىبتىيلىك مارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھادۇر. ئۇ ھىجرىيىنىڭ سەككىزىنچى يىلى زۇلھەججە ئېيىدا تۇغۇلۇپ، ھىجرىيىنىڭ ئونىنچى يىلى ۋاپات بولغان. ئۇ 17

[1] «زاد المعاد» 1 ـ توم 101 ـ بەت.

ياكى 18 ئايلىق بولغان ۋاقىتتا ۋاپات تاپقان.

الله تائالا پەيغەمبەرﷺگە تۆت قىز رىزىق قىلىپ بەرگەن. ئۇلار: زەينەپ، رۇقىيە، ئۇممۇ كۇلسۇم ۋە فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھالاردۇر (الله ئۇلاردىن رازى بولسۇن!). بۇ قىزلارنىڭ ھەممىسى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن تۇغۇلغان.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ چوڭ قىزى زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھا بولۇپ، ئۇنى ئەبۇلئاس ئىبنى رەبىيئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نىكاھىغا ئالغان.

رۇقىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەرﷺ نىڭ ئىككىنچى قىزى بولۇپ، ئۇنى ئىسلامدىن ئىلگىرى ئۇتبە ئىبنى ئەبۇ لەھەب نىكاھىغا ئالغان، ئۇتبە رۇقىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى بىر تۆشەكتە بولماستىنلا تالاق قىلغان. كېيىن ئۇنى ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نىكاھىغا ئالغان. ئۇ ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ھەبەشىستانغا ھەر ئىككى قېتىم بىرگە ھىجرەت قىلغان. رۇقىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەرﷺ بەدر غازىتىغا قوشۇن تەييارلاۋاتقاندا ئاغرىپ قالغان بولغاچقا، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۇنىڭ يېنىدا قالدۇرۇپ قويغان. ئۇ رەسۇلۇللاھﷺ بەدردىكى ۋاقىتتا رامىزان ئېيىدا ۋاپات بولغان.

ئۇممۇ كۇلسۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھا رەسۇلۇللاھﷺ نىڭ ئۈچىنچى قىزى بولۇپ، ھەمشىرىسى رۇقىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ياتلىق بولغان. ئۇممۇ ھەم ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدا ۋاپات بولغان.

فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەڭ كىچىك قىزى بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئەڭ سۆيۈملۈك ئىدى. ئۇ پەيغەمبەرﷺ 41 ياشقا كىرگەندە تۇغۇلۇپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئالتە ئاي كېيىن ۋاپات بولغان. ئۇ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ياتلىق بولغان. مانا بۇلار ــ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ

ئەۋلادلىرىدۇر.

### ❖ پەيغەمبەر ﷺ پەرزەنتلىرىگە ئەڭ ياخشى ئىسىملارنى تاللىغان

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئىسىملىرىنى ئاڭلىغان كىشى، ئۇ ئىسىملارنىڭ گۈزەل ۋە ياخشى ئىسىملار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ كىشىلەرنى ياخشى ئىسىملارغا قىزىقتۇراتتى، سەت ئىسىملارنى ئۆزگەرتىۋېتەتتى.

سۇفيان سەۋرى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بەزى ئالىملار: <بالىغا ياخشى ئىسىم قويۇش، بالاغەتكە يەتكەندە ئۆيلەپ قويۇش، ئۇنى ھەج قىلدۇرۇش ۋە ياخشى تەربىيىلەش بالىنىڭ ئاتىسى ئۈستىدىكى ھەققى> دەپ قارايدۇ».[1]

• پەيغەمبەر ﷺ ئوغلى تۇغۇلغان كۈنى، ئۇنىڭغا «ئىبراھىم» دەپ ئىسىم قويغان

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ولد لي الليلة غلام، فسميته باسم أبي إبراهيم» «كېچىدىن بىر ئوغلۇم تۇغۇلدى، مەن ئۇنىڭغا بوۋام ئىبراھىمنىڭ ئىسمىنى قويدۇم».[2]

### پەيغەمبەر ﷺ نىڭ پەرزەنتلىرىگە تۇتقان مۇئامىلە يولى

الله تائالا پەيغەمبەر ﷺ گە تۆت قىز پەرزەنت ئاتا قىلغان بولۇپ، ئۇلار پەيغەمبەر ﷺ بىلەن خېلى ئۇزۇن مەزگىل بىللە ياشىغان، ئەمما ئوغۇللىرى كىچىك ۋاقتىدىلا ۋاپات بولغان.

پەيغەمبەر ﷺ قىزلىرىنى ياخشى كۆرەتتى، ھۆرمەتلەيتتى ۋە ئۆيىگە كەلسە قىزغىن كۈتۈۋالاتتى. مانا بۇ ـــ ئاتىنىڭ گەرچە قىز پەرزەنتلىرى كۆپ بولسىمۇ

---

[1] ئىبنى ئەبۇ دۇنيا «كتاب العيال» ناملىق كىتابىنىڭ 171ـ بېتىدە خاتىرىلىگەن.
[2] مۇسلىم توپلىغان.

ئۆگىنىشى لازىم بولىدىغان مۇھىم تەرەپتۇر. بۇنداق كىشىلەر خۇرسەن بولۇشى، الله تائالا بەرگەن پەرزەنتكە شۈكۈر قىلىشى، ئۇلارنى ياخشى تەربىيىلەشكە ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاق ئۆگىتىشكە تىرىشىشى لازىم.

پەيغەمبەرﷺ مۇنداق دېگەن: «من ابتلي من البنات بشيء فأحسن إليهن، كن له سترا من النار» «قىز پەرزەنت ئاتا قىلىنغان كىشى قىزلىرىنى ياخشى تەربىيىلىگەن بولسا، قىزلىرى ئۇ كىشى ئۈچۈن دوزاختىن پەردە بولىدۇ».[1]

ھەربىر كىشى قىز پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيىلىگەن ياكى تەربىيىلىمىگەنلىكى ئۈستىدە ئوبدان ئويلىنىپ باقسۇن! كىمكى قىز پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيىلىگەن بولسا، ئۇلار قىيامەت كۈنى ئۇ كىشىگە دوزاختىن پەردە بولىدۇ. يەنى، الله تائالا ئۇ كىشىنى قىز پەرزەنتلىرىنى ياخشى تەربىيىلىگەنلىكى سەۋەبلىك دوزاختىن ساقلاپ قالىدۇ. چۈنكى، قىزلار ئاجىز بولۇپ، كۆپ كۆيۈنۈشكە ۋە كۆڭۈل بۆلۈشكە موھتاجدۇر.

قىز پەرزەنتلىرىنى دىندار، ئەخلاقلىق ۋە تەڭتۇش كىشىلەرگە ياتلىق قىلىش دادىنىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر.

**❖ پەيغەمبەر ﷺ قىزلىرىنى ئەڭ ياخشى كىشىلەرگە ياتلىق قىلغان**

پەيغەمبەرﷺ زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھانى قۇرەيشلىك ئەبۇلئاس ئىبنى رەبىئقا ياتلىق قىلغان. ئۇ زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھاممىسى ھاله بىنتى خۇۋەيلىدنىڭ ئوغلى بولۇپ، پۇل ـ مال ۋە تىجارەت جەھەتتە مەككىنىڭ ساناقلىق كىشىلىرىدىن ئىدى.

گەرچە زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇسۇلمان بولۇپ، ئەبۇلئاس ئىسلامغا كىرمىگەن بولسىمۇ، ئەمما رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارنى ئايرىۋەتمىگەن. ۋەھالەنكى، زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇسۇلمان تۇرۇپ ئەبۇلئاس بىلەن بىرگە تۇرغان،

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئەبۇلئاس ئۇ ۋاقىتتا تېخى مۇسۇلمان بولمىغان ئىدى. ھەتتا رەسۇلۇللاھ ﷺ مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندا زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئېرى بىلەن بىللە مەككىدە قېلىپ قالغان. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنى ئەبۇلئاسنىڭ يېنىدىن ئېلىپ كېتەلمىگەن. قۇرەيش مۇشرىكلىرى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە قارشى بەدرگە چىققاندا، ئەبۇلئاس ئىبنى رەبىيئ ئۇلار بىلەن بىرگە چىقىپ، مۇسۇلمانلارغا ئەسىرگە چۈشكەن.

عن عائشة قالت: «لما بعث أهل مكة في فداء أسرائهم، بعثت زينب في فداء أبي العاص بمال وبعثت فيه بقلادة لها كانت عند خديجة أدخلتها بها على أبي العاص. فلما رآها رسول الله ﷺ رق لها رقة شديدة وقال: إن رأيتم أن تطلقوا لها أسيرها وتردوا عليها الذي لها، فقالوا: نعم، وكان النبي ﷺ أخذ عليه أن يخلي سبيل زينب إليه وبعث رسول الله ﷺ زيد بن حارثة ورجلا من الأنصار فقال: كونا ببطن يأجج حتى تمر بكما زينب، فتصحباها حتى تأتيا بها»

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق نەقىل قىلىنغان: «مەككە ئاھالىسى ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان تۇغقانلىرىنىڭ فىدىيىسىنى ئەۋەتىشكە باشلىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قىزى زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇ ئېرى ئەبۇلئاسنىڭ فىدىيىسى ئۈچۈن مال ئەۋەتىپ بەردى. ئۇ تويىدا ئانىسى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا تاقاپ قويغان بىر بۇلاپكىنى ئەۋەتكەنىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇ بۇلاپكىنى كۆرۈپ، قىزىغا بەكمۇ ئىچ ئاغرىتتى ۋە: <خالىساڭلار، ئۇنىڭ ئېرىنى قويۇپ بېرىپ، فىدىيىسىنىمۇ قايتۇرۇپ بەرگەن بولساڭلار> دېگەنىدى، باشقىلار دەرھال ماقۇللۇق بىلدۈردى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەبۇلئاستىن (مەككىگە قايتقاندا) زەينەپنى مەدىنىگە ئەۋەتىۋېتىش ئۈچۈن ۋەدە ئالدى. كېيىن رەسۇلۇللاھ ﷺ زەيد ئىبنى ھارىسە بىلەن ئەنسارىلاردىن بىر كىشىنى ئەۋەتىپ: <ئىككىڭلار بەتنى يەئجەج دېگەن جايدا ساقلاڭلار، زەينەپ قېشىڭلارغا يېتىپ كەلگەندە ئۇنىڭغا

ھەمراھ بولۇپ ئېلىپ كېلىڭلار!> دەپ تاپىلىدى».[1]

پەيغەمبەرﷺ كۈيئوغلى ئەبۇلئاس ئىبنى رەبىيئىنى ماختاپ مۇنداق دېگەن: «حدثني فصدقني، ووعدني فوفى لي» «ئۇ ماڭا راست سۆزلىدى ۋە ۋەدىسىگە ۋاپا قىلدى».[2]

ئەبۇلئاس بەدردە يېڭىلىپ ئەسىر چۈشكەن. بەدر ئۇرۇشىدا بۇ يۈز بەرگەن ئىشتىن كېيىن پەيغەمبەرﷺ گە زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ئەۋەتىپ بېرىشنى ۋەدە قىلىپ، مەككىگە قايتتى. ئۇ زەينەپنى بەكلا ياخشى كۆرىدىغان بولسىمۇ، پەيغەمبەرﷺ گە بەرگەن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئايرىلغان ئىدى.

پەيغەمبەرﷺ رۇقىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ياتلىق قىلغان. ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەڭ گۈزەل ئەخلاقلىرىدىن بىرى شۇ ئىدىكى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا شەرمى-ھايا ناھايىتى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بولۇپ، پەيغەمبەرﷺ ئۇنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتى ۋە ھۆرمەتلەيتتى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بەرگەن.

رۇقىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەرﷺ رۇقىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھەمشىرىسى ئۇممۇ كۇلسۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا نىكاھلاپ قويغان. ئۇممۇ كۇلسۇممۇ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدا ۋاپات بولغان.

پەيغەمبەرﷺ فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى تاغىسى ئەبۇ تالىبنىڭ ئوغلى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ياتلىق قىلغان. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىچىك بالىلارنىڭ ئىچىدە تۇنجى بولۇپ رەسۇلۇللاھﷺ گە ئىمان كەلتۈرگەن. ئۇ ئىسلام كېلىشتىن

[1] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

بۇرۇنمۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىدا تەربىيىلەنگەن بولۇپ، الله تائالا پەيغەمبەر ﷺ نى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەنگە قەدەر پەيغەمبەر ﷺ دىن ئايرىلمىغان. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى ياخشى كۆرگەچكە دائىم يېنىدا ئېلىپ يۈرگەن. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغىمۇ جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بەرگەن.

**❖ پەيغەمبەر ﷺ قىزلىرىنى ياتلىق قىلماقچى بولغاندا، ئۇلارغا مەسلىھەت سالغان**

ئەتا ئىبنى ئەبۇ رەباھ (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى نىكاھىغا ئېلىش ئۈچۈن سۆز ئاچقاندا، رەسۇلۇللاھ ﷺ فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا كېلىپ: ‹إن عليا قد ذكرك فسكتت فخرج فزوجها› ‹ئەلى ساڭا سۆز ئاچتى› دېگەندە، فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا سۈكۈتتە تۇرغان. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭ يېنىدىن چىقىپ، ئۇنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ياتلىق قىلغان».[1]

پەيغەمبەر ﷺ فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ سۈكۈتتە تۇرۇشىنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ياتلىق بولۇشقا ماقۇل بولغانلىق دەپ قارىغان. «قال ﷺ لا تنكح البكر حتى تستأذن. قالوا: يا رسول اللّه وكيف إذنها؟ قال: أن تسكت» «رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹قىزدىن رازىلىق ئېلىنمىغۇچە، ئۇ نىكاھلاپ بېرىلمەيدۇ› دېگەنىدى، ساھابىلەر: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنىڭ رازىلىقى قانداق بولىدۇ؟› دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹ئۇنىڭ رازىلىقى سۈكۈتتە تۇرۇشىدۇر› دېدى».[2]

قىز پەرزەنت ئاتىغا نىسبەتەن ئامانەت بولغانلىقى ئۈچۈن، ۋەلىيسىنىڭ ئۇنى ئۇ خالىمايدىغان بىر كىشىگە ياتلىق قىلىشى دۇرۇس بولمايدۇ.

**❖ پەيغەمبەر ﷺ قىزلىرىنىڭ تويلۇقىغا كۆپ نەرسە تەلەپ قىلمىغان**

[1] ئىبنى سەئىدنىڭ «الطبقات» ناملىق كىتابى 8- توم 20- بەت.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

پەيغەمبەر ﷺ قىزلىرىنى ناھايىتى ئاز تويلۇقتا ياتلىق قىلغان. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «تزوجت فاطمة، فقلت: يا رسول اللّٰه، ابن لي، قال: أعطها شيئا، قال: ما عندي شيء، قال: فأين درعك الحطمية؟، قلت: هي عندي، قال: فأعطها إياه» «مەن فاتىمەگە ئۆيلەنگەندە: <ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا تۇرمۇش قۇرۇپ بەرگىن> دېسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <فاتىمەگە بىرنەرسە بەرگىن!> دېدى. مەن: <يېنىمدا (بەرگۈدەك) بىرنەرسە يوق> دېسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <سېنىڭ ھۇتەمىيەلەر ياسىغان ساۋۇتۇڭ قەيەردە؟> دېگەنىدى، مەن: <ئۇ مېنىڭ يېنىمدا> دېسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <ئۇنى فاتىمەگە بەرگىن!> دېدى». [①]

مانا بۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئەڭ كىچىك قىزى ۋە جەننەت ئاياللىرىنىڭ سەردارى بولغان فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ تويلۇقىدۇر. ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان «الحطميه» — ئابدۇلقەيس جەمەتىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇلار ساۋۇت ياسايدىغان بولۇپ، «ھۇتەمە ئىبنى مەھارب (جەڭ ئوغلىنىڭ يالقۇنى)» دەپ چاقىرىلاتتى. «ئۇلارنىڭ ياسىغان ساۋۇتلىرىغا قىلىچ تەگسە، قىلىچنى سۇندۇرۇۋېتەتتى» دېيىلگەن. [②]

زامانىمىزدىكى تويلۇق سالمىقىنى ئاشۇرۇۋېتىش ئىشلىرى بىلەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ تويلۇقتا تۇتقان مۇئامىلە يوللىرى نەقەدەر پەرقلىق-ھە! ئەگەر ئاياللارنىڭ تويلۇقىنى ئاشۇرۇش ئۇلارنى ھۆرمەتلىگەنلىك بولىدىغان بولسىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنى ئەلۋەتتە بىزدىن بۇرۇن ئاشۇرغان بولاتتى.

### ❖ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قىزىنى تەييارلاپ بېرىشى

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، ئۇ

---

[①] ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[②] «النهاية» 1- توم 994- بەت.

مۇنداق دېگەن: «أن رسول الله ﷺ لما زوجه فاطمة بعث معها بخميلة ووسادة من أدم حشوها ليف ورحيين وسقاء وجرتين» «رەسۇلۇللاھ ﷺ فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ماڭا ياتلىق قىلغاندا، فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن بىرگە بىر دانە مەخمەل تۆشەك، ئىچى خورما قوۋزىقى بىلەن تولدۇرۇلغان تېرە ياستۇق، ئىككى تال قول تۈگمەن تېشى، بىر دانە تۇلۇم ۋە ئىككى تال كوزا ئەۋەتكەن ئىدى».[1]

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ شىمال تەرەپتىكى ھۇجرىسىنىڭ ئارقىسىدىكى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كىرىدىغان ئىشىكنىڭ قىيپاچ ئۇدۇلىدىكى بىر ئۆينى ئۇ ئىككىسىگە تەييارلاپ بەرگەن. بۇ ئۆينىڭ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۆيى تەرەپكە ئېچىلغان كىچىك بىر ئىشىكى بولۇپ، پەيغەمبەر ﷺ ئۇ ئىشىكتىن ئىككىسىنىڭ يېنىغا كىرەتتى.

**ھەدىستىن ئېلىنغان پايدىلار**

• نىكاھ ئىشلىرىنى كۆچىنىڭ يېتىشىچە ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىش مۇستەھەبتۇر. شۇڭلاشقا، ئۆي تەييارلاشتا ئەر ياكى ئايالنى قىلالمايدىغان ئىشقا مەجبۇرلاشقا بولمايدۇ.

• دادا قىزىنىڭ توي خىراجەتلىرىگە كۈچ چىقىرىشى ۋە پۈتۈن چىقىمنى كۈيئوغۇل تەرەپكە يۈكلەپ قويماسلىقى كېرەك. بۈگۈنكى كۈندە ئۆيلەنمەكچى بولغان يىگىتلەرنىڭ كۆپىنچىسى يېڭىدىن ئوقۇش پۈتتۈرگەن ياكى يېڭىدىن خىزمەتكە چىققان بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالى تۆۋەن ھەمدە ياردەمگە موھتاج بولىدۇ. ئەمما، كۆپىنچە دادىلار ئۇزۇن مۇددەت خىزمەت قىلغان ياكى تىجارەتچى ۋە ياكى بىرقەدەر باي كىشى بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، خۇددى ھەدىستە تىلغا ئېلىنغىنىدەك، كۈيئوغلىغا ئۆي جابدۇقلىرى ۋە ئاشخانا

[1] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئۇسكۇنىلىرىدە ياردەم قىلسا ياخشى بولىدۇ.

**❖ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قىزىنىڭ توي تائامىمۇ ئاددىي ـ ساددا بولغان**

بۇرەيدە مۇنداق دېگەن: «ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئۆيلىنىش ئۈچۈن سۆز ئاچقاندا، رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹إنه لا بد للعرس من وليمة› ‹توي قىلغاندا زىياپەت بېرىش كېرەك› دېگەنىدى، سەئىد: ‹مەن بىر قوچقار چىقىراي› دېدى، يەنە بىرەيلەن: ‹مەن مۇنچىلىك قوناق چىقىراي› دېدى».①

توي زىياپىتى بېرىش كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىدا مۇستەھەبتۇر. پەيغەمبەر ﷺ گە ئەگىشىش يۈزىسىدىن، توي قىلغان ئەر ـ ئايال بىر تۆشەكتە بولۇپ بولغاندىن كېيىن توي زىياپىتى بېرىش ئەۋزەلدۇر. ئەمما، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ياكى نىكاھ قىلغاندا ۋە ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن بەرسىمۇ دۇرۇس بولىدۇ. بۇ ھەقتە شەرىئەتنىڭ يولى كەڭرى بولۇپ، بەلگىلىك بىر ۋاقىتتا بېرىشنىڭ مۇستەھەب ياكى ۋاجىبلىقىنى بىلدۈرىدىغان شەرئىي دەلىل يوقتۇر. شۇڭلاشقا، بۇ مەسىلىدە توي بولغان رايوننىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە ئۇيغۇنلىشىش ياخشىدۇر.

**❖ پەيغەمبەر ﷺ فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تويى بولغاندا ئۇ ئىككىسىگە دۇئا قىلغان**

ئۇ ئىككىسىنىڭ نىكاھى بولغان كۈنى كېچىسى، پەيغەمبەر ﷺ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «لا تحدث شيئا حتى تلقاني» «ھېچ ئىش قىلماي تۇرۇپ مېنىڭ يېنىمغا كەلگىن» دېدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ سۇ ئەكىلىپ تاھارەت ئالدى ۋە ئەلىنىڭ ئۈستىگىمۇ تۆكتى ۋە: «اللَّهم بارك فيهما وبارك لهما في بنائهما» «ئى ﷲ! ئۇ ئىككىسىگە ۋە ئۇ ئىككىسىنىڭ تۇرمۇشىغا بەرىكەت بەرگىن» دېدى.②

---

① ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

② تەبەرانى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

ھەدىستىن، توي قىلغانلارغا بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلىشنىڭ مۇستەھەبلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. پەيغەمبەرﷺ ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «بارك اللَّه لك» «اللہ ساڭا بەرىكەت بەرسۇن!» دەپ دۇئا قىلغان.[1]

❖ **پەيغەمبەر ﷺ قىزلىرىنى ياتلىق قىلىپ بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلگەن**

پەيغەمبەرﷺ قىزلىرىنى ياتلىق قىلغاندىن كېيىنمۇ داۋاملىق تۇردە ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلگەن. ھېچقانداق ئىش پەيغەمبەرﷺ نىڭ قىزلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشكە توسالغۇ بولمىغان. ئۇ ئۆزى ئەڭ قىيىنچىلىق شارائىتتىمۇ قىزلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئويلاپ تۇراتتى. پەيغەمبەر ﷺ قۇرەيش ۋە ئۇنىڭ كاتتىۋاشلىرىغا ئۇچرىشىش ئۈچۈن بەدرىگە چىقماقچى بولغاندا قىزى رۇقىيە ئاغرىپ قالغان بولۇپ، پەيغەمبەرﷺ ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى بەدر غازىتىغا چىقماي مەدىنىدە قېلىپ رۇقىيەگە قاراشقا بۇيرۇغان. ئاندىن ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بەدر غەنىيمەتلىرىدىن بىر ئۈلۈش تەقسىم قىلىپ بەرگەن. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قىيامەت كۈنى اللہ تائالانىڭ دەرگاھىدا بۇ قېتىمقى غازاتنىڭ ئەجرىگە ئېرىشىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بەدر غازىتىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى كەمسىتىشكە ئۇرۇنغان كىشىگە مۇنداق دېگەن: «وأما تغيبه عن بدر: فإنه كانت تحته رقية بنت رسول اللَّه ﷺ، وكانت مريضة، فقال له النبي ﷺ: إن لك أجر رجل ممن شهد بدرا وسهمه» «ئۇنىڭ بەدر غازىتىدىن ئايرىلىپ قېلىشىغا كەلسەك، رەسۇلۇللاھﷺ نىڭ قىزى رۇقىيە ئۇنىڭ نىكاھىدا بولۇپ، رۇقىيە ئاغرىپ قالغان ئىدى. شۇڭا پەيغەمبەرﷺ ئوسمانغا: <ساڭا بەدر

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

غازىتىغا قاتناشقان كىشىدەك ئەجىر ۋە غەنىيمەت بېرىلىدۇ> دېگەن».[1]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ قىزلىرى بىلەن كۈيئوغۇللىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئاددىي ئىختىلاپلارغا ئارىلاشمايتتى**

سەھل ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «جاء رسول اللّه ﷺ ، ببيت فاطمة ولم يجد عليا، فقال: أين ابن عمك؟، قالت: كان بيني وبينه شيء فغاضبني، فخرج ولم يقل عندي، فقال ﷺ لإنسان: انظر أين هو؟، فجاء فقال: يا رسول الله هو في المسجد راقد، فجاء رسول اللّه ﷺ ، وهو مضطجع قد سقط رداؤه عن شقه فأصابه تراب، فجعل رسول اللّه ﷺ يمسح عنه، ويقول: قم أبا تراب، قم أبا تراب» «رەسۇلۇللاھ ﷺ فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۆيدە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يوقلۇقىنى كۆرۈپ: <تاغاڭنىڭ ئوغلى قەيەردە؟> دەپ سورىغانىدى، فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: <ئارىمىزدا بىر ئىش يۈز بېرىپ قالغان ئىدى، شۇڭا ئۇ مەندىن خاپا بولۇپ چىقىپ كەتكەن، چۈشلۈك ئارام ئېلىش ئۈچۈن ئۆيگە قايتىپ كەلمىدى> دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ بىر كىشىگە: <ئۇنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىگە قاراپ باققىن!> دېدى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇ كىشى قايتىپ كېلىپ: <ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ مەسجىدتە ئۇخلاۋېتىپتۇ> دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مەسجىدكە كېلىپ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۈچىسىدىن يەكتىكى چۈشۈپ كەتكەن، توپىدا يېنىچە ياتقان ھالدا ئۇخلاۋاتقانلىقىنى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭ ئۈچىسىدىكى توپىلارنى قېقىپ تۇرۇپ: <ئى ئەبۇ تۇراپ، ئورنۇڭدىن تۇرغىن! ئى ئەبۇ تۇراپ، ئورنۇڭدىن تۇرغىن!> دېدى».[2]

ئىبنى ھەجەر (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «كۈيئوغۇلغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش ۋە ئۇنى ئاچچىقىدىن ياندۇرۇش... ھەدىستىن ئېلىنىدىغان

[1] بۇخارى توپلىغان.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

پايدىلاردىندۇر».[1]

**مۇلاھىزە**

• پەيغەمبەر ﷺ فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئېرى بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى سوراشتە قىلمىغان ۋە يۈز بەرگەن ئىشنىڭ سەۋەبىگە چوڭقۇرلاپ كىرمىگەن. ھەتتا پەيغەمبەر ﷺ ئىشلارنى بىلمەسكە سېلىپ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا بارغان. چۈنكى، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ تۇرمۇشىدا يۈز بەرگەن مەسىلىلەرگە ئارىلىشىۋېلىشى كۆپىنچە ئەھۋالدا مەسىلىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ ھەم مۇرەككەپلەشتۈرۈۋېتىدۇ.

• ھەدىستە، پەيغەمبەرﷺ نىڭ بۈيۈك ئەخلاق ئىگىسى ئىكەنلىكى نامايان بولىدۇ، چۈنكى پەيغەمبەرﷺ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى رازى قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا بارغان ۋە ئۇنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن ئۇچىسىدىكى توپىنى قېقىپ، ئۇنى «ئەبۇ تۇراپ» دېگەن كۇنىيەت بىلەن چاقىرىپ، ئۇنىڭغا چاقچاق قىلغان. فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنها رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قەلبىدە ناھايىتى يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە بولسىمۇ، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنهاغا ئاچچىقلانغانلىقىغا خاپا بولمىغان ۋە بۇ ئىش توغرۇلۇق ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا سۆز ئاچمىغان. مانا بۇ ــ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھېكمەتلىك مۇئامىلىسىدۇر.

• كۈيئوغۇللارغا مېھرىبانلىق قىلىش، ئۇلارنىڭ ئاچچىقىنى بېسىقتۇرۇش، ئارىدىكى دوستلۇقنى ساقلاپ قېلىش يۈزىسىدىن ئۇلارغا خاپا بولماسلىق مۇستەھەبتۇر.

[1] «فتح الباري» 1 ـ توم 536 ـ بەت.

ئىبنى بەتتال (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىستىن يەنە شۇنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، بەزىدە پەزىلەتلىك كىشىلەرمۇ ئاياللىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە ئاچچىقلىنىپ قالىدۇ. بۇنداق ۋاقىتتا ئايالىغا خاپا بولۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۆيدىن چىقىپ كەتسە بولىدۇ.

بەلكىم، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاچچىقلىنىپ قالغاچقا فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ناچار مۇئامىلە قىلىپ سېلىشتىن ئەنسىرىگەنلىكى ئۈچۈن ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندە ئىككى تەرەپ ئارىسىدىكى تالاش-تارتىش ۋە بىر-بىرىگە ئاچچىقلىنىش توختايدۇ».[①]

يۇقىرىقىلاردىن ئېلىنغان يەنە بىر تۈرلۈك پايدا شۇكى، ئەر كىشىنىڭ تالاش-تارتىشنىڭ مەسىلىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلغاندا، ئۆيدىن چىقىپ كېتىشى ياخشى ئىشتۇر.

بۇ خىل ئەھۋالدا ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندە، ئۆزىنى تەكشۈرۈش ۋە خاتالىقىنى ھېس قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. قارشى تەرەپ بار ئەھۋالدا بۇلارنى ھېس قىلىش قىيىن بولىدۇ.

فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ دادىسىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ كەتمەي ئۆز ئۆيىدە قېلىپ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشى، مەسىلىنى ۋە ئۇنىڭ تەسىرىنى ئاسانلاشتۇرىدىغان ئىشتۇر.

ئاتا-ئانىلار ياتلىق قىلغان قىزىغا يول كۆرسىتىش، نەسىھەت قىلىش، سەۋرگە ئۈندەش ۋە ئېرى بىلەن ئىناق ئۆتۈشكە تەۋسىيە قىلىش قاتارلىق ئىشلاردا ئۆز رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

❖ **بىرەر قىزى پەيغەمبەر ﷺ نى يوقلاپ كەلسە، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى قىزغىن**

[①] «فتح الباري» 10- توم 588- بەت.

**كۆتۈۋالاتتى ۋە قارشى ئالاتتى**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «ما رأيت أحدا أشبه سمتا ودلا وهديا برسول اللّه ﷺ في قيامها وقعودها من فاطمة بنت رسول اللّه ﷺ ، قالت: وكانت إذا دخلت على النبي ﷺ ، قام إليها فقبلها وأجلسها في مجلسه. وكان النبي ﷺ إذا دخل عليها قامت من مجلسها فقبلته وأجلسته في مجلسها» «يۈرۈش - تۇرۇش، ئېغىر - بېسىقلىق، تەقى - تۇرۇق ۋە ئولتۇرۇپ - قوپۇش جەھەتتە، رەسۇلۇللاھ ﷺ گە قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىنمۇ بەك ئوخشايدىغان يەنە بىر كىشىنى كۆرۈپ باقمىدىم. فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كىرسە، پەيغەمبەر ﷺ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى سۆيۈپ قوياتتى ۋە ئۇنى ئۆز ئورنىدا ئولتۇرغۇزاتتى. پەيغەمبەر ﷺ فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا كىرسە، فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇ ئورنىدىن تۇرۇپ پەيغەمبەر ﷺ نى سۆيۈپ قوياتتى ۋە ئۇنى ئۆز ئورنىدا ئولتۇرغۇزاتتى». [1]

ئەبۇ داۋۇدنىڭ نەقىلىدە، «فأخذ بيدها وقبلها» «پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئۇنى سۆيۈپ قوياتتى» دېيىلگەن. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قولىنى تۇتۇشى، ئۇنى ھۆرمەتلىگەنلىكىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «أقبلت فاطمة تمشي كأن مشيتها مشي النبي ﷺ فقال: مرحبا بابنتي ثم أجلسها عن يمينه أو عن شماله...» «يېنىمىزغا فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ مېڭىشى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مېڭىشىغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى. پەيغەمبەر ﷺ: <خۇش كەلدىڭ قىزىم> دەپ ئۇنى ئوڭ ياكى سول تەرىپىدە ئولتۇرغۇزدى...». [2]

بۇ ھەدىستىن فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ نەزىرىدىكى ئورنى ۋە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۇنى بەك ياخشى كۆرىدىغانلىقى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ

[1] ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئۇنىڭغا ئۇچراشقاندا ئۇنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

قاپاق تۇرۇش ۋە قوپاللىقنى ئەرلىكنىڭ ھەيۋىتى ۋە ئوغۇل ـ قىزلىرىنى باشقۇرۇشنىڭ ئۇسۇلى دەپ قارايدىغان رەھىمسىز ئاتىلاردا ئەنە شۇ گۈزەل خۇلقلار قانداقمۇ تېپىلسۇن؟!

### ❖ پەيغەمبەر ﷺ قىزلىرىنى مال ـ دۇنياغا بېرىلمەسلىك ئاساسىدا تەربىيىلەيتتى ۋە سەدىقە قىلىشقا قىزىقتۇراتتى

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «أن رسول الله ﷺ أتى فاطمة رضى الله عنها، فوجد على بابها سترا، فلم يدخل، وقلما كان يدخل إلا بدأ بها، فجاء علي رضى الله عنه فرآها مهتمة، فقال: مالك؟، قالت: جاء النبي ﷺ إلي فلم يدخل، فأتاه علي رضى الله عنه، فقال: يا رسول الله، إن فاطمة اشتد عليها أنك جئتها فلم تدخل عليها، قال: وما أنا والدنيا؟ وما أنا والرقم، إني رأيت على بابها ستراموشيا. فذهب إلى فاطمة فأخبرها بقول رسول الله ﷺ ، فقالت: قل لرسول الله ﷺ ليأمرنى فيه بما شاء، فقال: قل لها، فلترسل به إلى بنى فلان أهل بيت بهم حاجة» «رەسۇلۇللاھ ﷺ فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئۇنىڭ ئىشىكىدىكى پەردىنى كۆرۈپ يېنىغا كىرمىدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كىرىشتىن ئاۋۋال فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۇنى يوقلاپ چىقاتتى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېلىپ فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ غەمكىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ: <ساڭا نېمە بولدى؟> دەپ سورىغانىدى، فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: <پەيغەمبەر ﷺ مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ ئۆيگە كىرمىدى> دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ: <ئى رەسۇلۇللاھ! سىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا بېرىپ يېنىغا كىرمىگەنلىكىڭ فاتىمەگە ئېغىر كەپتۇ> دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <مېنىڭ دۇنيا ۋە ئۇنىڭ زىبۇزىننەتلىرىگە ھاجىتىم يوق. مەن ئۇنىڭ ئىشىكىدە نەقىشلەنگەن بىر پەردىنى كۆردۇم> دېدى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ فاتىمە

رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا بېرىپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ دېگەن سۆزلىرىنى يەتكۈزدى. فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: ‹رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئېيتقىن! ئۇنى ئۆزى خالىغان يەرگە ئىشلىتىشىمنى بۇيرۇپ بەرسۇن› دېدى. ئاندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: ‹فاتىمەگە دېگىن، ئۇنى پالانىنىڭ ئائىلىسىگە ئەۋەتىپ بەرسۇن، ئۇلار موھتاج كىشىلەردۇر› دېدى». ①

مۇھەللەب ۋە ئۇنىڭدىن باشقىلار مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ ھاياتىي دۇنيادىلا نېسىۋىسىنى ئېلىپ بولۇشتىن ئىبارەت ئۆزىگە يامان كۆرگەن نەرسىنى قىزىغىمۇ يامان كۆرگەن. ئەمما، ئىشىككە پەردە تۇتۇش ھارام ئەمەستۇر. بۇ ــ فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ﷺ دىن خىزمەتچى سورىغاندا، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۇنىڭغا ‹ألا أدلك على خير من ذلك؟› ‹مەن ساڭا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىسىنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟› دەپ، ئۇخلايدىغان ۋاقىتتىكى زىكرىنى ئۆگىتىپ قويغىنىغا ئوخشايدۇ». ②

**❖ پەيغەمبەر ﷺ قىزلىرىنى تۇرمۇش ۋە ئاخىرەت ئىشلىرىدا ئەڭ ياخشى ئىشقا يېتەكلەيتتى**

عن علي رضي اللّٰه عنه قال: أن فاطمة رضي اللّٰه عنها شكت ما تلقى في يدها من الرحى، فأتت النبي ﷺ تسأله خادما فلم تجده، فذكرت ذلك لعائشة، فلما جاء أخبرته، قال: فجاءنا وقد أخذنا مضاجعنا، فذهبنا لنقوم، فقال: على مكانكما. فجلس بيننا، حتى وجدت برد قدميه على صدري. فقال: ألا أدلكما على ما هو خير لكما من خادم؟، إذا أويتما إلى فراشكما أو أخذتما مضاجعكما فكبرا أربعا وثلاثين، وسبحا ثلاثا وثلاثين، واحمدا ثلاثا وثلاثين، فهذا خير لكما من خادم

① بۇخارى ۋە ئەبۇ داۋۇد توپلىغان.

② «فتح الباري» 5 ـ توم 229 ـ بەت.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا قولىنىڭ تۈگمەن تىشىدىن جاراھەتلەنگەنلىكىنى شىكايەت قىلىپ، خىزمەتچى بېرىشنى تەلەپ قىلىپ پەيغەمبەرﷺ نىڭ يېنىغا بېرىپتۇ. لېكىن، فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەرﷺ نى تاپالماي، بۇ ئىشنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا دەپ قويۇپ قايتىپ كەپتۇ. پەيغەمبەر ﷺ قايتىپ كەلگەندە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭغا فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ سۆزىنى يەتكۈزۈپتۇ. بىز ئۇخلاش ئۈچۈن يېتىپ بولغان بىر ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزنىڭ يېنىمىزغا كەلدى. بىز ئورنىمىزدىن تۇرۇشقا تەمشەلگەنىدۇق، پەيغەمبەرﷺ:

— يېتىۋېرىڭلار! — دېدى-دە، كېلىپ بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ئولتۇردى. مەن مەيدەمدە پەيغەمبەرﷺ نىڭ پۇتىنىڭ توڭغانلىقىنى ھېس قىلدىم. پەيغەمبەر ﷺ:

— مەن سىلەرگە خىزمەتچىدىن ياخشى بولغان بىر ئىشنى كۆرسىتىپ قويمايمۇ؟ سىلەر كۆرپەڭلارغا كەلسەڭلار ياكى ئۇخلاش ئۈچۈن ئورنۇڭلاردا ياتساڭلار 34 قېتىم «الله ئەكبەر» دەپ تەكبىر، 33 قېتىم «سۇبھانەللاھ» دەپ تەسبىھ ۋە 33 قېتىم «ئەلھەمدۇلىللاھ» دەپ ھەمدە ئېيتىڭلار، مانا بۇ سىلەرگە خىزمەتچىدىنمۇ ياخشىدۇر — دېدى.①

پەيغەمبەرﷺ نىڭ ئۇلارغا خىزمەتچى بەرمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبى — پەيغەمبەر ﷺ يېنىدىكى نەرسىلەرنى سۇپا ئەھلى بولغان پېقىر ۋە مىسكىنلەرنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا ئىشلەتكەن، ئۆزىنىڭ ئائىلىسىگە بولسا سەۋرنى ۋە ئەجىرنى لايىق كۆرگەن.

بۇ ھەدىستە، قىزى ۋە كۈيئوغلىغا كۆيۈنۈش، ئۇلارغا مېھرىبانلىق قىلىش، ئۇلار بىلەن ئۆزى ئارىسىدىكى تارتىنىش ۋە قورۇنۇشنى يوق قىلىش ئارقىلىق

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

مېھىر-مۇھەببەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكىلى بولىدىغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. چۈنكى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇ ئىككىيلەننى ئورنىدىن قوزغاپ بىئارام قىلماستىن، يېتىۋېرىشكە بۇيرۇغان، ھەتتا ئۇ ئىككىيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغان. ئاندىن ئۇلار تەلەپ قىلغان خىزمەتچىنىڭ ئورنىغا، ئۇلارغا زۆرۈر بولغان زىكىرلەرنى ئۆگىتىپ قويغان.

مانا بۇ ــ بىرنەرسە تەلەپ قىلغان كىشىگە ئاخىرەت ئۈچۈن ئوزۇق-تۈلۈك تەييارلاش، دۇنيا قىيىنچىلىقلىرىغا سەۋر قىلىش ۋە ئازدۇرغۇچى دۇنيا ماتالىرىدىن يىراق تۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن تەلەپ قىلغان نەرسىدىن باشقا ئىشنى ئۆگىتىپ قويۇشتۇر.[①]

رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا خىزمەتچى بېرىشنىڭ ئورنىغا دۇئا ئۆگىتىپ قويغان. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: [فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا خىزمەتچى سوراپ بارغاندا، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا: «اللّٰهم رب السماوات السبع ورب الارض ورب العرش العظيم، ربنا ورب كل شئ فالق الحب والنوى، ومنزل التوراة والانجيل والفرقان، اعوذ بك من شر كل شئ انت آخذ بناصيته، اللّٰهم انت الاول فليس قبلك شئ، وانت الآخر فليس بعدك شئ، وانت الظاهر فليس فوقك شئ، وانت الباطن فليس دونك شئ، اقض عنا الدين، واغننا من الفقر» («ئى الله ! يەتتە قات ئاسمان-زېمىنىنىڭ ۋە بۈيۈك ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارى، بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز ۋە بارلىق نەرسىلەرنىڭ پەرۋەردىگارى، دان ۋە ئۇرۇقلارنى بىخلاندۇرغۇچى، تەۋرات، ئىنجىل ۋە قۇرئاننى نازىل قىلغۇچى الله ! ساڭا سېغىنىپ بارلىق نەرسىلەرنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن. ئۇلارنىڭ كوكۇلىسى سېنىڭ قولۇڭدىدۇر. ئى الله ! سەن ئاۋۋالسەن، سەندىن ئىلگىرى ھېچبىر شەيئى يوقتۇر. سەن ئاخىرسەن، بارلىق مەۋجۇداتتىن كېيىن سەنلا قالىسەن. سەن ئاشكارىسەن (يەنى، سەن

[①] «فتح الباري» 11- توم 124- بەت.

ھەممىنىڭ ئۈستىدە)، شۇڭا سېنىڭ ئۈستۈڭدە ھېچبىر نەرسە يوق. سەن يوشۇرۇنسەنكى، سېنىڭ تۆۋىنىڭدە ھېچبىر نەرسە يوق (يەنى، سەن جىمى كائىناتنى قورشاپ تۇرغۇچىدۇرسەن). (ئى الله !) بىزنى قەرزدىن خالاس قىلغىن ۋە كەمبەغەللىكتىن قۇتقۇزغىن› دېگىن» دېگەنىدى].[1]

### ❖ پەيغەمبەر ﷺ قىزىنى مەسئۇلىيەتچان بولۇشقا ئۈندىگەن

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «يا فاطمة، أنقذي نفسك من النار. فإني لا أملك لكم من اللّه شيئا» «ئى فاتىمە! ئۆزۈڭنى دوزاختىن قۇتقۇزغىن، مەن ھەقىقەتەن سىلەر ئۈچۈن الله تائالادىن ھېچنەرسىگە ئىگە بولالمايمەن».[2]

«سەھىھ بۇخارى»دىكى نەقىلدە: «يا فاطمة بنت محمد سليني ما شئت من مالي، لا أغني عنك من اللّه شيئا» «ئى مۇھەممەدنىڭ قىزى فاتىمە! مېلىمدىن خالىغىنىڭنى سورىغىن! مەن سېنى الله نىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزالمايمەن» دېيىلگەن.

ھەدىسنىڭ مەنىسى: مېنىڭ قىزىم بولغانلىقىڭغا ئىشەنچ قىلىپ كەتمە! چۈنكى مەن الله تائالانىڭ ئازابىدىن ھېچنەرسىنى قايتۇرالمايمەن.[3]

### ❖ پەيغەمبەر ﷺ قىزىنى كېچىسى قىيامدا تۇرۇشقا قىزىقتۇراتتى

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «أن رسول اللّه ﷺ طرقه وفاطمة بنت رسول اللّه ﷺ ليلة، فقال لهما: ألا تصليان؟، قال علي: فقلت: يا رسول اللّه، إنما أنفسنا بيد اللّه، فإذا شاء أن يبعثنا بعثنا، فانصرف رسول اللّه ﷺ حين قلت ذلك، ولم يرجع إلي شيئا، ثم سمعته وهو مدبر يضرب فخذه ويقول ﴿**وَكَانَ الْإِنْسَانُ أَكْثَرَ شَيْءٍ جَدَلًا**﴾» «رەسۇلۇللاھ ﷺ كېچىسى مەن بىلەن فاتىمەنىڭ يېنىغا كېلىپ: ‹سىلەر ناماز ئوقۇمامسىلەر؟› دېگەنىدى، مەن: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! بىزنىڭ جېنىمىز الله نىڭ

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] «شرح النووي على صحيح مسلم» 3- توم 80- بەت.

قولىدىدۇر، الله تائالا بىزنى قاچان ئۇيقۇدىن ئويغىتىشنى خالىسا شۇ چاغدا ئويغىتىدۇ> دېدىم. مەن بۇ سۆزنى دېگەن ۋاقىتتا پەيغەمبەرﷺ ماڭا ھېچنەرسە دېمەستىن قايتىپ كەتتى. مەن پەيغەمبەرﷺ نىڭ ئارقىسىغا ئۆرۈلگەن ھالەتتە يوتىسىغا ئۇرۇپ <ئىنسان كۆپ دەتالاش قىلىدۇ (يەنى كۆپ جېدەللىشىش ئىنساننىڭ تەبىئىتىدۇر)> ① دېگەن ئايەتنى ئوقۇغانلىقىنى ئاڭلىدىم». ②

ئىبنى بەتتال (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىستىن، كېچە نامىزىنىڭ پەزىلەتلىك ئىكەنلىكى، ئائىلىسى ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىدىن ئۇخلاپ قالغانلارنى كېچە نامىزىغا ئويغىتىشنىڭ مۇستەھەبلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. تەبەرى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: <رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ۋە قىزىنى كېچە نامىزىغا قىزىقتۇرۇپ، ئۇلارنى ئىككى قېتىم ئويغاتتى. كېچە الله تائالا مەخلۇقاتلىرىغا ئارامچىلىق قىلىپ بەرگەن ۋاقىت ئىدى. چۈنكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ الله تائالانىڭ كېچە نامىزىغا كاتتا ساۋاب بېرىدىغانلىقىنى ۋە الله نىڭ نەزىرىدە كېچىلىرى ناماز ئوقۇغان كىشىلەرنىڭ ئورنىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا، پەيغەمبەرﷺ ئۇ ئىككىسىنىڭ كېچىنىڭ جىمجىت ۋە پىنھان ۋاقىتلىرىدا ناماز ئوقۇپ، شۇ پەزىلەتكە ئىگە بولۇۋېلىشىنى ياخشى كۆرگەنىدى>». ③

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مەن پەيغەمبەرﷺ نىڭ ئارقىسىغا ئۆرۈلگەن ھالەتتە يوتىسىغا ئۇرۇپ... دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم» دېگەن. چۈنكى، پەيغەمبەرﷺ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىراپ بەرگەن جاۋابىدىن ئەجەبلىنىپ ۋە ئۇنىڭ ئېيتقان ئۆزرىسىگە قانائەت تاپمىغانلىقتىن يوتىسىغا ئۇرغان.

بۇ يەردىكى تەكلىپ قىلىنغان ئىش ۋاجىب ئەمەس، بەلكى مۇستەھەبتۇر.

① سۈرە كەھف 54 - ئايەت.

② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

③ «شرح ابن بطال على صحيح البخاري» 3 - توم 115 - بەت.

شۇڭلاشقا، پەيغەمبەرﷺ ئۇلارنىڭ يېنىدىن قايتىپ كېتىۋېتىپ ھېلىقى ئايەتنى ئوقۇغان. ناۋادا تەكلىپ قىلىنغان ئىش ۋاجىب بولغان بولسا، پەيغەمبەرﷺ ئۇلارنى ئۆز ئىختىيارىغا قويمىغان بولاتتى. الله تائالا ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.①

**❖ پەيغەمبەر ﷺ قىزلىرىنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرىغا كۆڭۈل بۆلەتتى ۋە ئۇلارنى رەنجىتكەن كىشىدىن نارازى بولاتتى**

مىسۋەر ئىبنى مەخرەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا نىكاھىدىكى ۋاقىتتا، ئەبۇ جەھىلنىڭ قىزىغا نىكاھلىنىش ئۈچۈن سۆز ئاچتى. فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ پەيغەمبەرﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا: «إن قومك يتحدثون أنك لا تغضب لبناتك، وهذا علي ناكحا ابنة أبي جهل، قال المسور: فقام النبي ﷺ: فسمعته حين تشهد، ثم قال: أما بعد، فإني أنكحت أبا العاص بن الربيع، فحدثني فصدقني، ووعدني فوفى لي، وإنما فاطمة بضعة مني، يؤذيني ما آذاها، وإنها والله لا تجتمع بنت رسول الله ﷺ وبنت عدو الله عند رجل واحد أبدا. فترك علي الخطبة» «قەۋمىڭ سېنى <قىزلىرى ئۈچۈن (كۈيئوغۇللىرىغا) ئاچچىقلانمايدۇ دېيىشىۋاتىدۇ. قارىغىنە! ئەلىمۇ ئەبۇ جەھىلنىڭ قىزىنى نىكاھىغا ئالماقچى بولۇۋاتىدۇ> دېدى. مىسۋەر مۇنداق دەيدۇ: شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەرﷺ ئورنىدىن تۇرۇپ شاھادەت ئېيتتى. مەن ئۇنىڭ شاھادەت ئېيتقان ئاۋازىنى ئاڭلىغانىدىم. پەيغەمبەرﷺ: <مەن ئەبۇلئاس ئىبنى رەبىئكە بىر قىزىمنى ياتلىق قىلدىم، ئۇ ماڭا راست سۆزلىدى ۋە ۋەدىسىگە ۋاپا قىلدى. ھەقىقەتەن فاتىمە مېنىڭ بىر پارچەمدۇر، كىمكى ئۇنىڭغا ئەزىيەت بەرسە، ماڭا ئەزىيەت بەرگەن بولىدۇ. الله بىلەن قەسەمكى، الله نىڭ پەيغەمبىرىنىڭ قىزى بىلەن الله نىڭ دۈشمىنىنىڭ قىزى مەڭگۈ بىر

① «شرح ابن بطال على صحيح البخاري» 3- توم 115- بەت. «حاشية السندي على النسائي» 3- توم 205- بەت.

كىشىنىڭ نىكاھىدا بولالمايدۇ> دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ جەھىلنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىش نىيىتىدىن ۋاز كەچتى».[1]

ئالىملار پەيغەمبەرﷺ نىڭ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى بۇ نىكاھتىن توسۇشىدىكى سەۋەبلەرنى تۆۋەندىكىدەك تۆت نۇقتىغا يىغىنچاقلىغان:

- بىرىنچى، بۇ نىكاھ فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئەزىيەت بېرىدۇ. فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئەزىيەت بەرگەنلىك، پەيغەمبەرﷺ گە ئەزىيەت بەرگەنلىكتۇر. پەيغەمبەرﷺ گە ئەزىيەت بېرىش چوڭ گۇناھلاردىن ھېسابلىنىدۇ. پەيغەمبەرﷺ «ھەقىقەتەن، فاتىمە مېنىڭ بىر پارچەمدۇر. ئۇنى بىئارام قىلغان نەرسە مېنىمۇ بىئارام قىلىدۇ، ئۇنىڭغا ئەزىيەت بەرگەنلىك ماڭا ئەزىيەت بەرگەنلىكتۇر» دېگەن سۆزى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى ئىپادىلىگەن. بۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قىزلىرىدىن باشقىلارغا تەتبىقلانمايدۇ.
- ئىككىنچى، بۇخارى توپلىغان نەقىلدە «وأنا أتخوف أن تفتن في دينها» «مەن ئۇنىڭ دىنىدا پىتنىگە چۈشۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمەن» دەپ كەلگىنىدەك، پەيغەمبەرﷺ فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ دىنىدا پىتنىگە چۈشۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن. چۈنكى، كۈندەشلىك ئاياللارنىڭ تەبىئىتىدۇر. شۇڭا، پەيغەمبەر ﷺ دۇنيا ئاياللىرىنىڭ سەييىدى بولغان فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ كۈندەشلىك سەۋەبىدىن ئۆزىگە ۋە ئورنىغا لايىق بولمىغان بىرەر ئىشنى قىلىپ سېلىشىدىن ئەنسىرىگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئانىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ھەمشىرىلىرىدىنمۇ ئارقا-ئارقىدىن ئايرىلىپ قالغان، ئەگەر بۇنداق ۋاقىتتا كۈندەشلىك پەيدا بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ بىلەن سىردىشىدىغان، ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىدىغان ۋە دەردىگە دەرمان بولىدىغان بىرەر

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان. بۇ يەردە ئېلىنغىنى مۇسلىم توپلىغان لەۋزى.

كىشى تېپىلمايتتى.

ھاپىز ئىبنى ھەجەر (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بۇ ۋەقە مەككە فەتھىسىدىن كېيىن يۈز بەرگەن بولۇپ، بۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن باشقا قىزلىرى ۋاپات بولۇپ كەتكەن. ئۇ ئانىسىدىن كېيىن ھەمشىرىلىرىدىن ئايرىلىش مۇسىبىتىگە ئۇچرىغان، شۇڭلاشقا بۇنداق ۋاقىتتا بۇ ئىش يۈز بەرسە كۈندەشلىك ئۇنىڭ غەملىرىنى تېخىمۇ كۆپەيتىۋەتكەن بولاتتى». [1]

• ئۈچىنچى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، الله نىڭ پەيغەمبىرىنىڭ قىزى بىلەن الله نىڭ دۈشمىنىنىڭ قىزى مەڭگۈ بىر كىشىنىڭ نىكاھىدا بولالمايدۇ» دېگىنىدەك، پەيغەمبەر ﷺ ئۆزىنىڭ قىزى بىلەن الله نىڭ دۈشمىنىنىڭ قىزىنىڭ بىر ئادەمنىڭ نىكاھىدا بولۇشىنى خالىمايتتى.

• تۆتىنچى، فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى ھۆرمەتلەش، ئۇنىڭ مەرتىۋىسى ۋە ئورنىنى كۆرسىتىپ بېرىش.

بۇ سەۋەبلەر ئايرىم ياكى بىرلىكتە مەۋجۇد بولسۇن، پەيغەمبەر ﷺ مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى بۇ نىكاھتىن توسقان. ۋەھالەنكى، بۇ قىسسىدە كۆپ ئاياللىق بولۇشنى چەكلەش پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋاتقان كىشى تايىنىدىغان كىچىككىنە بىر تۇتقىمۇ يوقتۇر، چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ بۇ خىل شەك ۋە گۇماننى مۇشۇ قىسسىنىڭ ئۆزىدە «وإني لست أحرم حلالا ولا أحل حراما» «مەن ھالالنى ھارام، ھارامنى ھالال قىلالمايمەن»[2] دېگەن سۆزى ئارقىلىق يوققا چىقارغان.

❖ **قىزلىرىنى خۇرسەن قىلىشقا قىزىقىشى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قىزلىرىغا**

---

[1] «فتح الباري» 7 ـ توم 86 ـ بەت.

[2] بۇخارى توپلىغان.

**بولغان بىر تۇرلۇك مۇئامىلىسىدۇر**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: أقبلت فاطمة تمشي كأن مشيتها مشي النبي ﷺ، فقال النبي ﷺ: مرحبا بابنتي، ثم أجلسها عن يمينه أو عن شماله، ثم أسر إليها حديثا فبكت. فقلت لها: لم تبكين؟ ثم أسر إليها حديثا، فضحكت. فقلت: ما رأيت كاليوم فرحا أقرب من حزن. فسألتها عما قال؟. فقالت: ما كنت لافشي سر رسول اللّٰه ﷺ، حتى قبض النبي ﷺ فسألتها. فقالت: إنه أسر إلي فقال: إن جبرئيل كان يعارضني القرآن كل سنة مرة، وإنه عارضني العام مرتين، ولا أراه إلا حضر أجلي، وإنك أول أهل بيتي لحاقا بي، فبكيت. فقال: أما ترضين أن تكوني سيدة نساء أهل الجنة أو نساء المؤمنين؟ فضحكت لذلك.

يېنىمىزغا فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا كىرىپ كەلدى، ئۇنىڭ مېڭىشى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مېڭىشىغا خويمۇ ئوخشايتتى. پەيغەمبەر ﷺ:

— خۇش كەلدىڭىز قىزىم — دەپ، ئۇنى ئوڭ ياكى سول تەرىپىدە ئولتۇرغۇزدى. ئاندىن فاتىمەنىڭ قۇلىقىغا بىر نەرسىلەرنى پىچىرلىغانىدى، فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يىغلاپ كەتتى. مەن ئۇنىڭغا:

— نېمىشقا يىغلايسەن؟ — دېدىم. ئاندىن كېيىن پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا يەنە بىر نەرسىلەرنى پىچىرلىغانىدى، فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇ قېتىم كۈلۈپ كەتتى. مەن بۈگۈنكىدەك قايغۇ ئارىلاشقان بىر خۇرسەنلىكنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم. كېيىن مەن فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ نېمە دېگەنلىكىنى سورىسام. ئۇ:

— پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارىلىمايمەن — دەپ تۇرىۋالدى. پەيغەمبەر ﷺ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بۇ ئىش توغرىسىدا فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن سورىغانىدىم، فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

— پەيغەمبەر ﷺ ماڭا پىچىرلاپ: «جىبرىئىل ماڭا ھەر يىلى قۇرئاننى بىر قېتىم ئوقۇپ بېرەتتى، ئەمما بۇ يىل ئىككى قېتىم ئوقۇپ بەردى. قارىغاندا

ھاياتىم ئاخىرلىشىپ قالغاندەك تۇردى. سەن ئائىلەمدىن تۇنجى بولۇپ ماڭا قوشۇلىدىغان كىشى» دېگەنىدى، شۇنىڭ بىلەن مەن يىغلىدىم. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ: «سەن جەننەت ئاياللىرىنىڭ ياكى مۇئمىن ئاياللارنىڭ سەردارى بولۇشقا رازى ئەمەسمۇ؟» دېگەنىدى، مەن شۇنىڭ ئۈچۈن كۈلدۈم ـــ دېدى.[1]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى زىكىر ۋە دۇئاغا قىزىقتۇراتتى**

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا: «يا فاطمة ما يمنعك أن تسمعي ما أوصيك به؟، أن تقولي إذا أصبحت وإذا أمسيت: <يَا حَيُّ يَا قَيُّومُ بِرَحْمَتِكَ أَسْتَغِيثُ أَصْلِحْ لِي شَأْنِي كُلَّهُ وَلاَ تَكِلْنِي إِلَى نَفْسِي طَرْفَةَ عَيْنٍ>» «ئى فاتىمە! سېنى مېنىڭ ۋەسىيىتىمنى ئاڭلىشىڭدىن نېمە توسۇپ قويىدۇ؟ سەن ئەتىگەن ۋە كەچتە <ئى ئەبەدىي ھايات ۋە ھەممىنى ئىدارە قىلغۇچى الله ! ئۆز رەھمىتىڭ بىلەن مېنى قۇتقۇزۇشۇڭنى تىلەيمەن، مېنىڭ ھەممە ئىشىمنى ياخشىلاپ بەرگىن ۋە مېنى كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچىلىك ۋاقىتمۇ ئۆز ھالىمغا تاشلاپ قويمىغىن!> دېگىن» دېگەن.[2]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ قىزلىرىغا سوۋغا ـ سالام ۋە ھەدىيىلەرنى ئەۋەتىپ سىلە ـ رەھىمنى ئۇلايتتى**

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «كساني رسول الله ﷺ، حلة من سيراء، فخرجت فيها فقال: يا علي إني لم أكسكها لتلبسها، اجعلها خمرا بين الفواطم» «رەسۇلۇللاھ ﷺ ماڭا بىر يىپەك تونىنى بەرگەنىدى، ئۇنى كىيىپ سىرتقا چىقتىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ: <ئى ئەلى! مەن ئۇنى سېنى كىيسۇن دەپ بەرمىدىم، ئۇنى ياغلىق قىلىپ فاتىمەلەر ئارىسىدا تارقىتىپ بەرگىن!> دېدى».[3]

---

[1] بۇخارى توپلىغان.
[2] ئىبنى سۇننى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.
[3] بۇخارى، مۇسلىم ۋە ئەھمەد توپلىغان.

ھەدىستىكى «الفواطم» «فاتىمەلەر» ــ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئانىسى فاتىمە بىنتى ئەسەد ۋە ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ قىزى فاتىمە قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ.[1]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ قىزلىرى مۇسىبەتكە ئۇچرىسا ئۇلارغا تەسەللىي بېرەتتى ۋە سەۋرگە ئۈندەيتتى**

ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «أرسلت ابنة النبي ﷺ إليه: أن ابنا لي قبض فأتنا. فأرسل يقرئ السلام ويقول: إن للّه ما أخذ وله ما أعطى وكل عنده بأجل مسمى فلتصبر ولتحتسب. فأرسلت إليه تقسم عليه ليأتينها فقام ومعه سعد بن عبادة ومعاذ بن جبل وأبي بن كعب وزيد ابن ثابت ورجال، فرفع إلى رسول اللّه ﷺ الصبي ونفسه تتقعقع كأنها شن. ففاضت عيناه. فقال سعد: يا رسول اللّه ما هذا؟ فقال: هذه رحمة جعلها اللّه في قلوب عباده. فإنما يرحم اللّه من عباده الرحماء» «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قىزى پەيغەمبەر ﷺ گە ئادەم ئەۋەتىپ: <مېنىڭ ئوغلۇم سەكراتتا، ئاتام بىزنىڭ يېنىمىزغا كەلسىكەن> دېگەندە، پەيغەمبەر ﷺ بارمايلا سالام يوللاش بىلەن بىرگە: <ئالغان نەرسە الله نىڭدۇر، بەرگەن نەرسىمۇ الله نىڭدۇر. ھەرقانداق ئىش الله نىڭ بەلگىلىگەن مۇددىتى بويىچە بولىدۇ. قىزىم سەۋر قىلسۇن ۋە ساۋاب ئۈمىد قىلسۇن> دەپ ئادەم ئەۋەتتى. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قىزى قەسەم قىلىپ تۇرۇپ، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ چوقۇم كېلىشىنى تاپىلاپ يەنە قايتا ئادەم ئەۋەتتى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ ئورنىدىن تۇردى. پەيغەمبەر ﷺ سەئىد ئىبنى ئۇبادە، مۇئاز ئىبنى جەبەل، ئۇبەي ئىبنى كەئىب، زەيد ئىبنى سابىت ۋە ئۇلاردىن باشقا بىر قانچە كىشى بىلەن بىرگە قىزىنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن بالىنى قۇچىقىغا ئالدى. بالىنىڭ نەپەس ئېلىشى خۇددى بوغۇلۇپ قالغاندەك

[1] «شرح النووي على صحيح مسلم» 14- توم 51- بەت.

ئىگىز-پەس بولۇۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ كۆزىدىن ئىختىيارسىز ياشلار تۆكۈلدى. سەئىد: <ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ نېمە ئىش؟> دېدى. پەيغەمبەرﷺ: <بۇ الله تائالا بەندىلىرىنىڭ قەلبىدە ئورۇنلاشتۇرغان رەھمەتتۇر، شۈبھىسىزكى، الله تائالا بەندىلىرى ئىچىدىن رەھىمدىل كىشىلەرگە رەھمەت قىلىدۇ> دېدى».①

پەيغەمبەرﷺ نىڭ «ئالغان نەرسە الله نىڭدۇر، بەرگەن نەرسىمۇ الله نىڭدۇر. ھەرقانداق ئىش الله نىڭ بەلگىلىگەن مۇددىتى بويىچە بولىدۇ» دېگىنى — سەۋرگە ۋە الله نىڭ ھۆكمىگە رازى بولۇشقا قىزىقتۇرۇشتۇر.

بۇنىڭ مەنىسى — «الله سىلەردىن ئالغان نەرسە سىلەرنىڭ ئەمەس، بەلكى الله نىڭدۇر ۋە الله تائالانىڭ ئالغىنى ئۆزىگە تەۋە بولغان نەرسىدۇر، شۇڭا ئامانەت ياكى ئارىيەتنى قايتۇرغان كىشى زارلانمىغاندەك، سىلەرمۇ زارلانماڭلار» دېگەنلىكتۇر.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «بەرگەن نەرسىمۇ الله نىڭدۇر» دېگىنى — «سىلەرگە بېرىلگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى الله نىڭ مۈلكىدۇر، الله تائالا ئۇنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدۇ» دېگەنلىكتۇر.

«پەيغەمبەرﷺ نىڭ كۆزىدىن ئىختىيارسىز ياشلار تۆكۈلدى. سەئىد ئۇنىڭغا: <ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ نېمە ئىش؟> دېدى». بۇنىڭ مەنىسى — سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «پەيغەمبەرﷺ يىغلاش ۋە كۆز يېشى قىلىشنىڭ ھاراملىقىنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ ئۇنىڭغا ئەسلەتكەندە، پەيغەمبەرﷺ يىغلاش ۋە كۆز يېشى قىلىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى دېيىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بۇنىڭ يامان كۆرۈلمەيدىغانلىقىنى ۋە الله نىڭ بەندىلەرگە ئاتا قىلغان رەھمەت ۋە پەزىلەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرگەن. ھارام قىلىنغان يىغىنىڭ ئۈن سېلىپ ۋە ھازا

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئېچىپ يىغلاش ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان.[1]

### ❖ پەيغەمبەر ﷺ پەرزەنتلىرىنىڭ ۋاپاتىغا قايغۇرغان

پەرزەنتلىرىدىن ئايرىلىش بىلەن سىنالغان كىشى بىلىپ قويسۇنكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ھايات ۋاقتىدا فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن باشقا بارلىق پەرزەنتلىرى ۋاپات بولغانىدى. بىرەر پەرزەنتى ۋاپات بولغاندا، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ ۋاپاتىغا قايغۇراتتى، ئۇنىڭدىن ئايرىلغىنىغا كۆز يېشى قىلاتتى ھەمدە الله ياخشى كۆرىدىغان ۋە رازى بولىدىغان سۆزنىلا قىلاتتى.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۇممۇ كۇلسۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ۋاپاتى ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «شهدنا بنت رسول اللّٰه ﷺ ، وهو جالس على القبر، فرأيت عينيه تدمعان» «بىز پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قىزىنى دەپنە قىلىشقا چىقتۇق. رەسۇلۇللاھ ﷺ قەبرە بېشىدا ئولتۇراتتى. مەن ئۇنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ ياشقا تولغانلىقىنى كۆردۈم».[2]

ئۇنىسىز يىغلاش ـــ الله نىڭ ھۆكمى ۋە تەقدىرىگە نارازى بولۇش بولماستىن، بەلكى رەھىمدىل كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىدىن ئاقىدىغان مېھرىبانلىق ۋە رەھمەت يېشىدۇر.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «دخلنا مع رسول اللّٰه ﷺ على أبي سيف القين، وكان ظئرا لإبراهيم، فأخذ رسول اللّٰه ﷺ ، إبراهيم، فقبله، وشمه، ثم دخلنا عليه بعد ذلك، وإبراهيم يجود بنفسه، فجعلت عينا رسول اللّٰه ﷺ تذرفان. فقال له عبد الرحمن بن عوف، وأنت يا رسول اللّٰه؟، قال: يا ابن عوف إنها رحمة، ثم أتبعها بأخرى، فقال: إن العين تدمع والقلب يحزن ولا نقول إلا ما يرضى ربنا وإنا بفراقك يا إبراهيم لمحزونون» «بىز پەيغەمبەر ﷺ بىلەن تۆمۈرچى ئەبۇ سەيفنىڭ يېنىغا كىردۇق. ئۇ ئىبراھىمنىڭ

---

[1] «شرح النووي على صحيح مسلم» 6ـ توم 225ـ بەت.

[2] بۇخارى توپلىغان.

سۈت ئاتىسى ئىدى (ئىنىكئانىسىنىڭ ئېرى). رەسۇلۇللاھ ﷺ ئىبراھىمنى قۇچىقىغا ئېلىپ سۆيدى ۋە ھىدلىدى. مەلۇم مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئىبراھىمنىڭ قېشىغا كىرسەك، ئۇ ئاخىرقى تىنىقلىرىدا تۇرۇۋاتقانىكەن. شۇنىڭ بىلەن، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ كۆزىدىن ياش ئاققىلى تۇردى. ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: <ئى رەسۇلۇللاھ! يىغلاۋاتامسەن؟> دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <ئى ئىبنى ئەۋف! بۇ دېگەن مېھرىبانلىق> دېدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە بىر قېتىم يىغلىدى ۋە: <كۆز يىغلايدۇ، قەلب قايغۇرىدۇ، شۇنداقتىمۇ بىز رەببىمىز رازى بولىدىغان سۆزنى قىلىمىز. ئى ئىبراھىم! بىز سەندىن ئايرىلغىنىمىزغا بەكمۇ قايغۇرىمىز> دېدى». [1]

عن أنس قال: ما رأيت أحدا كان أرحم بالعيال من رسول اللَّه ﷺ، قال وكان إبراهيم مسترضعا له في عوالي المدينة، فكان ينطلق ونحن معه فيدخل البيت وإنه ليدخن [وفي رواية وقد إمتلأ البيت دخانا، فأسرعت المشي بين يدي رسول اللَّه ﷺ ، فقلت: يا أبا سيف أمسك جاء رسول اللَّه ﷺ] وكان ظئره قينا، فيأخذه فيقبله ثم يرجع. قال فلما توفي إبراهيم قال رسول اللَّه ﷺ إن إبراهيم ابني، وإنه مات في الثدي، وإن له لظئرين تكملان رضاعه في الجنة.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەرزەنتلىرىگە رەسۇلۇللاھ ﷺ دىنمۇ رەھىمدىل بىر كىشىنى كۆرۈپ باقمىدىم. ئىبراھىم (رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئوغلى) مەدىنىنىڭ ئۈستۈن تەرىپىدىكى بىر يېزىدا ئېمىتىلەتتى. بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىللە ئۇ يېزىغا باراتتۇق. ئىبراھىمنىڭ سۈت ئاتىسى تۆمۈرچى بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆيگە كىرگىنىدە، ئۆي ئىسقا توشۇپ كەتكەن بولاتتى. «يەنە بىر نەقىلدە، ئۆي ئىسقا توشۇپ كەتكەن بولاتتى. مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئالدىدا تېزرەك مېڭىپ: <ئى ئەبۇ سەيف، توختا! رەسۇلۇللاھ كەلدى> دەيتتىم». رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆيگە كىرىپلا

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئىبراھىمنى قولىغا ئېلىپ سۆيۈپ، ھىدلاپ كېتەتتى، ئاندىن قايتىپ كېتەتتۇق. ئىبراھىم ۋاپات بولغاندا رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ئوغلۇم ئىبراھىم ئەمچەكتىن ئايرىلماي تۇرۇپ ۋاپات بولدى، جەننەتتە ئۇنىڭغا ئىككى ئىنىكئانا بار بولۇپ، ئۇلار ئىبراھىمنىڭ قالغان سۈتىنى تولۇقلايدۇ».①

ئىبراھىم سۈتتىن ئايرىلىش يېشىغا توشماي تۇرۇپلا ۋاپات بولغان. ئۇ 16 ياكى 17 ئايلىق بولغاندا ۋاپات بولغان بولۇپ، جەننەتتىكى ئۇ ئىككى ئىنىكئانا ئىككى يىلنىڭ قېلىپ قالغان ئايلىرىنى تولۇقلاپ ئېمىتىدۇ. قۇرئاندا بەلگىلەنگەن تولۇق ئېمىتىش مۇددىتى ئىككى يىلدۇر.

بۇ ھەدىستە، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ باللار ۋە ئاجىزلارغا بولغان رەھىمدىللىقىدىن ئىبارەت بۈيۈك ئەخلاق ـ پەزىلىتى نامايان بولغان.

بۇ ھەدىستىن يەنە، باللار ۋە ئائىلىدىكىلەرگە رەھىمدىل بولۇش ۋە ئۇلارنى سۆيۈپ قويۇشنىڭ پەزىلەتلىك ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.②

پەيغەمبەر ﷺ قىزلىرى ۋاپات بولغاندا، ئۇلارنى يۇيۇش ۋە كېپەنلەش ئىشلىرىغا يول كۆرسەتتى. ئۇلارنىڭ نامىزىنى ئوقۇيتتى، دەپنە قىلاتتى ۋە قەبرىسىدە توختاپ ئۇلار ئۈچۈن الله قا دۇئا قىلاتتى.

ئۇممۇ ئەتىييە ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «دخل علينا رسول اللَّه ﷺ حين توفيت ابنته، فقال: اغسلنها ثلاثا، أو خمسا، أو أكثر من ذلك، إن رأيتن ذلك بماء وسدر، واجعلن في الآخرة كافورا أو شيئا من كافور، فإذا فرغتن فآذنني. فلما فرغنا آذناه، فأعطانا حقوه فقال: أشعرنها إياه» «رەسۇلۇللاھ ﷺ قىزى (ئۇممۇ كۇلسۇم) ۋاپات بولغاندا يېنىمىزغا كىرىپ: <ئۇنى ئۈچ قېتىم ياكى بەش قېتىم ۋە ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ يۇيۇڭلار!

① مۇسلىم توپلىغان.

② «شرح النووي على صحيح مسلم» 15 ـ توم 76 ـ بەت.

ئەگەر مۇۋاپىق كۆرسەڭلار سۇ ۋە سىدر[1] بىلەن يۇيۇڭلار، ئاخىرقى قېتىم كافۇر[2] (ياكى كافۇرغا ئوخشايدىغان بىرنەرسە) ئارىلاشتۇرۇڭلار. يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن ماڭا خەۋەر قىلىڭلار!› دېدى. بىز ئىشىمىزنى تۈگىتىپ خەۋەر بەردۇق. رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزگە ئىزارىنى[3] بېرىپ: ‹بۇنى بەدىنىگە يۆگەڭلار! (يەنى ئىچ كېپەنلىك قىلىڭلار!) دېدى».[4]

پەيغەمبەر ﷺ ئىزارىنى ئۆزىنىڭ مۇبارەك بەدىنىدىن قىزىنىڭ بەدىنىگە يۆتكىلىش ئارىلىقىدا ۋاقىت ئۆتمەسلىكى ئۈچۈن، قىزىنى يۇيۇپ بولۇشتىن ئىلگىرى بەرمىگەن بولۇشى مۇمكىن.

مانا بۇلار ــ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ پەرزەنتلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش ۋە مېھرىبانلىق قىلىشتىكى مۇئامىلە ئەخلاقىنىڭ كۆرۈنۈشلىرىدۇر.

---

[1] سىدر ــ ياۋا چىلان بولۇپ، ئەينى چاغدا ئۇنىڭ يوپۇرمىقى سوپۇننىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلگەن.
[2] كافۇر ــ بىر خىل خۇشبۇي نەرسە بولۇپ، مېيىتنى يۇيىدىغان سۇغا ۋە كېپەنگە قويۇلىدۇ.
[3] ئىزار ــ ئەينى چاغدىكى ئەرەبلەر بەلنىڭ ئاستىغا يۆگەپ ئىشتاننىڭ ئورنىدا قوللىنىدىغان، ئېھرامنىڭ ئاستى قىسمىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر پارچە رەخت.
[4] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

## 3 ـ باب

# پەيغەمبەر ﷺ نىڭ نەۋرىلىرى بىلەن بولغان مۇئامىلىسى

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يەتتە نەۋرىسى بار بولۇپ، ئۇلار:

1. ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ. ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئەڭ ئوخشايدىغان كىشىدۇر. ئۇ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ تۇنجى ئوغلى بولۇپ، ھىجرىيىنىڭ 3 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 49 ـ يىلى ۋاپات بولغان. ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋاپات بولغاندا يەتتە ياش ئەتراپىدا ئىدى.

2. ھۈسەين ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ. ئۇ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئىككىنچى ئوغلى بولۇپ، ھىجرىيىنىڭ 4 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 61 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

3. ئۇممۇ كۇلسۇم بىنتى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب. ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ ھايات ۋاقتىدا تۇغۇلغان. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا ئۆيلەنگەن بولۇپ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زەيد ئىبنى ئۆمەر ۋە رۇقىيە ئىسىملىك پەرزەنتلىرى ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان. ئۇممۇ كۇلسۇم ۋە ئۇنىڭ ئوغلى زەيد ئىبنى ئۆمەر ھىجرىيىنىڭ 75 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

4. زەينەپ بىنتى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب. ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ ھايات ۋاقتىدا تۇغۇلغان. ئۇ تاغىسىنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەرگە ياتلىق بولغان. ئۇ ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەرنىڭ نىكاھىدا تۇرۇپ ۋاپات بولغان بولۇپ، ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر ئۇنىڭدىن كۆپ بالىلىق بولغان.

5. ئابدۇللاھ ئىبنى ئوسمان ئىبنى ئەففان. ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قىزى رۇقىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئوغلىدۇر. ئۇ ھەبەشىستاندا تۇغۇلغان بولۇپ، ئالتە

يىل ئۆمۈر كۆرگەن.

6. ئۇمامە بىنتى ئەبۇلئاس. ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قىزى زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قىزىدۇر. ئۇ فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ياتلىق بولغان بولۇپ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بالىلىق بولمىغان. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭدىن بۇرۇن ۋاپات بولۇپ كەتكەن. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن مۇغىيرە ئىبنى نەۋفەلگە ياتلىق بولغان. مۇغىيرەنىڭ نىكاھىدا ۋاپات بولغان بولۇپ، مۇغىيرەدىنمۇ تۇغمىغان.

7. ئەلى ئىبنى ئەبۇلئاس. ئۇ زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئوغلى بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ ھايات ۋاقتىدا بالاغەت يېشىغا يېقىنلاشقاندا ۋاپات بولغان.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ پاك نەسەبى پەقەت ھەسەن ۋە ھۈسەيندىن ئىبارەت ئىككى نەۋرىسى ئارقىلىقلا داۋاملاشقان. ھەسەننىڭ نەسەبىدىن بولغانلار «ھەسەنىيلەر»، ھۈسەيننىڭ نەسەبىدىن بولغانلار «ھۈسەينىيلەر» دېيىلىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ نەۋرىلىرى بىلەن بولغان مۇئامىلىسى مۇلايىملىق، كۆيۈمچانلىق ۋە مېھرىبانلىققا تولۇپ تاشقان بولۇپ، ئۇ ئاجايىب تەڭداشسىز بوۋىلىق ئۈلگىسىنى ياراتقان.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ نەۋرىلىرى بىلەن بولغان مۇئامىلىسى رەھىمدىللىق بىلەن يۇغۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ نەۋرىلىرىگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلەتتى ۋە ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بىرەر پەرزەنتى تۇغۇلسا، بوۋاقنىڭ تۇنجى بولۇپ الله نى مەدھىيىلەش ۋە ئۇلۇغلاش كەلىمىسىنى ئاڭلىشى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ ئوڭ قۇلىقىغا ئەزان توۋلايتتى.

ئەبۇ رافىئ مۇنداق دېگەن: «رأيت رسول الله ﷺ أذن في أذن الحسن ابن علي حين

ولدته فاطمة بالصلاة» «فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەسەننى تۇغقاندا، مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھەسەننىڭ قۇلىقىغا نامازغا ئەزان ئېيتقاندەك ئەزان ئېيتقانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم».[1]

شۇنىڭ ئۈچۈن، كۆپچىلىك ئالىملار «بوۋاق تۇغۇلغاندا ئۇنىڭدىن شەيتاننى قوغلاش ۋە تۇنجى بولۇپ ئاڭلىغان نەرسىسىنىڭ الله نىڭ زىكرى بولۇشى ئۈچۈن، ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئەزان ئېيتىش مۇستەھەب» دەپ قارىغان.

ئىبنى قەييىم (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بوۋاقنىڭ قۇلىقىغا ئەزان ئېيتىشنىڭ ھېكمىتى ــ (الله تائالا ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر) ئىنساننىڭ قۇلىقىغا تۇنجى بولۇپ كىرىدىغان سۆزنىڭ الله نىڭ ئۇلۇغلۇقى ۋە بۈيۈكلۈكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەزان كەلىمىلىرى ۋە ئىسلامغا كىرگەندە تۇنجى بولۇپ ئېيتىلىدىغان شاھادەت كەلىمىسى بولۇشىدۇر. خۇددى دۇنيادىن ئايرىلىش ئالدىدىكى كىشىگە تەۋھىد كەلىمىسى ئېيتىپ بېرىلگىنىدەك، دۇنياغا كۆز ئاچقاندا ھەم ئىسلام شوئارلىرى ئۆگىتىلگەن بولىدۇ.

بوۋاقنىڭ قۇلىقىغا ئېيتىلغان ئەزاننىڭ ئۇنىڭ قەلبىگىچە يېتىپ بارىدىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ھېچكىم ئىنكار قىلمايدۇ. <بوۋاق بۇلارنى ھېس قىلالمايدۇ> دېگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ يەنە باشقا نۇرغۇن پايدىلىرى بار بولۇپ، شەيتان ئەزان كەلىمىلىرىنى ئاڭلىغاندا قاچىدۇ. بوۋاقنىڭ قۇلىقىغا تۇنجى بولۇپ ئەزان ئاڭلىتىلسا، شەيتان دەسلەپكى قەدەمدىلا ئۆزىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان ۋە ئاچچىقلىتىدىغان كەلىمىلەرنى ئاڭلايدۇ».[2]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ بالىلارنى ئىغىزلاندۇراتتى**

[1] ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان، تىرمىزى «سەھىھ» دېگەن.
[2] «تحفة المودود» 31ـ بەت.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «أن رسول الله ﷺ كان يؤتى بالصبيان، فيبرك عليهم ويحنكهم» «رەسۇلۇللاھ ﷺ گە كىچىك باللار ئېلىپ كېلىنسە، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارغا بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلىپ، ئۇلارنى ئېغىزلاندۇراتتى».[1]

«التحنيك» «ئېغىزلاندۇرۇش» — خورما ياكى شۇنىڭغا ئوخشىغان نەرسىنى ناھايىتى يۇمشاق چايناپ، ئۇنى بوۋاققا يېگۈزۈشتۇر. بوۋاقنى خورمىدا ئېغىزلاندۇرۇش ئەڭ ياخشى، ئەگەر خورما تېپىلمىسا باشقا (تاتلىق) نەرسىلەر بىلەن ئېغىزلاندۇرۇلسىمۇ بولىدۇ.[2] خورمىنىڭ شېرىن تەمى بوۋاققا نىسبەتەن ئەڭ پايدىلىقتۇر.

ئىلمىي تەتقىقات گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى دوكتور مۇھەممەد ئەلى بارى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئېغىزلاندۇرۇشنىڭ بوۋاقنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە ساغلاملىقىغا ناھايىتى پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان ۋە ئىلمىي ئۇسۇلدا قانائەتلىنەرلىك چۈشەندۈرگەن.

ئۇ مۇنداق دېگەن: «ئېغىزلاندۇرۇش توغرىسىدا كەلگەن ھەدىسلەردىن، بوۋاقنى خورما ياكى تاتلىق نەرسىلەر بىلەن ئېغىزلاندۇرۇشنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. يېقى زامان ئىلمىي تەتقىقاتى ئېغىزلاندۇرۇشتىكى بۇ ھېكمەتنى 14 ئەسىردىن كېيىن بايقىغان بولۇپ، تەتقىقاتتا ئىسپاتلىنىشىچە، يېڭى تۇغۇلغان ۋە ئېمىۋاتقان بوۋاقلارنىڭ قاندىكى شېكەر ماددىسى تۆۋەنلەپ كەتسە ياكى سوغۇق ھاۋاغا ئۇچراشقاندا بەدەن تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنلەپ كەتسە، بوۋاقنىڭ ھاياتى خەۋپكە ئۇچرايدۇ».

قاندىكى شېكەر نىسبىتىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى بوۋاقلاردا ئەممەسلىك،

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] «شرح النووي على صحيح مسلم» 14- توم 124- بەت.

مۇسكۇللارنىڭ بوشاپ كېتىشى، نەپەس قىيىنلىشىش، بەدەن كۆكىرىش، كېچىكىپ يېتىلىش ۋە ئەقلىي ئىقتىدارى توسالغۇغا ئۇچراش... قا ئوخشاش خەتەرلىك ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئەمما، بۇنى داۋالاش ئاسان بولۇپ، گلۇكوزا سۇيۇقلۇقىنى بوۋاقنىڭ ئېغىزى ياكى تومۇرىدىن ماڭدۇرۇش ئارقىلىق داۋالىغىلى بولىدۇ. ماھىيەتتە بۇمۇ يەنىلا ئېغىزلاندۇرۇشنىڭ ئورنىدا تۇرىدۇ.

ئېغىزلاندۇرۇشنىڭ تامغاق بىلەن تىلنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئارقىلىق ئېغىز مۇسكۇللىرىنى كۈچلەندۈرۈپ، بالىنىڭ ئېمىشنى ئۆگىنىشىگە ياردىمى بولىدىغانلىقى ئىلمىي تەتقىقاتلاردا ئىسپاتلانغان.

ئەجۋە خورمىسى جەننەتتىن چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، ناھايىتى بەرىكەتلىكتۇر. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «العجوة من الجنة وهي شفاء من السم» «ئەجۋە جەننەتتىن چۈشكەن، ئۇ زەھەر قايتۇرىدۇ». [①] لېكىن، ئەجۋە خورمىسى دۇنياغا چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن ئۆزگىرىپ كەتكەن بولۇپ، دۇنيادىكى خورما بىلەن جەننەتتىكى خورما ئەلۋەتتە پەرقلىنىدۇ.

❖ **پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنىڭ ئەقىقىسىنى قىلغان**

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «عق رسول اللّٰه ﷺ عن الحسن والحسين رضي اللّٰه تعالى عنهما بكبشين كبشين» «رەسۇلۇللاھ ﷺ ھەسەن ۋە ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنىڭ ھەربىرى ئۈچۈن ئىككىدىن قوچقار بىلەن ئەقىقە قىلغان ئىدى». [②]

ئەقىقە قىلىش ــ بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۈچۈن مال بوغۇزلاشنى

[①] تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[②] نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

كۆرسىتىدۇ. ئوغۇلنىڭ ئەقىقىسى ئۈچۈن ئىككى قوي، قىزنىڭ ئەقىقىسى ئۈچۈن بىر قوي بوغۇزلىنىدۇ.

ئەقىقىنىڭ كۆپلىگەن پايدىلىرى بار بولۇپ، ئەقىقە ــ بەندىنىڭ الله تائالاغا قىلغان قۇربانلىقى، رەببىگە بولغان سېخىيلىقى ۋە بالىنىڭ فىدىيىسىنى ئادا قىلغانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەقىقە قىلىش ــ بالىنىڭ ياخشى ۋە ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى ھەمدە ئۇنى شەيتاننىڭ يامانلىقىدىن قوغداش قاتارلىق ئىشلاردا مۇھىم تەسىرگە ئىگە.[1]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ئەقىقىنى بوۋاق تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنىگىچە كېچىكتۈرگەن**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «عق رسول اللّٰه ﷺ عن حسن وحسين يوم السابع وسماهما» «رەسۇلۇللاھ ﷺ ھەسەن ۋە ھۈسەيىنلەر تۇغۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى ئۇلارنىڭ ئەقىقىسىنى قىلغان ۋە شۇ كۈنى ئۇ ئىككىسىگە ئىسىم قويغان ئىدى».[2]

ئەقىقە ئۈچۈن يەتتىنچى كۈنى مال بوغۇزلاش سۈننەت بولۇپ، ئەگەر بالا شەنبە كۈنى تۇغۇلغان بولسا، شەرئىي قائىدە بويىچە جۈمە كۈنى ئەقىقىسى قىلىنىدۇ. ئەگەر بالا پەيشەنبە كۈنى تۇغۇلغان بولسا، چارشەنبە كۈنى ئەقىقىسى قىلىنىدۇ.[3]

پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «الغلام مرتهن بعقيقته يذبح عنه يوم السابع ويسمى» «بالا ئەقىقە قىلىنىدىغان مالغا گۆرۈگە قويۇلغان بولىدۇ. ئۇ تۇغۇلۇپ

---

[1] «تحفة المودود بأحكام المولود» 69 ـ بەت.
[2] ئىبنى ھىببان توپلىغان، ئىبنى ھەجەر «سەھىھ» دېگەن.
[3] «الشرح الممتع» 7 ـ توم 493 ـ بەت.

يەتتىنچى كۈنى ئەقىقىسى قىلىنىپ، ئىسىم قويۇلىدۇ». ①

پەيغەمبەر ﷺ بالا تۇغۇلغان كۈندىمۇ ئۇنىڭغا ئىسىم قويغان. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ولد لي الليلة غلام، فسميته باسم أبي إبراهيم» «كېچىدىن مېنىڭ بىر ئوغلۇم تۇغۇلدى، مەن ئۇنىڭغا بوۋام ئىبراھىمنىڭ ئىسمىنى قويدۇم». ②

❖ **پەيغەمبەر ﷺ تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈشكە ۋە چېچىنىڭ ئېغىرلىقى باراۋىرىدە كۈمۈش سەدىقە قىلىشقا بۇيرۇغان**

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئازادگەردىسى ئەبۇ رافىئ مۇنداق دېگەن: «أن الحسن بن علي لما ولد أرادت أمه فاطمة أن تعق عنه بكبشين، فقال ﷺ: لا تعقي عنه؛ ولكن احلقي شعر رأسه، ثم تصدقي بوزنه من الورق في سبيل اللّٰه. ثم ولد حسين بعد ذلك فصنعت مثل ذلك» «ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۇغۇلغاندا، ئانىسى فاتىمە ئۇنىڭغا ئىككى قوچقارنى ئەقىقە قىلماقچى بولغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا: <ئۇنىڭ ئەقىقىسىنى قىلماي تۇرۇڭ، لېكىن چېچىنى چۈشۈرۈپ، چېچىنىڭ ئېغىرلىقى باراۋىرىدە الله يولىدا كۈمۈش سەدىقە قىلىڭ!> دېدى. كېيىن ھۈسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۇغۇلغاندا، فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭغىمۇ ھەسەنگە ئوخشاشلا قىلدى». ③

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارنىڭ ئەقىقىسىنى ئۆزى قىلماقچى بولغانلىقى ئۈچۈن، فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا: «ئۇنىڭ ئەقىقىسىنى قىلماي تۇرۇڭ» دېگەن.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «أن النبي ﷺ أمر برأس الحسن والحسين يوم سابعهما أن يحلق ويتصدق بوزنه فضة» «رەسۇلۇللاھ ﷺ ھەسەن ۋە ھۈسەين تۇغۇلۇپ، يەتتىنچى كۈنى ئۇلارنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈشكە ۋە چېچىنىڭ

---

① ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى توپلىغان، تىرمىزى ۋە ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
② مۇسلىم توپلىغان.
③ ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

ئېغىرلىقى باراۋەرىدە كۈمۈش سەدىقە قىلىشقا بۇيرۇغان».[①]

يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈش بوۋاققا نىسبەتەن ئىنتايىن پايدىلىق. يېڭى زامان تىبابەتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بوۋاقنىڭ چېچى چۈشۈرۈلگەندە باش تېرىسىنىڭ تۆشۈكچىلىرى ئېچىلىپ، چاچ چىقىشقا ياردىمى بولىدۇ. بالىنىڭ چېچى چۈشۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن بېشىغا زەپىران سۈركەش ئۇنتۇلغان سۈننەت بولۇپ، بۈگۈنكى كۈندە بۇ سۈننەتكە ئەمەل قىلىدىغانلار ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «كانوا في الجاهلية إذا عقوا عن الصبي خضبوا قطنة بدم العقيقة فإذا حلقوا رأس الصبي وضعوها على رأسه فقال النبي ﷺ: اجعلوا مكان الدم خلوقا» «كىشىلەر جاھىلىيەتتە بالىنىڭ ئەقىقىسىنى قىلسا، ئۇنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈپ، پاختىنى ئەقىقىنىڭ قېنىغا مىلەپ بالىنىڭ بېشىغا سۈركەيتتى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ﷺ: <قاننىڭ ئورنىغا خەلۇقنى[②] ئىشلىتىڭلار> دېدى».[③]

### ❖ پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارغا چىرايلىق ئىسىملارنى تاللىغان

چىرايلىق ئىسىم تاللاش — پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئىسىم قويۇشتىكى ئادىتىدۇر. پەيغەمبەر ﷺ سەت ۋە ناچار ئىسىملارنى چىرايلىق ئىسىملارغا ئۆزگەرتىۋەتكەن.

بالىغا ياخشى ئىسىم تاللاش — بالىنىڭ ئاتىسى ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر. شۇڭلاشقا، ئاتا بولغۇچى بالىلىرىغا يات، سەت ۋە يېقىمسىز ئىسىملارنى قويماسلىقى لازىم.

---

[①] بەززار توپلىغان، ھەيسەمى «ھەسەن» دېگەن.

[②] خەلۇق — زەپىران ۋە ئۇنىڭدىن باشقا خۇشپۇراق نەرسىلەر ئارىلاشتۇرۇپ ياسىلىدىغان، قىزغۇچ سېرىق رەڭدىكى بىر خىل خۇشپۇراق بۇيۇم.

[③] ئىبنى ھىببان توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

### ❖ نەۋرىسى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قۇچىقىغا سىيىپ قويغاندا، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا خاپا بولمىغان

لۇبابە بىنتى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «كان الحسين بن علي في حجر رسول الله ﷺ، فبال عليه، فقلت: البس ثوبا وأعطني إزارك حتى أغسله. قال: إنما يغسل من بول الأنثى، وينضح من بول الذكر» «ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قۇچىقىدا ئىدى. ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ قۇچىقىغا سىيىپ قويدى. مەن: ‹كىيىمىڭنى ئالماشتۇرۇپ، ئىزارىڭنى[1] بەرگىن. يۇيۇۋېتەي› دېسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹قىز بالىنىڭ سۈيدۈكى يۇيۇلىدۇ، ئوغۇل بالىنىڭ سۈيدۈكىگە سۇ سېپىلىدۇ› دېدى».[2]

ئەبۇ سەمھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «كنت أخدم النبي ﷺ فكان إذا أراد أن يغتسل قال: ولني قفاك، فأوليه قفاي فأستره به، فأتي بحسن أو حسين فبال على صدره فجئت أغسله فقال: يغسل من بول الجارية ويرش من بول الغلام» «مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ خىزمىتىدە بولغان ئىدىم. پەيغەمبەر ﷺ غۇسلى قىلماقچى بولسا، ماڭا: ‹كەينىڭنى قىلىپ تۇر!› دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن مەن كەينىمنى قىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا دالدا بولۇپ بېرەتتىم. كېيىن ھەسەن ياكى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ كۆكرىكىگە سىيىپ قويغانىدى، مەن: ‹ئۇنى يۇيۇۋېتەي› دەپ كەلسەم، پەيغەمبەر ﷺ: ‹قىز بالىنىڭ سۈيدۈكى يۇيۇلىدۇ، ئوغۇل بالىنىڭ سۈيدۈكىگە سۇ سېپىلىدۇ› دېدى».[3]

ئەبۇ لەيلا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «كنت عند رسول الله ﷺ وعلى صدره أو بطنه الحسن أو الحسين، قال: فرأيت بوله أساريع فقمنا إليه، فقال: دعوا ابني، لا تفزعوه حتى

[1] ئىزار ــ ئەينى چاغدىكى ئەرەبلەر بەلنىڭ ئاستىغا يۆگەپ ئىشتاننىڭ ئورنىدا قوللىنىدىغان، ئېھرامنىڭ ئاستى قىسمىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر پارچە رەخت.

[2] ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] ئەبۇ داۋۇد، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

يقضي بوله، ثم أتبعه الماء» «مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىدا ئىدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ كۆكرىكىدە ياكى قورسىقىدا ھەسەن ياكى ھۈسەين بار ئىدى. ئۇنىڭ سۈيدۈكىنىڭ ئېقىپ چۇشۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئورنىمىزدىن تۇرغانىدۇق، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <ئوغلۇم بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن، ئۇنى قورقىتىۋەتمەڭلار! سىيىۋالسۇن> دېدى. ئاندىن سۈيدۈك ئۈستىگە سۇ تۆكۈلدى». [①]

بۇ ھەدىسلەردە، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ كەڭ قورساق، نەۋرىلىرىنى ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان خىسلەتلىرى نامايان بولغان.

**❖ پەيغەمبەر ﷺ نەۋرىلىرى ئۈچۈن پاناھلىق تىلىگەن**

ئابدۇللاھ ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «كان النبي ﷺ يعوذ الحسن والحسين، يقول: أعيذكما بكلمات اللّٰه التامة، من كل شيطان وهامة، ومن كل عين لامة ، ويقول ‹هكذا كان إبراهيم يعوذ إسحاق وإسماعيل عليهم السلام›» «پەيغەمبەر ﷺ ھەسەن بىلەن ھۈسەينگە: <الله نىڭ مۇكەممەل سۆزلىرى بىلەن الله قا سېغىنىپ ھەرقانداق شەيتاندىن، زەھەرلىك ھاشاراتتىن ۋە يامان كۆزدىن سىلەرنى ساقلىشىنى تىلەيمەن!> دەپ دۇئا قىلىپ قوياتتى ۋە: <ئىبراھىم ئەلەيھىسسالاممۇ ئوغۇللىرى ئىسمائىل ۋە ئىسھاق ئۈچۈن مۇشۇنداق پاناھ تىلەيتتى> دەيتتى». [②]

خەتتابى يۇقىرىقى ھەدىستىكى «من كل عين لامة» «ھەرقانداق يامان كۆزدىن» دېگەن جۈملىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «بۇ جىن چاپلىشىۋالغان ۋە ساراڭلىقتىن ئىبارەت ئىنسانغا يېتىدىغان ھەرقانداق كېسەلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ». [③]

---

① ئەھمەد توپلىغان، شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

② بۇخارى ۋە تىرمىزى توپلىغان.

③ «فتح الباري» 6 ـ توم 410 ـ بەت.

❖ **پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارغا بەزى دۇئالارنى ئۆگىتىپ قويىاتتى**

ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: [رەسۇلۇللاھ ﷺ ماڭا ۋىتىر نامىزىدا ئوقۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە كەلىمىلەرنى ئۆگىتىپ قويغان: «اللَّهُمَّ اهْدِنِي فِيمَنْ هَدَيْتَ، وَعَافِنِي فِيمَنْ عَافَيْتَ، وَتَوَلَّنِي فِيمَنْ تَوَلَّيْتَ، وَبَارِكْ لِي فِيمَا أَعْطَيْتَ، وَقِنِي شَرَّ مَا قَضَيْتَ، فَإِنَّكَ تَقْضِي وَلاَ يُقْضَى عَلَيْكَ، إِنَّهُ لاَ يَذِلُّ مَنْ وَالَيْتَ، تَبَارَكْتَ رَبَّنَا وَتَعَالَيْتَ» «ئى الله ! مېنى سەن ھىدايەت قىلغانلار قاتارىدا ھىدايەت قىلغىن، ماڭا سەن ساقلىق ئاتا قىلغانلار قاتارىدا ساقلىق ئاتا قىلغىن، مېنى سەن ھىمايە قىلغانلار قاتارىدا ھىمايە قىلغىن، بەرگەن نېئمەتلىرىڭدە ماڭا بەرىكەت ئاتا قىلغىن، سەن تەقدىر قىلغان ئىشلارنىڭ يامانلىقىدىن مېنى ساقلىغىن. ھەقىقەتەن، سەن مۇتلەق خاھىش ئىگىسىسەن، ساڭا ئېتىراز يەتكۈزگۈچى يوقتۇر، سەن ئىگە بولغان كىشى خورلانمايدۇ. ئى پەرۋەردىگارىمىز! سەن ئۇلۇغلارنىڭ ئۇلۇغىسەن».①

❖ **پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنى مەسجىدكە ئېلىپ چىقاتتى**

ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «رأيت رسول اللّه ﷺ على المنبر والحسن بن علي إلى جنبه وهو يقبل على الناس مرة وعليه أخرى ويقول: إن ابني هذا سيد ولعل اللّه يصلح به بين فئتين عظيمتين من المسلمين» «مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نى مۇنبەر ئۈستىدە كۆردۈم. ئۇنىڭ يېنىدا ھەسەن ئىبنى ئەلى بار ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ بىر قېتىم كىشىلەرگە قارىسا، يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭغا قارايتتى ۋە: <مېنىڭ بۇ ئوغلۇم ئەڭ شەرەپلىك ئىنساندۇر. الله تائالا ئۇ سەۋەبلىك مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى ئىككى چوڭ گۇرۇھنى ياراشتۇرۇپ قويىدۇ> دېگەن».②

بۇرەيدە ئىبنى ھۇسەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «خطبنا رسول اللّه

---

① تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② بۇخارى توپلىغان.

ﷺ وسلم فأقبل الحسن والحسين رضى اللّه عنهما عليهما قميصان أحمران يعثران ويقومان، فنزل فأخذهما، فصعد بهما المنبر ثم قال: صدق اللّه ﴿إِنَّمَا أَمْوَالُكُمْ وَأَوْلَادُكُمْ فِتْنَةٌ﴾ رأيت هذين فلم أصبر. ثم أخذ في الخطبة» [رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزگە خۇتبە سۆزلەۋاتقانىدى. ھەسەن ۋە ھۈسەيىن ئىككىسى قىزىل رەڭلىك كۆينەك كىيگەن ھالەتتە يىقىلىپ-قوپۇپ كىرىپ كەلدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنبەردىن چۈشۈپ، ئۇ ئىككىسىنى كۆتۈرۈپ مۇنبەرگە ئېلىپ چىقتى. ئاندىن: «اللّٰه تائالا <سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار، بالىلىرىڭلار (سىلەرگە اللّٰه تەرىپىدىن) بىر تۈرلۈك سىناقتۇر>[1] دەپ توغرا ئېيتىدۇ. مەن بۇ ئىككىسىنى كۆرۈپ ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمىدىم» دېدى. ئاندىن خۇتبىسىنى داۋام قىلدى].[2]

ئۇ ئىككىسى تېخى راۋۇرۇس ماڭالمايدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇياق-بۇياققا دەلدەڭشىپ مېڭىپ كەلگەندە، پەيغەمبەر ﷺ ئۇ ئىككىسىنى كۆتۈرگەن. مانا بۇ — اللّٰه تائالا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قەلبىگە ئورناتقان مۇكەممەل مېھرىبانلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر.[3]

اللّٰه تائالانىڭ ﴿إِنَّمَا أَمْوَالُكُمْ وَأَوْلَادُكُمْ فِتْنَةٌ﴾ «سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار، بالىلىرىڭلار (سىلەرگە اللّٰه تەرىپىدىن) بىر تۈرلۈك سىناقتۇر»[4] دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى شۇكى، ئاشۇ نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتى سىلەرنى اللّٰه ۋە اللّٰه نىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلىشتىن توسۇپ قويىدۇ دېگەنلىكتۇر. ھەدىستىكى يۇزەكى چۈشەنچىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، خۇتبىنى ئۈزۈپ ئۇ ئىككىسىنىڭ يېنىغا چۈشۈش ياخشى بولمىغان بىر ئىشتۇر. ئەمما، پەيغەمبەر ﷺ نەۋرىسىنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق قىلغان. بالىنىڭ سىنىقى بىرقانچە خىل

[1] سۈرە تەغابۇن 15- ئايەت.
[2] ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، نەسائى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[3] «حاشية السندي على النسائي» 3- توم 108- بەت.
[4] سۈرە تەغابۇن 15- ئايەت.

بولىدىغان بولۇپ، مانا بۇ ــ ئۇنىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسىدۇر. بەزىدە ئۇ ھەتتا خەتەرلىك ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، شۇڭلاشقا بۇنداق سىناقلارغا سەگەكلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش لازىم.[1]

بۇ ھەدىستە، پەيغەمبەرﷺ نىڭ نەۋرىلىرىگە بولغان مېھرىبانلىقى ۋە ياخشى كۆرۈش خىسلەتلىرى روشەن ئىپادىلەنگەن.

### ❖ پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنى نامازدا كۆتۈرۈۋالاتتى

ئەبۇ قەتادە ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «رأيت النبي ﷺ يؤم الناس وأمامة بنت أبي العاص، وهي ابنة زينب بنت النبي ﷺ على عاتقه، فإذا ركع وضعها وإذا رفع من السجود أعادها» «مەن پەيغەمبەرﷺ نىڭ ئەبۇلئاس بىلەن زەينەپنىڭ قىزى ئۇمامەنى مۈرىسىگە ئېلىۋېلىپ، كىشىلەرگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇغانلىقىنى كۆردۈم. پەيغەمبەر ﷺ رۇكۇ قىلغاندا ئۇنى يەردە قوياتتى، سەجدىدىن باش كۆتۈرگەندە يەنە كۆتۈرۈۋالاتتى».[2]

### ❖ پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنىڭ نامازدا قىلغان قىلىقلىرىغا سەۋر قىلاتتى

شەدداد ئىبنى ھاد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەرﷺ شام ياكى خۇپتەن نامىزىدا يېنىمىزغا ھەسەن ياكى ھۈسەيىننى كۆتۈرۈپ چىقتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئالدىغا ئۆتۈپ، ئۇنى يەردە قويۇپ، تەكبىر ئېيتىپ نامازغا تۇردى. ئۇ سەجدىنى شۇنداق ئۇزۇن قىلدىكى، (سەۋر قىلالماي) بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىسام[3] رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ دۈمبىسىدە ھېلىقى كىچىك بالا ئولتۇرۇپتۇ، شۇنىڭ

---

[1] «فتح الباري» 11ـ توم 254ـ بەتتىن قىسقارتىپ ئېلىنغان.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] ئەگەر ئىمام نامازدا سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرمىگەن بولسا، ئارقىدا ئىمامغا ئىقتىدا قىلغان بىر كىشى «ئىمامغا بىرەر ئىش بولغانمىدۇ؟» دەپ ئويلاپ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئىمامغا قاراپ، ئاندىن يەنە سەجدىگە قايتىۋالسا، ئۇ كىشىنىڭ نامىزى بۇزۇلمايدۇ. يەنە شۇنىڭدەك، «ئىمام تەكبىر ئېيتىپ، سەجدىدىن قايتىپ بولدى» دەپ ئويلاپ قېلىپ بېشىنى كۆتۈرسە، ئاندىن ئىمام تېخىچە سەجدە قىلىۋاتقان بولسا، ئۇ كىشى يەنە سەجدىگە قايتىۋالسا، بۇ كىشىنىڭ نامىزى ھەم بۇزۇلمايدۇ.

بىلەن مەن سەجدىگە قايتتىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ نامازنى ئاخىرلاشتۇرۇپ بولغاندا، كىشىلەر: «ئى رەسۇلۇللاھ! بەك ئۇزۇن سەجدە قىلدىڭغۇ؟ بىز <بىرەر ئىش بولغانمىدۇ ياكى ۋەھيى نازىل قىلىنغانمىدۇ؟> دەپ ئويلىدۇق» دېيىشكەندە، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «كل ذلك لم يكن، ولكن ابني ارتحلني فكرهت أن أعجله حتى يقضي حاجته» «ياق! سىلەر ئويلىغان ئىشنىڭ ھېچبىرى يۈز بەرمىدى. بۇ بالام ئۈستۈمگە مىنىۋالدى، شۇڭا ئۇ ئۆزى چۈشۈپ كەتكۈچە سەجدىدىن بېشىمنى كۆتۈرۈشنى خالىمىدىم» دەپ جاۋاب بەردى.[1]

**❖ ھەسەن ۋە ھۈسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمىلار رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ دۈمبىسىگە چىقىۋالسىمۇ، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارغا ئاچچىقلانمايتتى**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن خۇپتەن نامىزى ئوقۇغان ئىدۇق. رەسۇلۇللاھ ﷺ سەجدىگە بارسا ھەسەن ۋە ھۈسەين رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ دۈمبىسىگە چىقىۋالاتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ سەجدىدىن بېشىنى كۆتۈرمەكچى بولسا، ئۇ ئىككىسىنى ئارقا تەرىپىدىن ئاستاغىنە تۇتۇپ يەرگە ئېلىپ قوياتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە سەجدىگە بارسا ئۇ ئىككىسى يەنە شۇنداق قىلاتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ نامىزىنى تۈگىتىپ، ئۇ ئىككىسىنى يوتىسىدا ئولتۇرغۇزدى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ: <ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ ئىككىسىنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قوياممۇ؟> دېدىم. شۇ ئارىدا چاقماق چاقتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇ ئىككىسىگە: <الحقا بأمكما> <ئاناڭلارنىڭ يېنىغا بېرىڭلار!> دېدى. ئۇ ئىككىسى ئانىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ بولغانغا قەدەر چاقماقنىڭ يورۇقلۇقى ئۆچمىگەن ئىدى».[2]

ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ ﷺ ناماز ئوقۇۋاتقان

---

[1] نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[2] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ سەجدە قىلىسا، ھەسەن ئۇنىڭ ئۇچىسىغا ۋە دۈمبىسىگە چىقىۋالاتتى. شۇنىڭ بىلەن، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭ يىقىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بېشىنى ئاستا كۆتۈرەتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ بىرقانچە قېتىم شۇنداق قىلدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ناماز ئوقۇپ بولغاندا، ساھابىلەر: <ئى رەسۇلۇللاھ! بىز سىنىڭ ھەسەنگە بىر ئىشلارنى قىلغىنىڭنى كۆردۇق، ئىلگىرى بۇنداق قىلغىنىڭنى كۆرمەپتىكەنمىز> دېيىشكەندى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «إنه ريحانتي من الدنيا، وإن ابني هذا سيد، وعسى الله أن يصلح به بين فئتين من المسلمين» <ھەقىقەتەن بۇ مېنىڭ دۇنيالىقتىكى (ھىدلايدىغان) رەيھانىمدۇر، مېنىڭ بۇ ئوغلۇم ئەڭ شەرەپلىك ئىنساندۇر. الله تائالا ئۇ سەۋەبلىك مۇسۇلمانلاردىن بولغان ئىككى گۇرۇھنىڭ ئارىسىنى ئىسلاھ قىلىشى مۇمكىن> دېدى».[1]

بۇ ھەدىستىن، كىچىك بالىلارنى مەسجىدكە ئېلىپ كىرىشنىڭ دۇرۇسلۇقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

«جنبوا مساجدكم صبيانكم ومجانينكم» «كىچىك بالىلىرىڭلارنى ۋە ئەقلىنى يوقاتقان (ساراڭ) كىشىلەرنى مەسجىدلىرىڭلارغا يېقىنلاشتۇرماڭلار!» دېگەن ھەدىس زەئىپتۇر. بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجە توپلىغان بولۇپ، ئەلبانى «زەئىپ» دېگەن.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ نەۋرىلىرىگە بولغان مۇئامىلىسى كۆيۈمچانلىق ۋە مېھرىبانلىق بىلەن تولغان بولۇپ، كىچىك بالا يېمەك-ئىچمەككە موھتاج بولغىنىدەك، ئاتا-ئانىسىنىڭ ياخشى كۆرۈشى، مېھرىبانلىق قىلىشى ۋە كۆيۈنۈشلىرىگىمۇ موھتاج بولىدۇ. بالىدا مۇستەھكەم ۋە قەيسەر روھنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭغا كۆيۈنۈش ئىنتايىن زۆرۈردۇر.

❖ **پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى**

[1] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «خرجت مع النبي ﷺ في طائفة من النهار لا يكلمني ولا أكلمه، حتى جاء سوق بني قينقاع، ثم انصرف حتى أتى خباء فاطمة فقال: أثم لكع؟، أثم لكع؟، يعني حسنا، فظننا إنما تحبسه لأن تغسله أو تلبسه سخابا، فلم نلبث أن جاء يسعى حتى اعتنق كل واحد منهما صاحبه فقال: اللَّهم إني أحبه فأحبه وأحب من يحبه. قال أبو هريرة: فما كان أحد أحب إلي من الحسن بن علي بعد ما قال رسول اللَّه ﷺ ما قال» «بىر كۈنى كۈندۈزى رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىللە سىرتقا چىقتىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ يولدا ماڭا گەپ قىلمىدى، مەنمۇ ئۇنىڭغا ئېغىز ئاچمىدىم. شۇ ماڭغانچە بەنى قەينۇقا بازىرىغا يېتىپ باردۇق. رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇرۇلۇپ فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىگە باردى ۋە: <بالام قېنى؟ بالام قېنى؟ (ھەسەننى دېمەكچى)> دەپ سورىدى. قارىساق، ئانىسى ئۇنى يۇيۇپ، بوينىغا مارجان ئېسىۋاتقانىكەن. ئۇزاق ئۆتمەي ھەسەن چىقىپ كەلدى ۋە پەيغەمبەر ﷺ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ: <ئى الله ! مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن. سەنمۇ ھەسەننى ھەم ئۇنى ياخشى كۆرگەنلەرنى ياخشى كۆرگىن!> دەپ دۇئا قىلدى. مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بۇ دۇئاسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھېچبىر كىشى ماڭا ھەسەندەك سۆيۈملۈك كۆرۈنمەيدىغان بولدى».[1]

نەۋەۋى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «يۇقىرىقى ھەدىستىكى <ھەسەن كېلىپ پەيغەمبەر ﷺ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى> دېگەن سۆزدىن، كىچىك باللارغا مېھرىبانلىق ۋە مۇلايىملىق قىلىش يۈزىسىدىن ئۇلارغا چاقچاق قىلىشنىڭ، شۇنداقلا كىچىك باللار ۋە باشقىلارغا كەمتەر بولۇشنىڭ مۇستەھەبلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.

بۇ ھەدىستىن يەنە شۇ ئېنىق ئاشكارا بولىدۇكى، كىچىك باللارغا بۇلاپكا ۋە مارجانغا ئوخشاش زىننەت بۇيۇملىرى ئېسىپ قويۇش دۇرۇس، شۇنداقلا

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

پەزىلەتلىك كىشىلەرنىڭ يېنىغا ئېلىپ چىقىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى يۇيۇش ۋە تۈزەشتۈرۈش مۇستەھەبتۇر». ①

**❖ ھەسەن ۋە ھۈسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دۇنيالىقتىكى (ھىدايدىغان) رەيھانلىرىدۇر**

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: ‹إن الحسن والحسين هما ريحانتاي من الدنيا› ‹ھەقىقەتەن ھەسەن ۋە ھۈسەين ئىككىسى مېنىڭ دۇنيالىقتىكى (ھىدلايدىغان) رەيھانلىرىمدۇر›». ②

يەنى، ئۇلار ــ الله تائالا ئۇلار ئارقىلىق مېنى ھۆرمەتلىگەن ۋە ماڭا ياخشى كۆرسەتكەن كىشىلەردۇر، چۈنكى بالىلارنى خۇددى رەيھان گۈلىنى پۇرىغاندەك پۇرايمىز ۋە سۆيىمىز.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «دۇنيالىقتىكى» دېگىنى ــ «ھاياتىي دۇنيادىكى رەيھانلىرىمدۇر» دېگەنلىكتۇر. ③

**❖ پەيغەمبەر ﷺ كىچىك بالىلىرىنى سۆيۈپ قوياتتى ۋە قۇچاقلايتتى**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ ﷺ ھەسەن ئىبنى ئەلىنى سۆيۈپ قويدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىدا ئەقرەئ ئىبنى ھابىس تەمىمىي بار ئىدى. ئەقرەئ: ‹مېنىڭ 10 بالام بار، مەن ئۇلاردىن ھېچبىرىنى سۆيۈپ باقمىدىم› دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ: ‹من لا يرحم لا يرحم› ‹رەھىم ـ شەپقەت قىلمىغان كىشىگە رەھىم ـ شەپقەت قىلىنمايدۇ› دېدى». ④

---

① «شرح النووي على مسلم» 15 ـ توم 193 ـ بەت.

② بۇخارى ۋە تىرمىزى توپلىغان.

③ «فتح الباري» 10 ـ توم 427 ـ بەت.

④ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

پەيغەمبەرﷺ نىڭ ئەقرەئىكە بەرگەن جاۋابىدىن ئايانكى، كىچىك بالىلارنى سۆيۈش، قۇچاقلاش ۋە پۇراش ئۇلارغا بولغان مېھرىبانلىق ۋە كۆيۈنۈشنىڭ ئىپادىسىدۇر.①

❖ **پەيغەمبەر ﷺ نەۋرىلىرىنى مۇرىسىگە ئېلىپ كۆتۈرەتتى**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ ﷺ يېنىمىزغا ھەسەن ۋە ھۈسەيىننى بىللە ئېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇ ئىككىسى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۈرىسىدە ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ بىر قېتىم ھەسەننى سۆيسە، يەنە بىر قېتىم ھۈسەيىننى سۆيۈپ قوياتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزنىڭ يېنىمىزغا كەلگەندە، بىر ئادەم ئۇنىڭغا: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! سەن بۇ ئىككىسىنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدىكەنسەن› دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹من أحبهما فقد أحبني، ومن أبغضهما فقد أبغضني› ‹كىمكى بۇ ئىككىسىنى ياخشى كۆرسە، مېنى ياخشى كۆرگەن بولىدۇ؛ كىمكى بۇ ئىككىسىنى يامان كۆرسە، مېنى يامان كۆرگەن بولىدۇ› دېدى».②

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇ گۈزەل مۇئامىلە ئەخلاقلىرى بىلەن بۈگۈنكى دەۋرىمىزدىكى بالىلىرىمىزغا قىلىۋاتقان مۇئامىلىلىرىمىزنى سېلىشتۇرۇپ باقىدىغان بولساق، ئەجەبتىن بارماقلىرىمىزنى چىشلىمەي تۇرالمايمىز. چۈنكى، كۆپىنچە كىشىلەر بالىلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئۇلارنى ئەركىلىتىشنى ئائىلە خىزمەتكارلىرىغا تاشلاپ قويغان بولغاچقا، بالا دائىم ئۇلارنىڭ تەربىيىسىدىلا بولۇپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ مېھرىبانلىقىنى ھېس قىلالمايدۇ.

نەتىجىدە، خىزمەتچىلەرنىڭ ئۇلارغا كۆرسەتكەن تەسىرى تۈپەيلى، ئۇ بالىنىڭ سۆزلەش قابىلىيىتى ياخشى يېتىلمەيدۇ. بەزىدە ھەتتا ئۆز تىلىدا راۋان سۆزلىيەلمىگىلى تاسلا قالىدۇ.

① «فتح الباري» 10 ـ توم 430 ـ بەت.
② ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ئۆزىگە نەۋرىسىنىڭ شۆلگىيى ئاقسىمۇ بىئارام بولمىغان**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «رأيت النبي ﷺ حامل الحسين بن علي على عاتقه ولعابه يسيل عليه» «مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھۈسەين ئىبنى ئەلىنى مۈرىسىدە كۆتۈرۈۋالغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ شۆلگىيىنىڭ پەيغەمبەر ﷺ گە ئېقىپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردۈم».①

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ھەسەننىڭ كالپۇكىنى شۈمۈرگەن**

مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «رأيت رسول اللّٰه ﷺ يمص لسانه أو قال: شفته، يعني الحسن بن علي صلوات اللّٰه عليه، وإنه لن يعذب لسان أو شفتان مصهما رسول اللّٰه ﷺ» «مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۇنىڭ (يەنى ھەسەن ئىبنى ئەلىنىڭ) تىلىنى ياكى كالپۇكىنى شۈمۈرگەنلىكىنى كۆردۈم. شۈبھىسىزكى، پەيغەمبەر ﷺ شۈمۈرگەن تىل ياكى كالپۇك ھەرگىز ئازابلانمايدۇ».②

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنى ئۇلىغىغا مىندۈرۈۋالاتتى**

ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «كان رسول اللّٰه ﷺ إذا قدم من سفر تلقي بصبيان أهل بيته، قال: وإنه قدم من سفر فسبق بي إليه، فحملني بين يديه، ثم جيء بأحد ابني فاطمة، فأردفه خلفه» «رەسۇلۇللاھ ﷺ سەپەردىن قايتىپ كەلسە ئائىلىسىدىكى كىچىك باللار ئالدىغا چىقاتتى. ئۇ بىر قېتىم سەپەردىن قايتىپ كەلگەندە مەنمۇ باشقىلار بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتىم، پەيغەمبەر ﷺ مېنى ئۇلىغىنىڭ ئالدىغا مىندۈردى. ئاندىن فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ بىرى ئېلىپ كېلىنگەن ئىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنى كەينىگە مىندۈردى».③

---

① ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
② ئەھمەد توپلىغان، شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.
③ مۇسلىم توپلىغان.

ئىياس ئىبنى سەلەمە دادىسىدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: «لقد قدت بالنبي ﷺ والحسن والحسين بغلته الشهباء حتى أدخلتهم حجرته ﷺ هذا قدامه وهذا خلفه» «مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ كۈلرەڭ قېچىرىنى يېتىلەپ مەدىنىگە كەلدىم، پەيغەمبەر ﷺ ئالدى ـ كەينىگە ھەسەن ۋە ھۈسەيىنى مىندۈرۈۋالغان ئىدى. مەن ئۇلارنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھۇجرىسىغا قەدەر ئاپىرىپ قويدۇم».①

❖ **پەيغەمبەر ﷺ كىچىك بالىلار بىلەن ئوينىشاتتى ۋە ئۇلارنى كۆلدۈرەتتى**

سەئىد ئىبنى ئەبۇ راشىدتىن نەقىل قىلىنىدۇكى، يەئلا ئىبنى مۇررە ئۇلارغا مۇنداق سۆزلەپ بەرگەن: «ساھابىلەر پەيغەمبەر ﷺ بىلەن چاقىرىلغان بىر تائامغا ماڭغان ئىدى. يولدا ھۈسەيىننىڭ ئويناۋاتقانلىقىنى كۆردى. پەيغەمبەر ﷺ كىشىلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ قولىنى ئاچتى، شۇنىڭ بىلەن ھۈسەيىن ئۇياق ـ بۇياققا قېچىشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى كۈلدۈرۈپ ئاخىرى تۇتۇۋالدى. ئاندىن بىر قولى بىلەن ئۇنىڭ ئېڭىكىنى، يەنە بىر قولى بىلەن گەدىنىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئۇنى سۆيۈپ قويدى ۋە: ‹حسين منى، وأنا من حسين. أحب الله من أحب حسينا. حسين سبط من الاسباط› ‹ھۈسەيىن مەندىن، مەنمۇ ھۈسەيىندىن. كىم ھۈسەيىننى ياخشى كۆرسە، الله ئۇ كىشىنى ياخشى كۆرىدۇ. ھۈسەيىن ياخشىلىقتا پۈتۈن بىر ئۈممەتكە باراۋەردۇر› دېدى».②

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «ھۈسەيىن مەندىن، مەنمۇ ھۈسەيىندىن» دېگىنى ــ «ھۈسەيىن بىلەن ئوخشاشلىق تەرەپلىرىمىز ناھايىتى كۆپ» دېگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «ھۈسەيىن ياخشىلىقتا پۈتۈن بىر ئۈممەتكە باراۋەردۇر» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى ــ «ياخشىلىقتا ئۈممەتلەر ئىچىدىكى بىر ئۈممەتتۇر»

① مۇسلىم توپلىغان.
② ئىبنى ماجە ۋە تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

دېگەنلىكتۇر. «الاسباط» ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ئىسھاق ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرى ئىچىدە قوللىنىلغان نام بولۇپ، ئۇ ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرى ئىچىدە قەبىلە دەرىجىسىگە باراۋەردۇر.

ئېھتىمال، پەيغەمبەر ﷺ بۇ سۆزى ئارقىلىق ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ نەسلى كۆپىيىپ، نەسلىدىن قەبىلىلەر بارلىققا كېلىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرمەكچى بولغان بولۇشى مۇمكىن. يەنە شۇنداقلا، ئۇنىڭ نەسلىنىڭ ئەڭ كۆپ بولىدىغانلىقى ۋە ئۇزۇلمەيدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرمەكچى بولغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولدى.[1]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارغا رەھمەت تىلەپ دۇئا قىلاتتى**

ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «كان رسول الله ﷺ يأخذني فيقعدني على فخذه ويقعد الحسن بن علي على فخذه الأخرى ثم يضمهما ثم يقول: اللهم ارحمهما فإني أرحمهما» «رەسۇلۇللاھ ﷺ مېنى بىر يوتىسىدا، ھەسەننى يەنە بىر يوتىسىدا ئولتۇرغۇزدى. ئاندىن ئىككىمىزنى باغرىغا بېسىپ: <ئى الله ! مەن بۇ ئىككىسىگە رەھىم ـ شەپقەت قىلىمەن، سەنمۇ بۇ ئىككىسىگە رەھىم قىلغىن!> دېگەن ئىدى».[2]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ئۆزىگە كەلگەن ھەدىيەدىن نەۋرىلىرىگىمۇ بېرەتتى**

چۈنكى، ھەرقانداق ئىنسان ئۆزىگە ھەدىيە قىلىنىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بولۇپمۇ كىچىك باللار بەكرەك ياخشى كۆرىدۇ. پەيغەمبەر ﷺ ئۆزىگە كەلگەن ھەدىيىلەرنى نەۋرىلىرىگە سوۋغا قىلاتتى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «قدمت على النبي ﷺ حلية من عند النجاشي أهداها له فيها خاتم من ذهب فيه فص حبشي، قالت: فأخذه رسول الله ﷺ بعود معرضا

[1] «تحفة الأحوذي» 10ـ توم 178ـ بەت.
[2] بۇخارى توپلىغان.

عنه أو ببعض أصابعه، ثم دعا أمامة ابنة أبي العاص من بنته زينب، فقال: تحلي بهذا يا بنية»

«نەجاشىنىڭ پەيغەمبەر ﷺ گە سوۋغا قىلىپ ئەۋەتكەن زىننەت بۇيۇملىرى يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئىچىدە بىر تال ئالتۇن ئۇزۇك بار بولۇپ، ئۇنىڭ كۆزى ھەبەشىستاندا ياسالغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇزۇككە قارىماي تۇرۇپ، ئۇنى ياغاچ بىلەن ياكى قولىنىڭ ئۇچىدا ئالدى. ئاندىن زەينەپنىڭ قىزى ئۇمامە بىنتى ئەبۇلئاسنى چاقىرىپ: <ئى قىزىم! بۇنى سەن سېلىۋالغىن> دېدى».[1]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنى كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا ھاراملاردىن يىراق تۇرۇش ئاساسىدا تەربىيىلىگەن**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «أخذ الحسن بن علي تمرة من تمر الصدقة فجعلها في فيه، فقال النبي ﷺ: كخ كخ ليطرحها ثم قال: أما شعرت؟ أنا لا نأكل الصدقة»

«ھەسەن ئىبنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىر تال سەدىقە خورمىسىنى ئېلىپ ئېغىزىغا سالغان ئىدى، پەيغەمبەر ﷺ ھەسەننىڭ ئۇنى تاشلىۋېتىشى ئۈچۈن: <تۈكۈر، تۈكۈر! بىزنىڭ سەدىقە يېمەيدىغانلىقىمىزنى بىلمەمسەن؟> دېدى».[2]

ھەدىستىكى «كخ كخ» دېگەن سۆز كىچىك بالىلارنى يامان ئىشلارنى قىلىشتىن توسىدىغان سۆز بولۇپ، «ئۇنى قىلما!» دېگەنلىكتۇر.

ھەدىستىن بىلىشكە بولىدۇكى، كىچىك بالىلارمۇ چوڭلار توسۇلغان ئىشلاردىن توسۇلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا مەشغۇل بولۇپ كېتىشتىن چەكلىنىدۇ. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە شۇ بالىغا مەسئۇل بولغان كىشىلەرنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىدۇر.

بۇ ھەدىستىن يەنە شۇ ئېنىق بولىدۇكى، كىچىك بالىلار شەرىئەتكە تەكلىپ قىلىنمىغان بولسىمۇ، شەرىئەت ئەھكاملىرىغا كۆندۈرۈش ئۈچۈن

[1] ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئۇلارنى ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا بۇيرۇپ، زىيانلىق ئىشلاردىن ۋە ھارامغا يېقىنلىشىشتىن توسۇش كېرەك.[1]

❖ **بالا ئادەمنى بېخىل ۋە قورقۇنچاق قىلىپ قويىدۇ**

يەئلا ئامىري رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «جاء الحسن والحسين يسعيان إلى النبي ﷺ فضمهما إليه وقال: إن الولد مبخلة مجبنة» «ھەسەن ۋە ھۈسەين ئىككىسى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ كەلگەن ئىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇ ئىككىسىنى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ: <ھەقىقەتەن، بالا ئادەمنى بېخىل ۋە قورقۇنچاق قىلىپ قويىدۇ> دېدى».[2]

ئىنسان بالا سەۋەبلىك بېخىللىق قىلىدۇ ۋە قورقۇنچاق بولۇپ قالىدۇ. بالىغا بولغان مۇھەببەت بەزىدە ئىنساننى مېلىغا بېخىللىق قىلىدىغان، قورقۇنچاق ۋە ئۆلۈمدىن قورقىدىغان قىلىپ قويىدۇ.[3]

بۇ ھەدىستىن، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھەسەن ۋە ھۈسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ، چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ ئۇ ئىككىسىنى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ يۇقىرىقى سۆزلەرنى قىلغان.

مانا بۇلار ــ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ نەۋرىلىرىگە بولغان مېھرىبانلىق، ياخشى كۆرۈش، مۇلايىملىق ۋە كۆيۈمچانلىق قاتارلىق مۇئامىلىلىرىنىڭ روشەن ئىپادىلىرىدۇر.

[1] «شرح النووي» 7- توم 175- بەت. «فتح الباري» 3- توم 355- بەت.
[2] ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[3] «حاشية السندي» 7- توم 72- بەت.

# 4 ـ باب

# پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بىلەن بولغان مۇئامىلىسى

پەيغەمبەر ﷺ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغان، كۆيۈنىدىغان ۋە ئائىلىسىدىكىلەرگە ئەڭ كۆپ ئېھسان قىلىدىغان كىشى بولۇپ، پەيغەمبەر ﷺ بىلەن دەۋرداش كىشىلەر بۇنىڭغا ئەمەلىي شاھىت بولغان. ئەنە شۇ شاھىتلارنىڭ بىرى پەيغەمبەر ﷺ نى سۈپەتلەپ مۇنداق دېگەن: «أبر الناس، وأوصل الناس» «ئۇ ئەڭ ياخشى ۋە ئەڭ كۆپ سىلە ـ رەھىم قىلىدىغان كىشى».[1]

❖ **پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تاغىلىرى**

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تاغىلىرىنىڭ ئىسمى تۆۋەندىكىچە:

الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ يولۋىسى، شەھىدلەر سەييىدى ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئەبۇ تالىب (ئۇنىڭ ئىسمى ئابدۇماناف)، ئەبۇ لەھەب (ئۇنىڭ ئىسمى ئابدۇلئۇززا)، زۇبەير، ئابدۇلكەئبە، مۇقەۋۋىم، زىرار، قۇسەم، مۇغىيرە (ئۇنىڭ لەقىمى ھەجەل)، غەيداق (ئۇنىڭ ئىسمى مۇسئەب ۋە نەۋفەلمۇ دېيىلگەن) ۋە ھارىس قاتارلىقلاردۇر.

بەزىلەر ھارىس بىلەن مۇقەۋۋىمنى «بىر ئادەم» دەپ قارايدۇ.[2] پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تاغىلىرىنىڭ ئەڭ چوڭى ھارىس، ئەڭ كىچىكى بولسا ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر.

ئۇلاردىن پەقەت تۆت كىشىلا ئىسلامغا ئۇچراشقان بولۇپ، ئۇلار: ئەبۇ تالىب،

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] «زاد المعاد» 1 ـ توم 104 ـ بەت.

ئەبۇ لەھەب، ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتارلىقلاردۇر. بۇلاردىن پەقەت ھەمزە ۋە ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارلا ئىسلامغا مۇشەررەپ بولغان.[1]

❖ **پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھاممىلىرى**

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالتە نەپەر ھاممىسى بولۇپ، ئۇلار:

زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئانىسى سەفىيە، ئاتىكە، بۇررە، ئەرۋا، ئۇمەيمە، ئۇممۇ ھەكىم بەيزا قاتارلىقلاردۇر. بۇلاردىن سەفىيە مۇسۇلمان بولغان. ئاتىكە ۋە ئەرۋانىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقى ھەققىدە ئوخشىمىغان قاراشلار مەۋجۇد.[2]

❖ **پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تاغىلىرىنىڭ ئوغۇللىرى**

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تاغىلىرىنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ سانى 25 كە يەتكەن بولۇپ، ئۇلار ئىچىدە تالىب ئىبنى ئەبۇ تالىب ۋە ئۇتەيبە ئىبنى ئەبۇ لەھەب ئىككىسىدىن باشقىلار مۇسۇلمان بولغان. ئۇلارنىڭ ئەڭ مەشھۇرلىرى مۇنۇلار: ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب، جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىب، ئوقەيل ئىبنى ئەبۇ تالىب، ئابدۇللاھ ئىبنى ئاببىاس، فەزل ئىبنى ئاببىاس، ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئاببىاس، قۇسەم ئىبنى ئاببىاس، ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھارىس ۋە رەبىيئە ئىبنى ھارىس قاتارلىقلاردۇر.

❖ **پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تاغىلىرىنىڭ قىزلىرى**

[1] ھاپىز ئىبنى ھەجەر (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «ھەيران قالارلىق ئىش شۇكى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تاغىلىرىدىن تۆت كىشى ئىسلامغا ئۇچراشقان بولۇپ، ئۇلاردىن پەقەت ئىككىسىلا مۇسۇلمان بولغان. مۇسۇلمان بولمىغانلىرىنىڭ ئىسىملىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسىملىرىغا قارشى بولۇپ، يەنى ئەبۇ تالىب (ئۇنىڭ ئىسمى ئابدۇماناف)، ئەبۇ لەھەب (ئۇنىڭ ئىسمى ئابدۇلئۇززا) لەردۇر.

[2] «زاد المعاد» 1 ـ توم 105 ـ بەت.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تاغىلىرىنىڭ قىزلىرى ئۇممۇ ھانەئي بىنتى ئەبۇ تالىب، زۇبائە بىنتى زۇبەير، دۇررە بىنتى ئەبۇ لەھەب ۋە ئۇمامە بىنتى ھەمزە قاتارلىقلاردۇر.

**❖ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھاممىلىرىنىڭ بالىلىرى**

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھاممىلىرىنىڭ بالىلىرى 11 ئوغۇل ۋە ئۈچ قىز بولۇپ، ئۇلار: ئامىر ئىبنى بەيزا، ئاتىكەنىڭ ئىككى ئوغلى ئابدۇللاھ ۋە زۇھەير، ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش، ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى جەھش، زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام، زەينەپ بىنتى جەھش ۋە ھەمنە بىنتى جەھش قاتارلىقلاردۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمان بولغان بولۇپ، ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى جەھشتىن باشقىلىرى ئىسلامدا ئاخىرىغىچە مۇستەھكەم تۇرغان.

**❖ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئېمىلداش قېرىنداشلىرى**

ئۇلار: ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ، ئەبۇ سەلەمە ئىبنى ئابدۇلئەسەد، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھارىس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ، ئابدۇللاھ ئىبنى ھارىس، شەيما بىنتى ھارىس ۋە ئۇنەيسە بىنتى ھارىس قاتارلىقلاردۇر.

ھاپىز ئىبنى ھەجەر (رەھىمەھۇللاھ) ئۇنەيسەنى «ئاسىيە» دەپ ئاتىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنەيسە كۆپ قوللىنىلغان مەشھۇر ئىسىمدۇر.[1]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ئۆزىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقان ۋە ئائىلىسىدىكىلەرگە ياخشىلىقنى تەۋسىيە قىلغان**

زەيد ئىبنى ئەرقەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «قام رسول الله ﷺ يوما

[1] «سيرة ابن اسحاق» 47- بەت. «البداية والنهاية» 3- توم 408- بەت. «سير أعلام النبلاء» 1- توم 162- بەت. «زاد المعاد» 1- توم 81- بەت. «الإصابة» 8- توم 3- بەت.

فينا خطيبا بماء يدعى خما بين مكة والمدينة، فحمد اللّٰه وأثنى عليه ووعظ وذكر ثم قال: أيها الناس إنما أنا بشر يوشك أن يأتي رسول ربي فأجيب وأنا تارك فيكم ثقلين: أولهما كتاب اللّٰه فيه الهدى والنور من استمسك به وأخذ به كان على الهدى، ومن أخطأه ضل. وأهل بيتي أذكركم اللّٰه في أهل بيتي، أذكركم اللّٰه في أهل بيتي، أذكركم اللّٰه في أهل بيتي. فقال حصين بن سبرة ومن أهل بيته يا زيد؟، أليس نساؤه من أهل بيته؟ قال نساؤه من أهل بيته ولكن أهل بيته من حرم الصدقة بعده، قال ومن هم؟ قال هم آل علي وآل عقيل وآل جعفر وآل عباس» «بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزگە مەككە بىلەن مەدىنە ئارىسىدىكى <خۇمان> دېيىلىدىغان سۇ بويىدا خۇتبە سۆزلەپ، الله قا ھەمدۇ-سانا ئېيتتى، ۋەز-نەسىھەت قىلدى. ئاندىن كېيىن: <ئى خالايىق! ھەقىقەتەن مەنمۇ بىر ئىنسان، پات يېقىندا رەببىمنىڭ ئەلچىسى كەلسە، جان تەسلىم قىلىمەن. مەن سىلەرگە ئىككى ئەڭگۈشتەرنى قويۇپ كېتىمەن. بىرى الله نىڭ كىتابىدۇركى، ئۇ — ھىدايەت ۋە نۇردۇر. كىمكى ئۇنىڭغا ئېسىلسا ۋە ئۇنى مۇستەھكەم تۇتسا، ئۇ كىشى ھىدايەتنىڭ ئۈستىدە بولىدۇ؛ كىمكى ئۇنىڭدىن خاتا كەتسە ئېزىپ كېتىدۇ. سىلەرگە ئەھلى بەيتىم توغرىسىدا الله نى ئەسلىتىمەن، سىلەرگە ئەھلى بەيتىم توغرىسىدا الله نى ئەسلىتىمەن، سىلەرگە ئەھلى بەيتىم توغرىسىدا الله نى ئەسلىتىمەن> دېدى. ھۇسەين ئىبنى سەبرە: <ئى زەيد! پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەھلى بەيتى كىملەر؟ ئاياللىرى ئۇنىڭ ئەھلى بەيتى ئەمەسمۇ؟> دېگەنىدى، زەيد: <ئاياللىرى ئەھلى بەيتى، رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن كېيىن سەدىقە يېيىشتىن چەكلەنگەنلەرمۇ ئۇنىڭ ئەھلى بەيتىدىندۇر> دېدى. ھۇسەين: <ئۇنداقتا ئۇلار كىملەر؟> دەپ سورىغانىدى، زەيد: <ئۇلار ئەلى، ئۇقەيل، جەئفەر ۋە ئابباسنىڭ ئائىلىسىدۇر> دېدى». [1]

ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ

[1] مۇسلىم توپلىغان.

ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى ھۆرمەتلىگىنىڭلار ئۇنى ھۆرمەتلىگىنىڭلاردۇر».[①] يەنى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھۆرمىتىنى ساقلىغىنىڭلاردەك ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭمۇ ھۆرمىتىنى ساقلاڭلار، ئۇلارغا ئەزىيەت بەرمەڭلار ۋە يامانلىق قىلماڭلار.[②]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مۇنداق دېگەن: «جېنىم ئۇنىڭ قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەمكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا ياخشىلىق قىلىش مەن ئۈچۈن ئۆز تۇغقانلىرىمغا سىلە ـ رەھىم قىلىشتىنمۇ سۆيۈملۈكتۇر».[③]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ئانىسىنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ، قەبرە بېشىدا يىغلىغان**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «زار النبي ﷺ قبر أمه، فبكى وأبكى من حوله، فقال: استأذنت ربي في أن أستغفر لها فلم يؤذن لي واستأذنته في أن أزور قبرها فأذن لي، فزوروا القبور فإنها تذكر الموت» «پەيغەمبەر ﷺ ئانىسىنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىپ يىغلىدى ۋە ئەتراپىدىكىلەرنىمۇ يىغلىتىۋەتتى. ئاندىن: <مەن ئانامغا مەغپىرەت تەلەپ قىلىش ئۈچۈن رەببىمدىن رۇخسەت سورىغانىدىم، ماڭا رۇخسەت بېرىلمىدى؛ ئۇنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىشقا رۇخسەت سورىسام، ماڭا رۇخسەت بېرىلدى. قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىڭلار، چۈنكى ئۇ ئۆلۈمنى ئەسلىتىدۇ> دېدى».[④]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ئانىسى بىلەن ئۇچرىشالمىغانلىقىغا ۋە ئانىسىنىڭ ئىماندىن مەھرۇم قالغانلىقىغا قايغۇرۇپ يىغلىغان**

---

[①] بۇخارى توپلىغان.

[②] «فتح الباري» 7 ـ توم 79 ـ بەت.

[③] بۇخارى توپلىغان.

[④] مۇسلىم توپلىغان.

بۇرەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «انتهى النبي ﷺ إلى رسم قبر، فجلس، وجلس الناس حوله، فجعل يحرك رأسه كالمخاطب. قال: ثم بكى، فاستقبله عمر رضي اللّٰه عنه، فقال: ما يبكيك يا رسول اللّٰه؟ قال: هذا قبر آمنة بنت وهب، استأذنت ربي في أن أزور قبرها فأذن لي، واستأذنته في الاستغفار لها فأبى علي، وأدركتني رقتها فبكيت. قال: فما رأيت ساعة أكثر باكيا من تلك الساعة» «پەيغەمبەر ﷺ قەبرىنىڭ ئىزناسى بار بىر يەرگە كېلىپ ئولتۇرغانىدى، باشقىلارمۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەتراپىغا كېلىپ ئولتۇردى. پەيغەمبەر ﷺ سۆز تىڭشاۋاتقان كىشىگە ئوخشاش بېشىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئاندىن كېيىن يىغلاشقا باشلىدى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا كېلىپ: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! نېمىشقا يىغلايسەن؟› دەپ سورىغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹بۇ ئامىنە بىنتى ۋەھبىنىڭ قەبرىسى، مەن رەببىمدىن ئۇنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىشقا رۇخسەت سورىغانىدىم، ماڭا رۇخسەت بەردى. ئۇنىڭ ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىشقا رۇخسەت سورىسام، ماڭا رۇخسەت بەرمىدى. شۇڭا ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ يىغلىدىم› دېدى. مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ شۇ ۋاقىتتىكىدىنمۇ كۆپرەك يىغلىغىنىنى كۆرۈپ باقمىدىم». [1]

**❖ رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشتا بوشىشىپ قالمىغان**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «قام النبي ﷺ حين أنزل اللّٰه عز وجل ﴿**وَأَنْذِرْ عَشِيرَتَكَ الْأَقْرَبِينَ**﴾ فقال: يا معشر قريش! اشتروا أنفسكم لا أغني عنكم من اللّٰه شيئا، يا بني عبد مناف! لا أغني عنكم من اللّٰه شيئا، يا عباس بن عبد المطلب! لا أغني عنك من اللّٰه شيئا، ويا صفية عمة رسول اللّٰه! لا أغني عنك من اللّٰه شيئا، ويا فاطمة بنت محمد! سليني من مالي ما شئت لا أغني عنك من اللّٰه شيئا» «اللّٰه تائالا ‹يېقىن خىش-ئەقرىبالىرىڭنى

[1] بەيھەقى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئاگاھلاندۇرغىن!> [1] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلغاندا، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئورنىدىن تۇرۇپ: <ئى قۇرەيش خەلقى! ئۆزۈڭلارنى اﷲ نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇڭلار، مەن سىلەرنى اﷲ نىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزالمايمەن. ئى ئابدۇماناف جەمەتى! مەن سىلەرنى اﷲ نىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزالمايمەن، ئى ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ! مەن سېنى اﷲ تائالانىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزالمايمەن، ئى رەسۇلۇللاھنىڭ ھاممىسى سەفىيە! مەن سېنى اﷲ نىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزالمايمەن. ئى مۇھەممەدنىڭ قىزى فاتىمە! مېنىڭ مېلىمدىن خالىغىنىڭنى سورىغىن، مەن سېنى اﷲ نىڭ ئازابىدىن قۇتقۇزالمايمەن> دېگەندى». [2] يەنى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىم بولغانلىقىڭلارغا يۆلىنىۋالماڭلار! چۈنكى مەن اﷲ سىلەرگە پۈتكەن ھېچبىر يامانلىقنى توسۇپ قالالمايمەن.

«سەھىھ مۇسلىم»دا: «غير أن لكم رحما سأبلها ببلالها» «پەقەت سىلەر مېنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىم بولغانلىقىڭلار ئۈچۈن، مەن سىلەرگە لايىق رەۋىشتە سىلە-رەھىم قىلالايمەن» دېگەن سۆزى قوشۇپ نەقىل قىلىنغان.

تۇنجى بولۇپ ئۇرۇق-تۇغقانلارنى ئاگاھلاندۇرۇشقا بۇيرۇشنىڭ ھېكمىتى شۇكى، ئۇلارغا ھۆججەت تۇرغۇزۇلۇشى باشقىلارغىمۇ تەسىر كۆرسىتىدۇ. [3]

پەيغەمبەر ﷺ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى كىچىك ۋاقتىدىلا ئىسلامغا دەۋەت قىلغان بولۇپ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىپ ئىمان كەلتۈرگەن. ئۇ ئىسلامغا كىرگەن تۇنجى كىچىك بالا ھېسابلىنىدۇ.

تىرمىزى مۇنداق دېگەن: «بەزى ئالىملار <ئەرلەردىن تۇنجى ئىسلامغا كىرگەن كىشى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەككىز يېشىدا مۇسۇلمان بولغان. ئاياللاردىن تۇنجى بولۇپ مۇسۇلمان بولغىنى خەدىچە

---

[1] سۈرە شۇئەرا 214- ئايەت.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[3] «فتح الباري» 8- توم 503- بەت.

رەزىيەللاھۇ ئەنھادۇر> دەپ قارىغان».[1]

پەيغەمبەرﷺ تاغىسى ئەبۇ تالىبنىڭ ھىدايەت تېپىشى ۋە ئىمان كەلتۈرۈشى ئۈچۈن كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئۇنى قايتا-قايتا ئىسلامغا دەۋەت قىلغان.

سەئىد ئىبنى مۇسەييەب دادىسىدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: لما حضرت أبا طالب الوفاة، جاءه رسول اللّه ﷺ ، فوجد عنده أبا جهل، وعبد اللّه بن ابي أمية بن المغيرة، فقال: أي عم! قل: لا إله إلا اللّه كلمة أحاج لك بها عند اللّه، «وفي رواية، أشهد لك بها عند اللّه». فقال: أبو جهل وعبد اللّه بن أبي أمية: أترغب عن ملة عبد المطلب؟. فلم يزل رسول اللّه ﷺ يعرضها عليه، ويعيدانه بتلك المقالة، حتى قال أبو طالب آخر ما كلمهم: هو على ملة عبد المطلب، وأبى أن يقول: لا إله إلا اللّه. فقال رسول اللّه ﷺ: واللّه لأستغفرن لك مالم انه عنك. فأنزل اللّه: ﴿**مَا كَانَ لِلنَّبِيِّ وَالَّذِينَ آمَنُوا أَنْ يَسْتَغْفِرُوا لِلْمُشْرِكِينَ**﴾. **وأنزل اللّه في أبي طالب، فقال لرسول اللّه ﷺ**: ﴿**إِنَّكَ لَا تَهْدِي مَنْ أَحْبَبْتَ وَلَكِنَّ اللَّهَ يَهْدِي مَنْ يَشَاءُ**﴾».

ئەبۇ تالىب ۋاپات بولۇش ئالدىدا، پەيغەمبەر ﷺ (ئۇنى يوقلاپ) يېنىغا كەلدى. ئەبۇ جەھىل ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئۇمەييە ئىبنى مۇغىيرەمۇ شۇ يەردە ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ:

— ئى تاغا! «لا إله إلا اللّه» دېگىن! مەن ئۇنى ئېيتقانلىقىڭغا الله نىڭ ھۇزۇرىدا گۇۋاھ بولىمەن، — دېدى. لېكىن، ئەبۇ جەھىل بىلەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئۇمەييە ئىبنى مۇغىيرە:

— ئى ئەبۇ تالىب! ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ دىنىدىن يېنىۋالامسەن؟! — دېيىشتى. پەيغەمبەر ﷺ:

— كەلىمە شاھادەتنى ئېيتقىن! — دەپ، ئۇنىڭغا تەلقىن قىلىۋەردى. ئۇ ئىككىسىمۇ ئۆزىنىڭ سۆزىنى قايتىلاۋەردى. ئەبۇ تالىبنىڭ ئاخىرقى سۆزى:

[1] «سنن الترمذي» 5- توم 642- بەت.

— مەن ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ مىللىتىدىمەن، — دېيىشتىن ئىبارەت بولدى. يەنى، ئۇ شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتىشتىن باش تارتتى. پەيغەمبەر ﷺ:

— الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ساڭا مەغپىرەت تىلەشتىن چەكلەنمىسەم، ساڭا مەغپىرەت تىلەيمەن — دېدى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا «پەيغەمبەرگە ۋە مۇئمىنلەرگە مۇشرىكلار ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىشى دۇرۇس ئەمەس»[1]، «شۈبھىسىزكى، سەن خالىغان ئادىمىڭنى ھىدايەت قىلالمايسەن، لېكىن الله ئۆزى خالىغان ئادەمنى ھىدايەت قىلىدۇ»[2] دېگەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدى.[3]

ئەھمەد توپلىغان سەھىھ نەقىلدە، ئەبۇ تالىب: «ئەگەر قۇرەيش خەلقى <ئەبۇ تالىب ئۆلۈمدىن قورقۇپ بۇ سۆزنى قىلىپتۇ> دەپ ئەيىبلىمەيدىغان بولسا، مەن ئۇنى ئەلۋەتتە سېنىڭ كۆز ئالدىڭدا ئىقرار قىلغان بولاتتىم» دېگەن.

❖ **پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تاغىسى كاپىر ھالىتىدە ئۆلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما پەيغەمبەر ﷺ نىڭ شاپائىتى ئۇنىڭ ئازابىنى يەڭگىللىتىدۇ**

ئەبۇ تالىب قىيامەت كۈنى دوزاخقا چۈشكەنلەر ئىچىدە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ شاپائىتى سەۋەبلىك ئەڭ يەڭگىل ئازابلىنىدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «أهون أهل النار عذابا أبو طالب وهو منتعل بنعلين يغلي منهما دماغه» «دوزاخ ئەھلى ئىچىدە ئەڭ يەڭگىل ئازابلىنىدىغىنى ئەبۇ تالىبتۇر. ئۇ ئوتتىن ئىككى پاي ئاياغ كىيىدۇ، شۇ ئوتتىن ئۇنىڭ مېڭىسى قاينايدۇ».[4]

---

[1] سۈرە تەۋبە 113- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە قەسەس 56- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[4] مۇسلىم توپلىغان.

ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، «ئۇ: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! سېنىڭ ئەبۇ تالىبقا بىرەر پايداڭ يېتەمدۇ؟ ھەقىقەتەن ئۇ سېنى قوغدىغان ۋە سەن ئۈچۈن غەزەبلەنگەن ئىدى› دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹نعم هو في ضحضاح من نار ولولا أنا لكان في الدرك الأسفل من النار› ‹ھەئە، ئۇ دوزاختا ئوشۇقىغا كەلگۈدەك ئوتتا تۇرغۇزۇپ قويۇلىدۇ، ئەگەر مەن بولمىغان بولسام ئۇ دوزاخنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا بولغان بولاتتى› دېگەن».[1]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى ماختىغان، كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ ھەق-ھۆرمىتى ۋە ئابرۇيىنى چۈشەندۈرگەن**

مۇتەللىپ ئىبنى ئەبۇ ۋەدائەدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: جاء العباس إلى رسول اللَّه ﷺ فكأنه سمع شيئا، فقام النبي ﷺ على المنبر، فقال: من أنا؟. فقالوا: أنت رسول اللَّه عليك السلام. قال: أنا محمد بن عبد اللَّه بن عبد المطلب، إن اللَّه خلق الخلق فجعلني في خيرهم فرقة، ثم جعلهم فرقتين فجعلني في خيرهم فرقة، ثم جعلهم قبائل فجعلني في خيرهم قبيلة ثم جعلهم بيوتا فجعلني في خيرهم بيتا وخيرهم نسبا.

ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (نەسەبى ياكى ئابرۇيى ھەققىدە) بىر نەرسە ئاڭلىغاندەك قىياپەتتە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنبەرگە چىقىپ:

— مەن كىم؟ — دەپ سورىغانىدى، كىشىلەر:

— سەن الله نىڭ پەيغەمبىرى، ساڭا خاتىرجەملىك يار بولسۇن! — دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ:

— مەن مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ. الله تائالا مەخلۇقاتنى يارىتىپ، مېنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى پىرقىدە قىلدى.

[1] مۇسلىم توپلىغان.

ئاندىن ئۇلارنى ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈپ، مېنى ئەڭ ياخشى گۇرۇھتا قىلدى. ئاندىن ئۇلارنى قەبىلىلەرگە بۆلۈپ، مېنى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى قەبىلىدە قىلدى. ئاندىن ئۇلارنى ئۆيلەرگە بۆلۈپ، مېنى ئۆي ۋە نەسەب جەھەتتە ئۇلارنىڭ ياخشىلىرى ئىچىدە قىلدى — دېدى.[1]

ئەسلىدە ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇشرىكلارنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە تەنە قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ ناھايىتى ئاچچىقلانغان ھالەتتە كەلگەنىدى.

پەيغەمبەر ﷺ تۆۋەندىكى ھەدىستە، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىق ۋە پەزىلىتىنى ئەڭ چىرايلىق رەۋىشتە تىلغا ئالغان.

سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ ﷺ ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: <هذا العباس بن عبد المطلب، أجود قريش كفا وأوصلها> <ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ قۇرەيشلەر ئىچىدىكى ئەڭ سېخىي ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا ئەڭ كۆپ سىلە-رەھىم قىلىدىغان كىشىدۇر> دېگەن».[2]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ تاغىسى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ نەسىھىتى ۋە مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلاتتى**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، «مەككە فەتھىسىدە ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھەربنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى. ئەبۇ سۇفيان <مەررى زەھران> دېگەن جايدا ئىسلام كەلتۈردى. ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە: <ئى رەسۇلۇللاھ! ئەبۇ سۇفيان پەخىرلىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم، شۇڭا ئۇ پەخىرلەنگۈدەك بىرەر ئالاھىدە ئىش قىلغان بولساڭ!> دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ مۇنداق دېگەن: <من دخل دار أبي سفيان فهو آمن،

[1] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ومن أغلق عليه بابه فهو آمن» «كىمكى ئەبۇ سۇفيانىنىڭ ئۆيىگە كىرىۋالسا، ئۇ ئامان بولىدۇ. ئىشىكىنى تاقىۋالغانلارمۇ ئامان بولىدۇ»».[1]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنىڭ ئىبادەتلىرىنى توغرىلاپ قوياتتى**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «بت عند ميمونة، فقام النبي ﷺ فأتى حاجته، فغسل وجهه ويديه ثم نام، ثم قام فأتى القربة فأطلق شناقها، ثم توضأ وضوءا بين وضوءين، لم يكثر وقد أبلغ، فصلى، فقمت فتمطيت كراهية أن يرى أني كنت أرقبه، فتوضأت، فقام يصلي، فقمت عن يساره، فأخذ بأذني فأدارني عن يمينه ...» «مەن مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىدا قونۇپ قالدىم. پەيغەمبەر ﷺ ئورنىدىن تۇرۇپ ھاجىتىگە باردى، ئاندىن يۈزىنى ۋە قولىنى يۇيۇپ ئۇخلاپ قالدى. بىر كەمدە ئورنىدىن تۇرۇپ تۇلۇمنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭ بوغقۇچىنى يەشتى، ئاندىن بىر قېتىم يۇيۇش بىلەن كۆپايىلىنىپ يۇيۇش ۋاجىب بولغان ئورۇننى مۆكەممەل يۇيۇپ تاھارەت ئالدى، ئاندىن نامازغا تۇردى. مەن كۆزىتىپ تۇرغانلىقىمنى بىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ كېچىكىپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ تاھارەت ئالدىم. پەيغەمبەر ﷺ ناماز ئوقۇۋاتاتتى، مەن ئۇنىڭ سول تەرىپىدە تۇرغانىدىم، پەيغەمبەر ﷺ قۇلىقىمنى تۇتۇپ مېنى چۆرگىلىتىپ ئوڭ تەرىپىدە تۇرغۇزدى...»».[2]

**❖ ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرەرسى ھارام ئىشقا يېقىنلاشسا، پەيغەمبەر ﷺ ئۇ ھارام ئىشنى ئىنكار قىلاتتى ۋە ئۇنىڭدىن توساتتى**

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «كان الفضل رديف رسول اللّٰه ﷺ ، فجاءت امرأة من خثعم، فجعل الفضل ينظر إليها وتنظر إليه، فجعل النبي ﷺ يصرف وجه الفضل إلى الشق الآخر، فقالت: يا رسول اللّٰه، إن فريضة اللّٰه على عباده في الحج أدركت أبي شيخا كبيرا، لايثبت على الراحلة، أفأحج عنه؟ قال: نعم، وذلك في حجة الوداع»

[1] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

«رەسۇلۇللاھ ﷺ فەزلنى توۋسىگە مىنگەشتۈرۈۋالغان ئىدى. خەسئەم قەبىلىسىدىن بىر ئايال كەلگەندە، فەزل ئۇ ئايالغا قاراشقا باشلىدى، ئۇ ئايالمۇ فەزلگە قارىدى. پەيغەمبەر ﷺ فەزلنىڭ يۈزىنى يەنە بىر تەرەپكە بۇراپ قويدى. ئۇ ئايال: <ئى رەسۇلۇللاھ! الله تائالا بەندىلىرىگە ھەج ئىبادىتىنى پەرز قىلدى، دادام توۋسىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرالمايدىغان دەرىجىدە قېرىپ قالغان، شۇڭا مەن دادامنىڭ ئورنىغا ھەج قىلسام بولامدۇ؟> دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ: <ھەئە> دەپ جاۋاب بەردى. بۇ ئىش ۋىدالىشىش ھەججىدە يۈز بەرگەن ئىدى».[1]

❖ **پەيغەمبەر ﷺ ھالقىلىق پەيتلەردە ئۇلاردىن ياردەم سورايتتى**

كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەقەبە بەيئىتى ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «بىز ھەجگە چىقىپ پەيغەمبەر ﷺ بىلەن تەشرىق كۈنلىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەقەبەدە ئۇچرىشىشقا ۋەدىلەشكەن ئىدۇق. بىز جىلغىغا يىغىلىپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ كېلىشىنى ساقلىدۇق. ئۇ تاغىسى ئابباس بىلەن بىرگە يېتىپ كەلدى. گەرچە ئابباس ئۇ چاغلاردا مۇسۇلمان بولمىغان بولسىمۇ، بىراق جىيەنىنىڭ بۇ ئىشىدا ئۆزىنىڭ بولۇشىنى ۋە پۇختا ۋەدە ئېلىشىنى ياخشى كۆرەتتى. كۆپچىلىك ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن تۇنجى بولۇپ ئابباس سۆز باشلاپ: <ئى خەزرەج ئەھلى! مۇھەممەدنىڭ بىزدىكى ئەھۋالى سىلەرگە مەلۇم بولغىنىدەك، بىز ئۇنى قەۋمىمىزنىڭ دىنىدىكى كىشىلەردىن قوغداپ كەلدۇق. ئۇ ھازىر ئۆز قەۋمى ئىچىدە ئىززەتكە سازاۋەر ۋە ئۆز يۇرتىدا بىزلەر تەرىپىمىزدىن مۇھاپىزەت قىلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. بىراق ئۇ سىلەرگە يۈزلەندى ۋە سىلەر بىلەن بىرگە بولۇشنى تاللىدى. ئەگەر ئۇنىڭغا بەرگەن ۋەدىلىرىڭلارغا ئەمەل قىلساڭلار ۋە ئۇنى دۈشمەنلىرىدىن قوغدىيالىساڭلار، ئۇنى

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئېلىپ كېتىڭلار. ئەگەر ئۇ سىلەرگە قېتىلغاندىن كېيىن ئۇنى ئىززەتلىمەي، ئۇنى دۈشمەنلىرىگە تاپشۇرۇپ بېرىدىغان ئېھتىماللىڭلار بولسا، ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئوچۇق ئېيتىڭلار ۋە بىزگە قويۇپ كېتىڭلار. ئۇ ئۆز قەۋمى ئىچىدە ئىززەتكە سازاۋەر ۋە ئۆز يۇرتىدا مۇھاپىزەت ئىچىدىدۇر> دېدى. بىز ئۇنىڭغا <سۆزۈڭنى ئاڭلىدۇق> دېگەندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ ﷺ گە: <ئى رەسۇلۇللاھ! ئەمدى سەن سۆز قىلغىن، قېنى ئەمدى سەن سۆزلە، رەببىڭ ۋە ئۆزۈڭ ئۈچۈن خالىغىنىڭنى تەلەپ قىل!> دېدۇق. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ سۆز قىلىپ ئايەت ئوقۇپ بەردى ۋە بىزنى دىنغا دەۋەت قىلىپ ئىسلامغا قىزىقتۇردى...».[1]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا ياخشىلىق قىلاتتى**

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۇلارغا قىلغان ياخشىلىقلىرى ئىنتايىن كۆپ ۋە ھەر تۈرلۈك بولۇپ، پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلەتتى ۋە ئۆيلەنمىگەنلىرىنى ئۆيلەپ قويۇشقا تىرىشاتتى. ئابدۇلمۇتەللىپ ئىبنى رەبىئە ئىبنى ھارىستىن نەقىل قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق بايان قىلىنغان: اجتمع ربيعة بن الحارث والعباس بن عبدالمطلب فقالا: والله لو بعثنا هذين الغلامين (المطلب ابن ربيعة والفضل ابن عباس) إلى رسول الله ﷺ ، فكلماه، فأمرهما على هذه الصدقات، فأديا ما يؤدي الناس وأصاب مما يصيب الناس. فبينما هما في ذلك جاء علي بن أبي طالب فوقف عليهما، فذكرا له ذلك وقال علي بن أبي طالب لاتفعلا، فوالله ما هو بفاعل. فانتحاه ربيعة ابن الحارث فقال: والله ماتصنع هذا إلا نفاسة منك علينا، فوالله لقد نلت صهر رسول الله ﷺ فما نفسناه عليك. قال علي: أرسلوهما. فانطلقا. فألقى علي رداءه ثم إضطجع عليه وقال: أنا أبو حسن القرم، والله لاأريم مكاني حتى يرجع إليكما إبناكما بحور ما بعثتما به إلى رسول الله ﷺ. قال: فلما صلى رسول الله ﷺ الظهر سبقناه إلى الحجرة فقمنا عندها، حتى جاء فأخذ بآذاننا ثم قال: أخرجا ماتصرران. ثم دخل

[1] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ودخلنا عليه وهو يومئذ عند زينب بنت جحش. فتواكلنا الكلام ثم تكلم أحدنا فقال: يا رسول اللّه أنت أبر الناس وأوصل الناس. وقد بلغنا النكاح فجئنا لتؤمرنا على بعض هذه الصدقات، فنؤدي إليك كما يؤدي الناس ونصيب كما يصيبون. فسكت طويلا حتى أردنا أن نكلمه، وجعلت زينب تلمع علينا من وراء الحجاب أن لاتكلماه. ثم قال: إن الصدقة لاتنبغي لآل محمد، إنما هي أوساخ الناس، وإنها لا تحل لمحمد ولا لآل محمد. ادعوا لي محمية بن جزء. وهو رجل من بني أسد. كان رسول اللّه ﷺ استعمله على الأخماس، ونوفل بن الحارث بن عبدالمطلب. قال: فجاءاه، فقال لمحميه: أنكح هذا الغلام ابنتك (للفضل بن عباس) فأنكحه وقال لنوفل بن الحارث: أنكح هذا الغلام ابنتك (لي) فأنكحني. وقال لمحمية: أصدق عنهما من الخمس كذا وكذا.

رەبىئە ئىبنى ھارىس (پەيغەمبەرﷺ نىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى) بىلەن ئاbbas ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ ئىككىسى بىر يەردە كۆرۈشۈپ، «بۇ ئىككى بالىنى (مۇتەللىپ ئىبنى رەبىئە ۋە فەزل ئىبنى ئاbbas) رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا ئەۋەتىپ باقساق، بۇ ئىككىسى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە دەپ باقسا، رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇ ئىككىسىنى سەدىقە يىغىشقا تەيىنلىسە، ئۇلارمۇ باشقا كىشىلەردەك تاپشۇرىدىغىنىنى تاپشۇرۇپ، ئۆزلىرى ئېلىشقا تېگىشلىكىنى ئېلىپ كەلگەن بولسا» دېيىشتى. دەل شۇ پەيتتە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ قالدى. ئۇلار ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتقاندى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغا: «ئۇنداق قىلماڭلار! الله بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر ﷺ بۇ تەكلىپىڭلارنى قوبۇل قىلمايدۇ» دېدى. رەبىئە ئىبنى ھارىس ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «الله بىلەن قەسەمكى، سەن بىزدىن قىزغىنىپ شۇنداق دەۋاتىسەن. سەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ كۈيئوغلى بولغان ۋاقتىڭدا بىز سەندىن قىزغانغانمۇ؟» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئۇنداقتا ئۇ ئىككىسىنى ئەۋەتىپ بېقىڭلار» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئىككىسى يۈرۈپ كەتتى. ئاندىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىداسىنى تاشلاپ ئۇنىڭ ئۈستىدە يېنىچە

ياتتى ۋە: <مەن ئەبۇ ھەسەن سۆزۈمدە تۇرىدىغان ئادەم، باللىرىڭلار سىلەر تەلەپ قىلىپ ئەۋەتكەن ئىشنىڭ جاۋابىنى ئېلىپ كەلمىگۈچە بۇ يەردىن كەتمەيمەن» دېدى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ پېشىن نامىزىنى ئوقۇپ چىققاندا، بىز ئۇنىڭدىن بۇرۇن ھۇجرىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ كۈتۈپ تۇردۇق. رەسۇلۇللاھ ﷺ كېلىپ قۇلاقلىرىمىزدىن تۇتقىنىچە: «نېمە گېپىڭلار بولسا ئېيتىڭلار!» دېدى ۋە ھۇجرىسىغا كىردى، بىزمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كىردۇق. ئۇ كۈنى زەينەپ بىنتى جەھش رەزىيەللاھۇ ئەنهانىڭ نۆۋىتى ئىكەن. بىز بىر-بىرىمىزنىڭ گەپ باشلىشىنى كۈتۈپ خېلى ۋاقىتقىچە سۈكۈت قىلىپ ئولتۇردۇق. ئاخىرى بىرىمىز ئېغىز ئېچىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! سەن ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋە تۇغقانلىرىغا سىلە-رەھىم قىلىشنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدىغان كىشىسەن. بىزمۇ چوڭ بولۇپ ئۆيلىنىش يېشىغا يېتىپ قالدۇق. بىزنى زاكات يىغىش ۋەزىپىسىگە تەيىنلەپ قويساڭ، باشقىلارغا ئوخشاش تاپشۇرۇشقا تېگىشلىكنى تاپشۇرۇپ، ئۆزىمىزگە تېگىشلىكنى ئېلىپ قالساق» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ خېلى بىر ۋاقىتقىچە سۈكۈت قىلىپ ئولتۇردى. بىز قايتا ئېغىز ئېچىشقا تەمشىلىۋېدۇق، زەينەپ بىنتى جەھش رەزىيەللاھۇ ئەنها پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ گەپ قىلماسلىقىمىزغا ئىشارەت قىلدى.

مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «سەدىقە مۇھەممەدنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا لايىق ئەمەس، چۈنكى ئۇ ئىنسانلارنىڭ كىرىدۇر. شۈبھىسىزكى، ئۇ مۇھەممەد ۋە مۇھەممەدنىڭ ئائىلە- تاۋابىئاتلىرىغا ھالال ئەمەس. مەھمىيە بىلەن نەۋفەل ئىبنى ھارىسنى چاقىرىڭلار!» دېدى. مەھمىيە ئەسەد قەبىلىسىدىن بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنى غەنىيمەتنىڭ بەشتىن بىرىدىن توپلانغان مالغا مەسئۇل قىلغان ئىدى.

ئۇ ئىككىسى يېتىپ كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ ﷺ مەھمىيەگە: «قىزنىڭنى فەزل ئىبنى ئابباسقا نىكاھلاپ قويغىن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ قىزىنى فەزلگە ياتلىق قىلدى. ئاندىن نەۋفەل ئىبنى ھارىسقا: «سەنمۇ قىزىڭنى بۇنىڭغا نىكاھلاپ قويغىن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇمۇ قىزىنى ماڭا ياتلىق قىلدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ مەھمىيەگە: «بۇلارنىڭ مەھرى ھەققىنى غەنىيمەتنىڭ بەشتىن بىرىدىن توپلانغان مالدىن ئېلىپ بەرگىن!» دېدى.①

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «أصدق عنهما من الخمس كذا وكذا» «بۇلارنىڭ مەھرى ھەققىنى غەنىيمەتنىڭ بەشتىن بىرىدىن توپلانغان مالدىن ئېلىپ بەرگىن» دېگەن سۆزىدە خىش-ئەقرىبالىرىنىڭ غەنىيمەتتىن بەشتىن بىرىدىن بولغان نېسىۋىسىنى مەقسەت قىلغان بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى ئۇ ئىككىسى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ خىش-ئەقرىبالىرى ھېسابلىنىدۇ. ياكى پەيغەمبەر ﷺ غەنىيمەتتىكى ئۆزىنىڭ بەشتىن بىر ئۈلۈشىنى مەقسەت قىلغان بولۇشى ھەم مۇمكىن.②

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تاغىسى ئابباس بەدر غازىتىدا ئەسىرگە چۈشۈپ ئۈچىسىدا كىيىم يوق ھالدا كەلتۈرۈلگەندە، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا كىيىم كىيدۈرۈپ قويغان. مانا بۇمۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا قىلغان ياخشىلىقى ھېسابلىنىدۇ.

[جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «بەدر كۈنى ئەسىرلەر ئېلىپ كېلىندى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئابباسمۇ بار بولۇپ، ئۇنىڭ كىيىمى يوق ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا كەلگۈدەك كىيىم ئىزدەشكە باشلىدى. ساھابىلەر ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيىنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئابباسقا دەل كېلىدىغانلىقىنى بىلىشتى، شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ كۆينىكىنى

① مۇسلىم توپلىغان.

② «شرح النووي على صحيح مسلم» 7- توم 180- بەت.

ئابباسقا كىيدۈرۈپ قويدى. كېيىن (ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ۋاپات بولغاندا) پەيغەمبەر ﷺ ئۆزىنىڭ كۆينىكىنى سېلىپ، ئۇنىڭغا كىيدۈرۈپ قويغان».

ئىبنى ئۇيەينە مۇنداق دېگەن: «ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي پەيغەمبەر ﷺ گە بىر ياخشىلىق قىلغان ئىدى، شۇڭلاشقا پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى قايتۇرۇشنى ياخشى كۆرگەن»].[1]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ گە بەھرەيندىن مال كەلگەندە، تاغىسى ئابباسنى ئۇنتۇپ قالمىغان**

عن أنس بن مالك رضي اللَّه عنه قال: أتي النبي ﷺ بمال من البحرين، فقال: انثروه في المسجد وكان أكثر مال أتي به رسول اللَّه ﷺ ، فخرج رسول اللَّه ﷺ إلى الصلاة ولم يلتفت إليه، فلما قضى الصلاة جاء فجلس إليه، فما كان يرى أحدا إلا أعطاه، إذ جاءه العباس فقال: يا رسول اللَّه، أعطني، فإني فاديت نفسي وفاديت عقيلا، فقال: له رسول اللَّه ﷺ خذ. فحثا في ثوبه، ثم ذهب يقله فلم يستطع، فقال: يا رسول اللَّه، مر بعضهم يرفعه إلي، قال: لا. قال: فارفعه أنت علي، قال: لا. فنثر منه، ثم ذهب يقله، فلم يستطع، فقال: يا رسول اللَّه، مر بعضهم يرفعه علي، قال: لا. قال: فارفعه أنت علي، قال: لا. فنثر منه، ثم احتمله، فألقاه على كاهله، ثم انطلق. فما قام رسول اللَّه ﷺ وثم منها درهم.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ گە بەھرەيندىن مال كەلگەندە، پەيغەمبەر ﷺ: <ئۇنى مەسجىدكە تۆكۈڭلار!> دېدى. بۇ پەيغەمبەر ﷺ گە كەلگەن ئەڭ كۆپ مال ئىدى. پەيغەمبەر ﷺماللارغا قاراپمۇ قويماستىن نامازغا چىقتى ۋە نامازدىن كېيىن مالنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. پەيغەمبەر ﷺ قانداقلا بىر كىشىنى كۆرسە، ئۇنىڭغا بىر نەرسە بېرەتتى. شۇ ئەسنادا ئابباس كېلىپ: <ئى رەسۇلۇللاھ! مالدىن ماڭىمۇ بەرگىن، چۈنكى

[1] بۇخارى توپلىغان.

مەن ئۆزۈم ۋە ئۇقەيل ئۇچۇن تۆلەم تۆلىگەن ئىدىم› دېدى. (ئۇقەيل ئابباس بىلەن بىرگە بەدر غازىتىدا ئەسىرگە چۈشكەن) رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا: ‹ئالغىن!› دېدى. ئابباس كىيىمىنى تولدۇرۇپ كۆتۈرمەكچى بولدى-يۇ، ئەمما كۆتۈرەلمىدى. ئاندىن: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلارنىڭ بىرىنى بۇيرۇغىن، ماڭا بۇنى يۈدۈتۈپ قويسۇن› دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ: ‹ياق› دېدى. ئابباس: ‹ئۇنداقتا سەن يۈدۈتۈپ قويغىن!› دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە: ‹ياق› دېدى. ئابباس مالدىن ئازراق ئېلىۋېتىپ كۆتۈرمەكچى بولدى، ئەمما يەنىلا كۆتۈرەلمىدى. ئۇ يەنە: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلارنىڭ بىرىنى بۇيرۇغىن، ماڭا بۇنى يۈدۈتۈپ قويسۇن› دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ: ‹ياق› دېدى. ئابباس: ‹ئۇنداقتا سەن يۈدۈتۈپ قويغىن› دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە: ‹ياق› دېدى. ئابباس مالدىن يەنە ئازراق ئېلىۋېتىپ، ئاندىن ئۇنى كۆتۈرۈپ دۈمبىسىگە ئارتتى ۋە يۈرۈپ كەتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ بىر دەرھەممۇ قويماي تارقىتىپ بولغۇچە ئۇ يەردىن ئايرىلمىدى».[1]

بۇ ھەدىستىن، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سېخىيلىقى ۋە مالنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە كۆز قىرىنىمۇ سالمىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ئابباس كۈچلۈك ۋە بەستلىك كىشى بولۇپ، ئۇ كۆپ مال كۆتۈرگەن بولسىمۇ، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى توسمىغان.[2]

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئابباسنىڭ كىيىمىنى كۆتۈرۈشكە ياردەم بەرمىگەنلىكى ياكى بىرەر كىشىنى ياردەمگە چاقىرىپ بەرمەسلىكى — ئابباسنىڭ ئالغان مالنى ئازايتىشى ۋە كۆتۈرەلىگۈدەك دەرىجىدە ئېلىپ كېتىشى ئۈچۈن بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئابباسنىڭ خالىغىنىچە ئېلىشىغا يول قويغان. ئابباس قۇرەيشلەر ئىچىدىكى ئەڭ باي كىشى ئىدى، ئەمما ئۇ ئۆزى ۋە

[1] بۇخارى توپلىغان.

[2] ئىبنى رەجەبنىڭ «فتح الباري» ناملىق كىتابى 3- توم 178- بەت.

ئوقەيلىنىڭ ئەسىرلىكتىن ئازاد قىلىنىش تۆلىمىنى تۆلىگەنلىكى سەۋەبىدىن قەرزدار بولۇپ قالغان.

پەيغەمبەر ﷺ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن بىرگە ھەج ئىبادىتىنى ئادا قىلىشنى ياخشى كۆرگەن ۋە ھەجگە نىيەت قىلمىغان ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ھەج قىلىشىغا ياردەم بەرگەن.

زۇبائە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قىسسىسىدە مۇنداق نەقىل قىلىنغان: پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ: «فقال لها: أردت الحج؟ قالت: واللّٰه ما أجدني إلا وجعة، فقال: لها حجي واشترطي، وقولي اللّٰهم محلي حيث حبستني» [«ھەج قىلامسەن؟» دەپ سورىغانىدى، ئۇ: «بەكلا مىجەزىم يوق» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا: «ھەجگە ئېھرام باغلىغىن ۋە <ئى اللّٰه! سەن مېنى توختىتىپ قويغان يەردە ئېھرامدىن چىقىمەن> دەپ شەرتلىك نىيەت قىلغىن» دېدى].①

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭ ئىشلىرىنى سوراپ تۇراتتى ۋە ئۇلارنىڭ سالامەتلىكىگە كۆڭۈل بۆلەتتى**

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ ھەزمىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ يىلان چېقىۋالغان كىشىگە رۇقىي ئوقۇشىغا رۇخسەت قىلغان».

پەيغەمبەر ﷺ ئەسما بىنتى ئۇمەيسكە «ما لي أرى أجسام بني أخي ضارعة تصيبهم الحاجة قالت لا ولكن العين تسرع إليهم قال ارقيهم قالت فعرضت عليه فقال ارقيهم» («<مەن قېرىندىشىمنىڭ بالىلىرىنى جۇدەپ كەتكەندەك كۆرۈۋاتىمەن، ئۇلارغا موھتاجلىق يەتتىمۇ؟> دېگەنىدى، ئەسما: <ياق، ئۇلارغا كۆز تېگىپتۇ> دېدى. پەيغەمبەر ﷺ: <ئۇلارغا رۇقىي ئوقۇپ قويغىن> دېدى. ئەسما مۇنداق دېگەن:

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

<مەن رۇقىي (كەلىمىلىرى)نى پەيغەمبەر ﷺ گە كۆرسەتكەندىم> پەيغەمبەر ﷺ: <ئۇلارغا رۇقىي ئوقۇپ قويغىن> دېدى».①

ئۇممۇ مۇنزىر بىنتى قەيس ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنها مۇنداق دېگەن: «دخل علي رسول الله ﷺ ومعه علي، وعلي ناقه ولنا دوالي معلقة، فقام رسول الله ﷺ يأكل منها، وقام علي ليأكل، فطفق رسول الله ﷺ يقول لعلي: <مه إنك ناقه، حتى كف علي>. قالت: وصنعت شعيرا وسلقا فجئت به، فقال رسول الله ﷺ: <يا علي أصب من هذا. فهو أنفع لك>» «رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەلى بىلەن بىللە مېنىڭ قېشىمغا كىردى. ئەلى كېسەل بولۇپ قېلىپ تېخى يېڭىلا ساقايغان ئىدى. ئۆيىمىزدە شاخلىرى بىلەن ئېسىپ قويۇلغان خورما غورىلىرى بار بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭدىن يېيىشكە باشلىدى. ئەلىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ يېمەكچى بولۇۋېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا: <توختا! سەن تېخى ئەمدىلا ساقايدىڭ> دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەلى توختاپ قالدى. مەن ئارپا بىلەن قىزىلچىدا تاماق تەييارلاپ ئەكىلىۋېدىم، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <ئى ئەلى! بۇنىڭدىن يېگىن، بۇ ساڭا بەك پايدا قىلىدۇ> دېدى».②

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن ياردەم سورايتتى، ئۇلارنى ۋەكىل قىلىپ ئەۋەتەتتى ۋە كۆپ ئىشلىرىدا ئۇلارنى ئىشقا قوياتتى**

• پەيغەمبەر ﷺ ھىجرەت قىلغان كېچىسى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۆزىنىڭ ئورنىدا ئۇخلاشقا بۇيرۇغان.

• پەيغەمبەر ﷺ خەيبەر كۈنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قوشۇنغا ئەمىر قىلغان.

• پەيغەمبەر ﷺ ھەجدە تۆگىلەرنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزى بوغۇزلاپ، قالغىنىنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بوغۇزلىشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا بەرگەن ھەمدە

① مۇسلىم توپلىغان.

② ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى تۆگىلەرنى بوغۇزلاپ بولغاندىن كېيىن تۆگىنىڭ گۆشلىرى، تېرىلىرى ۋە تۆگىنىڭ ئۈستىدىكى نەرسىلەرنى كىشىلەرگە سەدىقە قىلىشقا بۇيرۇغان.[1]

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «أهدى النبي ﷺ مائة بدنة فأمرني بلحومها فقسمتها ثم أمرني بجلالها فقسمتها ثم بجلودها فقسمتها» «پەيغەمبەر ﷺ 100 تۆگىنى قۇربانلىق قىلىپ، مېنى ئۇنىڭ گۆشلىرى، تېرىلىرى ۋە ئۇنىڭغا ئارتقان نەرسىلەرنى تەقسىم قىلىشقا بۇيرۇغانىدى، مەن ئۇلارنى تەقسىم قىلدىم».[2]

پەيغەمبەر ﷺ ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان مۇھاجىرلارغا تاغىسىنىڭ ئوغلى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مەسئۇل قىلغان. ئۇ ھەبەشىستان پادىشاھىغا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ پەيغەمبەرلىكىنى يەتكۈزگەن تۇنجى كىشىدۇر. ئۇ نەجاشىنىڭ ئالدىدا ئىسلام دىنىنى قىسقا ئىبارىلەر بىلەن چۈشەندۈرگەن.

**❖ جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەبەشىستاندىن قايتىپ كەلگەندە پەيغەمبەر ﷺ خۇشال بولغان**

جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەيبەر فەتھىسىدىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا قايتىپ كەلگەن بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويغان ۋە قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەن. ئاندىن: «ما أدري بأيهما أنا أسر، بقدوم جعفر أو بفتح خيبر» «<مەن جەئفەرنىڭ كەلگەنلىكى ياكى خەيبەرنىڭ فەتھ بولغانلىقىنىڭ قايسىسىغا خۇرسەن بولغانلىقىمنى بىلەلمىدىم> دېگەن».[3]

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنى مەسجىدنىڭ يېنىغا چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭغا خەيبەرنىڭ

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[3] ھاكىم توپلىغان.

غەنىيمەتلىرىدىن تەقسىم قىلىپ بەرگەن.

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنى مۇئتە غازىتى كۈنى قوشۇنغا زەيد ئىبنى ھارىستىن كېيىنكى ئەمىر قىلىپ تەيىنلىگەن.

جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇئتە غازىتىدا شەھىد قىلىنغاندا، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە تەسەللى بېرىپ ئىشلىرىغا ئۆزى ئىگە بولغان.

عن عبد اللَّه بن جعفر رضي اللَّه عنه قال: بعث رسول اللَّه ﷺ جيشا، استعمل عليهم زيد بن حارثة. وقال: فإن قتل زيد أو استشهد فأميركم جعفر، فإن قتل أو استشهد فأميركم عبد اللَّه بن رواحة. وأتى خبرهم النبي ﷺ ، فخرج إلى الناس، فحمد اللَّه وأثنى عليه، وقال: إن إخوانكم لقوا العدو، وإن زيدا أخذ الراية، فقاتل حتى قتل أو استشهد. ثم أخذ الراية بعده جعفر بن أبي طالب، فقاتل حتى قتل أو استشهد، ثم أخذ الراية عبد اللَّه بن رواحة، فقاتل حتى قتل أو استشهد، ثم أخذ الراية سيف من سيوف اللَّه خالد بن الوليد، ففتح اللَّه عليه. فأمهل، ثم أمهل آل جعفر ثلاثا أن يأتيهم، ثم أتاهم. فقال: لا تبكوا على أخي بعد اليوم أو غد. ادعوا لي بني أخي. قال: فجيء بنا كأننا أفرخ، فقال: ادعوا إلي الحلاق، فجيء بالحلاق فحلق رءوسنا، ثم قال: أما محمد فشبيه عمنا أبي طالب، وأما عبد اللَّه فشبيه خلقي وخلقي. ثم أخذ بيدي فأشالها، فقال: اللَّهم اخلف جعفرا في أهله، وبارك لعبد اللَّه في صفقة يمينه، قالها ثلاث مرار، قال: فجاءت أمنا فذكرت له يتمنا، وجعلت تفرح له، فقال: العيلة تخافين عليهم وأنا وليهم في الدنيا والآخرة؟

ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق نەقىل قىلىنغان: «رەسۇلۇللاھ ﷺ بىر قوشۇن ئەۋەتىپ ئۇلارغا زەيد ئىبنى ھارىسنى ئەمىر قىلدى ۋە: <ئەگەر زەيد ئۆلتۈرۈلسە ياكى شەھىد قىلىنسا، سىلەرگە جەئفەر ئەمىر بولسۇن. ئەگەر جەئفەر ئۆلتۈرۈلسە ياكى شەھىد قىلىنسا، سىلەرگە ئابدۇللاھ ئىبنى راۋاھە ئەمىر بولسۇن> دېدى. ئۇلارنىڭ (شەھىد بولغانلىق) خەۋىرى پەيغەمبەر ﷺ گە يېتىپ كەلگەندە، پەيغەمبەر ﷺ كىشىلەرنىڭ يېنىغا چىقىپ الله قا ھەمدۇ-سانا ئېيتتى ۋە: <سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلار دۈشمەنگە

ئۈچىنچىسى زەيد بايراقنى ئالدى، ئاندىن ئۇ ئۆلتۈرۈلگەن ياكى شەھىد قىلىنغانغا قەدەر ئۇرۇش قىلدى؛ ئۇنىڭدىن كېيىن بايراقنى جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىب ئالدى، ئۇمۇ ئۆلتۈرۈلگەن ياكى شەھىد قىلىنغانغا قەدەر ئۇرۇش قىلدى؛ ئۇنىڭدىن كېيىن بايراقنى ئابدۇللاھ ئىبنى راۋاھە ئالدى، ئۇمۇ ئۆلتۈرۈلگەن ياكى شەھىد قىلىنغانغا قەدەر ئۇرۇش قىلدى؛ ئۇنىڭدىن كېيىن، بايراقنى اللە نىڭ قىلىچلىرىدىن بىرى بولغان خالىد ئىبنى ۋەلىد ئالدى، اللە ئۇنىڭغا نۇسرەت بەردى> دېدى.

پەيغەمبەر ﷺ جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئۈچ كۈن ھازا تۇتۇشىغا رۇخسەت قىلدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ: <بۈگۈندىن ياكى ئەتىدىن ئېتىبارەن قېرىندىشىم ئۈچۈن يىغلىماڭلار! قېرىندىشىمنىڭ باللىرىنى چاقىرىپ بېرىڭلار> دېدى. بىز يېتىپ كەلدۇق، بىز خۇددى چۈجىلەرگە ئوخشاش (كىچىك) ئىدۇق. پەيغەمبەر ﷺ: <ساتىراش چاقىرىپ كېلىڭلار!> دېدى. ساتىراش يېتىپ كېلىپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇيرۇقى بىلەن بىزنىڭ چاچلىرىمىزنى چۈشۈرۈۋەتتى. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ: <مۇھەممەد تاغىمىز ئەبۇ تالىبقا ئوخشايدۇ، ئابدۇللاھنىڭ تەقى ـ تۇرقى ۋە ئەخلاقى ماڭا بەك ئوخشايدۇ> دېدى. ئاندىن قولۇمنى تۇتۇپ مېنى كۆتۈردى ۋە: <ئى اللە ! جەئفەرنىڭ ئائىلىسىگە ئىگىدارچىلىق قىلغىن، ئابدۇللاھنىڭ تىجارىتىگە بەرىكەت بەرگىن!> دەپ ئۈچ قېتىم دۇئا قىلدى.

ئانىمىز كېلىپ پەيغەمبەرﷺ گە بىزنىڭ يېتىم قالغانلىقىمىزنى سۆزلەپ، بىز ئۈچۈن غەم ـ ئەندىشە قىلىشقا باشلىدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا: <پېقىرلىقتىن قورقۇۋاتامسىز؟ مەن ئۇلارنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتىكى ۋەلىيسى> دېدى». [1]

[1] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

### ❖ پەيغەمبەر ﷺ كىچىك بالىلارنى ئۇلىغىغا مىندۈرەتتى ۋە ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلاپ دۇئا قىلىپ قوياتتى

ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «لو رأيتني وقثم وعبيد الله ابن عباس، ونحن صبيان نلعب، إذ مر النبي ﷺ على دابة، فقال: ارفعوا هذا إلي فحملني أمامه، وقال لقثم: ارفعوا هذا إلي فجعله وراءه، قال: ثم مسح على رأسي ثلاثا، وقال كلما مسح: اللّهم اخلف جعفرا في ولده» «مەن، ئابباسنىڭ ئىككى ئوغلى قۇسەم ۋە ئۇبەيدۇللاھ ئۈچىمىز بىرگە ئويناۋاتاتتۇق، بىز تېخى كىچىك بالىلار ئىدۇق. شۇ ئارىدا پەيغەمبەرﷺ بىر ئۇلاغقا مىنگەن ھالدا يېنىمىزدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ: <بۇنى ماڭا ئېلىپ بېرىڭلار!> دېدى. ئاندىن مېنى ئالدىغا مىندۈردى. ئاندىن قۇسەمنى كۆرسىتىپ: <بۇنى ماڭا ئېلىپ بېرىڭلار!> دېدى، ئاندىن ئۇنى ئارقىسىغا مىندۈردى. پەيغەمبەرﷺ مېنىڭ بېشىمنى ئۈچ قېتىم سىلىدى، ھەر قېتىم سىلىغاندا: <ئى الله ! جەئفەرنىڭ بالىسىغا ئۆزۈڭ ئىگىدارچىلىق قىلغىن!> دېگەنىدى».[1]

پەيغەمبەر ﷺ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىدىن بىرەرسى مۇسىبەتكە ئۇچرىسا، ئۇنىڭغا قايغۇراتتى. مانا بۇ — پەيغەمبەرﷺ نىڭ ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىدىندۇر.

پەيغەمبەرﷺ نىڭ تاغىسى ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شەھىد بولۇپ جەسىتى مۇسلى[2] قىلىۋېتىلگەندە، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭدىن ئايرىلغىنىغا ۋە ئۇنىڭغا يەتكەن مۇسىبەتكە ئىنتايىن قايغۇرغان. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «أن رسول الله ﷺ وقف على حمزة حين استشهد و قد مثل به، فنظر إلى أمر لم ينظر إلى أمر أوجع لقلبه منه. فقال: رحمك الله. إن كنت وصولا للرحم فعولا

[1] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

[2] مۇسلى قىلىش — بۇرۇن، قۇلاق ۋە بېشىنى كېسىش قاتارلىق ئىشلار ئارقىلىق جەسەتلىرىنى ئەسلىدىكى ھالىتىدىن ئۆزگەرتىۋېتىشتۇر.

للخيرات و لولا حزن من بعدك عليك لسرني أن أدعك حتى تحشر من أفواه شتى، وايم اللّٰه لأمثلن بسبعين منهم مكانك. فنزل جبريل والنبي واقف بعد بخواتيم سورة النحل ﴿**وَإِنْ عَاقَبْتُمْ فَعَاقِبُوا بِمِثْلِ مَا عُوقِبْتُمْ بِهِ وَلَئِنْ صَبَرْتُمْ لَهُوَ خَيْرٌ لِلصَّابِرِينَ**﴾ فكفر رسول اللّٰه ﷺ و أمسك عما أراد» «ھەمزە شەھىد قىلىنغاندا رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى. ئۇ مۇسلى قىلىۋېتىلگەن ئىدى. پەيغەمبەر ﷺ قەلبى ئۇنىڭدىنمۇ بەك ئېچىنىپ باقمىغان شۇنداق بىر ئىشنى كۆردى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: <الله ساڭا رەھمەت قىلسۇن! سەن سىلە-رەھىمگە بەك ئەھمىيەت بېرىدىغان، كۆپ خەير-ئېھسان قىلىدىغان كىشى ئىدىڭ. ئەگەر كېيىنكىلەر ساڭا قايغۇ-ھەسرەت چەكمىسۇن دېمەيدىغان بولسام، سېنى مۇشۇ ھالەتتە تاشلاپ قويۇپ، الله نىڭ سېنى ھەر تۈرلۈك ئەرسىلەرنىڭ ئېغىزلىرىدىن تىرىلدۈرۈشىدىن ئەلۋەتتە خۇرسەن بولغان بولاتتىم. الله بىلەن قەسەمكى، سەن ئۈچۈن ئۇلاردىن 70 ئادەمنى مۇسلى قىلىمەن> دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇ يەردىن قايتماي تۇرۇپ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام الله تائالانىڭ <ئەگەر (ئۆزۈڭلارغا يەتكەن زىيان-زەخمەت ئۈچۈن) ئىنتىقام ئالماقچى بولساڭلار، ئۆزۈڭلارغا يەتكەن زىيان-زەخمەت قانچىلىك بولسا، شۇنچىلىك ئىنتىقام ئېلىڭلار (يەنى ئاشۇرۇۋەتمەڭلار)، ئەگەر سەۋر قىلساڭلار (يەنى ئىنتىقام ئالماي كەچۈرسەڭلار)، بۇ سەۋر قىلغۇچىلار (يەنى كەچۈرگۈچىلەر) ئۈچۈن (ئەلۋەتتە) ياخشىدۇر>[①] دېگەن ئايەتنى ئېلىپ چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ﷺ قەسىمگە كەففارەت بېرىپ، قىلماقچى بولغان ئىشىدىن توختاپ قالدى».[②]

❖ **پەيغەمبەر ﷺ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا كۆپ دۇئا قىلاتتى**

- پەيغەمبەر ﷺ ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۇنىڭ بالىلىرىغا دۇئا قىلغان

---

① سۈرە نەھل 126- ئايەت.

② ھاكىم ۋە تەبەرانى توپلىغان.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «قال رسول اللّٰه ﷺ للعباس: إذا كان غداة الاثنين فأتني أنت وولدك حتى أدعو لك بدعوة ينفعك اللّٰه بها وولدك. فغدا وغدونا معه فألبسنا كساء ثم قال: <اللّٰهم اغفر للعباس وولده مغفرة ظاهرة وباطنة لا تغادر ذنبا، اللّٰهم احفظه في ولده>» «رەسۇلۇللاھ ﷺ ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: <دۈشەنبە كۈنى سەھەردە بالاڭنى ئېلىپ قېشىمغا كەلگىن، مەن ساڭا دۇئا قىلىپ قوياي، اللہ تائالا ئۇ سەۋەبلىك ساڭا ۋە بالاڭغا مەنپەئەت بەرگەي> دېدى. دۈشەنبە كۈنى سەھەردە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا باردۇق. ئۇ بىزگە كىيىم بەردى، ئاندىن: <ئى اللہ ! ئابباس ۋە ئۇنىڭ بالىسىنىڭ ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن بارلىق گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغىنكى، ئۇلارنىڭ مەغپىرەت قىلىنمىغان ھېچبىر گۇناھى قالمىسۇن. ئى اللہ ! ئۇنىڭ بالىلىرىنى قوغدىغىن!> دەپ دۇئا قىلدى».[①]

- پەيغەمبەر ﷺ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا دۇئا قىلغان

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «لما توفي أبو طالب أتيت النبي ﷺ، فقلت: إن عمك الشيخ قد مات. قال: اذهب فواره، ثم لا تحدث شيئا حتى تأتيني. قال: فواريته ثم أتيته، قال: اذهب فاغتسل، ثم لا تحدث شيئا حتى تأتيني. قال: فاغتسلت ثم أتيته، قال: فدعا لي بدعوات ما يسرني أن لي بها حمر النعم وسودها» «ئەبۇ تالىب (دادام) ۋاپات بولغاندا مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ: <قېرى تاغاڭ ئۆلۈپ كەتتى> دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ: <بېرىپ ئۇنى دەپنە قىلغىن! ئاندىن ھېچ ئىش قىلماي مېنىڭ يېنىمغا كەلگىن> دېدى. مەن ئۇنى دەپنە قىلىۋېتىپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كەلدىم. پەيغەمبەر ﷺ: <بېرىپ غۇسلى قىلغىن! ئاندىن ھېچ ئىش قىلماي مېنىڭ يېنىمغا كەلگىن> دېدى. مەن غۇسلى قىلىپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كەلدىم. پەيغەمبەر ﷺ ماڭا بىرمۇنچە دۇئالار بىلەن دۇئا قىلدى. ئەگەر ئاشۇ دۇئالارنىڭ ئورنىغا قىزىل ۋە قارا تۆگىلەر بېرىلسىمۇ، ئۇنچىلىك

---

① تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

خۇش بولمىغان بولاتتىم».[1]

- پەيغەمبەر ﷺ ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا دۇئا قىلغان

ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ضمني النبي ﷺ إلى صدره فقال: اللّهم علمه الحكمة» «پەيغەمبەر ﷺ مېنى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ: <ئى الله ! ئۇنىڭغا ھېكمەت ئاتا قىلغىن> دېگەن».[2]

يەنە بىر نەقىلدە: «أن النبي ﷺ دخل الخلاء فوضعت له وضوءا. قال: من وضع هذا؟. فأخبر فقال: اللهم فقهه في الدين» «پەيغەمبەر ﷺ ھاجەتخانىغا كىرىپ كېتىۋېدى، ئۇنىڭ تاھارەت ئېلىشى ئۈچۈن سۇ قويۇپ قويدۇم. پەيغەمبەر ﷺ چىقىپ: <بۇنى كىم قويۇپ قويدى؟> دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ﷺ مېنىڭ قويۇپ قويغىنىمنى بىلىپ: <ئى الله ! ئۇنى دىندا ئالىم قىلغىن!> دەپ دۇئا قىلدى».[3] بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەدمۇ نەقىل قىلغان بولۇپ، ئۇ «وعلمه التأويل» «ئۇنىڭغا تەپسىرنى بىلدۈرگىن!» دېگەن سۆزنىمۇ قوشۇپ نەقىل قىلغان.

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارغا پايدىلىق دۇئالارنى ئۆگىتىپ قويغان**

ئاbbاس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «قلت يارسول اللّه علمني شيئا أسأله اللّه، قال سل اللّه العافية، فمكثت أياما ثم جئت فقلت يارسول اللّه علمني شيئا أسأله اللّه؟ فقال لى: يا عباس يا عم رسول اللّه سل اللّه العافية في الدنيا والآخرة» «مەن: <ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا الله تىن سورايدىغان بىر دۇئانى ئۆگىتىپ قويغىن!> دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ: <الله تىن سالامەتلىك سورىغىن!> دېدى. بىرقانچە كۈندىن كېيىن يەنە كېلىپ: <ئى رەسۇلۇللاھ! ماڭا الله تىن سورايدىغان بىر دۇئانى ئۆگىتىپ قويغىن> دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ: <ئى ئاbbاس،

---

[1] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] بۇخارى توپلىغان.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئى رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسى! الله تىن دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سالامەتلىك سورىغىن> دېدى». ①

ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەرﷺ دىن الله تىن سورايدىغان بىر دۇئانى ئۆگىتىپ قويۇشنى تەكرار سورىسىمۇ، پەيغەمبەرﷺ نىڭ ئاباسنى سالامەتلىكنى سوراپ دۇئا قىلىشقا بۇيرۇغانلىقى ــ سالامەتلىكنى سوراش دۇئاسىغا ھېچبىر دۇئانىڭ باراۋەر بولالمايدىغانلىقى ۋە الله قا دۇئا قىلىنىدىغان سۆزلەردىن ھېچبىرىنىڭ ئۇنىڭ ئورنىدا تۇرالمايدىغانلىقىنى ئوچۇقلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. رەسۇلۇللاھ ﷺ تاغىسى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى دادىسىنىڭ ئورنىدا كۆرەتتى ۋە ئۇنىڭ ئۆزى ئۈستىدىكى ھەققىگە خۇددى ئۆز دادىسىنىڭ ھەققىدەك مۇئامىلە قىلاتتى.

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سالامەتلىكنى سوراپ دۇئا قىلىشقا ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىشى مۇشۇ دۇئا بىلەن دۇئا قىلغۇچىلارنىڭ ھىممىتىنى ئاشۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار بۇ دۇئانى رەببىگە ئىلتىجا قىلىدىغان ئەڭ چوڭ ۋاستە ۋە غەملىرىدىن قۇتۇلدۇرۇشنى تەلەپ قىلىدىغان ئەڭ چوڭ تىلەك قىلىدۇ. ②

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېسەل بولۇپ قالغاندا، ئۇنى يوقلاپ بارغان**

ئۇممۇ فەزل رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەرﷺ ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كىرگەندە، ئۇ ئاغرىپ قېلىپ ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلغان ھالەتتە ياتاتتى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا: «يا عباس، يا عم رسول اللّه، لا تتمن الموت، إن كنت محسنا تزداد إحسانا إلى إحسانك خير لك، وإن كنت مسيئا، فإن تؤخر تستعتب خير لك، فلا تتمن الموت» «ئى ئاباس، ئى رەسۇلۇللاھنىڭ تاغىسى! ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلمىغىن.

① تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② «تحفة الأحوذي» 9- توم 348- بەت.

ئەگەر سەن ياخشى ئىش قىلغۇچى بولساڭ، ياخشىلىقىڭغا ياخشىلىق قوشۇلىدۇ، بۇ سەن ئۈچۈن ياخشىدۇر؛ ئەگەر سەن گۇناھكار بولۇپ كېچىكتۈرۈلسەڭ، تەۋبە قىلىۋالىسەن، بۇمۇ سەن ئۈچۈن ياخشىدۇر. شۇڭا، ئۆلۈمنى ئارزۇ قىلمىغىن!» دېدى.[1]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى ياخشىلىققا قىزىقتۇراتتى**

پەيغەمبەر ﷺ ئەھلى بەيتىنى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ۋە ياخشىلىقلاردىن ئۈزۈلۈپ قالماسلىققا قىزىقتۇراتتى. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھەج پائالىيىتى بايان قىلىنغان ھەدىستە جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «ثم أفاض رسول اللّه ﷺ إلى البيت. فصلى بمكة الظهر. ثم أتى بني عبد المطلب وهم يسقون على زمزم. فقال: انزعوا بني عبد المطلب، فلولا أن يغلبكم الناس على سقايتكم، لنزعت معكم. فناولوه دلوا فشرب منه» «رەسۇلۇللاھ ﷺ بەيتۇللاھقا قايتىپ تاۋاپ قىلىپ، مەككىدە پېشىن نامىزىنى ئوقۇدى. ئاندىن ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ بالىلىرىنىڭ يېنىغا باردى. ئۇلار زەمزەم قۇدۇقىدىن سۇ تارتىپ ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەۋاتاتتى. پەيغەمبەر ﷺ: ‹ئى ئابدۇلمۇتەللىپ بالىلىرى، تارتىڭلار! ئەگەر باشقىلارنىڭ بۇ ئىشنى (ھاجىلارنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇشنى) سىلەردىن تارتىۋېلىشىدىن قورقمىسام، مەنمۇ ئەلۋەتتە سىلەر بىلەن بىللە سۇ تارتقان بولاتتىم› دېدى. ئۇلار پەيغەمبەر ﷺ گە بىر چېلەك سۇ تارتىپ بەرگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭدىن ئىچتى».[2]

ھەدىستىكى «ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ بالىلىرى» ــ ئابباسنىڭ ئەۋلادلىرى ۋە جەمەتىنى كۆرسىتىدۇ، چۈنكى ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى بولغان ئىدى.

«تارتىڭلار» ــ سۇ ۋە چېلەكلەرنى تارتىڭلار! دېگەنلىك بولىدۇ. سۇ تارتىش

---

[1] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

ۋە ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش بولسا ساۋابى كۆپ ئەمەل بولغاچقا، پەيغەمبەرﷺ ئۇلارنى بۇ ئىشقا قىزىقتۇرغان ۋە ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ئىشىغا كۈچ ـ قۇۋۋەت تىلەپ دۇئا قىلغان. ھەدىستىكى «تارتىڭلار!» دېگەن بۇيرۇق مۇستەھەب بولغان بۇيرۇقتۇر.

«باشقىلارنىڭ بۇ ئىشنى سىلەردىن تارتىۋېلىشىدىن قورقمىغان بولسام» ــ «كىشىلەرنىڭ زەمزەم سۈيى تارتىشقا قىزىقىپ، قىستاڭچىلىق بولۇپ قېلىش ئارقىلىق سىلەرنىڭ ئۇنىڭدىن مەھرۇم قېلىشىڭلاردىن ئەنسىرىمىگەن بولسام» دېگەنلىكتۇر.

نەۋەۋى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «ئۇنىڭ مەنىسى ــ ئەگەر كىشىلەرنىڭ بۇ ئىشنى (يەنى ھاجىلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەشنى) ھەج پائالىيەتلىرىنىڭ بىر قىسمى دەپ ئويلاپ قېلىپ، بۇ ئىشنى سىلەردىن تالىشىشىدىن ھەمدە سىلەرنى بۇنىڭدىن مەھرۇم قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرىمىگەن بولسام، بۇ ئەمەل تولىمۇ پەزىلەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن ئەلۋەتتە سىلەر بىلەن بىرگە سۇ تارتقان بولاتتىم دېگەنلىك بولىدۇ».[1]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ئۇلار بىلەن ئۇرۇق ـ تۇغقان بولسىمۇ، دىن ئىشلىرىدا ئۇلارغا يان باسمىغان**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: ئەنسارىلاردىن بىرنەچچە كىشى رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن: «ھەمشىرىمىزنىڭ ئوغلى ئاbbاسنىڭ تۆلىمىنى كەچۈرۈم قىلىۋېتىشىمىزگە رۇخسەت قىلغان بولساڭ» دەپ ئىجازەت سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ: «لا تدعون منه درهما» «ئۇنىڭ تۆلىمىدىن بىر تەڭگىنىمۇ كەچۈرۈم قىلماڭلار» دېدى.[2]

---

[1] «شرح النووي على صحيح مسلم» 8 ـ توم 194 ـ بەت.

[2] بۇخارى توپلىغان.

كىرگەن ئۇ ئەنسارىلار ئابباسنىڭ دادىسى ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ ئانا تەرەپ تاغىلىرى بولغاچقا، «ھەمشىرىمىزنىڭ ئوغلى» دېگەن. ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ ئانىسى سەلما بىنتى ئەمر ئىبنى ئۇھەيھە بەنى نەججارلىق بولۇپ، ئەنسارىلارنىڭ جەمەتىدىن ئىدى.

ئۇلار رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئالدىدا ئۆزلىرىنى تۆۋەن تۇتۇپ: «ھەمشىرىمىزنىڭ ئوغلى» دېگەن. ئەگەر بۇنىڭ ئەكسىچە «سېنىڭ تاغاڭ» دېگەن بولسا، رەسۇلۇللاھ ﷺ گە تەنە قىلغاندەك بولۇپ قالاتتى. مانا بۇ — مۇئامىلىدىكى ئىنچىكىلىك ۋە سۆزدىكى گۈزەل ئەدەبتۇر.[1]

ئىبنى ھەجەر (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «ئىبنى ئائىز ‹المغازي› ناملىق كىتابتا مۇنداق نەقىل قىلغان: ‹ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەسىرلەرنى باغلىغاندا ئابباسنىمۇ چىڭ باغلىۋەتكەن بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئابباسنىڭ ئاغرىقتىن ئىڭرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۇخلىيالمىغان. ئەنسارىلار بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ ئابباسنى باغلاقتىن يېشىۋەتكەن. ئەنسارىلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئىشىدىن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ خۇشال بولغانلىقىنى بىلىپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ نى تېخىمۇ تولۇق رازى قىلىش ئۈچۈن ئابباسنىڭ تۆلىمىنى كەچۈرۈم قىلىشنى سورىغاندا، پەيغەمبەر ﷺ بۇنىڭغا قوشۇلمىغان›».[2]

پەيغەمبەر ﷺ دىن ئىشىدا يان باسقان بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ پىكرىگە قوشۇلمىغان.[3]

دىن ئىشىدا يان باسماسلىق قاتارىدىن يەنە، جاھىلىيەت دەۋرىدىكى قان- قىساسلاردىن تۈنجى بولۇپ بىكار قىلىنغان قان — پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۇرۇق-

[1] «فتح الباري» 5- توم 168- بەت.
[2] «فتح الباري» 7- توم 322- بەت.
[3] «فتح الباري» 5- توم 168- بەت.

تۇغقانلىرىنىڭ قېنىدۇر؛ تۇنجى بولۇپ بىكار قىلىنغان جازانە ــ پەيغەمبەرﷺ نىڭ تاغىسى ئابباسنىڭ جازانىسىدۇر.

رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇلارنى ئەراپاتتا خۇتبە سۆزلىگەن ۋاقىتتا جاكارلىغان بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ألا كل شيء من أمر الجاهلية تحت قدمي موضوع. ودماء الجاهلية موضوعة. وإن أول دم أضع من دمائنا دم ابن ربيعة بن الحارث كان مسترضعا في بني سعد فقتلته هذيل. وربا الجاهلية موضوع. وأول ربا أضع ربا العباس بن عبد المطلب فإنه موضوع كله» «بىلىڭلاركى، جاھىلىيەتتىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىكار قىلىندى. جاھىلىيەت دەۋرىدىكى خۇن دەۋاسىنىڭ ھەممىسى ئىناۋەتسىز. مەن ئالدى بىلەن جەمەتىمىزدىن رەبىئە ئىبنى ھارىسنىڭ ئوغلىنىڭ خۇن دەۋاسىنى ئىناۋەتسىز قىلدىم. ئۇ بەنى سەئىد قەبىلىسىدىكى ئىنىكئانىغا بېرىلگەن بولۇپ، ھۇزەيل قەبىلىسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. بىلىڭلاركى، جاھىلىيەت دەۋرىدىكى جازانىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. مەن ئالدى بىلەن جەمەتىمىزدىن ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ جازانىلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇردۇم، ئۇنىڭ بارلىق جازانىسى ئىناۋەتسىز قىلىندى».[①]

ئۇ بالىنىڭ ئىسمى ئىياس ئىبنى رەبىئە ئىبنى ھارىس ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىپ بولۇپ، يېشى تېخى كىچىك چېغىدا يۈگۈرۈپ ئويناۋاتقاندا، بەنى سەئىد بىلەن بەنى لەيس ئىبنى بەكرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشقا توغرا كېلىپ قېلىپ، تاش تېگىپ ئۆلۈپ كەتكەن.

بۇ ھەدىستىن، ئىمام ياكى باشقا كىشىنىڭ ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشتا ئالدى بىلەن ئۆزى ۋە ئائىلىسىدىكىلەردىن باشلىشى

[①] مۇسلىم توپلىغان.

لازىملىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. بۇنداق قىلغاندا باشقىلار ئۇ كىشىنىڭ سۆزىنى ئاسان قوبۇل قىلىدۇ ۋە يېڭى مۇسۇلمان بولغانلارنىڭمۇ ئىسلامغا بولغان مايىللىقىنى ئاشۇرىدۇ.[1]

[1] «شرح النووي على صحيح مسلم» 8 ـ توم 182 ـ بەت.

## 5 ـ باب

# پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قوشنىلىرى بىلەن بولغان مۇئامىلىسى

قوشنىلارنىڭ ھەقلىرىگە ئەھمىيەت بېرىش ۋە رىئايە قىلىش، يۈز ـ ئابرۇيى ۋە شان ـ شەرىپىنى قوغداش، سىرلىرىنى ساقلاش، ھاجىتىنى راۋا قىلىش، نامەھرەملىرىگە قارىماسلىق، ئۇنى گۇمانلاندۇرىدىغان ۋە ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزىدىغان ھەرقانداق ئىشتىن ساقلىنىش ھەققىدە كۆپلىگەن ئايەت ۋە ھەدىسلەر بايان قىلىنغان.

پەيغەمبەر ﷺ گەپ ـ سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەت جەھەتتە ئەڭ ياخشى قوشنا بولۇپ، الله تائالانىڭ قوشنىنىڭ ھەققى ۋە ئۆزىنىڭ ھەققىنى بىرلىكتە بايان قىلغان مۇنۇ سۆزىدىكى بۇيرۇقىنى ئەمەلىي ئىجرا قىلغان. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَاعْبُدُوا اللَّهَ وَلَا تُشْرِكُوا بِهِ شَيْئًا وَبِالْوَالِدَيْنِ إِحْسَانًا وَبِذِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينِ وَالْجَارِ ذِي الْقُرْبَى وَالْجَارِ الْجُنُبِ وَالصَّاحِبِ بِالْجَنْبِ وَابْنِ السَّبِيلِ وَمَا مَلَكَتْ أَيْمَانُكُمْ إِنَّ اللَّهَ لَا يُحِبُّ مَنْ كَانَ مُخْتَالًا فَخُورًا﴾ «اللهقا ئىبادەت قىلىڭلار، ئۇنىڭغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، ئاتا ـ ئاناڭلارغا، خىش ـ ئەقرىبالىرىڭلارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، يېقىن قوشنىغا، يىراق قوشنىغا، ياندىكى ھەمراھقا (يەنى سەپەرداشقا، ساۋاقداشقا)، مۇساپىرغا، قول ئاستىڭلاردىكى قۇل ـ چۆرىلەرگە ياخشىلىق قىلىڭلار، شۈبھىسىزكى، الله مۇتەكەببىر، ماختانچاقنى ياقتۇرمايدۇ»[①].

﴿وَالْجَارِ ذِي الْقُرْبَى﴾ ـــ قوشنىدارچىلىق ۋە تۇغقانچىلىقتىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك ھەققى بولغان قوشنىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭلاشقا، بۇنداق قوشنىنىڭ

---

[①] سۈرە نىسا 36 ـ ئايەت.

قوشنىسى ئۇستىدە ئۆرپ ـ ئادەت بويىچە قوشنىدارچىلىق ھەققى ۋە ئېھسان قىلىش ھەققى بولىدۇ.

﴿وَالْجَارِ الْجُنُبِ﴾ ـــ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بولمىغان قوشنىدۇر. بۇ خىل مۇناسىۋەتتىكى قوشنىلارنىڭ ئىشىكى قانچە يېقىن بولغانسېرى ھەققىمۇ شۇنچە كۈچىيىدۇ.

مۇسۇلمان كىشى ھەدىيە ۋە سەدىقە بېرىش، تائامغا چاقىرىش، گەپ ـ سۆز ۋە ئىش ـ ھەرىكەتتە مۇلايىم بولۇش ئارقىلىق قوشنىسىغا غەمخورلۇق يەتكۈزۈشى ۋە ئەزىيەت بەرمەسلىكى لازىم.

﴿وَالصَّاحِبِ بِالْجَنْبِ﴾ ـــ بەزى تەپسىرشۇناس ئالىملار «سەپەرداشنى»، «ئايالنى» ۋە «ھەرقانداق ھالەتتىكى ھەمراھنى» كۆرسىتىدۇ دېگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاخىرقى قاراش توغرا بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى بۇ ئايەت سەپەرداش، يۇرتداش ۋە ئايالنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.[1]

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مەدىنىدە ئەنسارى ۋە مۇھاجىرلاردىن بولۇپ بىرقانچە قوشنىلىرى بار ئىدى.

ھاپىز ئىبنى ھەجەر (رەھىمەھۇللاھ) «سەئىد ئىبنى ئۇبادە، جابىرنىڭ ئاتىسى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر ئىبنى ھەرام، ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى ۋە ئەسئەد ئىبنى زۇرارە قاتارلىقلارنى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئەنسارى قوشنىلىرى» دەپ نەقىل قىلغان.

ئىبنى ھەجەر (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «ئىبنى سەئىد ‹طبقات النساء› ناملىق كىتابىدا ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان: ‹سەئىد ئىبنى ئۇبادە، سەئىد ئىبنى مۇئاز، ئەمارە ئىبنى ھەزىم، ئەبۇ ئەييۇب قاتارلىق ئەنسارىلار رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئەڭ يېقىن قوشنا

---

[1] «تفسير السعدي» 1 ـ توم 177 ـ بەت.

بولغانلىقى ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ﷺ نى بەكمۇ ھۆرمەتلەيتتى>».①

بەنى نەججارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ ئېسىل قوشنىدارچىلىق خىسلىتىدىن ماختىنىشىپ شېئىر توقۇشقان ۋە كىچىك قىزلىرى بۇ شېئىرنى داپقا تەڭكەش قىلىپ ئوقۇغان.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «أن النبي ﷺ مر ببعض المدينة، فإذا هو بجوارٍ يضربن بدفهنَّ ويتغنين ويقلن: نحن جوار من بنى النجار: ياحبذا محمد من جار. فقال النبي ﷺ: اللَّه يعلم إني لأحبكن» «پەيغەمبەر ﷺ مەدىنە كوچىلىرىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، كىچىك قىزلار داپ چېلىپ قوشاق ئېيتىپ: <بىز نەججار جەمەتىنىڭ قىزلىرىمىز، مۇھەممەد بەك ياخشى قوشنىمىز> دېگەندە، پەيغەمبەر ﷺ بۇنى ئاڭلاپ: <الله بىلىدۇكى، مەن سىلەرنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىمەن> دېدى».②

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇ قوشنىلارنى ماختاپ مۇنداق دېگەن: «كان لرسول اللَّه ﷺ جيران من الأنصار، جيران صدق، كانت لهم منائح وكانوا يمنحون رسول اللَّه ﷺ من ألبانهم فيسقينا» «رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئەنسارى قوشنىلىرى سەمىمىي قوشنىلاردىن ئىدى. ئۇلارغا قوي ۋە تۆگىلەر ئارىيەتكە بېرىلگەن بولۇپ، ئۇلار ئۇنىڭ سۈتلىرىدىن رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئەۋەتەتتى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭدىن بىزگىمۇ بېرەتتى».③

«منائح» — بىر ئادەمنىڭ باشقىلارغا قوي ياكى تۆگىنى پايدىلىنىش ئۈچۈن ئارىيەتكە بېرىپ تۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. ئارىيەتكە ئالغۇچى ئۇنىڭ سۈتى ۋە يۇڭلىرىدىن مەلۇم مەزگىل پايدىلىنىپ، ئاندىن ئۇنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ

---

① ئىبنى سەئىدنىڭ «طبقات» ناملىق كىتابى 8- توم 163- بەت. «فتح الباري» 5- توم 206- بەت.

② ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

③ بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

بىردى.[1]

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مەدىنىدە بەنى نەججارلىقلاردىن باشقا يەنە ئەبۇبەكرى، ئەلى، ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم ۋە باشقا مۇھاجىر قوشنىلىرىمۇ بار ئىدى.

ئەمما، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مەككىدىمۇ قوشنىلىرى بولغان بولۇپ، ئۇلار مەدىنىدىكى قوشنىلىرىغا ئوخشىمايتتى، بەلكى پەيغەمبەر ﷺ گە ئەزىيەت بېرەتتى ۋە ئۇنى تىللايتتى.

ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئەزىيەت بېرىدىغان بىر تۈركۈم كىشىلەر بار بولۇپ، ئۇلار ئەبۇ لەھەب، ھەكەم ئىبنى ئاس ئىبنى ئۇمەييە، ئۇقبە ئىبنى ئەبۇ مۇئىيت، ئەدي ئىبنى ھۇمرا سەقەفي، ئىبنى ئەسدا ھۇزەلىي قاتارلىقلاردۇر. بۇلار پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قوشنىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ھەكەم ئىبنى ئەبۇلئاستىن باشقىلار مۇسۇلمان بولمىغان.

ئۇلاردىن بىرى پەيغەمبەر ﷺ ناماز ئوقۇۋاتقاندا قوينىڭ ئىچ قارنىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ قويغان. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدا توختاپ: ‹يا بني عبد مناف أيّ جوار هذا؟› ‹ئى ئابدۇماناف جەمەتى! بۇ قانداق قوشنىدارچىلىق؟› دېگەن».[2]

پەيغەمبەر ﷺ قوشنىلارنى ھۆرمەتلەشكە ۋە قوشنىنىڭ ھەققىگە ئەھمىيەت بېرىشكە قىزىقتۇرغان. قوشنىنىڭ ھەققى ناھايىتى چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن، ھەتتا قوشنىلار بىر-بىرىگە مىراسخور بولۇشقا تاسلا قالغان.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ما زال يوصيني جبريل بالجار، حتى ظننت أنه سيورثه» «جىبرىئىل ئەلەيھسسالام ماڭا قوشنىغا ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلىۋەرگەچكە،

[1] «عمدة القاري» 20- توم 69- بەت.
[2] «تهذيب سيرة ابن هشام» 1- توم 121- بەت.

<كېيىنچە قوشنىنى مىراسخور قىلىپ قويىدىغان ئوخشايدۇ> دەپ ئويلاپ قالغانىدىم». ①

بىر ئەنسارى ساھابە مۇنداق دېگەن: «خرجت من أهلي أريد النبي ﷺ، فإذا أنا به قائم، ورجل معه مقبل عليه، فظننت أن له حاجة، قال: واللّٰه لقد قام رسول اللّٰه ﷺ حتى جعلت أرثي لرسول اللّٰه ﷺ من طول القيام، فلما انصرف، قلت: يا رسول اللّٰه، لقد قام بك الرجل حتى جعلت أرثي لك من طول القيام، قال: ولقد رأيته، قلت: نعم، قال: أتدري من هو؟. قلت: لا، قال: ذاك جبريل ما زال يوصيني بالجار حتى ظننت أنه سيورثه» «مەن ئۆيۈمدىن رەسۇلۇللاھ ﷺ نى ئىزدەپ چىقىپ، ئۇنىڭ بىر ئادەم بىلەن بىرگە تۇرغانلىقىنى كۆردۈم ـ دە، ئۇ ئادەمنىڭ ھاجىتى بار ئوخشايدۇ دەپ ئويلىدىم. اللّٰه بىلەن قەسەمكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆز ئورنىدا تۇرۇۋەردى، ھەتتا ئۇ ئۇزۇن تۇرغانلىقتىن ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ يېنىمغا قايتىپ كەلگەندە: <ئى رەسۇلۇللاھ! ھېلىقى ئادەم سەن بىلەن بەك ئۇزۇن ۋاقىت تۇرۇپ كەتتى، ھەتتا ئۇزۇن ۋاقىت تۇرغانلىقىڭدىن ساڭا ئىچىم ئاغرىپ قالدى> دېسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <ئۇنى كۆردۈڭمۇ؟> دېدى. مەن: <ھەئە> دېسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلەمسەن؟> دەپ سورىدى. مەن: <ياق> دېسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <ئۇ جىبرىئىل بولىدۇ. ئۇ ماڭا قوشنىغا ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلىۋەرگەچكە، مەن ئۇنى قوشنىلارنى مىراسخور قىلىپ قويىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالدىم> دېدى». ②

يەنى، «ئۇ ماڭا اللّٰه تەرەپتىن <قوشنىلارنىڭ ئۆزئارا مىراسخور بولۇش> بۇيرۇقىنى يەتكۈزىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ قالدىم.

پەيغەمبەر ﷺ ۋىدالىشىش ھەجىدە ساھابىلەرگە قوشنىغا ياخشىلىق

---

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

② ئەھمەد توپلىغان.

قىلىشنى تەۋسىيە قىلىشنى ئۇنتۇپ قالمىغان. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ۋىدالىشىش ھەجىدە قۇلىقى چولاق تۆگىسى ئۈستىدە تۇرۇپ، ‹أوصيكم بالجار› <قوشنىغا ياخشىلىق قىلىڭلار!> دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ بۇنى كۆپ قېتىم دەۋرەگەچكە، مەن <رەسۇلۇللاھ ﷺ قوشنىنى ئۆزئارا مىراسخور قىلىپ قويىدىغان ئوخشايدۇ> دەپ ئويلاپ قالدىم».①

### ❖ پەيغەمبەر ﷺ قوشنىنى ھۆرمەتلەشنى ئىماننىڭ بەلگىسى قاتارىدا بايان قىلغان

ئەبۇ شۇرەيھ ئەدەۋى مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ بۇ ھەقتە سۆزلەۋاتقاندا، مەن ئۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ۋە سۆزلىرىنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغانىدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: ‹من كان يؤمن بالله واليوم الآخر فليكرم جاره› <كىمكى اللە قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرسە، قوشنىسىنى ھۆرمەتلىسۇن>».②

ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدىن بىرى بولغان ئەتا خۇراسانىدىن: «قوشنىنىڭ قوشنا ئۈستىدىكى ھەققى نېمە؟» دەپ سورالغاندا، ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بەرگەن: «سىزدىن ياردەم سورىسا، ياردەم بېرىڭ؛ قەرز سورىسا، قەرز بېرىپ تۇرۇڭ؛ موھتاج بولۇپ قالسا، ئۇنىڭغا تەكرار ياردەم قىلىڭ؛ كېسەل بولۇپ قالسا، ئۇنى يوقلاڭ؛ ئۇنىڭغا بىرەر خۇشاللىق بولسا، ئۇنى تەبرىكلەڭ؛ ئۇنىڭغا مۇسىبەت يەتسە، تەسەللى بېرىڭ؛ ئۆلۈپ كەتسە، جىنازىسىغا ئەگىشىڭ؛ ئۇنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ ئۆيىڭىزنى ئۇنىڭ شامىلىنى توسۇۋالىدىغان دەرىجىدە ئېگىز سېلىۋالماڭ؛ ئەگەر ئۇنىڭغا تاماق سۇنالمىسىڭىز، ئىس-

① تەبەرانى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

تۇتەكلىرىڭىز بىلەن ئۇنىڭغا ئەزىيەت بەرمەڭ؛ مېۋە-چېۋە سېتىۋالسىڭىز قوشنىڭىزغىمۇ ھەدىيە قىلىڭ، ئەگەر ئۇنداق قىلالمىسىڭىز قوشنىلىرىڭىزغا كۆرسەتمەستىن ئۆيىڭىزگە ئېلىپ كىرىڭ، قوشنىڭىزنىڭ بالىلىرى خاپا قىلماسلىق ئۈچۈن، بالىلىرىڭىزنى ئۇ مېۋىلەرنى تۇتقۇزۇپ سىرتقا چىقارماڭ». ①

دېمەك، قوشنىدارچىلىقتا ئەھمىيەت بېرىش — مۇكەممەل ئىماننىڭ ئىپادىسىدۇر. ھەتتا جاھىلىيەتتىكى كىشىلەرمۇ قوشنىدارچىلىقتا ئەھمىيەت بېرەتتى ھەمدە تاقىتىنىڭ يېتىشىچە قوشنىغا ھەدىيە بېرىش، سالام قىلىش، ئۇچراشقاندا تەبەسسۇم قىلىش، ئەھۋالىنى سوراپ تۇرۇش، موھتاجلىقتا قالغاندا ياردەم قىلىشقا ئوخشاش ياخشىلىقلارنى قىلاتتى، ھېسسىي ۋە مەنىۋي تەرەپتىن قوشنىغا ئەزىيەت يەتكۈزىدىغان ھەر تۈرلۈك ئىشلاردىن ساقلىنىش ئارقىلىق قوشنىغا ياخشىلىق قىلىش ھەققىدىكى ۋەسىيەتنى چىڭ تۇتاتتى. ②

**❖ پەيغەمبەر ﷺ قوشنىسىغا يامانلىق قىلىشتىن توختىمىغان كىشىدە مۇكەممەل ئىمان بولمايدىغانلىقىنى ئېيتقان**

ئەبۇ شۇرەيھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: قال النبي ﷺ: والله لا يؤمن، والله لا يؤمن، والله لا يؤمن، قيل: ومن يا رسول الله؟ قال: الذي لا يأمن جاره بوائقه» «پەيغەمبەر ﷺ: <الله بىلەن قەسەمكى، مۇئمىن بولالمايدۇ. الله بىلەن قەسەمكى، مۇئمىن بولالمايدۇ. الله بىلەن قەسەمكى، مۇئمىن بولالمايدۇ> دېگەندە، <ئى رەسۇلۇللاھ! كىم مۇئمىن بولالمايدۇ؟> دەپ سورالغاندى، پەيغەمبەر ﷺ: <قوشنىسى ئۇنىڭ يامانلىقىدىن خاتىرجەم بولالمىغان كىشى>

① «جامع العلوم والحكم» 1- توم 350- بەت.

② «فتح الباري» 10- توم 442- بەت.

دەپ جاۋاب بەردى».[1]

بۇ ھەدىستە، پەيغەمبەرﷺ قوشنىنىڭ ھەققىنى كۈچلۈك تەكىتلەش ئۈچۈن ئۈچ قېتىم تەكرار قەسەم قىلغان.

بۇ ھەدىستىن، قوشنىغا گەپ ـ سۆز ياكى ئىش ـ ھەرىكەت ئارقىلىق ئەزىيەت بەرگەن كىشىنىڭ ئىمانىنىڭ مۇكەممەل بولمايدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. چۈنكى، ئاسىي كىشىنىڭ ئىمانى مۇكەممەل ئەمەستۇر.[2]

پەيغەمبەرﷺ قوشنىنىڭ ھەققىنىڭ نەقەدەر مۇھىم ئىكەنلىكى ۋە قوشنىغا ئەزىيەت يەتكۈزۈشنىڭ چوڭ گۇناھلاردىن ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش ئۈچۈن، قوشنىسى ئۇنىڭ يامانلىقىدىن خاتىرجەم بولالمىغان كىشىنىڭ ئىمانىنىڭ مۇكەممەل بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلغان.[3]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ قوشنىسى ئۇنىڭ يامانلىقىدىن خاتىرجەم بولالمايدىغان كىشىنىڭ جەننەتكە كىرەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتقان**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «لا يدخل الجنة من لا يأمن جاره بوائقه» «قوشنىسى ئۇنىڭ يامانلىقىدىن خاتىرجەم بولالمىغان كىشى جەننەتكە كىرەلمەيدۇ».[4]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ باشقىلارغا ئەزىيەت بېرىشكە قارىغاندا قوشنىغا ئەزىيەت بېرىشنىڭ ھاراملىق دەرىجىسىنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان**

مىقداد ئىبنى ئەسۋەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «أن رسول اللّٰه ﷺ قال لأصحابه: ما تقولون في الزنا؟. قالوا: حرمه اللّٰه ورسوله، فهو حرام إلى يوم

---

[1] بۇخارى ۋە ئەھمەد توپلىغان.

[2] «فتح الباري» 10 ـ توم 444 ـ بەت.

[3] «فتح الباري» 10 ـ توم 442 ـ بەت.

[4] مۇسلىم توپلىغان.

القيامة. فقال لهم: لأن يزني الرجل بعشرة نسوة، أيسر عليه من أن يزني بامرأة جاره. ثم قال: ما تقولون في السرقة؟. قالوا: حرمها اللّٰه ورسوله فهي حرام. قال: لأن يسرق الرجل من عشرة أبيات، أيسر عليه من أن يسرق من جاره» «رەسۇلۇللاھ ﷺ ساھابىلەردىن: ‹سىلەر زىنا ھەققىدە نېمە دەيسىلەر؟› دەپ سورىغانىدى، ساھابىلەر: ‹اللّٰه ۋە اللّٰه نىڭ رەسۇلى ئۇنى ھارام قىلغان، شۇڭا ئۇ قىيامەت كۈنىگىچە ھارامدۇر› دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارغا: ‹بىر ئادەمنىڭ ئون ئايال بىلەن زىنا قىلىشى، قوشنىسىنىڭ ئايالى بىلەن زىنا قىلىشىدىن (گۇناھ جەھەتتە) يەڭگىلدۇر› دېدى. ئاندىن: ‹ئوغرىلىق ھەققىدە نېمە دەيسىلەر؟› دەپ سورىغانىدى، ساھابىلەر: ‹اللّٰه ۋە اللّٰه نىڭ رەسۇلى ئۇنى ھارام قىلغان، شۇڭا ئۇ ھارامدۇر› دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارغا: ‹بىر ئادەمنىڭ ئون ئۆيدىن ئوغرىلىق قىلىشى، قوشنىسىنىڭ ئۆيىدىن ئوغرىلىق قىلىشىدىن (گۇناھ جەھەتتە) يەڭگىلدۇر› دېدى».[1]

بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، قوشنىنىڭ ئائىلىسىگە خىيانەت قىلماسلىق ــ قوشنىنىڭ قوشنا ئۈستىدىكى ھەقلىرىدىندۇر. ئەگەر قوشنا بۇنىڭغا خىيانەت قىلسا، بۇ زىنانىڭ گۇناھى باشقا ئاياللار بىلەن ئون قېتىم زىنا قىلىشنىڭ گۇناھىغا باراۋەر كېلىدۇ.[2]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ قوشنىغا ئەزىيەت بەرگەن كىشىنىڭ اللّٰه ۋە كىشىلەرنىڭ لەنىتىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى بايان قىلغان**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «جاء رجل إلى النبي ﷺ يشكو جاره، فقال: ‹اذهب فاصبر، فأتاه مرتين أو ثلاثا›، فقال: ‹اذهب فاطرح متاعك في الطريق، فطرح متاعه في الطريق، فجعل الناس يمرون ويسألونه فيخبرهم خبره، فجعل الناس يلعنونه: فعل اللّٰه به، وفعل، وفعل، فجاء إليه جاره فقال له: ارجع فإنك لن ترى مني شيئا تكرهه››»

[1] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] «فيض القدير» 5ـ توم 329ـ بەت.

«پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا بىر كىشى كېلىپ قوشنىسىنىڭ ئۇستىدىن شىكايەت قىلدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا: <قايتىپ كېتىپ سەۋر قىلغىن!> دېدى. ئۇ كىشى يەنە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم كەلدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا: <قايتىپ بېرىپ نەرسە-كېرەكلىرىڭنى يولغا تاشلىغىن!> دېدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ كىشى نەرسە-كېرەكلىرىنى يولغا تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ ئۇنىڭدىن سوئال سوراشقا باشلىغان ئىدى، ئۇ كىشى ئۇلارغا سەۋەبىنى ئېيتىپ بەردى. ئاندىن كىشىلەر ئۇنىڭ قوشنىسىغا لەنەت ئېيتىپ: <الله ئۇنى ئۇنداق قىلىۋەتسۇن! مۇنداق قىلىۋەتسۇن!> دېيىشتى. نەتىجىدە ئۇنىڭ قوشنىسى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ: <قايتىپ كەتكىن! بۇنىڭدىن كېيىن مەندىن ياقتۇرمايدىغان ھېچبىر ئىشنى كۆرمەيسەن> دېدى».[1]

يەنە بىر نەقىلدە مۇنداق كەلگەن: «فجاء جاره إلى النبي ﷺ فقال: <يا رسول الله ما لقيت من الناس؟>. قال: <وما لقيت منهم؟>. قال: <يلعنوني. قال: قد لعنك الله قبل الناس>. قال: <فإني لا أعود>. فجاء الذي شكاه إلى النبي ﷺ فقال له: <ارفع متاعك فقد كفيت>» «ئۇنىڭ قوشنىسى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ: <ئى رەسۇلۇللاھ! كىشىلەر ماڭا نېمە قىلىۋاتىدۇ؟> دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭدىن: <كىشىلەر ساڭا نېمە قىلدى؟> دەپ سورىدى. ئۇ ئادەم: <ئۇلار ماڭا لەنەت ئېيتىۋاتىدۇ> دېگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ: <كىشىلەر ساڭا لەنەت ئېيتىشتىن ئىلگىرى الله ساڭا لەنەت قىلدى> دېدى. ئاندىن ئۇ ئادەم: <مەن ئەمدى ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن> دېدى.

ئۇنىڭ ئۇستىدىن شىكايەت قىلغان كىشى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كەلگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا: <نەرسە-كېرەكلىرىڭنى ئېلىپ كەتكىن!

[1] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

يېتەرلىك بولدى> دېدى». [1]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ قوشنىلىرىغا ئەزىيەت بەرگەن كىشىنىڭ ئىبادىتى كۆپ بولغان تەقدىردىمۇ، ئىبادىتىنىڭ ئۇ كىشىگە پايدىسى بولمايدىغانلىقىنى بايان قىلغان**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «قال رجل: <يا رسول اللَّه، إن فلانة يذكر من كثرة صلاتها، وصيامها، وصدقتها، غير أنها تؤذي جيرانها بلسانها>، قال: <هي في النار>، قال: <يا رسول اللَّه، فإن فلانة يذكر من قلة صيامها، وصدقتها، وصلاتها، وإنها تصدق بالأثوار من الأقط، ولا تؤذي جيرانها بلسانها>، قال: <هي في الجنة>» «بىر ئادەم: <ئى رەسۇلۇللاھ! پالانى ئايال كۆپ ناماز ئوقۇيدۇ، كۆپ روزا تۇتىدۇ ۋە كۆپ سەدىقە بېرىدۇ، بىراق قوشنىلىرىغا تىلى ئارقىلىق ئەزىيەت بېرىدۇ> دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <ئۇ دوزاختا> دېدى. ئۇ ئادەم يەنە: <ئى رەسۇلۇللاھ! پالانى ئايال روزىنىمۇ ئاز تۇتىدۇ، سەدىقىنىمۇ ئاز بېرىدۇ، نامازنىمۇ ئاز ئوقۇيدۇ ۋە بىرقانچە پارچە قۇرتلا سەدىقە قىلىدۇ، بىراق قوشنىلىرىغا تىلى بىلەن ئەزىيەت بەرمەيدۇ> دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <ئۇ جەننەتتە> دېدى». [2]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ تەشەببۇس قىلغان قوشنىغا ياخشىلىق قىلىش، مۇسۇلمان قوشنا ۋە كاپىر قوشنىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ**

مۇجاھىدتىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىرنىڭ ئۆيىدە بىر قوي سويۇلغانىدى، ئۇ كېلىپ مۇنداق دېگەن: «بىزنىڭ يەھۇدىي قوشنىمىزغىمۇ ھەدىيە قىلدىڭلارمۇ؟ بىزنىڭ يەھۇدىي قوشنىمىزغىمۇ ھەدىيە قىلدىڭلارمۇ؟ مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، <ما زال جبريل يوصيني بالجار حتى ظننت أنه سيورثه> <جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ماڭا

[1] تەبەرانى توپلىغان.

[2] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

قوشنىغا ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلىۋەرگەچكە، كېيىنچە قوشنىنى قوشنىغا مىراسخور قىلىپ قويىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالغانىدىم>».①

ئىبنى ھەجەر (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: قوشنا ـــ مۇسۇلمان ۋە كاپىر؛ ئابىد ۋە پاسىق؛ دوست ۋە دۈشمەن؛ مۇساپىر ۋە يەرلىك؛ پايدا يەتكۈزگەن ۋە زىيان سالغان؛ تونۇش ۋە يات؛ ھويلىسى يېقىن ۋە يىراق بولسۇن، ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

قوشنىنىڭ بىرقانچە دەرىجىسى بار بولۇپ، ئۇنىڭ بەزىسى بەزىسىدىن ئۇستۇن تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسى، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن(مۇسۇلماندارچىلىق، تۇققاندارچىلىق ۋە قوشنادارچىلىقتىن ئىبارەت) ئاۋۋالقى سۈپەتلەر تولۇق تېپىلغان كىشىدۇر. ئەگەر ئاۋۋالقى سۈپەتنىڭ ھەممىسى تولۇق تېپىلمىسا، ئۇنىڭ كۆپ قىسمى تېپىلغان كىشىدۇر. قوشنىنىڭ دەرىجىسى مۇشۇ بويىچە بولىدۇ.

ئۇنىڭ ئەكسىچە، بىر كىشىدە كېيىنكى سۈپەتلەر بىرلا قېتىمدا تەڭلا تېپىلىپ قالسا، ھەربىرىگە ئەھۋالغا قارىتا ئۆز ھەققى بېرىلىدۇ. بەزىدە ئىككى سۈپەت توقۇنۇشۇپ قالىدۇ، ئاندىن ئۇ سۈپەتلەردىن كۆپرەك تېپىلغىنى كۈچكە ئىگە قىلىنىدۇ ياكى باراۋەر قىلىنىدۇ.②

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ئىنساننى بەخت- سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان ئىشلارنىڭ قاتارىدا سالىھ قوشنىنىمۇ تىلغا ئالغان**

نافىئ ئىبنى ئابدۇلھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «من سعادة المرء: الجار الصالح والمركب الهنيء والمسكن الواسع» «سالىھ قوشنا، ياخشى ئۇلاغ ۋە كەڭرى تۇرالغۇ ئىنساننىڭ بەخت-

① تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
② «فتح الباري» 10- توم 442- بەت.

سائادىتى قاتارىدىندۇر». [1]

سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «أربع من السعادة: المرأة الصالحة و المسكن الواسع و الجار الصالح و المركب الهنيء، وأربع من الشقاوة: الجار السوء والمرأة السوء والمسكن الضيق والمركب السوء» «تۆت تۈرلۈك نەرسە بەخت ـ سائادەتنىڭ قاتارىدىندۇر. ئۇلار سالىھ ئايال، كەڭرى تۇرالغۇ، سالىھ قوشنا ۋە ياخشى ئۇلاغ؛ تۆت تۈرلۈك نەرسە بەختسىزلىكنىڭ قاتارىدىندۇر. ئۇلار ناچار قوشنا، يامان ئايال، تار تۇرالغۇ ۋە يامان ئۇلاغ». [2]

پەيغەمبەر ﷺ الله قا سېغىنىپ يامان قوشنىدىن پاناھ تىلەپ مۇنداق دەيتتى: «اللَّهُمَّ إِنِّي أَعُوذُ بِكَ مِنْ جَارِ السُّوءِ فِي دَارِ الْمُقَامَةِ، فَإِنَّ جَارَ الْبَادِيةِ يَتَحَوَّلُ» «ئى الله ! ساڭا سېغىنىپ مۇقىم تۇرالغۇدىكى يامان قوشنىدىن پاناھ تىلەيمەن! چۈنكى سەپەردىكى قوشنا كېتىپ قالىدۇ». [3]

پەيغەمبەر ﷺ ساھابىلىرىنى بۇنىڭغا بۇيرۇپ مۇنداق دېگەن: «تعوذوا باللّه من جار السوء في دار المقام فإن جار البادية يتحول عنك» «الله قا سېغىنىپ مۇقىم تۇرالغۇدىكى يامان قوشنىدىن پاناھ تىلەڭلار! چۈنكى سەپەردىكى قوشنا يېنىڭلاردىن كېتىپ قالىدۇ». [4]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ قوشنىسىغا ياخشى مۇئامىلە قىلغان كىشىنى «ئەڭ ياخشى قوشنا» دەپ تەرىپلىگەن**

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «خير الأصحاب عند اللّه تعالى خيرهم لصاحبه، وخير الجيران عند اللّه

[1] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[2] ئىبنى ھىببان توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[3] ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.
[4] نەسائى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

تعالى خيرهم لجاره» «اللە نىڭ نەزىرىدىكى ھەمراھلارنىڭ ياخشىسى، ھەمراھىغا ياخشى بولغانلىرىدۇر؛ اللە نىڭ نەزىرىدىكى قوشنىلارنىڭ ياخشىسى، قوشنىسىغا ياخشى بولغانلىرىدۇر». [1]

«خيرهم لجاره» «قوشنىلارنىڭ ياخشىسى» ــــ گەرچە نەسىھەت بىلەن بولسىمۇ، قوشنىسىغا كۆپ ياخشىلىق قىلغان كىشىدۇر.

قوشنىنىڭ ھەققى پەقەت ئەزىيەتنى توسۇشلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە ئەزىيەتكە سەۋر قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئەزىيەتكە سەۋر قىلىشنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك بولمايدۇ، بەلكى مېھرىبانلىق قىلىش ۋە ياخشىلىق قىلىش كېرەك. قوشنىغا ئاۋۋال سالام قىلىش، كېسەل بولۇپ قالسا يوقلاش، مۇسىبەتكە ئۇچرىسا تەسەللى بېرىش، ئۇنىڭغا خۇرسەنلىك يەتسە تەبرىكلەش، ئۆزىدىكى نېئمەت ۋە خۇرسەنلىكتىن ئۇنىمۇ بەھرىمەن قىلىش، خاتالىقلىرىنى كەچۈرۈۋېتىش، نامەھرەملىرىگە قارىماسلىق، يوق ۋاقتىدا ئۆيىگە قاراپ قويۇش، بالىلىرىغا كۆيۈنۈش، دىن ۋە دۇنيالىق ئىشلاردا ئۇنىڭ بىلمىگەنلىرىنى ئۆگىتىپ قويۇش... قاتارلىقلار ئەنە شۇ ياخشىلىقلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. [2]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ قوشنىنىڭ ئۆيى قانچە يېقىن بولغانسېرى، ھەققىنىڭ شۇنچە چوڭ بولىدىغانلىقىنى بايان قىلغان**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «قلت: يا رسول اللَّه، إن لي جارين، فإلى أيهما أهدي؟ قال: إلى أقربهما منك بابا» «مەن پەيغەمبەر ﷺ گە: <ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ ئىككى قوشنام بار، ئۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسىغا ھەدىيە بېرىمەن؟> دېسەم،

[1] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] «إحياء علوم الدين» 2ـ توم 213ـ بەت.

پەيغەمبەرﷺ: ‹ئۇ ئىككىسىدىن ئىشىكى سىزگە يېقىن بولغىنىغا› دېدى». ①

بۇنىڭدىكى ھېكمەت شۇكى، يېقىن قوشنا قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە كىرگەن ھەدىيە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەرنى كۆرۈپ قالىدۇ، ئۇنىڭغا سەپسېلىپ قارايدۇ، شۇنداقلا قوشنىسى ئۇچراپ قېلىش ئېھتىماللىقى بولغان يامانلىقتىن ئۇنى قوغداپ قالىدۇ، بولۇپمۇ غەپلەتتە قالغان ۋاقىتلاردا تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ②

**❖ ئالىملار قانچىلىك دائىرىدىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا قوشنا بولىدىغانلىقى ھەققىدە ھەرخىل كۆزقاراشتا بولغان**

ئىمام شافىئىي ۋە ھەنبەلىي مەزھىبىدىكى ئالىملار: «ھەر تەرەپتىن 40 ئائىلە قوشنا دائىرىسىگە كىرىدۇ» دەپ قارىغان. ئۇلار بۇنىڭغا مۇنۇ ھەدىسنى دەلىل قىلغان: «حق الجار أربعون دارا هكذا وهكذا وهكذا» «قوشنا ھەققى مۇنداق، مۇنداق، مۇنداق تەرەپلەردىن بولۇپ 40 ئۆيگىچە ئۆزىرايدۇ». ③

مالىكىي مەزھىبىدىكى ئالىملار: «قايسى تەرەپتىن بولمىسۇن، ئۆزئارا تۇتاشقان ياكى ئۇدۇل قارىشىپ تۇرغان، ئوتتۇرىنى بازار ياكى دەرياغا ئوخشاش چوڭ توسۇق ئايرىپ تۇرماستىن، بەلكى تار كوچا ئايرىپ تۇرغان ياكى بىر مەسجىد ۋە ياكى يېقىن بولغان ئىككى مەسجىد ئارقىلىق تۇتىشىدىغان كىشىلەر ئۆزئارا قوشنا دائىرىسىگە كىرىدۇ» دەپ قارىغان.

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە: «پەقەت تۇتاشقان ئىككى ئائىلە بىرى-بىرىگە قوشنا بولىدۇ، چۈنكى ‹قوشنا› دېگەن بىر-بىرىگە تۇتۇشۇشنى كۆرسىتىدۇ» دەپ قارىغان.

① بۇخارى توپلىغان.

② «فتح الباري» 10- توم 447- بەت.

③ ئەبۇ يەئلا توپلىغان، ئەلبانى «زەئىپ» دېگەن.

ئىبنى ھەجەر (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: [«قانچىلىك دائىرىدىكى كىشىلەرنىڭ قوشنا دائىرىسى ئىچىگە كىرىدىغانلىقى ھەققىدە ھەرخىل قاراشلار بار بولۇپ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: <بىر ئەزاننى ئاڭلىغان كىشىلەر ئۆزئارا قوشنا ھېسابلىنىدۇ>. بامدات نامىزىنى سەن بىلەن بىر مەسجىدتە ئوقۇغان كىشى قوشناڭ ھېسابلىنىدۇ دېيىلگەن».

ئەڭ توغرا بولغىنى شۇكى، قوشنا دائىرىسىنى بەلگىلەشتە ئۆرپ-ئادەت ئاساس قىلىنىدۇ. يەنى ئۆرپ-ئادەتتە قوشنا دەپ قارالغان كىشى قوشنا ھېسابلىنىدۇ.

ئىبنى قۇدامە (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «قوشنا دېگەن يېقىن كىشىلەردۇر، بۇ ھەقتە ئۆرپ-ئادەتكە مۇراجىئەت قىلىنىدۇ»[1]].[2]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ قوشنىلارنى، بىر-بىرىگە ئاز بولسىمۇ ھەدىيە بېرىشىپ تۇرۇشقا قىزىقتۇرغان**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «يا نساء المسلمات! لا تحقرن جارة لجارتها ولو فرسن شاة» «ئى مۇسۇلمان ئاياللار! قوشنىلارغا قوينىڭ تۇيىقىچىلىك نەرسىنى سۇنۇش بىلەن بولسىمۇ قوشنىدارچىلىق قىلىشنى كىچىك سانىماڭلار».[3]

بۇ ھەدىستە ھەدىيە بەرمەكچى بولغان كىشىنىڭ ھەدىيە قىلماقچى بولغان نەرسىنى كىچىك كۆرۈپ قېلىپ ھەدىيە قىلماسلىقىنى توسقان. يەنى، يېنىدىكى نەرسىنى كىچىك ياكى ئاز كۆرۈپ قوشنىسىغا ھەدىيە ياكى سەدىقە بېرىشتىن توختاپ قالماسلىق، بەلكى قوينىڭ پاچىقىچىلىك نەرسە بىلەن

---

[1] «المغني» 6- توم 578- بەت. «موسوعة الفقهية الكويتية» 16- توم 217- بەت.

[2] «فتح الباري» 10- توم 447- بەت.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

بولسىمۇ تاقىتىنىڭ يېتىشىچە سېخىيلىق قىلىش لازىم. بۇنداق قىلىش ھەدىيە قىلىنغاندىن ياخشىدۇر. ھەدىستىكى قوينىڭ پاچىقى ھەدىيە بېرىشكە قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن تىلغا ئېلىنغان.

ئېھتىمال، بۇ توسۇش — گەرچە ھەدىيە قىلىنغان نەرسە ئاز بولسىمۇ، ئۇنى كىچىك سانىماسلىق ئۈچۈن ھەدىيە قىلىنغۇچىغا بايان قىلىنغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ھەدىستە، گەرچە ئاز بولسىمۇ ئۆزئارا ھەدىيە قىلىشىشقا قىزىقتۇرۇلغان، چۈنكى كۆپ نەرسىنى دائىم تېپىپ بولغىلى بولمايدۇ. ئاز نەرسە بىلەن بولسىمۇ ئىزدىشىپ تۇرسا، ئۇ كۆپنىڭ ئورنىدا بولىدۇ. بۇ ھەدىستىن يەنە، دوستلىشىش ۋە ئارتۇق تەكەللۇپ قىلماسلىقنىڭ مۇستەھەبلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.[1]

پەيغەمبەر ﷺ يۇقىرىقى ھەدىستە ئاياللارنىلا چەكلىگەن. چۈنكى، ھەدىيە بەرگۈچى ياكى ھەدىيىنى ئالغۇچى بولسۇن، بىرنەرسىنى كىچىك ساناش ئاياللاردا كۆپ يۈز بېرىدۇ، شۇنداقلا بىر يەردە مەلۇم ۋاقىت تۇرۇش ۋە ئولتۇراقلىشىش تەرەپتىن ئېيتقاندىمۇ، ئاياللارنىڭ قوشنىلار بىلەن بولغان ئالاقىسى ئەرلەرگە قارىغاندا قويۇق بولىدۇ.

**❖ پەيغەمبەر ﷺ قوشنىلارنى ئۆزئارا تائام سۇنۇشقا قىزىقتۇرغان**

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «يا أبا ذر، إذا طبخت مرقة، فأكثر ماءها، وتعاهد جيرانك» «ئى ئەبۇ زەر، ئەگەر شورپا قايناتساڭ سۈيىنى كۆپرەك قىلغىن ۋە قوشناڭغىمۇ سۇنغىن!».[2]

يەنە بىر نەقىلدە مۇنداق دېيىلگەن: «إن خليلي أوصاني: إذا طبخت مرقا فأكثر ماءه، ثم انظر أهل بيت من جيرانك، فأصبهم منها بمعروف» «دوستۇم مۇھەممەد ﷺ ماڭا تەۋسىيە

[1] «شرح النووي على صحيح مسلم» 7- توم 120- بەت. «فتح الباري» 5- توم 198- بەت.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

قىلىپ: ‹ئەگەر شورپا قايناتساڭ سۈيىنى كۆپرەك قىلغىن! ئاندىن قوشنىلىرىڭنىڭ ئەھۋالىغا قارىغىن ۋە ئۇلارغىمۇ ئۇنىڭدىن سۇنغىن› دېگەن ئىدى».[1]

كۆپلىگەن كىشىلەر بۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ. ئۇلار ئۆز ھاجىتىدىن ئارتۇق تاماق تەييارلاپ، ئېشىپ قالغىنىنى ئەخلەت ئارىسىغا تاشلايدۇ-يۇ، ئەمما قوشنىلىرىغا تائام سۇنمايدۇ. ھالبۇكى، قوشنىلىرى ئىچىدە قورسىقى تويغۇدەك نەرسە تاپالماي ئاچ ھالەتتە يېتىپ قالىدىغان كىشىلەرمۇ تېپىلىدۇ. مانا بۇ ــ قوشنىدارچىلىق ھەققى ۋە جەمئىيەت ئەخلاقىغا تۈپتىن خىلاپ ئىشتۇر. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: ‹ما آمن بي من بات شبعان وجاره جائع إلى جنبه وهو يعلم به› ‹يېنىدىكى قوشنىسىنىڭ ئاچ ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۆزى توق ھالەتتە ياتقان كىشى ماڭا ئىمان كەلتۈرمىگەن بولىدۇ›».[2]

ئاش-تۈزۈمدا قوشنامنىڭ باردۇر ھەم ھەققى،
ئاۋۋال تېتار تەمىنى، بۇ قوشنا بۇرچى.

قوشنامنىڭ ئىشكى ئوچۇق بولسىمۇ،
خىيانەت قىلمايمەن پۇرسەت كەلسىمۇ.
بۇرايمەن بېشىمنى چىقسا ئۆيىدىن،
شەيتانلار ھەر دائىم قىزىقتۇرسىمۇ.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنغان تۆۋەندىكى ھەدىس پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قوشنىلارغا تائام سۇنۇشقا قىزىقتۇرغانلىقىنى

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.
[2] تەبەرانى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

بىلدۈردۇ.

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «قالت أم سليم: اذهب إلى نبي اللّٰه ﷺ، فقل له: إن رأيت أن تغدى عندنا فافعل، قال: فجئته فبلغته، فقال: ومن عندي؟. قلت: نعم، فقال: انهضوا، قال: فجئت فدخلت على أم سليم وأنا مدهش لمن أقبل مع رسول اللّٰه ﷺ، فقالت أم سليم: ما صنعت يا أنس؟. فدخل رسول اللّٰه ﷺ على أثر ذلك، قال: هل عندك سمن؟. قالت: نعم، قد كان منه عندي عكة فيها شيء من سمن، قال: فائت بها، فجئته بها ففتح رباطها، ثم قال: بسم اللّٰه، اللّٰهم أعظم فيها البركة، فقال: اقلبيها، فقلبتها، فعصرها نبي اللّٰه ﷺ وهو يسمي، قال فأخذت نقع قدر، فأكل منها بضع وثمانون رجلا، ففضل فيها فضل، فدفعها إلى أم سليم، فقال: كلي وأطعمي جيرانك» [ئۇممۇ سۇلەيىم ماڭا: «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا: <چۈشلۈك تائامنى بىزنىڭ يېنىمىزدا يېيىشنى خالىساڭ (ئۆيگە) كەلگىن> دېگىن» دېدى. مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ سۆزىنى يەتكۈزدۇم. پەيغەمبەر ﷺ: «يېنىمدىكى كىشىلەر بىلەن بىرگىمۇ؟» دەپ سورىغانىدى، مەن: «ھەئە» دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ (يېنىدىكى كىشىلەرگە): «تۇرۇڭلار!» دېدى. مەن قايتىپ كېلىپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىرگە كەلگەن كىشىلەردىن چۆچۈگەن ھالدا ئۇممۇ سۇلەيىمنىڭ يېنىغا كىردىم. ئۇممۇ سۇلەيىم ماڭا: «ئى ئەنەس! بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟» دەپ تۇرۇشىغا، رەسۇلۇللاھ ﷺ كىرىپ: «يېنىڭىزدا سېرىق ماي بارمۇ؟» دېدى. ئۇممۇ سۇلەيىم: «ھەئە، مېنىڭ يېنىمدىكى بىر تۇلۇمدا ئازراق سېرىق ماي بار» دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇنى ئېلىپ كەلگىن!» دېدى. مەن ئۇنى ئېلىپ كەلدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭ باغلىقىنى ئېچىپ: «بىسمىللاھ، ئى اللّٰه! بۇنىڭغا بەرىكەت ئاتا قىلغىن» دەپ دۇئا قىلدى. ئاندىن ئۇممۇ سۇلەيىمگە: «بۇنى ئۆرۈڭ» دېدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇممۇ سۇلەيىم ئۇنى ئۆرۈدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى «بىسمىللاھ» دەپ سىقتى. ئاندىن مەن قازاندىكى تائامنى ئالدىم، ئۇ تائامنى 80 نەچچە ئادەم

يەپ تائام يەنە ئىشىپ قالدى. پەيغەمبەر ﷺ ئىشىپ قالغان تائامنى ئۇممۇ سۇلەيمگە بېرىپ: «ئۆزىڭىزمۇ يەڭ ۋە قوشنىلىرىڭىزغىمۇ بېرىڭ!» دېدى].①

### ❖ پەيغەمبەر ﷺ قوشنىلىرىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلاتتى ۋە ئايالىنى بىرگە ئېلىپ چىقاتتى

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «أن جارا لرسول الله ﷺ فارسيا كان طيب المرق، فصنع لرسول الله ﷺ ثم جاء يدعوه. فقال: <وهذه؟ لعائشة>. فقال: <لا>. فقال رسول الله ﷺ: <لا>. فعاد يدعوه. فقال رسول الله ﷺ: <وهذه؟>. قال: <لا>. قال رسول الله ﷺ: <لا>. ثم عاد يدعوه. فقال رسول الله ﷺ: <وهذه؟>. قال: <في الثالثة نعم>، فقاما يتدافعان حتى أتيا منزله» «رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ پارىسلىق بىر قوشنىسى بولۇپ، ئۇ ئادەم شورپىنى بەكمۇ مەززىلىك تەييارلايتتى. ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە شورپا تەييارلاپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ نى چاقىرىش ئۈچۈن كەلدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئائىشەنىمۇ بىللە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، ئائىشەنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: <بۇچۇ؟> دەپ سورىغانىدى، ھېلىقى كىشى: <ياق> دېدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <ئۇنداقتا، مەنمۇ بارمايمەن> دېدى. ئاندىن ھېلىقى كىشى رەسۇلۇللاھ ﷺ نى چاقىرىش ئۈچۈن يەنە كەلدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە: <بۇچۇ؟> دەپ سورىغانىدى، ئۇ كىشى يەنە: <ياق> دېگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <ئۇنداقتا، مەنمۇ بارمايمەن> دېدى. ئۇ كىشى رەسۇلۇللاھ ﷺ نى چاقىرىش ئۈچۈن ئۈچىنچى قېتىم يەنە كەلدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە: <بۇچۇ؟> دەپ سورىغانىدى، ھېلىقى كىشى بۇ قېتىم: <ماقۇل، بارسۇن> دېدى. ئاندىن ئۇ ئىككىسى ئورنىدىن تۇرۇپ بىللە مېڭىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى».②

پارىسلىق كىشى تائام ئاز بولغاچقا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ تويۇپ يېيىشى

---

① ئەھمەد توپلىغان، شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

② مۇسلىم توپلىغان.

ئۇچۇن، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ بىرگە بېرىشىغا قوشۇلمىغان بولۇشى مۇمكىن.

نەۋەۋى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ ﷺ تاماقنى ئۆزى يالغۇز يېيىشنى خالىمىغان. مانا بۇ ــ ئاياللار بىلەن ئىناق ئۆتۈش، ھەمراھىنىڭ ھەقلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ھەمسۆھبەت بولۇشتا تەكىتلەنگەن ئەدەپلەردۇر».[1]

## ❖ پەيغەمبەر ﷺ قوشنىسىنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلغان

ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «بينما أنا مع رسول الله ﷺ في لحاف، إذ دخلت شاة لجار لنا، فأخذت قرصة لنا فقمت إليها فأخذته من بين لحييها، فقال رسول الله ﷺ: ‹ما كان ينبغي لك أن تعنفيها إنه لا قليل من أذى الجار›» «مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن بىر يوتقاندا ياتقان ئىدىم. قوشنىمىزنىڭ بىر قويى كىرىپ نېنىمىزنى يېيىشكە باشلىغانىدى، ئورنۇمدىن تۇرۇپ قوينىڭ ئېغىزىدىن ناننى تارتىپ ئالدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹قوپاللىق قىلما، (قوشنىنىڭ قويىغا) قوپاللىق قىلىشمۇ قوشنىغا ئەزىيەت بەرگەنلىكتۇر› دېدى».[2]

گەرچە قوشنىغا بېرىلگەن ئەزىيەت يەڭگىل بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ۋەزنى ئېغىر گۇناھ بولغانلىقى ئۈچۈن كەچۈرۈلمەيدۇ.[3]

قوشنىسىنىڭ ئەزىيەتلىرىگە سەۋر قىلىش، ئۇنىڭ يامانلىقىغا ياخشىلىق ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرۇش ــ بۈيۈك ئەخلاق ۋە ئەڭ گۈزەل خىسلەتنىڭ نامايەندىسىدۇر.

ھەسەن بەسرى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «قوشنىغا ياخشىلىق قىلىش ــ قوشنىغا ئەزىيەت يەتكۈزمەسلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى

---

[1] «شرح النووي على صحيح مسلم» 13ـ توم 209ـ بەت.

[2] تەبەرانى ۋە ئىبنى ئەرەبى توپلىغان، ئەلبانى «زەئىپ» دېگەن.

[3] مەناۋىنىڭ «التيسير بشرح الجامع الصغير» ناملىق كىتابى 2ـ توم 502ـ بەت.

ئۇنىڭدىن كەلگەن ئەزىيەتكە ھەم سەۋر قىلىشتۇر».[1]

❖ **پەيغەمبەر ﷺ بىر كىشىنىڭ ياخشى ياكى يامان ئىكەنلىكىنى بىلىشتە قوشنىسىنىڭ گۇۋاھلىقىنى ئۆلچەم قىلغان**

ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: بىر ئادەم رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن: «ئۆزۈمنىڭ ياخشى ياكى يامان ئادەم ئىكەنلىكىمنى قانداق بىلىمەن؟» دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ﷺ: «إذا سمعت جيرانك يقولون أن قد أحسنت فقد أحسنت وإذا سمعتهم يقولون قد أسأت فقد أسأت» «ئەگەر قوشنىلىرىڭنىڭ سېنى <ياخشى> دېگەنلىكىنى ئاڭلىساڭ، سەن ياخشى ئادەم؛ ئەگەر ئۇلارنىڭ سېنى <يامان> دېگەنلىكىنى ئاڭلىساڭ، سەن يامان ئادەم» دەپ جاۋاب بەرگەن.[2]

❖ **پەيغەمبەر ﷺ كىشىلەرنى، قوشنىسىنىڭ ھاجىتى چۈشكەن ئىشلاردا قوشنىسىنى ياردەمسىز قالدۇرۇپ قويماسلىققا يېتەكلىگەن**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «إذا استأذن أحدكم جاره أن يغرز خشبه في جداره فلا يمنعه» «قوشنائىلار تېمىڭلارغا ياغاچ قويۇۋېلىشقا رۇخسەت سورىسا، ئۇنى توسماڭلار». ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ھەدىسنى سۆزلەپ بەرگەندە كىشىلەر باشلىرىنى ساڭگىلاتقان ئىدى، ئۇ: «سىلەرنى بۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈۋاتقاندەك كۆرۈۋاتىمەنغۇ؟ الله بىلەن قەسەمكى، مەن بۇنى سىلەرنىڭ زىممەڭلارغا يۈكلەيمەن» دېگەن.[3]

ئىبنى رەجەب (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «ھەنبەلىي مەزھىبىدىكى ئالىملار مۇشۇ سەھىھ ھەدىسكە ئاساسلىنىپ <قوشنىسى ئۇنىڭ تېمىغا ياغاچ

[1] «جامع العلوم والحكم» 141 ـ بەت.

[2] ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] بۇخارى، مۇسلىم ۋە تىرمىزى توپلىغان.

قويۇشقا موھتاج بولۇپ قالسا ۋە تېمىغا زىيان يەتمەيدىغان بولسا، ئۇ كىشى قوشنىسىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشى لازىم> دەپ قارىغان». ①

كۆپ ساندىكى ئالىملار مەزكۇر ھەدىس بىلەن مۇسۇلماننىڭ رازىلىقى بولمىسا ئۇنىڭ مېلىنىڭ ھارام ئىكەنلىكىگە دەلىل بولىدىغان ھەدىسلەرنى بىرلەشتۇرۇپ تۇرۇپ، ھەدىستىكى بۇيرۇقنى «مۇستەھەب»، چەكلىمىنى «مەكرۇھ» دەپ قارىغان.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ «سىلەرنى بۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈۋاتقاندەك كۆرۈۋاتىمەنغۇ؟» دېگەن سۆزى، «بۇ سۈننەتتىن ياكى بۇ سۆزدىن» دېگەنلىك بولىدۇ. ②

**❖ پەيغەمبەر ﷺ قوشنىدارچىلىق ھەققى سەۋەبىدىن قوشنىلارنىڭ** «شفعة» **«شۇفئەت» ھەققىنى مۇستەھەب قىلغان**

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «الجار أحق بصقبه» «قوشنا يانداش قوشنىسىغا ئەڭ ھەقلىقتۇر». ③

«الشفعة» «شۇفئەت» — ئىككى كىشى شېرىكلىشىپ، بىرىنىڭ شېرىكچىلىك ئۇلۇشى يەنە بىرىنىڭ ئۇلۇشى بىلەن تەڭ ياكى ئۇنىڭدىن ئاز بولغان بولسىمۇ، شېرىكىنىڭ ئۇلۇشى باشقىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، يەنە بىر شېرىكنىڭ توختامدا بەلگىلەنگەن پۇلنى بېرىش ئارقىلىق

① «جامع العلوم والحكم» 140- بەت.

② «فتح الباري» 5- توم 111- بەت.

③ بۇخارى توپلىغان.

سودىلاشقان كىشىدىن شېرىكىنىڭ ئۆلۈشىنى قايتۇرۇپ ئېلىشقا ھەقلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.[1]

[1] ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەلنىڭ «الإقناع في فقه» ناملىق كىتابى 2- توم 362- بەت.

## 6 ـ باب

# پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مېھمانلار ۋە ساھىبخانىلار بىلەن بولغان مۇئامىلىسى

### بىرىنچى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ساھىبخانا بولغانلىقى

پەيغەمبەر ﷺ ئەڭ مەرد، ھۆرمەتلىك، ئەڭ سېخىي ۋە قولى بەك ئوچۇق كىشى ئىدى. بولۇپمۇ پەزىلەتلىك ئايلاردا تېخىمۇ شۇنداق بولۇپ كېتەتتى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: «كان رسول الله ﷺ اجود الناس بالخير وكان اجود ما يكون في شهر رمضان ان جبريل عليه السلام كان يلقاه في كل سنة في رمضان حتى ينسلخ فيعرض عليه رسول الله ﷺ القرآن فإذا لقيه جبريل كان رسول الله ﷺ اجود بالخير من الريح المرسلة» «رەسۇلۇللاھ ﷺ ياخشىلىق قىلىشتا ئەڭ سېخىي كىشى ئىدى، بولۇپمۇ رامىزان ئېيىدا تېخىمۇ سېخىيلىشىپ كېتەتتى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ھەر يىلى رامىزان ئېيىدا، رامىزان ئېيى چىقىپ كەتكەنگە قەدەر رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن ئۇچرىشاتتى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا قۇرئاننى تىڭشىتاتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامغا ئۇچراشقاندىكى سېخىيلىقى شامالدىنمۇ تېز ئىدى».①

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «كان رسول الله ﷺ أحسن الناس، وكان أجود الناس وكان أشجع الناس» «رەسۇلۇللاھ ﷺ كىشىلەر ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى، ئەڭ سېخىي ۋە ئەڭ باتۇر كىشى ئىدى».②

مېھماننى ھۆرمەتلەش سېخىيلىقنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىسىدۇر. ئەرەبلەر مېھماننى ياخشى كۈتۈش ۋە ئاچ كىشىلەرگە تائام بېرىشنى «سېخىيلىق» دەپ

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

قارايتتى. ئەگەر كىمدە بۇ سۈپەت تېپىلمىسا، ئۇ سېخىي ھېسابلانمايتتى، شۇڭا بەزىدە ئۇلار بىر-ئىككى مىل يىراقلىقتا مېھمان ئىزدەپ باراتتى.[①]

مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رەسۇلۇللاھ ﷺ نى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان بولۇپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ نى سۈپەتلەپ مۇنداق دېگەن: «فوالله إنك لتصل الرحم وتصدق الحديث وتحمل الكل وتكسب المعدوم وتقري الضيف وتعين على نوائب الحق» «الله بىلەن قەسەمكى، ھەقىقەتەن سەن سىلە-رەھىمنى ئۇلايسەن، راست سۆزلەيسەن، ئاجىز-بىچارىلەرنىڭ يۈكىنى كۆتۈرۈشۈپ بېرىسەن، يوقسۇللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىسەن، مېھماننى ياخشى كۈتۈۋالىسەن ۋە مەزلۇملارغا ياردەم بېرىسەن».[②]

ھەدىستىكى «الكل» دېگەن سۆز ئۆز ئىشىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان كىشىگە قارىتىلىدۇ. بۇ — ئاجىز، يېتىم، ئەھلى-بالىلار ۋە ئۇلاردىن باشقىلارغا چىقىم قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. «وتكسب المعدوم» — كەمبەغەل كىشىنى كۆرسىتىدۇ، چۈنكى كەمبەغەل كىشى كەسىپ قىلالمايدۇ. بۇنىڭ مەنىسى — «سەن كىشىلەرگە، ئۇلار باشقىلارنىڭ يېنىدىن ئېرىشەلمەيدىغان نەرسىلەرنى بېرىسەن» دېگەنلىكتۇر.[③]

خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مېھماننى ياخشى كۈتۈشنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەخلاقى قاتارىدا بايان قىلغان. پەيغەمبەر ﷺ مېھمىنىنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەيدىغان ۋە ئەلچىلىرىگە ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغان كىشىدۇر.

پەيغەمبەر ﷺ باشقىلارنى مېھمان قىلغاندا ياكى ئۆزى مېھمان بولغاندا بولسۇن، ئۇنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقى ۋە كىشىلەرگە بولغان گۈزەل مۇئامىلىسى

---

① ئىبنى ھىببانىنىڭ «روضة العقلاء» ناملىق كىتابى 259- بەت.

② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

③ «فتح الباري» 1- توم 25- بەت.

روشەن ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: «ما سئل رسول الله ﷺ شيئاً فقال: لا» «رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن بىر نەرسە سورالسا، ئۇ <ياق> دەپ باققان ئەمەس». [1] بۇنىڭ مەنىسى ـــ «رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن دۇنيا ماتالىرى سورالغاندا، ئۇ <ياق> دېمەيتتى». بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئىنتايىن سېخىي ۋە قولىنىڭ ئوچۇق ئىكەنلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. [2]

ئەگەردە پېقىرغا بولساڭ سەن سېخىي،
تېتىيسەن ئىززەت ۋە ھۆرمەت شەربىتى.
يوقاتماي چىڭ تۇتساڭ ئۇشبۇ سۈپەتنى،
قىلارسەن نى ئېسىللار قىلالمىغاننى

❖ **پەيغەمبەر ﷺ: «الله سېخىيدۇر، سېخىيلىقنى ياخشى كۆرىدۇ» دېگەن**

سەھل ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «إن الله كريم يحب الكرم ويحب معالي الأخلاق ويكره سفسافها» «الله تائالا سېخىي زاتتۇر، سېخىيلىقنى ياخشى كۆرىدۇ. الله تائالا بۈيۈك ئەخلاقلارنى ياخشى كۆرىدۇ ۋە ناچار ئەخلاقلارنى يامان كۆرىدۇ». [3]

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەمىر ئىبنى ھارىس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋاپات بولغاندا، ئۆزى مىنىدىغان ئاق قېچىرى، قورالى ۋە سەدىقە قىلىۋەتكەن زېمىنىدىن باشقا دىنار، دەرھەم، قۇل، دېدەك دېگەنگە ئوخشاش نەرسىلەردىن ھېچبىرىنى مىراس قالدۇرمىغان». [4] بەلكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋاپات

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[2] «شرح النووي على صحيح مسلم» 15 ـ توم 71 ـ بەت.
[3] ھاكىم توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[4] بۇخارى توپلىغان.

بولغاندا ساۋۇتى يەھۇدىينىڭ قېشىدا 30 سا ئارپىغا گۆرۈگە قويۇقلۇق ئىدى.[1]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ مېھماننى ھۆرمەتلەشنى ئىماننىڭ ئىپادىلىرى قاتارىدا بايان قىلغان**

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «من كان يؤمن بالله واليوم الآخر؛ فليكرم ضيفه» «كىمكى اللە قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرسە، مېھمىنىنى ھۆرمەتلىسۇن!».[2] ئۇنى ھۆرمەتلەش — ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋېلىش، مېھمان قىلىشقا ئالدىراش ۋە ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىش دېگەنلىكتۇر.

مېھمان كەلسە ئۆيۈمگە خۇرسەنلىكتىن كۈلىمەن،
ئۇلغىدىن چۈشمەستە تېزدىن بېرىپ كۈتىمەن.
مېھمانلارنىڭ ھۆرمىتى يەپ ـ ئىچىشتە ئەمەستۇر،
بەلكى يوقسۇل بولسىمۇ قىزغىن قارشى ئېلىشتۇر.

**❖ پەيغەمبەر ﷺ مېھماننى ياخشى كۈتكەن كىشىنى ماختىغان ۋە ئۇنى كىشىلەرنىڭ ياخشىلىرى قاتارىدا تىلغا ئالغان**

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ ﷺ تەبۇك غازىتى كۈنى خۇتبە سۆزلەپ مۇنداق دېگەن: ‹ما في الناس مثل رجل أخذ بعنان فرسه، فيجاهد في سبيل الله، ويجتنب شرور الناس، ومثل رجل باد في غنمه، يقري ضيفه، ويؤدي حقه› ‹كىشىلەر ئىچىدە ئېتىنىڭ چۇلۇۋرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ اللە يولىدا جىھاد قىلىدىغان ۋە كىشىلەرنىڭ يامانلىقىدىن ساقلانغان، قويلىرى ئارىسىدا يۈرۈپ مېھمىنىنى ياخشى كۈتۈپ مېھمىنىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىدىغان سەھرالىق

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

كىشىدەك پەزىلەتلىك كىشى يوق»[1].

❖ **پەيغەمبەر ﷺ مېھمانغا زىياپەت بېرىشنىڭ ھەربىر مۇسۇلمان ئۈستىدىكى مەجبۇرىيەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان**

رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «ليلة الضيف حق على كل مسلم، فمن أصبح بفنائه فهو عليه دين، إن شاء اقتضى، وإن شاء ترك» «مېھماننى بىر كېچە كۈتۈش ھەرقانداق مۇسۇلماننىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن مەجبۇرىيەتتۇر. مۇسۇلماننىڭ ئىشىكى ئالدىدا بىرەر كىشى بىر كېچە قونۇپ قالسا، ئۇ مۇسۇلمان ئۇ كىشىگە قەرزدار بولىدۇ. ئۇ كىشى خالىسا ھەققىنى تەلەپ قىلىدۇ، خالىسا تەلەپ قىلمايدۇ»[2].

خەتتابى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «مېھماننى ياخشى كۈتۈش ۋە خىزمىتىنى ياخشى قىلىش ـــ سېخىيلىق ۋە سالىھلىقنىڭ سۈپىتىدۇر؛ مېھماننى ياخشى كۈتمەسلىك ـــ ئەيىبلىك ۋە مالامەت قىلىنىدىغان سۈپەتتۇر»[3].

پەيغەمبەر ﷺ ئوسمان ئىبنى مەزئۇنغا مۇنداق دېگەن: «إن لضيفك عليك حقا» «مېھمىنىڭنىڭ سېنىڭ ئۈستۈڭدە ھەققى بار»[4].

ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «قلنا: يا رسول اللّٰه إنك تبعثنا فننزل بقوم فلا يقروننا فما ترى؟. فقال لنا رسول اللّٰه ﷺ: إن نزلتم بقوم فأمروا لكم بما ينبغي للضيف فاقبلوا، فإن لم يفعلوا فخذوا منهم حق الضيف الذى ينبغي لهم» «بىز: <ئى رەسۇلۇللاھ! سەن بىزنى (ئەلچىلىككە ياكى غازاتقا بۇيرۇپ) ئەۋەتىسەن. بىز بىر قەۋمنىڭ يېنىغا چۈشسەك، ئۇلار بىزنى مېھمان قىلمىسا،

[1] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[2] ئەبۇ داۋۇد ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[3] «عون المعبود» 10 ـ توم 154 ـ بەت.
[4] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

بۇنىڭغا قانداق قارايسەن!؟› دېگەنىدۇق، رەسۇلۇللاھ ﷺ بىزگە: ‹ئەگەر بىر قەۋمنىڭ يېنىغا چۈشسەڭلار، ئۇلار سىلەرگە مېھمانغا لايىق بولىدىغان نەرسىلەرنى بەرسە، ئۇنى قوبۇل قىلىڭلار؛ ئەگەر ئۇنداق قىلمىسا، مېھمانغا تېگىشلىك بولغان ھەقنى ئۇلاردىن ئېلىڭلار› دېدى».①

بۇ ھەدىس، قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا قارىتىلغان، چۈنكى ئۇلارنى مېھمان قىلىش ۋاجىب. ئەگەر ئۇلارنى مېھمان قىلمىسا، ئۆزلىرىنىڭ ھاجەتلىرىگە چۈشلۈق نېسىۋىسىنى ئالسا بولىدۇ.

بىر قىسىم ئالىملار بۇ ھەدىسنى «ئۇلارنىڭ ئابرۇيىغا تىل تەگكۈزۈشۈڭلار، يەنى كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ بېخىللىقىنى سۆزلىشىڭلار دۇرۇستۇر» دېگەنلىك بولىدۇ دەپ چۈشەنگەن.②

**❖ پەيغەمبەر ﷺ زىياپەتنىڭ مىقدارى ۋە ئۇنىڭ ئاخىرقى چېكىنى بېكىتىپ بەرگەن**

ئەبۇ شۇرەيھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «قال النبي ﷺ: من كان يؤمن بالله واليوم الآخر فليكرم ضيفه جائزته، قالوا: وما جائزته يا رسول الله؟ قال: يومه وليلته، والضيافة ثلاثة أيام، فما كان وراء ذلك فهو صدقة عليه، ولا يحل لرجل مسلم يقيم عند أخيه حتى يؤثمه قالوا: يا رسول الله، وكيف يؤثمه؟ قال:يقيم عنده ولا شيء له يقريه به» «رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹كىمكى اللە قا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرسە، مېھمىنىنى ئالاھىدە كۈتۈۋالسۇن› دېگەنىدى، ساھابىلەر: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنى ئالاھىدە كۈتۈش قانداق بولىدۇ!؟› دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹مېھمان بىر كېچە-كۈندۈز ئالاھىدە كۈتۈۋېلىنىدۇ، ئۇنىڭغا ئۈچ كۈن زىياپەت بېرىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتكىنى سەدىقە بولىدۇ. ھەرقانداق بىر مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىنىڭ ئۆيىدە،

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

② «شرح النووي على صحيح مسلم» 12- توم 32- بەت.

ئۇنى گۇناھكار قىلىپ قويغۇدەك دەرىجىدە (ئۇزۇن) تۇرۇۋېلىشى دۇرۇس ئەمەس> دېدى. ساھابىلەر يەنە: <ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنى قانداق گۇناھكار قىلىپ قويىدۇ!؟> دەپ سورىغاندى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <ئۇنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋالىدۇ، بىراق ساھىبخانىنىڭ ئۇنى مېھمان قىلغۇدەك نەرسىسى قالمايدۇ> دەپ جاۋاب بەردى». [1]

مېھماننىڭ ساھىبخانا ئۈستىدە ۋاجىب، مۇستەھەب ۋە سەدىقىدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىدىكى ھەققى بولىدۇ. ۋاجىب بولغان ھەق — بىر كېچە-كۈندۈز مېھمان قىلىش؛ مۇستەھەب بولغىنى ئۈچ كۈن مېھمان قىلىش؛ ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتكىنى سەدىقىدۇر.

ھۆرمەتلەش ۋاجىب بولغان ۋە ساھىبخانىنىڭ ئۈستىدە ھەققى بولغان مېھمان — باشقا شەھەردىن كەلگەن مۇساپىر مېھماننى كۆرسىتىدۇ. ساھىبخانىنىڭ بۇ مېھمانغا تائام بېرىشى ۋە ئۇنى ھۆرمەتلىشى ۋاجىب بولىدۇ. ئەگەر ساھىبخانا ئۇنداق قىلمىسا، مېھماننىڭ ساھىبخانىنىڭ مېلىدا ھەققى بولىدۇ.

ئەمما، شۇ شەھەردىن يوقلاپ كەلگەن كىشىگە كەلسەك، ئۇنىڭغا تائام بېرىش ۋە ئۇنى ھۆرمەتلەش ھاجەتمەنگە تائام بېرىش ۋە كىشىلەرگە ئېھسان قىلىش توغرىسىدىكى بۇيرۇقنىڭ دائىرىسىگە كىرىپ كېتىدۇ. لېكىن ئۇ، پەيغەمبەر ﷺ ھۆرمەتلەشنى ۋاجىب قىلغان ۋە «ساھىبخانىنىڭ مېلىدا ھەققى بار» دېگەن مېھمان قاتارىغا كىرمەيدۇ.

مېھماننىڭ ساھىبخانىنىڭ ئۆيىدە ئۈچ كۈندىن ئارتۇق تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئېغىرچىلىق سېلىپ قويۇشى دۇرۇس ئەمەس. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «ولا يحل له أن يثوي عنده حتى يحرجه» «مېھماننىڭ قېرىندىشىنىڭ ئۆيىدە ئۇنى قىيناپ

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

قويىدىغان دەرىجىدە (ئۇزۇن) تۇرۇۋېلىشى توغرا بولمايدۇ».[1] يەنى، مېھماننىڭ تەكلىپسىز ھالەتتە ساھىبخانىنىڭ ئۆيىدە ئۈچ كۈندىن ئارتۇق تۇرۇۋېلىشى دۇرۇس ئەمەستۇر.

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ئاچلىق ۋە قاتتىقچىلىق ۋاقىتلاردىمۇ مېھماننى ھۆرمەتلەيتتى**

عن المقداد بن عمرو رضي اللّه عنه قال: «جئت أنا وصاحبان لي قد كادت تذهب أسماعنا وأبصارنا من الجوع، فجعلنا نتعرض للناس فلم يضفنا أحد. فأتينا النبي ﷺ ، فقلنا: يارسول اللّه! بنا جوع شديد، فتعرضنا للناس، فلم يضفنا أحد، فأتيناك. فذهب بنا إلى منزله، فإذا ثلاثة أعنز، فقال النبي ﷺ: احتلبوا هذا اللبن بيننا، قال: كنا نحتلب فيشرب كل إنسان منا نصيبه ونرفع للنبي ﷺ نصيبه، فيجيء من الليل فيسلم تسليما لا يوقظ نائما ويسمع اليقظان. ثم يأتي المسجد فيصلي ثم يأتي شرابه فيشرب. فأتاني الشيطان ذات ليلة وقد شربت نصيبي، فقال: محمد يأتي الأنصار فيتحفونه ويصيب عندهم ما به حاجة إلى هذه الجرعة فأتيتها فشربتها، فلما أن وغلت في بطني وعلمت أن ليس إليها سبيل. ندمني الشيطان فقال ويحك، ما صنعت؟ أشربت شراب محمد، فيجيء فلا يجده فيدعو عليك، فتهلك فتذهب دنياك وآخرتك. وعلي شملة إذا وضعتها على قدمي خرج رأسي وإذا وضعتها على رأسي خرج قدماي وجعل لا يجيئني النوم، وأما صاحباي فناما ولم يصنعا ما صنعت. فجاء النبي ﷺ ، فسلم كما كان يسلم ثم أتى المسجد فصلى ثم أتى شرابه فكشف عنه فلم يجد فيه شيئا، فرفع رأسه إلى السماء فقلت: الآن يدعو علي فأهلك. فقال: اللهم أطعم من أطعمني واسق من أسقاني، فعمدت إلى الشملة، فشددتها علي وأخذت الشفرة، فانطلقت إلى الأعنز أيها أسمن، فأذبحها لرسول اللّه ﷺ ، فإذا هي حافلة وإذا هن حفل كلهن. فعمدت إلى إناء لآل محمد ما كانوا يطمعون أن يحتلبوا فيه. فحلبت فيه حتى علته رغوة. فجئت إلى رسول اللّه ﷺ. فقال: أشربتم شرابكم الليلة؟ قلت: يا رسول اللّه ، اشرب فشرب ثم ناولني، فقلت: يا رسول اللّه، اشرب

[1] بۇخارى توپلىغان.

فشرب ثم ناولني. فلما عرفت أن النبي ﷺ قد روي وأصبت دعوته ضحكت حتى ألقيت إلى الأرض. فقال النبي ﷺ: إحدى سوآتك يا مقداد. فقلت: يا رسول الله ﷺ كان من أمري كذا وكذا وفعلت كذا. فقال النبي ﷺ: ما هذه إلا رحمة من الله أفلا كنت آذنتني، فنوقظ صاحبينا فيصيبان منها. قال فقلت: والذي بعثك بالحق ما أبالي إذا أصبتها وأصبتها معك من أصابها من الناس»

مىقداد ئىبنى ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «ئىككى ھەمراھىم بىلەن (مەدىنىگە) يېتىپ كەلدىم. ئاچلىقتىن قۇلاقلىرىمىز ئاڭلىماس، كۆزلىرىمىز كۆرمەس بولۇپ قالاي دېگەنىدى. بىز كىشىلەرنىڭ يېنىغا بارغانىدۇق، ھېچكىم بىزنى مېھمان قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا باردۇق ۋە: <ئى رەسۇلۇللاھ! بىزگە قاتتىق ئاچلىق يەتتى، كىشىلەرنىڭ يېنىغا بارغانىدۇق، بىزنى ھېچكىم مېھمان قىلمىدى، شۇڭا سېنىڭ يېنىڭغا كەلدۇق> دېدۇق.

پەيغەمبەر ﷺ بىزنى ئۆيىگە ئېلىپ باردى. ئىشىكى ئالدىدا ئۈچ دانە چىشى ئۆچكە بار بولۇپ، پەيغەمبەر ﷺ: <بۇلارنى سېغىڭلار، سۈتنى بۆلۈشۈپ ئىچەرمىز> دېدى. بىز ئۆچكىلەرنى سېغىپ ئۆز نېسىۋىمىزنى ئىچتۇق ۋە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ نېسىۋىسىنى ئايرىپ قويدۇق. پەيغەمبەر ﷺ كېچىلىرى چىقىپ سالام بېرەتتى. ئۇخلاۋاتقانلار ئويغىنىپ كەتمەيتتى، (ئۇنىڭ) ئاۋازىنى پەقەت ئويغاقلارلا تۇياتتى، ئاندىن مەسجىدكە كىرىپ ناماز ئوقۇيتتى، ئاندىن كېلىپ نېسىۋىسىنى ئىچەتتى.

بىر كېچىسى نېسىۋەمنى ئىچىپ بولۇشۇمغا، شەيتان كېلىپ: <مۇھەممەد ئەنسارىلارنىڭ يېنىغا بارسا، ئۇلار ئۇنىڭغا ھەدىيىلەرنى بېرىدۇ. شۇڭا، بۇ سۈتكە ئېھتىياجى يوق> دېدى. ئاندىن مەن شەيتاننىڭ گېپىگە كىرىپ، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۈتىنىمۇ ئىچىۋەتتىم. ئىچىپ بولۇپلا ئۇنداق قىلسام بولمايدىغانلىقىنى بىلدىم. شەيتان كېلىپ مېنى پۇشايمان قىلدۇرۇپ: <ۋاي ساڭا، نېمە ئىش

قىلدىڭ؟ مۇھەممەدنىڭ نىسىۋىسىنى ئىچىۋەتتىڭمۇ؟ ئۇ كېلىپ سۈتنى تاپالمىسا ساڭا بەددۇئا قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھالاك بولىسەن، دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىڭ پۈتۈنلەي يوققا چىقىدۇ» دېدى. ئۈستۈمدە بىر يېپىنچا بار بولۇپ، پۈتۈمنى يۆگىسەم بېشىم ئېچىلىپ قالاتتى، بېشىمنى يۆگىسەم پۈتۈم ئېچىلىپ قالاتتى، ئۇيقۇم قېچىپ ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇخلىيالمىدىم.

ئەمما، ئىككى ھەمراھىم بۇ ئىشلاردىن بىخەۋەر بولغاچقا ئۇيقۇغا غەرق بولۇپ كەتكەنىدى. پەيغەمبەرﷺ كېلىپ ئادىتى بويىچە سالام قىلغاندىن كېيىن مەسجىدكە كىرىپ ناماز ئوقۇدى، ئاندىن مەسجىدتىن چىقتى ۋە نىسىۋىسىنى ئىچمەكچى بولۇپ قاچىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى-دە، قاچىنىڭ قۇپقۇرۇق تۇرغانلىقىنى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن، بېشىنى ئاسمانغا كۆتۈردى. مەن ئۆز-ئۆزۈمگە: «ئەمدى ماڭا بەددۇئا قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھالاك بولىمەن» دەيتتىم.

لېكىن، پەيغەمبەرﷺ: «ئى الله ! ماڭا تائام بەرگەنلەرگە سەنمۇ تائام بەرگىن، ماڭا ئۇسسۇلۇق بەرگەنلەرگە سەنمۇ ئۇسسۇلۇق بەرگىن!» دەپ دۇئا قىلدى. مەن يېپىنچامنى ئۈستۈمگە ئارتىپ، قولۇمغا بىر پىچاق ئالدىم-دە، ئۆچكىلەرنىڭ ئەڭ سېمىزىنى بوغۇزلىماقچى بولدۇم، لېكىن ئۆچكىلەرنىڭ يېلىنىدىن سۈت تېشىپ تۇراتتى. مۇھەممەد ﷺ نىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتى سۈت ساغىدىغان قاچىنى ئەكىلىپ ئۈچىلى ئۆچكىنى ساغقانىدىم، قاچا لىق توشتى، بۇ قاچىلارنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «بۈگۈن كېچە سۈتۈڭلارنى ئىچتىڭلارمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئىچكىن» دېدىم. رەسۇلۇللاھ بىرئاز ئىچىپ ماڭا تەڭلىدى. مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! يەنە ئىچكىن» دېدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە ئازراق ئىچىپ يەنە ماڭا تەڭلىدى. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۈتكە تويغانلىقى ۋە ئۇنىڭ دۇئاسىغا ئېرىشكىنىم ئۈچۈن

خۇشاللىقتىن يەرگە يىقىلىپ چۈشتۈم.

پەيغەمبەر ﷺ: ‹ئى مىقداد! بىرەر يامان ئىش قىلغاندەك قىلىسەنغۇ؟› دېدى. مەن: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! مەن مۇنداق، مۇنداق ئىش قىلدىم› دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ: ‹مانا بۇ الله نىڭ مەرھەمىتىدۇر، ماڭا بىلدۈرسەڭ بولماسمىدى، ئىككى ھەمراھىڭنىمۇ ئويغاتساق ئۇلارمۇ بۇنىڭدىن ئىچكەن بولسا› دېدى. مەن: ‹سېنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن زات بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن سەن بىلەن بىللە سۈت ئىچىۋالدىم، باشقىلارنىڭ ئىچكەن ـ ئىچمىگىنى بىلەن كارىم يوق› دېدىم».[1]

ئۇ نېمە ئۈچۈن «خۇشاللىقتىن يەرگە يىقىلىپ چۈشتۈم» دەيدۇ؟ چۈنكى ئۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ نېسىۋىسىنى ئىچىۋېتىپ ئۇنىڭغا ئەزىيەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بەددۇئا قىلىشىدىن قاتتىق ئەندىشە قىلغانىدى. ئۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۈتكە تويغانلىقى ۋە ئۇنىڭ دۇئاسىنىڭ ئىجابەت بولغانلىقىنى بىلگەندە خۇشال بولغان. ئەندىشىسىنىڭ يوقۇلۇپ، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سۈتنى ئىچكەنلىكى بىلەن خۇرسەن بولۇشى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۆزىگە تائام بەرگەن ۋە ئۆزىنىڭ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرغان كىشىگە قىلغان دۇئاسىنىڭ ئىجابەت قىلىنغانلىقى، بۇ ئىشلارنىڭ مىقدادنىڭ قولى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشقانلىقى، شۇنىڭ بىلەن بۇ مۆجىزىنىڭ كۆرۈلگەنلىكى ۋە ئۆزىنىڭ ئاۋۋالقى يامان ئىشى ھەمدە كېيىنكى ياخشى ئىشىدىن ئەجەبلەنگەنلىكى سەۋەبىدىن بەك ھاياجانلىنىپ كېتىپ يەرگە يىقىلغان».[2]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ مېھمانلىرى بىلەن بىرگە ئولتۇراتتى، ئۇلار بىلەن كۆلۈشەتتى ۋە ئەركىن پاراڭلىشاتتى**

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] «شرح النووي على صحيح مسلم» 14 ـ توم 15 ـ بەت.

عن ثوبان رضي اللَّه عنه مولي رسول اللَّه ﷺ قال: «نزل بنا ضيف بدوي فجلس به رسول اللَّه ﷺ، أمام بيوته، فجعل يسأله عن الناس كيف فرحهم بالإسلام وكيف حزنهم في الصلاة، فما زال يخبره من ذلك بالذي يسره حتى رأيت وجه رسول اللَّه نضرا، حتى إذا انتفخ النهار، وحان أكل الطعام، دعاني فأشار إلي مستخفيا لا يألوا أن ائت بيت عائشة رضي اللَّه عنها فأخبرها أن لرسول اللَّه ﷺ ضيفا، قالت: والذي بعثك بالهدى ودين الحق ما أصبح في بيتنا شيء يأكله أحد من الناس فردني إلى نسائه، كلهن يعتذرن بما اعتذرت به عائشة رضي اللَّه عنها، حتى رأيت لون رسول اللَّه ﷺ كسف، وكان البدوي عاقلا ففطن، فما زال البدوي يعارض رسول اللَّه ﷺ، حتى قال: إنا أهل البادية معانون في زماننا لسنا كأهل الحضر، إنما يكفي أحدنا القبضة من التمر يشرب عليها الشربة من اللبن فذلك الخصب، فمرت عند ذلك عنز لنا قد احتلبت، كنا نسميها ثمراء فدعا بها رسول اللَّه ﷺ، باسمها وقال: ثمرا ثمرا، فأقبلت إليه تحمحم فأخذ برجلها ومسح ضرعها وقال: باسم اللَّه، فحفلت، فدعاني بمحلب لنا، فأتيته به فحلب وقال: باسم اللَّه، فملأه، ثم قال: ادفع باسم اللَّه فدفعت إلى الضيف فشرب منه شربة ضخمة، ثم أراد أن يضعه، فقال له رسول اللَّه ﷺ: عل فعاد، ثم أراد أن يضعه فقال له رسول اللَّه: عل فكرر حتى امتلأ وشرب ما شاء اللَّه، ثم حلب فيه وقال: باسم اللَّه وملأه ثم قال: أبلغ هذا عائشة فلتشرب منه ما بدا لها ثم رجعت إليه فحلب فيه وقال: باسم اللَّه فملأه ثم أرسلني إلى نسائه كلما شربت امرأة ردني إلى الأخرى وقال: باسم اللَّه حتى ردهن كلهن، ثم رددت إليه فقال: ارفع إلي فرفعته فقال: باسم اللَّه فشرب ما شاء اللَّه ثم أعطاني، فلم آل أن أضع شفتي على درج القدح فشربت شرابا أحلى من العسل وأطيب من المسك وقال: اللَّهم بارك لأهلها فيها»

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئازادگەردىسى سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: يېنىمىزغا بىر سەھرالىق كىشى مېھمان بولۇپ كەلدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭ بىلەن ئۆيلەرنىڭ ئالدىدىلا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن كىشىلەرنىڭ ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىنكى خۇرسەنلىكى ۋە نامازدىكى خۇشۇسى توغرىسىدا سوئال سوراشقا باشلىدى. ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ گە، رەسۇلۇللاھ ﷺ نى خۇرسەن قىلىدىغان

ئىشلارنى خەۋەر قىلىشۋەردى، ھەتتاكى مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يۈزىدە خۇشاللىقنى كۆردۈم. چۈش بولۇپ تائام يېيىش ۋاقتى كەلگەندە رەسۇلۇللاھ ﷺ مېنى چاقىرىپ، ماڭا ئائىلىنىڭ بارچە مەخپىي ھالەتتە <ئائىشەنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنىڭغا مېھمىنىم بارلىقىنى خەۋەر قىلغىن!> دەپ ئىشارەت قىلدى. (ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىگە بارغىنىمدا) ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: <سېنى ھەق دىن ۋە ھىدايەت بىلەن ئەۋەتكەن زات بىلەن قەسەمكى، بىزنىڭ ئۆيدە بىرەر كىشى يېگۈدەك ھېچنەرسە يوق> دېدى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ مېنى باشقا ئاياللىرىنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ دېگىنىگە ئوخشاشلا ئۆزرە ئېيتتى. مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ چىرايىنىڭ تۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى كۆردۈم. سەھرالىق مېھمان ئەقىللىق كىشى بولۇپ، ئۇ بۇنى سېزىپ قالدى. ئاندىن ئۇ كىشى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە: <بىز سەھرالىق كىشىلەر بۇرۇندىن تارتىپ ئادەتلىنىپ كەتكەن، بىز شەھەرلىكلەرگە ئوخشىمايمىز، بىزگە بىر ئۇچۇم خورما يەپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سۈت ئىچىۋېلىش يېتەرلىكتۇر. مانا بۇ ئەڭ ياخشى تائامدۇر> دېدى.

شۇ پەيتتە، يېنىمىزدىن سېغىلىپ بولغان بىر ئۆچكىمىز ئۆتتى. بىز ئۇنى <سەمرا> دەپ ئاتايتتۇق، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى ئىسمى بىلەن چاقىرىپ: <سەمرا! سەمرا!> دېدى. ئۆچكە مەرىگەن ھالدا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا كەلدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭ پۇتىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، <بىسمىللاھ> دەپ ئۇنىڭ يېلىنىنى سىلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يېلىنى سۈتكە تولدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ مېنى بىزنىڭ سۈت ساغىدىغان قاچىمىزنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. مەن ئۇنى ئېلىپ كەلدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ <بىسمىللاھ> دەپ سېغىپ قاچىنى تولدۇردى ۋە: <(مېھمانغا) بىسمىللاھ دەپ بەرگىن> دېدى. مەن ئۇنى مېھمانغا بەردىم، مېھمان ئۇنىڭدىن خېلى كۆپ ئىچىپ ئۇنى ئاشۇرۇپ قويماقچى بولغانىدى،

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا: <يەنە ئىچكىن> دېدى. ئۇ مېھمان يەنە قايتا ئىچىپ يەنە ئاشۇرۇپ قويماقچى بولغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا: <يەنە ئىچكىن> دېدى. ئۇ مېھمان يەنە تەكرار ئىچىپ تويۇپ كەتتى ۋە الله خالىغان مىقداردا ئىچتى.

ئۇنىڭدىن كېيىن، رەسۇلۇللاھ ﷺ <بىسمىللاھ> دەپ سېغىپ يەنە قاچىنى تولدۇردى، ئاندىن: <بۇنى ئائىشەگە ئاپىرىپ بەرگىن، ئۇنىڭدىن خالىغىنىچە ئىچسۇن> دېدى. كېيىن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ <بىسمىللاھ> دەپ سېغىپ قاچىنى يەنە تولدۇردى، ئاندىن مېنى ئائىلىلىرىنىڭ يېنىغا ئەۋەتتى، ئۇلاردىن بىر ئايال ئىچىپ بولسىلا، رەسۇلۇللاھ ﷺ مېنى <بىسمىللاھ> دەپ يەنە بىرىنىڭ يېنىغا ئەۋەتىپ، ھەتتاكى ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئەۋەتتى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا قايتىپ كەلسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ ماڭا: <ئۇزاتقىن> دېگەنىدى، مەن ئۇنى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئۇزاتتىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ <بىسمىللاھ> دەپ الله خالىغان مىقداردا ئىچىپ، ئۇنى ماڭا بەردى. مەن كالپۇكۇمنى قاچىنىڭ گىرۋىكىگە قويۇپ سەزمەيلا قالدىمكى، مەن ھەسەلدىنمۇ تاتلىق، ئەنبەردىنمۇ پۇراقلىق ئىچىملىكنى ئىچكەن ئىدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ: <ئى الله ! بۇ ئۆچكىنىڭ ئىگىسىگە ئۇنىڭدا بەرىكەت بەرگىن> دەپ دۇئا قىلدى».①

**❖ پەيغەمبەر ﷺ مېھمانغا زىياپەت بېرىشكە نەرسە تاپالمىسا، ئۇنى بەزى ساھابىلىرىگە مېھمان قىلىشى ئۈچۈن تاپشۇراتتى**

عن أبي هريرة رضي الله عنه قال: أن رجلا أتى النبي ﷺ فقال إني مجهود. فأرسل إلى بعض نسائه. فقالت: والذي بعثك بالحق ما عندي إلا ماء. ثم أرسل إلى أخرى، فقالت مثل ذلك، حتى قلن

① ئاجۇري توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

كلهن مثل ذلك: لا والذي بعثك بالحق ما عندي إلا ماء. فقال رسول اللّه ﷺ: من يضيف هذا الليلة رحمه اللّه؟، فقال رجل من الأنصار: أنا. فانطلق به إلى إمرأته. فقال: أكرمي ضيف رسول اللّه ﷺ: فقالت ما عندنا إلا قوت صبياني، فقال: هيئي طعامك وأصبحي سراجك ونومي صبيانك إذا أرادوا عشاء، فإذا دخل ضيفنا فاطفئي السراج، وأريه أنا نأكل، فإذا أهوى ليأكل، فقومي إلى السراج، حتى تطفئيه، فهيأت طعامها وأصبحت سراجها ونومت صبيانها ثم قامت كأنها تصلح سراجها فأطفأته، فجعلا يريانه أنهما يأكلان، فباتا طاويين. فلما أصبح غدا إلى رسول اللّه ﷺ. فقال: ضحك اللّه الليلة أو عجب من فعالكما. فأنزل اللّه: **﴿وَيُؤْثِرُونَ عَلَى أَنْفُسِهِمْ وَلَوْ كَانَ بِهِمْ خَصَاصَةٌ وَمَنْ يُوقَ شُحَّ نَفْسِهِ فَأُولَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ﴾**.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «بىر ئادەم پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ: <مەن (تۇرمۇشتا) قىيىنىلىپ قالدىم> دېدى. پەيغەمبەر ﷺ بەزى ئاياللىرىغا خەۋەر ئەۋەتكەنىدى، ئۇ ئاياللىرىدىن <سېنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن زات بىلەن قەسەمكى، يېنىمدا سۇدىن باشقا نەرسە يوق> دەپ جاۋاب كەلدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە بىر ئايالىغا خەۋەر يوللىغانىدى، ئۇمۇ ئوخشاش جاۋاب بەردى، ھەتتا ئاياللىرىنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا: <سېنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن زات بىلەن قەسەمكى، يېنىمىزدا سۇدىن باشقا نەرسە يوق> دەپ جاۋاب بېرىشتى.

ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ: <بۇ ئادەمنى بۇ كېچە كىم مېھمان قىلىدۇ؟ الله ئۇ كىشىگە رەھمەت قىلسۇن!> دېگەنىدى، ئەنسارىلاردىن بىر ئادەم: <مەن مېھمان قىلاي> دېدى. ئاندىن ئەنسارى كىشى ئۇ ئادەمنى ئۆيىگە باشلاپ بېرىپ، ئايالىغا: <رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مېھمىنىنى ھۆرمەتلەڭ!> دېدى. ئايالى: <يېنىمىزدا باللارنىڭ تائامىدىن باشقا نەرسە يوق> دېدى. ئەنسارى ئايالىغا: <باللار كەچلىك تاماق يەيمىز دېسە ئۇلارنى ئالداپ ئۇخلىتىپ قويۇڭ، تامىقىڭىزنى تەييارلاپ چىرىغىڭىزنى يېقىڭ، مېھمىنىمىز كىرگەندە ئۇنىڭغا

بىزنى خۇددى تائام يەۋاتقاندەك كۆرسىتىڭ، ئۇ تاماق يېيىشكە باشلىغاندا چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىڭ› دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئايالى تائامنى تەييارلاپ چىراغنى ياقتى ۋە باللىرىنى ئۇخلاتتى. كېيىن چىراغنى ئوڭشاۋاتقاندەك بولۇۋېلىپ ئۇنى ئۆچۈرۈۋەتتى ۋە ئۇ ئىككىسى مېھمانغا ئۆزىنى تاماق يەۋاتقاندەك كۆرسەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئىككىسى ئاچ قورساق تۈنىدى. ئەنسارى ئەتىسى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹الله تائالا بۇ كېچە ئىككىڭلارنىڭ ئىشىدىن خۇرسەن بولۇپ كۈلدى› دېدى. ئاندىن كېيىن، الله تائالا مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلدى: ‹ئۇلار موھتاج تۇرۇقلۇق (مۇھاجىرلارنىڭ مەنپەئىتىنى) ئۆزلىرىنىڭ (مەنپەئىتى) دىن ئەلا بىلىدۇ، ئۆز نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلانغانلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر›[1]».[2]

**ھەدىستىن ئېلىنىدىغان پايدىلار**

- پەيغەمبەر ﷺ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ دۇنياغا بېرىلمىگەنلىكى، ئاچلىق ۋە دۇنيانىڭ قىيىنچىلىقلىرىغا سەۋر قىلغانلىقى.
- بىر قەۋمگە باش بولغۇچىنىڭ مېھمانغا ۋە يېنىغا كەلگەن موھتاج كىشىگە ياردەم بېرىشتە ئاۋۋال ئۆزىدىن باشلىشىنىڭ لازىملىقى. شۇڭلاشقا، قەۋمگە باش بولغۇچى ئىمكانقەدەر تۈنجى بولۇپ ئۆز يېنىدا بار بولغان نەرسىلەر بىلەن ياردەم بېرىپ، ئاندىن ياخشىلىق ۋە تەقۋالىققا ياردەملىشىش يولىغا ئاساسەن ھەمراھلىرىدىن ياردەم تەلەپ قىلىدۇ.
- قاتتىقچىلىق ھالەتلەردە ئۆزئارا ھەمكارلىشىش، مېھماننى ھۆرمەتلەش ۋە ئۇنىڭ مەنپەئىتىنى ئۆزىدىن ئەلا بىلىش قاتارلىقلارنىڭ پەزىلەتلىك ئىشلار ئىكەنلىكى.

[1] سۈرە ھەشر 9- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

• ئەنسارى ۋە ئۇنىڭ ئايالىنىڭ ياخشى خىسلەتلىرىنىڭ نامايان بولغانلىقى.

• مېھمان ئۆي ئىگىسىگە كۆيۈنۈش يۈزىسىدىن تائام يېگىلى ئۇنىمايدىغان بولۇپ قالسا، ئەنسارىنىڭ «چىراغنى ئۆچۈرۈك ۋە ئۇنىڭغا بىزنى تائام يەۋاتقاندەك كۆرسىتىڭ» دېگەن سۆزىگە ئاساسەن، مېھماننى ھۆرمەتلەشتە ھىيلە ئىشلىتىشنىڭ دۇرۇسلۇقى. چۈنكى، ئۇ مېھمان تائامنىڭ ئازلىقى ۋە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئۆزى بىلەن بىرگە تائام يېمىگەنلىكىنى كۆرگەن بولسىدى، ئەلۋەتتە تائام يېمىگەن بولاتتى.[1]

**❖ گەرچە مېھمان كاپىر كىشى بولسىمۇ، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى ھۆرمەتلەيتتى**

ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «أن رسول الله ﷺ ضافه ضيف وهو كافر. فأمر له رسول الله ﷺ بشاة فحلبت، فشرب حلابها، ثم أخرى فشربه، ثم أخرى فشربه، حتى شرب حلاب سبع شياه. ثم إنه أصبح فأسلم. فأمر له رسول الله ﷺ بشاة، فشرب حلابها، ثم أمر بأخرى فلم يستتمها. فقال رسول الله ﷺ: المؤمن يشرب في معى واحد والكافر يشرب في سبعة أمعاء» «رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۆيىگە بىر كاپىر كىشى مېھمان بولۇپ كەلدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر قوينى سېغىشقا بۇيرۇغانىدى، ئۇ بىر قوينىڭ سۈتىنى ئىچىپ بولدى. ئاندىن يەنە بىر قوي سېغىلدى، ئۇ كىشى ئۇنىمۇ ئىچىپ بولدى. يەنە بىرى سېغىلدى، ئۇ كىشى ئۇنىمۇ ئىچىۋەتتى، ھەتتاكى ئۇ كىشى شۇ ھالەتتە يەتتە قوينىڭ سۈتىنى ئىچىۋەتتى. ئاندىن ئۇ كىشى ئەتىسى مۇسۇلمان بولدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇ كىشىنى مېھمان قىلىش ئۈچۈن بىر قوينى سېغىشقا بۇيرۇدى. ئۇ كىشى ئۇنىڭ سۈتىنى ئىچىۋەتتى. ئاندىن يەنە بىر قوينى سېغىشقا بۇيرۇدى. ئۇ ئىككىنچى قوينىڭ

[1] «شرح النووي على صحيح مسلم» 14 ـ توم 12 ـ بەت.

سۈتىنى ئىچىپ تۈگىتەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <مۇئمىن بىر ئۈچەيگە ئىچىدۇ، كاپىر يەتتە ئۈچەيگە ئىچىدۇ> دېدى».[1]

مۇئمىن كىشى تائام يېگەندە «بىسمىللاھ» دېيىش ئارقىلىق تائامدىكى بەرىكەت ۋە تائامدىن شەيتاننى قاچۇرۇشتىن ئىبارەت قوش پايدىغا ئېرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى ئازغىنە تائامنى يەيدۇ-دە، بىر ئۈچەيگە يېگەندەك بولىدۇ. كاپىر «بىسمىللاھ» دېمىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ تائامىغا بەرىكەت بېرىلمەيدۇ ۋە شەيتان ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ تائامنى يەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ كىشى تائامنى كۆپ يەيدۇ-دە، يەتتە ئۈچەيگە يېگەن بولىدۇ.[2]

مۇئمىن كىشى تائامنى شەرىئەت بۇيرۇغان ئەدەپ بويىچە يەيدۇ، شۇڭا ئۇ بىر ئۈچەيگە يېگەن بولىدۇ؛ كاپىر شەھۋەت ۋە ئاچكۆزلۈكىنىڭ قۇترىتىشى بويىچە يەيدۇ، شۇڭا ئۇ يەتتە ئۈچەيگە يېگەن بولىدۇ.[3]

بەزى كىشىلەر مۇنداق دېگەن: ھەقىقىي مۇئمىن يېتەرلىك قۇۋۋەتكە يەتكەندە يېيىشتىن توختايدۇ، ئازغىنە تائامغا قانائەت قىلىدۇ ۋە تائامنىڭ بەزىسىنى باشقىلارغا بېرىدۇ؛ كاپىر بولسا بۇنىڭ ئەكسىچە قىلىدۇ، چۈنكى ئۇ كۆپ يەۋېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ، شۇڭا قورسىقى تويسىمۇ كۆزى تويمايدۇ.[4]

### ❖ پەيغەمبەر ﷺ مېھمانلىرىنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى

ففي حديث جابر يوم ا لخندق لمّا دعا النبي ﷺ: طعيم لي، فقم أنت يا رسول اللّه ورجل أو رجلان، قال: كم هو؟ فذكرت له، فقال:كثير طيب. فقال: قوموا، فقام المهاجرون والأنصار، فلما دخل جابر على إمرأته قال: ويحك جاء النبي ﷺ بالمهاجرين والأنصار ومن معهم! قالت: هل

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] «كشف المشكل من حديث الصحيحين» 1- توم 271- بەت.

[3] «جامع العلوم والحكم» 428- بەت.

[4] «المنتقى شرح الموطأ» 4- توم 326- بەت.

سألك؟ قلت: نعم، قال: ادخلوا ولا تضاغطوا. فجعل يكسر الخبز، ويجعل عليه اللحم، ويقرب إلى أصحابه ثم ينزع، فلم يزل يكسر ويغرف حتى شبعوا، وبقي منه، فقال: كلي هذا وأهدي، فإن الناس أصابتهم مجاعة.

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «مەن خەندەك غازىتى كۈنى پەيغەمبەر ﷺ نى تاماقتا چاقىرىپ: <ئى رەسۇلۇللاھ! ئازراق تاماق تەييارلىغانىدىم، بىر ياكى ئىككى كىشى بىلەن ئۆيگە بارغىن> دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ: <ئۇ تاماق قانچىلىك؟> دەپ سورىدى. مەن پەيغەمبەر ﷺ گە دەپ بەردىم، پەيغەمبەر ﷺ: <بەك كۆپ، ياخشى تائام ئىكەن> دېدى، ئاندىن: <تۇرۇڭلار!> دېۋىدى، مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلار ئورنىدىن تۇردى. مەن ئايالىمنىڭ يېنىغا كىرىپ: <ۋاي ساڭا! پەيغەمبەر ﷺ مۇھاجىر، ئەنسارىلار ۋە ئۇلار بىلەن بىرگە بولغان كىشىلەر بىلەن كېلىۋاتىدۇ> دېسەم، ئايالىم: <پەيغەمبەر ﷺ سەندىن تاماقنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى سورىدىمۇ؟> دېدى. مەن: <ھەئە، سورىدى> دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ: <كىرىڭلار! قىستاشماڭلار!> دېدى. ئاندىن ناننى ئۇشتۇپ ئۇستىگە گۆش ئېلىپ ساھابىلەرگە سۇنۇپ بەردى، پەيغەمبەر ﷺ ناننى ئۇشتۇپ تاماقنى قاچىغا ئېلىۋەردى، ھەتتاكى ئۇلار تويۇپ تاماق ئېشىپ قالدى. پەيغەمبەر ﷺ (جابىرنىڭ ئايالىغا): <سىزمۇ يەڭ، باشقىلارغىمۇ ھەدىيە قىلىڭ! ھەقىقەتەن كىشىلەرگە ئاچارچىلىق يەتتى> دېدى».[1]

مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلاردىن بولغان بۇ مېھمانلار گەرچە جابىرنىڭ ئۆيىدە بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مېھمانلىرىدۇر. تائامنىڭ ھەممە ئادەمگە يېتەرلىك بولۇپ، ئاندىن يەنە ئېشىپ قېلىشىدىن ئىبارەت يۈز بەرگەن ئىش رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۆجىزىلىرى قاتارىدىندۇر، چۈنكى، جابىرنىڭ ئەسلى بار بولغان تائامى پەقەت بىرقانچە كىشىگىلا يېتەتتى، ئەمما رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

بەرىكىتى سەۋەبلىك خەندەك ئەھلىنىڭ ھەممىسىگە يەتكەن.

پەيغەمبەر ﷺ ئۇ ۋاقىتتا گەرچە جابىرنىڭ ئۆيىدە بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلغان، گۆش تارقاتقان ۋە ئۇلارغا تائام سۇنغان. مانا بۇ — مېھمانلارنى ياخشى كۈتۈۋېلىش جۈملىسىدىندۇر.

**❖ پەيغەمبەر ﷺ بەزىدە مېھمانلىرىنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدىن ئازار يېسىمۇ، ئۇلارنى خىجىل قىلمايتتى**

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿**يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَدْخُلُوا بُيُوتَ النَّبِيِّ إِلَّا أَنْ يُؤْذَنَ لَكُمْ إِلَى طَعَامٍ غَيْرَ نَاظِرِينَ إِنَاهُ وَلَكِنْ إِذَا دُعِيتُمْ فَادْخُلُوا فَإِذَا طَعِمْتُمْ فَانْتَشِرُوا وَلَا مُسْتَأْنِسِينَ لِحَدِيثٍ إِنَّ ذَلِكُمْ كَانَ يُؤْذِي النَّبِيَّ فَيَسْتَحْيِي مِنْكُمْ وَاللَّهُ لَا يَسْتَحْيِي مِنَ الْحَقِّ**﴾ «ئى مۇئمىنلەر! پەيغەمبەرنىڭ ئۆيلىرىگە كىرمەڭلار، پەقەت تاماققا چاقىرىلغان ۋاقىتىڭلاردىلا كىرىڭلار، (باشقا ۋاقىتتا رۇخسەت بىلەن كىرگەندە) تاماقنىڭ پىشىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرماڭلار، لېكىن چاقىرىلغاندا كىرىڭلار ـ يۇ، تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن تارقاپ كېتىڭلار، تاماقتىن كېيىن) پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرماڭلار، بۇ (يەنى تاماقتىن كېيىن پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرۇش) پەيغەمبەرنى رەنجىتىدۇ، پەيغەمبەر (بۇنى ئېيتىشقا) سىلەردىن خىجىل بولىدۇ، الله ھەق (نى ئېيتىش) تىن خىجىل بولمايدۇ»[1].

الله تائالا مۇئمىن بەندىلىرىنى پەيغەمبەرﷺ نىڭ ئۆيىگە كىرگەندە پەيغەمبەر ﷺ گە ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق بولۇشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿**يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَدْخُلُوا بُيُوتَ النَّبِيِّ إِلَّا أَنْ يُؤْذَنَ لَكُمْ إِلَى طَعَامٍ**﴾ «ئى مۇئمىنلەر! پەيغەمبەرنىڭ ئۆيلىرىگە كىرمەڭلار، پەقەت تاماققا چاقىرىلغان ۋاقىتىڭلاردىلا كىرىڭلار»[2]. يەنى، تائام ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆيلىرىگە رۇخسەتسىز كىرمەڭلار.

---

[1] سۈرە ئەھزاب 53 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئەھزاب 53 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

الله تائالانىڭ: ﴿نَاظِرِينَ إِنَاهُ﴾ «(باشقا ۋاقىتتا رۇخسەت بىلەن كىرگەندە) تاماقنىڭ پىشىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرماڭلار»[1] دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى، تاماقنىڭ پىشىشىنى كۈتۈپ ياكى تائامدىن كېيىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرماڭلار دېگەنلىك بولىدۇ. دېمەك، سىلەر پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئۆيىگە پەقەت كىرىشكە رۇخسەت بېرىلىش ۋە ھاجەت مىقدارى ئولتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىككى شەرت ئاساسىدىلا كىرىڭلار! الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَكِنْ إِذَا دُعِيتُمْ فَادْخُلُوا فَإِذَا طَعِمْتُمْ فَانْتَشِرُوا وَلَا مُسْتَأْنِسِينَ لِحَدِيثٍ﴾ «لېكىن چاقىرىلغاندا كىرىڭلار-يۇ، تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن تارقاپ كېتىڭلار، (تاماقتىن كېيىن) پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرماڭلار»[2] يەنى، تائامدىن ئىلگىرى ياكى كېيىن پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرۇۋالماڭلار.

الله تائالا بۇ چەكلەشنىڭ ھېكمىتى ۋە پايدىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ ذَلِكُمْ﴾ «بۇ (يەنى تاماقتىن كېيىن پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرۇش)»[3]. يەنى، سىلەرنىڭ ھاجەتتىن ئارتۇق ساقلىشىڭلار. ﴿كَانَ يُؤْذِي النَّبِيَّ﴾ «پەيغەمبەرنى رەنجىتىدۇ»[4]. يەنى، ئۇنى ئۆي ئىشلىرىدىن توختىتىپ قويۇشۇڭلار ۋە ئۇنىڭ ۋاقتىنى ئىلىشىڭلار ئۇنىڭغا ئېغىر كېلىدۇ.

﴿فَيَسْتَحْيِي مِنْكُمْ﴾ «پەيغەمبەر (بۇنى ئېيتىشقا) سىلەردىن خىجىل بولىدۇ»[5]. يەنى، ئۆرپ-ئادەتتە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقاندەك، سىلەرگە «چىقىپ كېتىڭلار!» دېيىشتىن ھايا قىلىدۇ. كىشىلەر، يەنى خۇسۇسەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەر باشقىلارنى ئۆيلىرىدىن چىقىرىۋېتىشتىن ھايا قىلىشىدۇ، لېكىن ﴿وَاللَّهُ لَا يَسْتَحْيِي مِنَ الْحَقِّ﴾

---

[1] سۈرە ئەھزاب 53- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە ئەھزاب 53- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] سۈرە ئەھزاب 53- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە ئەھزاب 53- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[5] سۈرە ئەھزاب 53- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

«الله ھەق (نى ئېيتىش) تىن خىجىل بولمايدۇ»①.

شەرئىي بۇيرۇق ئۆرپ-ئادەتكە زىتتەك بىلىنسىمۇ، شەرئىي بۇيرۇققا ئەگىشىش ھەقىقىي ئەدەپ-ئەخلاق بولۇپ، ئۇنىڭغا قارشى كەلگەن نەرسىنىڭ ئەسلا ئەدەپ-ئەخلاق جۈملىسىدىن ئەمەسلىكىگە جەزم قىلىش كېرەك.

قانداق ئىش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، سىلەر ئۈچۈن ياخشىلىق ۋە پەيغەمبەرﷺگە كۆيۈنۈش بولىدىغان ئىشلارلا بولىدىكەن، الله تائالا سىلەرنى ئۇ ئىشلارغا بۇيرۇشتىن ھايا قىلمايدۇ.② مانا بۇ — پەيغەمبەرﷺ نىڭ بىر كىشىنى مېھمان قىلىشتىكى ئەخلاقىنىڭ نامايەندىسىدۇر.

## ئىككىنچى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ باشقىلارنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ بېرىشى

پەيغەمبەرﷺ نىڭ باشقىلارنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ بارغاندىكى ئەدەپ-ئەخلاقلىرىغا كەلسەك، بۇنداق ۋاقىتتا ئۇ ناھايىتى كەمتەر بولۇپ، گەرچە ئاددىي تائامغا چاقىرىلسىمۇ باراتتى.

پەيغەمبەرﷺ مۇنداق دېگەن: «لو دعيت إلى ذراع أو كراع لأجبت» «قوينىڭ ئالدى قولى ياكى پاچىقى بىلەن تەييارلانغان مېھماندارچىلىق بولسىمۇ، مەن ھەر ئىككىلىسىگە ئۇخشاشلا باراتتىم».③

پەيغەمبەرﷺ قوي گۆشىنىڭ ئەڭ ياخشى يېرى ھېسابلىنىدىغان ئالدى قولى بىلەن، ئېتىبارسىز ھېسابلىنىدىغان پاچىقىنى بىرلىكتە ئالاھىدە تىلغا ئالغان. چۈنكى، پەيغەمبەرﷺ قوينىڭ ئالدى قولىنى ئەڭ ياخشى كۆرەتتى،

① سۈرە ئەھزاب 53- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② «تفسير السعدي» 1- توم 670- بەت.
③ بۇخارى توپلىغان.

لېكىن پاچىقىنى ياقتۇرمايتتى.[1]

### ❖ پەيغەمبەر ﷺ خىزمەتكار تاماقنى چاقىرغان بولسىمۇ باراتتى

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «دخلت مع النبي ﷺ على غلام له خياط، فقدم إليه قصعة فيها ثريد، وأقبل الغلام على عمله، فجعل النبي ﷺ يتتبع الدباء، فجعلت أتتبعه، فأضعه بين يديه، فما زلت بعد أحب الدباء» «پەيغەمبەر ﷺ بىلەن ئىككىمىز تىككۈچى خىزمەتكارىنىڭ يېنىغا كىردۇق. خىزمەتكار پەيغەمبەر ﷺ گە شورپا بار بىر تاۋاقنى سۇندى ۋە ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلىۋەردى. پەيغەمبەر ﷺ شورپىدىكى قاپاقنى تېرىپ يېگىلى تۇردى، شۇنىڭ بىلەن مەن قاپاقنى تېرىپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا قويدۇم. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن قاپاقنى ياخشى كۆرىدىغان بولدۇم».[2]

**ھەدىستىن ئېلىنىدىغان پايدىلار**

• تىككۈچىلىك كەسپىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى، ئابرۇيلۇق كىشىنىڭ ئۆزىدىن تۆۋەن ھۈنەرۋەن ياكى كەسپى يوق كىشىنىڭ تائامىنى يېسە ۋە چاقىرغان يېرىگە بارسا بولىدىغانلىقى ھەمدە خىزمەتكار بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ تائام يېسە بولىدىغانلىقى.

• پەيغەمبەر ﷺ نىڭ كەمتەرلىكى، ساھابىلىرىگە بولغان مۇلايىملىقى، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىشقا ۋەدىلەشكەنلىكى.

• گەرچە ئاز تاماققا چاقىرىلسىمۇ، بېرىشنىڭ لازىملىقى.

• مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويۇلغان نەرسىلەرنى بىر-بىرىگە ئېلىپ بېرىشكە بولىدىغانلىقى، ئەمما يەنە بىر كىشىنىڭ ئالدىدىن ئۆزىگە ئېلىشقا ياكى

[1] «فتح الباري» 5- توم 199- بەت.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

باشقىلارغا ئېلىپ بېرىشكە بولمايدىغانلىقى.

• ساھىبخانىنىڭ مېھمان بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ تاماق يېمەسلىكىنىڭ دۇرۇسلۇقى. چۈنكى، تىككۈچى ئۇلارنىڭ ئالدىغا تاماق ئەكىلىپ قويۇپ ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلىشقا كەتكەن، بۇنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەمەلىيىتىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بەلكىم تاماق ئاز بولغاچقا تىككۈچى ئۇلارنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن يېمىگەن بولۇشى، ياكى قورسىقى توق بولۇشى، ياكى روزىدار بولۇشى ۋە ياكى ئىشىنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئالدىرىغان بولۇشى مۇمكىن.[1]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ يەھۇدىينىڭ قەلبىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش ئۈچۈن، چاقىرغان يېرىگە بارغان**

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «أن يهوديا دعا النبي ﷺ إلى خبز شعير وإهالة سنخة، فأجابه» «بىر يەھۇدىي پەيغەمبەر ﷺ نى بىر تال ئارپا نېنى ۋە پۇراپ قالغان ئېرىتىلگەن ماي بىلەن مېھمان قىلىش ئۈچۈن چاقىرغان بولۇپ، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭ چاقىرغان يېرىگە بارغان».[2]

بۇ ھەدىستىن، ئەھلى كىتابلار چاقىرغان يەرگە بېرىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.

**❖ بىر كىشى پەيغەمبەر ﷺ نى مېھمان قىلىش ئۈچۈن چاقىرغاندا، پەيغەمبەر ﷺ چاقىرىلمىغان يەنە بىر كىشىنىڭمۇ تائامغا ھازىر بولۇشى ئۈچۈن ساھىبخانىدىن رۇخسەت سورىغان**

ئەبۇ مەسئۇد ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «كان رجل من الأنصار يقال له: أبو شعيب، وكان له غلام لحام، فرأى رسول اللّٰه ﷺ فعرف في وجهه الجوع، فقال لغلامه: ويحك، اصنع لنا طعاما لخمسة نفر، فإني أريد أن أدعو النبي ﷺ خامس خمسة، فصنع ثم أتى النبي

[1] «فتح الباري» 9ـ توم 529ـ بەت. «شرح النووي على صحيح مسلم» 13ـ توم 224ـ بەت.
[2] ئەھمەد توپلىغان. شۇئەيب ئەرنەئۇت «سەھىھ» دېگەن.

ﷺ فدعاه خامس خمسة واتبعهم رجل، فلما بلغ الباب، قال النبي ﷺ: إن هذا اتبعنا فإن شئت أن تأذن له وإن شئت رجع، قال: لا، بل آذن له يا رسول اللّٰه» «ئەنسارىلارنىڭ ئىچىدە ئەبۇ شۇئەيب ئىسىملىك بىر ئادەم بار بولۇپ، ئۇنىڭ قاسساپلىق قىلىدىغان بىر قۇلى بار ئىدى. ئەبۇ شۇئەيب رەسۇلۇللاھ ﷺ نى كۆرۈپ، ئۇنىڭ چىرايىدىن قورسىقىنىڭ ئاچلىقىنى ھېس قىلدى. شۇنىڭ بىلەن خىزمەتچىسىگە: <تېز بول، بەش كىشىلىك تاماق تەييارلىغىن! مەن پەيغەمبەر ﷺ نى بەش كىشىنىڭ قاتارىدا چاقىرىمەن> دېدى. خىزمەتچى تاماقنى تەييارلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ كىشى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنى بەش كىشىنىڭ قاتارىدا چاقىردى. لېكىن، ئۇلارغا بىر ئادەم ئەگىشىپ كەلدى. دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندە، پەيغەمبەر ﷺ: <بۇ كىشى بىزگە ئەگىشىپ كەلدى، خالىساڭ ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلغىن، خالىساڭ قايتىپ كەتسۇن> دېدى. ئۇ كىشى: <ياق، ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلىمەن> دېدى».[1]

**ھەدىستىن ئېلىنىدىغان پايدىلار**

- بىر ئادەمنى مېھمان قىلىش ئۈچۈن تاماق تەييارلىغان كىشىنىڭ تاماقنى ئۇنىڭغا ئەۋەتىپ بېرىش ياكى ئۇنى ئۆيىگە چاقىرىش ئىختىيارلىقى بولىدىغانلىقى.
- بىرەر كىشىنى تاماققا چاقىرىشتا، ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ۋە سۆھبەتداشلىرىنىمۇ بىرگە چاقىرىشنىڭ مۇستەھەبلىكى.
- ساھىبخانىنىڭ چاقىرىلمىغان مېھمانغا تائام بەرمىسىمۇ بولىدىغانلىقى، ساھىبخانىنىڭ رۇخسىتىسىز كىرگەن كىشىنى چىقىرىۋېتىشنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكى.[2]

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] «فتح الباري» 9- توم 560- بەت.

### ❖ پەيغەمبەر ﷺ گاھىدا بەزى ساھابىلىرىنىڭ ئۆزىنى مېھمان قىلىشى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە باراتتى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «خرج رسول اللّٰه ﷺ ذات يوم فإذا هو بأبي بكر وعمر، فقال: ما أخرجكما من بيوتكما هذه الساعة؟، قالا: الجوع يا رسول اللّٰه، قال: وأنا والذي نفسي بيده لأخرجني الذي أخرجكما، قوموا، فقاموا معه، فأتى رجلا من الأنصار فإذا هو ليس في بيته، فلما رأته المرأة، قالت: مرحبا وأهلا، فقال لها رسول اللّٰه ﷺ: أين فلان؟، قالت: ذهب يستعذب لنا من الماء، إذ جاء الأنصاري فنظر إلى رسول اللّٰه ﷺ وصاحبيه، ثم قال: الحمد للّٰه ما أحد اليوم أكرم أضيافا مني، فانطلق فجاءهم بعذق فيه بسر وتمر ورطب، فقال: كلوا من هذه، وأخذ المدية، فقال له رسول اللّٰه ﷺ: إياك والحلوب. فذبح لهم فأكلوا من الشاة ومن ذلك العذق وشربوا، فلما أن شبعوا ورووا، قال رسول اللّٰه ﷺ لأبي بكر وعمر: والذي نفسي بيده لتسألن عن هذا النعيم يوم القيامة، أخرجكم من بيوتكم الجوع، ثم لم ترجعوا حتى أصابكم هذا النعيم» «رەسۇلۇللاھ ﷺ بىر كۈنى سىرتقا چىقتى. شۇ ۋاقىتتا ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارمۇ سىرتقا چىققان ئىدى. ئۇلار ئۇچرىشىپ قېلىپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلاردىن: <ئىككىڭلار نېمە سەۋەبتىن چىقتىڭلار؟> دەپ سورىغانىدى، ئۇ ئىككىيلەن: <ئاچلىق سەۋەبىدىن، ئى رەسۇلۇللاھ!> دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: <جېنىم ئۇنىڭ قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەمكى، مەنمۇ شۇ سەۋەب بىلەن چىقتىم، مەن بىلەن يۈرۈڭلار> دېدى. ئاندىن ئۇ ئىككىسى پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىرلىكتە بىر ئەنسارىنىڭ ئۆيىگە باردى، لېكىن ئۇ ئەنسارى ئۆيىدە يوق ئىدى. ئەنسارىنىڭ ئايالى رەسۇلۇللاھ ﷺ نى كۆرۈپ: <خۇش كەپسىلەر، قارشى ئالىمىز> دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭدىن: <پالانى قەيەردە؟> دەپ سورىغانىدى، ئۇ ئايال: <بىزگە تاتلىق سۇ ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن كەتكەنىدى> دېدى. شۇ پەيتتە ئۇ ئەنسارىمۇ كەلدى. ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋە ھەمراھلىرىغا قاراپ: <اللّٰه قا شۈكرى! بۈگۈن مېنىڭ مېھمانلىرىمدىنمۇ ئەزىز

مېھمىنى باركىشى بولماس› دېدى ۋە ئۇلارنىڭ ئالدىغا بەزىسى پىشقان، بەزىسى توك ۋە بەزىسى پىشىپ قاق بولۇپ كەتكەن بىر شاخ خورما ئېلىپ كەلدى. ئاندىن: ‹يەڭلار!› دېدى ۋە قولىغا پىچاق ئالدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا: ‹ساغلىقنى ئۆلتۈرمە› دېدى.

ئەنسارى ئۇلارغا بىر قوي سويدى. ئۇلار قوينىڭ گۆشىدىن، خورمىلاردىن يېدى ۋە ئۇسسۇلۇق ئىچتى. ئۇلار تويغاندا رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارغا: ‹جېنىم قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەمكى، سىلەر قىيامەت كۈنى مۇشۇ نېئمەتتىن سورىلىسىلەر، چۈنكى ئاچ قورساقلىق سىلەرنى ئۆيۈڭلاردىن چىقاردى، ئاندىن بۇ نېئمەتكە ئېرىشمىگۈچە قايتمىدىڭلار› دېدى».[①]

**ھەدىستىن ئېلىنىدىغان پايدىلار**

- پەيغەمبەر ﷺ ۋە مۆتىۋەر ساھابىلەرنىڭ ئازغىنە دۇنيالىق نەرسىلەرگە قانائەتلەنگەنلىكى، بەزى ۋاقىتلاردا تۇرمۇشتىكى قاتتىقچىلىق ۋە ئاچارچىلىق بىلەن سىنالغانلىقى.
- ئىنساننىڭ ئۆزگە يەتكەن قاتتىقچىلىق ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى شىكايەت قىلىش ۋە نارازىلىق ئاساسىدا ئەمەس، بەلكى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مۇشۇ ھەدىستە قىلغىنىغا ئوخشاش قانائەتلىنىش، سەۋر قىلىش، ئاشۇ ئىشنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ياردەم ياكى دۇئا تەلەپ قىلىش ئاساسىدا بايان قىلىشنىڭ دۇرۇسلۇقى.

مانا بۇ ئىشلارنىڭ ھېچبىرى يامان كۆرۈلمەيدۇ، ئەمما شىكايەت قىلىش، نارازى بولۇش ۋە نالە ـ پەرياد قىلىش يامان كۆرۈلىدۇ.

① مۇسلىم توپلىغان.

• مېھماننى ياخشى سۆز ۋە ياخشى نەرسىلەر بىلەن ھۆرمەتلەش، ئۇنىڭ كەلگىنىگە خۇرسەن بولغانلىقىنى ئىزھار قىلىش ۋە ئۇنى قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋېلىشنىڭ مۇستەھەبلىكى، بۇنداق قىلىشنىڭ مېھماننى ھۆرمەتلىگەنلىك بولىدىغانلىقى.

• يات ئايال كىشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ھاجەت مىقدارىدا جاۋاب قايتۇرۇشنىڭ دۇرۇسلۇقى.

• ئايال كىشىنىڭ ئېرىنىڭ ياقتۇرىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلىدىغان بىر كىشىنى خىلۋەتتە قالماسلىق شەرتى ئاستىدا، ئۆيىگە باشلىسا دۇرۇس بولىدىغانلىقى.

• سۇنى تاتلىق ۋە تەملىك دېيىشنىڭ دۇرۇسلۇقى.

• نېئمەتكە ئېرىشكەندە الله تائالاغا ھەمدە ئېيتىشنىڭ مۇستەھەبلىكى، يەنە شۇنىڭدەك، قۇتۇلۇشنى خالايدىغان بىر يامانلىقتىن قۇتۇلغاندا ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ئەھۋاللاردا الله قا ھەمدە ئېيتىشنىڭ مۇستەھەبلىكى.

• مېھماننىڭ كەلگەنلىكىگە خۇرسەن بولغانلىقىنى چىرايىدا ئىپادىلەش ۋە الله قا ھەمدە ئېيتىشنىڭ مۇستەھەبلىكى، شۇنداق بولغاندا مېھماننىڭمۇ خۇشال بولىدىغانلىقى.

• ئەگەر پىتنىدىن ئەندىشە قىلمىسا، مېھماننى ماختاشنىڭ دۇرۇسلۇقى؛ ئەگەر ئەندىشە قىلىپ قالسا، يۈزتۇرانە ماختاشقا بولمايدىغانلىقى.

• ئۇ ئەنسارىنىڭ ناھايىتى پەزىلەتلىك، ناتىق ۋە دانا كىشى ئىكەنلىكى. چۈنكى، ئۇ ئەنسارى كىشى بۇ ئورۇندا شۇنداق گۈزەل ۋە قىسقا سۆزلەرنى قىلغان.

• مېھمانغا نان، گۆش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا تائاملارنى ئېلىپ كېلىشتىن ئىلگىرى مېۋە-چېۋە ئېلىپ كېلىشنىڭ مۇستەھەبلىكى.

• مېھمانغا ئاۋۋال ئۆيدىكى تەييار يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ چىقىش،

ئۇنىڭدىن كېيىن مېھماننىڭ قورسىقىنىڭ ئاچلىقىنى بىلگەندە، تائام تەييارلاپ ئۇنى ھۆرمەتلەشنىڭ مۇستەھەبلىكى. مېھمان بەزىدە تائامنىڭ تېزرەك چىقىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ، بەزىدە قايتىشقا ئالدىراپ تەييارلىنىۋاتقان تاماققا ساقلاپ بولالمايدۇ.

بىر قىسىم سەلەفلەر مېھماننىڭ ئېغىر تەلەپ قويۇشىنى ياخشى كۆرمەيتتى. ھالبۇكى، ئېغىر تەلەپ قويۇش ـــ ساھىبخانىنى قىيناپ قويىدۇ. چۈنكى، ئېغىر تەلەپ قويغاندا ساھىبخانىنىڭ ئىخلاسى ۋە مېھماننىڭ كەلگەنلىكىگە بولغان خۇرسەنچىلىكى سۇسلاپ قالىدۇ. بەزىدە ساھىبخانىدىن بىرەر سەۋەنلىك سادىر بولۇپ قالسا، مېھمانمۇ شۇ سەۋەبلىك ئوڭايسىزلىنىپ قالىدۇ.

• مېھمان بولۇپ بارغان يەردە قورساق تويغۇچە نەرسە يېيىشنىڭ دۇرۇسلۇقى. تويغۇچە نەرسە يېيىشنى يامان كۆرۈش ھەققىدىكى ھەدىسلەر توقلۇق ئۈستىگە داۋاملىق يېيىشكە قارىتىلغان. چۈنكى، توقلۇق ئۈستىگە داۋاملىق يېيىش قەلبنى قاتۇرىدۇ ۋە موھتاجلارنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ.[1]

لەقىت ئىبنى سەبىرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «قدمنا على رسول الله ﷺ، فلم نصادفه في منزله وصادفنا عائشة أم المؤمنين، قال: فأمرت لنا بخزيرة فصنعت لنا وأتينا بقناع، ثم جاء رسول الله ﷺ، فقال: هل أصبتم شيئا أو أمر لكم بشيء؟. قال: قلنا: نعم يا رسول الله. قال: فبينا نحن مع رسول الله ﷺ جلوس، إذ دفع الراعي غنمه إلى المراح ومعه سخلة تيعر، فقال: ما ولدت يا فلان، قال: بهمة. قال فاذبح لنا مكانها شاة. ثم قال: لا تحسبن أنا من أجلك ذبحناها، لنا غنم مائة لا نريد أن تزيد، فإذا ولد الراعي بهمة ذبحنا مكانها شاة»

«بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنى ئۆيىدىن تاپالماي تۇرغاندا، مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ئۇچراتتۇق. ئائىشە

---

[1] «شرح النووي على صحيح مسلم» 13ـ توم 213ـ بەت.

رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىزگە ‹خەزىرە› دېگەن تائامنى تەييارلاشقا بۇيرۇغانىدى، تائام تەييارلىنىپ كەلتۈرۈلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بىزگە بىر تاۋاق خورما كەلتۈرۈلدى. ئاردىن كۆپ ئۆتمەي رەسۇلۇللاھ ﷺ كېلىپ: ‹بىر نەرسە يېدىڭلارمۇ ياكى تاماقما ساقلاۋاتامسىلەر؟› دەپ سورىغانىدى، بىز: ‹يېدۇق، ئى رەسۇلۇللاھ!› دېدۇق. بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن ئولتۇرغان ئىدۇق، شۇ پەيتتە پادىچى قويلىرىنى قوتانغا ھەيدەپ كەلدى. پادىلارنىڭ ئارىسىدا مەرەپلا تۇرىدىغان بىر پاقلان بار ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹ئى پالانى! قوي تۇغقان ئوخشىمامدۇ (ئەركەكمۇ ياكى چىشىمۇ)؟› دەپ سورىغانىدى، ئۇ: ‹ھەئە، چىشى› دەپ جاۋاب بەردى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹ئۇنىڭ ئورنىغا بىزگە بىر قوي سويىمامسەن؟› دېدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ ماڭا: ‹بىزنى سەن سەۋەبلىك قوي بوغۇزلىدى دەپ ئويلاپ قالمىغىن، بىزنىڭ 100 تۇياق قويىمىز بار بولۇپ، قوي سانىنىڭ 100 دىن ئېشىپ كېتىشىنى خالىمايمىز، شۇڭا ئەگەر بىر قوزا تۇغۇلسا، ئۇنىڭ ئورنىغا بىر قوي بوغۇزلايمىز› دېدى».[①]

رەسۇلۇللاھ ﷺ قوينىڭ زىيادە ئۇچۇن سويۇلمىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ۋە رىيادىن ساقلىنىش ئۈچۈن شۇنداق دېگەن.

### ھەدىستىن ئېلىنىدىغان پايدىلار

• مېھمان بولۇپ كەلگەن كىشى ساھىبخانىنى تاپالمىسا، ساھىبخانىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ مېھمانغا تائام بېرىشى ۋە ساھىبخانىنىڭ كېلىشىنى ساقلىماسلىقىنىڭ مۇستەھەبلىكى.

• مېھمانغا ئۆيدىكى ئەڭ ياخشى يېمەكلىكنى ئېلىپ چىقىشنىڭ مۇستەھەبلىكى.[②]

---

① ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② ئەينىينىڭ «شرح أبي داود» ناملىق كىتابى 1- توم 335- بەت.

**❖ پەيغەمبەر ﷺ مېھمان كۈتۈش ئىشلىرىدا ئۇمۇمىي جەھەتتىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئەگەشكەن**

الله تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مېھمانلىرى بىلەن بولغان قىسسىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿هَلْ أَتَاكَ حَدِيثُ ضَيْفِ إِبْرَاهِيمَ الْمُكْرَمِينَ۞ إِذْ دَخَلُوا عَلَيْهِ فَقَالُوا سَلَامًا قَالَ سَلَامٌ قَوْمٌ مُنْكَرُونَ۞ فَرَاغَ إِلَى أَهْلِهِ فَجَاءَ بِعِجْلٍ سَمِينٍ۞ فَقَرَّبَهُ إِلَيْهِمْ قَالَ أَلَا تَأْكُلُونَ۞ فَأَوْجَسَ مِنْهُمْ خِيفَةً قَالُوا لَا تَخَفْ وَبَشَّرُوهُ بِغُلَامٍ عَلِيمٍ۞﴾ «(ئى مۇھەممەد!) ساڭا ئىبراھىمنىڭ ھۆرمەتلىك مېھمانلىرىنىڭ خەۋىرى يەتتىمۇ؟ [24] ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار ئىبراھىمنىڭ يېنىغا كىرىپ سالام دېدى، ئىبراھىم سالامنى ئىلىك ئالدى. (ئىچىدە) <ناتونۇش ئادەملەرغۇ> دېدى [25]. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاستا ئائىلىسىگە چىقىپ (پىشۇرۇلغان) بىر سېمىز موزايىنى ئېلىپ كىرىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ: <يېمەمسىلەر> دېدى [26-27]. (ئۇلارنىڭ تاماق يېمىگەنلىكىنى كۆرۈپ) دىلىدا ئۇلاردىن قورقتى، ئۇلار <قورقمىغىن (بىز پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەلچىلىرىمىز)> دېدى، ئۇلار ئىبراھىمغا بىلىملىك بىر ئوغۇل بىلەن خۇش خەۋەر بەردى [28]»[①].

**بۇ قىسسە زىياپەتنىڭ نۇرغۇن ئەدەبلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان**

• بىرىنچى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى تاماققا چىقىشقا بۇيرۇماستىن، ئۆزى ئۇلارغا تاماق ئېلىپ كەلگەن. ﴿فَقَرَّبَهُ إِلَيْهِمْ﴾ «ئۇلارنى تاماققا تەكلىپ قىلماستىن، ئۆزى تاماقنى ئېلىپ كەلگەن» دېگەنلىك بولىدۇ.

• ئىككىنچى، تاماقنى تېز ئېلىپ كېلىش. چۈنكى، الله تائالا «ثم جاء» «ئاندىن كېيىن ئېلىپ كەلدى» دېمەستىن ﴿فَجَاءَ بِعِجْلٍ سَمِينٍ﴾ «(پىشۇرۇلغان) بىر سېمىز موزايىنى (شۇئان) ئېلىپ كەلدى» دېگەن.

① سۈرە زارىيات 24 ـ ئايەتتىن 28 ـ ئايەتكىچە.

• ئۈچىنچى، ئۇلارنى خىجىل قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئۇلارغا بىلدۈرمەستىن تائام تەييارلاش. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَرَاغَ إِلَى أَهْلِهِ﴾ «ئۇ ئاستا ئائىلىسىگە چىقىپ». يەنى بىلدۈرمەستىن چىقىپ كېتىپ ئۇلارغا تائام ئېلىپ كەلدى.

• تۆتىنچى، ئەڭ ياخشى تاماقنى تاللاش. ﴿فَجَاءَ بِعِجْلٍ سَمِينٍ﴾ «(پىشۇرۇلغان) بىر سېمىز موزاينى ئېلىپ كەلدى». الله تائالا يەنە بىر ئايەتتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَمَا لَبِثَ أَنْ جَاءَ بِعِجْلٍ حَنِيذٍ﴾ «ئۇ ئۇزاققا قالماي بىر موزاينى كاۋاپ قىلىپ ئېلىپ كەلدى». «الحنيذ» ــ «قىزىتىلغان تاش ئۈستىدە پىشۇرۇلغان گۆش» دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ ئەڭ لەززەتلىك ۋە ئاسان ھەزىم بولىدۇ.

• بەشىنچى، مېھمانغا چىرايلىق شەكىلدە تائام سۇنۇش. ﴿فَقَرَّبَهُ إِلَيْهِمْ﴾ «(تاماقنى) ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ»، ﴿قَالَ أَلَا تَأْكُلُونَ﴾ «يېمەمسىلەر؟ دېدى».

• ئالتىنچى، ﴿قَالَ سَلَامٌ قَوْمٌ مُنْكَرُونَ﴾ «ئىبراھىم سالامنى ئىلىك ئالدى. (ئىچىدە) <ناتونۇش ئادەملەرغۇ> دېدى». يەنى، «مەن تونۇمايدىغان مېھمانلاركەنغۇ؟» دېدى. دېمەك، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام تونۇغان ۋە تونۇمىغان بارلىق كىشىلەرنى قارشى ئالاتتى. مانا بۇ ــ ئۇنىڭ سېخىيلىقىنىڭ يارقىن ئىپادىسىدۇر. ئۇ بارلىق كىشىلەرنى ھۆرمەتلەيدىغان بولۇپ، ناتونۇش كىشىلەرنى سېمىز موزاينىڭ گۆشى بىلەن مېھمان قىلىشى ــ يۈكسەك سېخىيلىق ۋە مەردلىكنىڭ روشەن كۆرۈنۈشىدۇر.

مانا بۇلار ــ مۇشۇ قىسسىدىكى زىياپەت ئەخلاقلىرىنىڭ يىغىندىسىدۇر. پەيغەمبەرﷺ مەيلى ساھىبخانا ياكى مېھمان بولسۇن، ئۇنىڭ سۈننەتلىرى ئۇنىڭ ئەدەب ـ ئەخلاقلىرى جىلۋىلەنگەن كۆرۈنۈشلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن.

7 ـ باب

# پەيغەمبەر ﷺ نىڭ خۇسۇسىي ساھابىلىرى بىلەن بولغان مۇئامىلىسى

ساھابىلەرنىڭ ئىسلامدىكى ئورۇن ۋە شان ـ شەرىپى ھېچكىمگە مەخپىي ئەمەس، چۈنكى ئۇلار بۇ ئۇممەت ئىچىدىكى قەلبى ئەڭ پاك، ئەڭ ئىلىملىك، تەكەللۇپى ئەڭ ئاز، ئەڭ توغرا يول تاپقان ۋە ئەھۋالى ئەڭ ياخشى كىشىلەردۇر. ئۇلار الله تائالا پەيغەمبىرىنىڭ ھەمراھلىقىغا ۋە زېمىندا دىنىنى بەرپا قىلىشقا تاللىغان كىشىلەردۇر. الله تائالا ئۇلارنى قۇرئان كەرىمدە كۆپلىگەن ئورۇندا ماختىغان. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَالسَّابِقُونَ الْأَوَّلُونَ مِنَ الْمُهَاجِرِينَ وَالْأَنْصَارِ وَالَّذِينَ اتَّبَعُوهُمْ بِإِحْسَانٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمْ وَرَضُوا عَنْهُ وَأَعَدَّ لَهُمْ جَنَّاتٍ تَجْرِي تَحْتَهَا الْأَنْهَارُ خَالِدِينَ فِيهَا أَبَدًا ذَلِكَ الْفَوْزُ الْعَظِيمُ﴾ «ھەممىدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقان مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارىلاردىن، ياخشىلىق قىلىش بىلەن ئۇلارغا ئەگەشكەنلەر (يەنى تابىئىنلار ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارنىڭ يولىدا ماڭغانلار) دىن الله رازى بولدى، ئۇلارمۇ الله تىن مەمنۇن بولدى. الله ئۇلارغا ئاستىدىن ئۆستەڭلار ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرنى تەييارلىدى، ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈ قالىدۇ، بۇ چوڭ بەختتۇر»[1].

ساھابىلەرنىڭ پەيغەمبەر ﷺ بىلەن سۆھبەتداش بولۇشتىكى دەرىجىلىرى پەرقلىق بولۇپ، شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «ساھابە دېگەن نام ـــ ئاز ياكى كۆپ بولسۇن، پەيغەمبەر ﷺ بىلەن سۆھبەتداش بولغان بارلىق كىشىلەرگە قارىتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىر يىل، بىر ئاي، بىر كۈن ياكى بىر سائەت سۆھبەتداش بولغان ۋە ياكى مۇئمىن ھالەتتە پەيغەمبەر ﷺ نى كۆرگەن كىشىلەرمۇ بولغاچقا، ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسى

[1] سۈرە تەۋبە 100 ـ ئايەت.

سۆھبەتلىشىش ۋاقتىغا ئاساسەن پەرقلىنىدۇ».[1]

بىز بۇ تېمىدا پەقەت پەيغەمبەر ﷺ نىڭ داۋاملىق ھەمسۆھبەتتە بولغان ساھابىلىرى بىلەن بولغان مۇئامىلىسى ھەققىدىلا توختىلىمىز.

ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ گەۋدىلىك بولغانلىرى ئەبۇبەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى، زۇبەير، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد، ھۇزەيفە ئىبنى يەمانى ۋە ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم قاتارلىقلاردۇر.

ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار پەيغەمبەرﷺ گە ئەڭ كۆپ ھەمراھ بولغان. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «كنت كثيرا أسمع رسول اللَّه ﷺ يقول: ذهبت أنا وأبو بكر وعمر، ودخلت أنا وأبو بكر وعمر، وخرجت أنا وأبو بكر وعمر» «مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ <ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر ئۈچىمىز بىللە باردۇق؛ ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر ئۈچىمىز بىللە كىردۇق؛ ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر ئۈچىمىز بىللە چىقتۇق> دېگىنىنى كۆپ ئاڭلىغان ئىدىم».[2]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ كىشىلەر ئارىسىدا تۇرۇپ، ئۇلارنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى جاكارلىغان**

عن أبي عثمان أن رسول اللَّه ﷺ بعث عمرو بن العاص على جيش ذات السلاسل قال «فأتيته فقلت: أي الناس أحب إليك؟ قال: عائشة، قلت: من الرجال؟، قال: أبوها، قلت: ثم من؟، قال: ثم عمر بن الخطاب.

ئەبۇ ئوسماندىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: پەيغەمبەرﷺ ئەمىر ئىبنى ئاسنى بىر قوشۇنغا قوماندان قىلىپ، زاتۇسسەلاسىلغا ئەۋەتتى. ئەمىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەرﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ:

[1] «مجموع الفتاوى» 4- توم 464- بەت.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ـــ (ئىنسانلاردىن) كىم ساڭا ئەڭ سۆيۈملۈك؟ ـــ دەپ سورىسام:

ـــ ئائىشە، ـــ دېدى. مەن:

ـــ ئەرلەردىنچۇ؟ ـــ دەپ سورىغانىدىم:

ـــ ئۇنىڭ دادىسى (ئەبۇ بەكرى)، ـــ دېدى. مەن يەنە:

ـــ ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟ ـــ دەپ سورىسام:

ـــ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ـــ دېدى.[1]

قۇرتۇبى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىستىن، ئەر ياكى ئايال بولسۇن، ئۆزىگە نىسبەتەن سۆيۈملۈك كىشىلەرنى تىلغا ئېلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىنى، ئەگەر تىلغا ئېلىنغۇچى ياخشى ۋە دىندار كىشى بولىدىغانلا بولسا، تىلغا ئالغۇچىنىڭ ئەيىبلەنمەيدىغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ».

پەيغەمبەر ﷺ تۇنجى بولۇپ ئۆزىنىڭ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتقان. چۈنكى، بۇنداق ياخشى كۆرۈش ئىنسان تەبىئىتىدە ئەسلىدىنلا مەۋجۇد بولغان ياخشى كۆرۈشنى ۋە دىنىي قېرىنداشلىق سەۋەبىدىن ياخشى كۆرۈشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. لېكىن، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن باشقىلارنى ياخشى كۆرۈشكە كەلسەك، بۇ پەقەت دىن ئۈچۈن ياخشى كۆرۈشتۇر. شۇڭلاشقا، پەيغەمبەر ﷺ ئىنسان تەبىئىتىدە ئەسلىدىنلا مەۋجۇد بولغان ياخشى كۆرۈشنى دىن سەۋەبلىك ياخشى كۆرۈشتىن ئىلگىرى تىلغا ئالغان.

پەيغەمبەر ﷺ دىن: «ئەرلەردىنچۇ؟» دەپ سورالغاندا، پەيغەمبەر ﷺ: «ئۇنىڭ دادىسى» دەپ جاۋاب بەرگەن. چۈنكى، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىسلامغا ئاۋۋال كىرگەن؛ الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىغا، ئىسلام ۋە ئۇنىڭ ئەھلىگە سەمىمىي

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

بولغان؛ الله ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ئۈچۈن جېنى ۋە مېلىنى قۇربان قىلغان.[1]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ باشقىلارنىڭ ئۇلار ھەققىدە ناچار سۆزلەرنى قىلىشىغا يول قويمىغان**

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «كان بين خالد بن الوليد، وبين عبد الرحمن بن عوف شيء فسبه خالد، فقال رسول اللّٰه ﷺ: لا تسبوا أصحابي، فلو أن أحدكم أنفق مثل أحد ذهبا ما بلغ مد أحدهم ولا نصيفه» «خالىد ئىبنى ۋەلىد بىلەن ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف جېدەللىشىپ قېلىپ، خالىد ئۇنى تىللىغان ئىدى. (بۇنى ئاڭلىغان) رەسۇلۇللاھ ﷺ: <مېنىڭ ساھابىلىرىمنى تىللىماڭلار! بىرىڭلار ئۇھۇد تېغىچىلىك ئالتۇن سەدىقە قىلسىمۇ، ئۇلارنىڭ بىرى سەدىقە قىلغان بىر مۇد چاغلىق نەرسىنىڭ ساۋابىغا، ھەتتا ئۇنىڭ يېرىمىغىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ> دېدى».[2]

مۇد ـــ ئىككى ئالقان توشقىچىلىك مىقداردىكى ئۆلچەم بولۇپ، بىر سانىڭ[3] تۆتتىن بىرىگە تەڭ.

ھەدىستە دېيىلگەن ئۇ ساھابىلەر ئۆزى موھتاج ۋە قىيىنچىلىقتا تۇرۇپمۇ نەپىقە قىلغان، نەپىقىسىنى پەيغەمبەر ﷺ گە ياردەم بېرىش ۋە ئۇنى قوغداش ئۈچۈن ئىشلەتكەن ئىدى. شۇڭلاشقا، ئۇ ساھابىلەرنىڭ نەپىقىلىرى ناھايىتى پەزىلەتلىك ھېسابلانغان، ئەمما كېيىنكىلەرنىڭ دەۋرلىرىگە كەلگەندە بۇنداق ھالەتلەر يوقۇلۇپ كېتىشكە باشلىدى.

ئۇلارنىڭ قىلغان جىھادى ۋە باشقا ئەمەللىرىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشلا ناھايىتى پەزىلەتلىكتۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿لَا يَسْتَوِي مِنْكُمْ مَنْ أَنْفَقَ مِنْ قَبْلِ

[1] «المفهم» 9ـ توم 71ـ بەت. «فيض القدير» 1ـ توم 218ـ بەت.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[3] ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، بىر سا ئىككى كىلو 40 گىرامغا تەڭ بولىدۇ.

﴿الْفَتْحِ وَقَاتَلَ أُولَئِكَ أَعْظَمُ دَرَجَةً مِنَ الَّذِينَ أَنْفَقُوا مِنْ بَعْدُ وَقَاتَلُوا﴾ «سىلەردىن مەككە پەتھى قىلىنىشتىن ئىلگىرى پۇل-مال سەرپ قىلغانلار ۋە (رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرلىكتە تۇرۇپ دۇشمەنلەر بىلەن) ئۇرۇشقانلار (مەككە پەتھى قىلىنغاندىن كېيىن پۇل-مال) نەپىقە قىلغانلار ۋە ئۇرۇشقانلار (بىر-بىرى بىلەن) باراۋەر ئەمەس، ئەنە شۇلارنىڭ دەرىجىسى (مەككە پەتھى قىلىنغاندىن) كېيىن نەپىقە قىلغان ۋە ئۇرۇشقانلارنىڭ (دەرىجىسىدىن) چوڭدۇر»[①].

مەككە پەتھىسىدىن ئىلگىرى مال چىقىم قىلغان ۋە ئۇرۇش قىلغانلارنىڭ ساۋابىنىڭ يۇقىرى بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، ئۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭغا بولغان ئېھتىياج كۈچلۈك ۋە كۆڭۈل بۆلىدىغان كىشىلەر ئاز بولغان. ۋەھالەنكى، مەككە پەتھىسىدىن كېيىن ئىش ئەكسىچە بولغان بولۇپ، كىشىلەر الله نىڭ دىنىغا توپ-توپ بولۇپ كىرىشكە باشلاپ، مۇسۇلمانلارنىڭ سانى كۆپەيگەن. شۇڭا مەككە پەتھىسىدىن كېيىنكى ئەھۋال بىلەن ئىلگىرىكى ئەھۋال ئوخشىمايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدى كۆيۈمچانلىق، دوستلۇق، كەمتەرلىك، باشقىلارنى ئۆزىدىن ئەلا بىلىش ۋە الله يولىدا ھەقىقىي جىھاد قىلىش روھى بىلەن سۇغۇرۇلغانىدى.

پەيغەمبەر ﷺ بىلەن بىر مىنۇت بولسىمۇ سۆھبەتداش بولۇشنىڭ پەزىلىتىگە ھېچقانداق ئەمەل باراۋەر بولالمايدۇ ۋە ئۇنىڭ دەرىجىسىگە يېتىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. پەزىلەتكە قىياس بىلەن ئېرىشكىلى بولمايدۇ، بەلكى ئۇ الله نىڭ پەزلى بولۇپ، الله ئۇنى خالىغان كىشىگە بېرىدۇ.[②]

پەيغەمبەر ﷺ ھەدىستىكى «أصحابي» «ساھابىلىرىم» دېگەن سۆزىدە پەزىلىتى

---

[①] سۈرە ھەدىد 10- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[②] «شرح النووي على صحيح مسلم» 16- توم 39- بەت.

يوقىرى ساھابىلىرىنى كۆزدە تۇتقان. ئۇلار مەككە پەتھىسىدىن ئىلگىرى ئىسلام كەلتۈرۈپ، پەيغەمبەرﷺ گە ئۇزاق مۇددەت سۆھبەتداش بولغان، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇرۇشلارغا قاتناشقان، اللە يولىدا مال چىقىم قىلغان، ھىجرەت قىلغان ۋە پەيغەمبەرﷺ گە ياردەم بەرگەن كىشىلەردۇر.

مۇھاجىر ۋە ئەنسارى ساھابىلەر ئىچىدە ھەممىدىن ئىلگىرى ئىمان ئېيتقانلار باشقا ساھابىلەردىن ئەۋزەلدۇر. چۈنكى، خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇ ۋاقىتتا ساھابىلەرنىڭ قاتارىدىن سانالسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئۇنىڭغا يۇقىرىقى سۆز بىلەن خىتاب قىلىنغان.

ئىبنى ھەجەر (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ (كېيىن ئىسلامغا كىرگەن) بەزى ساھابىلەرگە بۇرۇن ئىمان ئېيتقان پېشقەدەم ساھابىلەرنى تىللاشتىن توسۇپ خىتاب قىلغان يەردە، پەيغەمبەرﷺ نى كۆرۈپ باقمىغان ۋە پەيغەمبەرﷺ ئۇلارغا بىۋاستە سۆز قىلمىغان كىشىلەرنى بۇرۇن ئىمان ئېيتقانلارنى تىللاشتىن توسۇش تېخىمۇ بەك ۋاجىبتۇر».[1]

پەيغەمبەر ﷺ خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە «ھۇدەيبىيە سۈلھىسى»گە قاتناشقان مۇسۇلمانلارنى بۇ ئىشتىن توسقان يەردە، پەيغەمبەرﷺ نىڭ ساھابىلىرى بولمىغانلارنىڭ پەيغەمبەرﷺ نىڭ ساھابىلىرىنى تىللىشى قانداقمۇ لايىق بولىدۇ؟!

ئىمام نەۋەۋى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «شۇنى بىلىش لازىمكى، پىتنىگە ئارىلاشقان ياكى ئارىلاشمىغان ساھابە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ساھابىلەرنى تىللاش قەبىھ ھارامدۇر. چۈنكى، ئۇلار ئۇ ئۇرۇشلارغا ئىجتىھاد ۋە تەئۋىل قىلىپ قاتناشقان. قانداقلا بىر ساھابىنى تىللاش چوڭ گۇناھلاردىن ھېسابلىنىدۇ. بىز ۋە كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ قارىشىدا <ساھابىلەرنى

[1] «فتح الباري» 7- توم 34- بەت.

تىللىغانلارغا تەزىر بېرىلىدۇ، ئەمما ئۆلتۈرۈلمەيدۇ>. مالىكىي مەزھىبىدىكى بەزى ئالىملار <ئۆلتۈرۈلىدۇ> دەپ قارايدۇ». ①

ئىبنى كەسىر (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «الله تائالا ھەممىدىن بۇرۇن ئىمان ئېيتقان مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلاردىن ھەمدە ياخشىلىق يوللىرى ئارقىلىق ئۇلارغا ئەگەشكەنلەردىن ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەن رازى بولغانلىقىنى ئوچۇق بايان قىلغان. ئۇلارغا دۈشمەنلىك قىلغان، ياكى ئۇلارنى تىللىغان، ياكى ئۇلارنىڭ بەزىلىرىگە دۈشمەنلىك قىلغان ۋە ياكى بەزىلىرىنى تىللىغان كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن كېيىنكى ئۇلۇغ ساھابىلەرگە دۈشمەنلىك قىلغان ۋە ئۇلارنى تىللىغان كىشىلەرنىڭ ھالىغا ۋاي! ساھابىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ۋە ئەڭ ئۇلۇغى خەلىپە ئەبۇبەكرى ئىبنى قۇھافە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر.

رافىزىيلاردىن ئىبارەت بىر بۆلۈك ئازغۇنلار ساھابىلەرنىڭ كاتتىلىرىغا دۈشمەنلىك قىلىدۇ، ئۇلارنى يامان كۆرىدۇ ۋە تىللايدۇ. الله تائالاغا سېغىنىپ ئۇلارنىڭ قىلمىشىدىن پاناھ تىلەيمىز! ئۇلارنىڭ بۇ قىلمىشلىرى ئۇلارنىڭ نەقەدەر ئەقىلسىز ۋە دىللىرىنىڭ نەقەدەر پەسكەشلىك بىلەن تولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ». ②

❖ **پەيغەمبەر ﷺ ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي ساھابىلىرىنىڭ مەرتىۋىسى ۋە قەدىر ـ قىممىتىنى كىشىلەرگە تونۇتقان ھەمدە ئۇلارنى لايىق ئورۇنغا قويۇشقا چاقىرغان**

عن أبي الدرداء رضي اللّه عنه قال: كانت بين أبى بكر وعمر محاورة، فأغضب أبو بكر عمر، فانصرف عنه عمر مغضبا، فاتبعه أبو بكر يسأله أن يستغفر له، فلم يفعل حتى أغلق بابه فى وجهه، فأقبل أبو بكر إلى رسول اللّه ﷺ. قال أبو الدرداء كنت جالسا عند النبي ﷺ ، إذ أقبل أبو بكر

① «شرح النووي على صحيح مسلم» 16 ـ توم 93 ـ بەت.

② «تفسير ابن كثير» 4 ـ توم 203 ـ بەت.

آخذا بطرف ثوبه، حتى أبدى عن ركبته، فقال: النبي ﷺ: أما صاحبكم فقد غامر. فسلم وقال: إني كان بيني وبين ابن الخطاب شيء، فأسرعت إليه ثم ندمت، فسألته أن يغفر لي، فأبى علي، فأقبلت إليك، فقال: يغفر اللّٰه لك يا أبا بكر!. يغفر اللّٰه لك يا أبا بكر!. يغفر اللّٰه لك يا أبا بكر!. ثلاثا. ثم إن عمر ندم، فأتى منزل أبي بكر، فسأل: أثم أبو بكر؟ فقالوا: لا. فأتى إلى النبي ﷺ، فسلم. فجعل وجه النبي ﷺ يتمعر، حتى أشفق أبو بكر، فجثا على ركبتيه، فقال: يا رسول اللّٰه! واللّٰه أنا كنت أظلم، واللّٰه أنا كنت أظلم، فقال: النبي ﷺ: إن اللّٰه بعثني إليكم! فقلتم كذبت. وقال أبو بكر: صدق، وواساني بنفسه وماله، فهل أنتم تاركو لي صاحبي؟ هل أنتم تاركو لي صاحبي؟ فما أوذي بعدها.

ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئارىسىدا مۇنازىرە بولۇپ قېلىپ، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى خاپا قىلىپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ غەزەپلەنگەن ھالدا قايتىپ ماڭغاندا، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كەچۈرۈم قىلىشىنى سوراپ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى كەچۈرمەستىن، ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى تاقىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا كەلدى.

مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھۇزۇرىدا ئولتۇراتتىم، شۇ پەيتتە ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىيىمىنى تىزىغىچە تۇرگەن ھالدا يېتىپ كەلدى. پەيغەمبەر ﷺ: «بۇرادىرىڭلار جېدەللىشىپ قالغان ئوخشايدۇ» دېدى. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سالام قىلىپ بولغاندىن كېيىن: «ئۆمەر بىلەن ئارىمىزدا ئازراق كۆڭۈلسىزلىك بولۇپ ئۆتتى، مەن ئىتتىكلىك قىلىپ قويۇپ، كېيىن پۇشايمان قىلىپ ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىسام، ئۇ مېنى كەچۈرۈۋەتكىلى ئۇنىمىدى، شۇڭا سىزنىڭ ھۇزۇرۇڭىزغا كەلدىم» دېدى.

پەيغەمبەر ﷺ: «ئى ئەبۇبەكرى! الله سېنى مەغپىرەت قىلسۇن، ئى ئەبۇبەكرى! الله سېنى مەغپىرەت قىلسۇن، ئى ئەبۇبەكرى! الله سېنى مەغپىرەت قىلسۇن» دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. كېيىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ پۇشايمان قىلىپ، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن كەچۈرۈم سوراش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆيىگە باردى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆيىدە يوق ئىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇدۇل پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ سالام قىلدى. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ چىرايىدىن غەزەپلەنگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلدىم، الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلدىم» دېدى.

پەيغەمبەرﷺ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «الله تائالا مېنى سىلەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتسە، سىلەر ماڭا: <يالغان ئېيتتىڭ> دېدىڭلار، لېكىن ئەبۇبەكرى: <راست ئېيتتىڭ> دېدى ۋە ماڭا جېنى ھەم مېلى بىلەن ياردەم بەردى. بۇرادىرىمگە نېمىشقا ئازار بېرىسىلەر؟ بۇرادىرىمگە نېمىشقا ئازار بېرىسىلەر؟» دېدى. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۇ سۆزىدىن كېيىن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ھېچكىم ئازار بېرىپ باقمىدى.[1]

**ھەدىستىن ئېلىنىدىغان پايدىلار**

- ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بارلىق ساھابىلەردىن پەزىلەتلىك ئىكەنلىكى.
- پەزىلەت جەھەتتە ئۆزىدىن يۇقىرى كىشىلەرگە ئاچچىقلىنىشنىڭ لايىق ئەمەسلىكى.

---

[1] بۇخارى توپلىغان.

• پىتنىگە چۈشۈپ قېلىش ۋە مەغرۇرلىنىشتىن ئەنسىرىمىسە، بىر كىشىنى ئالدىدا تۇرۇپ ماختاشنىڭ دۇرۇسلۇقى.

• ئىنسان تەبىئىتىدىكى غەزەپنىڭ ئىنساننى توغرا بولمىغان ئىشقا باشلايدىغانلىقى، ئەمما دىندار ۋە پەزىلەتلىك كىشىنىڭ تېزلا ھەققە قايتالايدىغانلىقى. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِنَّ الَّذِينَ اتَّقَوْا إِذَا مَسَّهُمْ طَائِفٌ مِنَ الشَّيْطَانِ تَذَكَّرُوا﴾ «تەقۋادار كىشىلەر شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە ئۇچرىسا، الله نى ئەسلەيدۇ»[1].

• پەيغەمبەر ﷺ دىن باشقا ھەرقانداق كىشىنىڭ پەزىلەتتە ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكەن تەقدىردىمۇ خاتالىقتىن ساقلىنالمايدىغانلىقى.

• زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىدىن كەچۈرۈم سوراش ۋە ئەپۇ سوراشنىڭ مۇستەھەبلىكى.

• تىزنىڭ ئەۋرەت ھېسابلانمايدىغانلىقى.[2]

عن ربيعة الأسلمي رضي اللّٰه عنه قال: إن رسول اللّٰه ﷺ أعطاني أرضا، وأعطى أبا بكر أرضا، وجاءت الدنيا فاختلفنا في عذق نخلة، فقلت: أنا هي في حدي، وقال أبو بكر: هي في حدي، فكان بيني وبين أبي بكر كلام، فقال أبو بكر كلمة كرهها وندم، فقال لي: يا ربيعة رد علي مثلها حتى تكون قصاصا، قلت: لا أفعل، فقال أبو بكر: لتقولن أو لأستعدين عليك رسول اللّٰه ﷺ. فقلت: ما أنا بفاعل، ورفض الأرض وانطلق أبو بكر رضي اللّٰه عنه إلى النبي ﷺ ، وانطلقت أتلوه، فجاء ناس من أسلم فقالوا لي: رحم اللّٰه أبا بكر، في أي شيء يستعدي عليك رسول اللّٰه ﷺ وهو قال لك ما قال، فقلت: أتدرون ما هذا؟ هذا أبو بكر الصديق، هذا ثاني اثنين، وهذا ذو شيبة المسلمين، إياكم لا يلتفت فيراكم تنصروني عليه فيغضب فيأتي رسول اللّٰه ﷺ فيغضب لغضبه، فيغضب اللّٰه عز وجل لغضبهما فيهلك ربيعة، قالوا: ما تأمرنا؟ قال: ارجعوا، فانطلق أبو بكر رضي اللّٰه عنه إلى رسول

[1] سۈرە ئەئراف 201 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] «فتح الباري» 7 ـ توم 26 ـ بەت.

اللّه ﷺ فتبعته وحدي، حتى أتى النبي ﷺ فحدثه الحديث كما كان، فرفع إلي رأسه، فقال: يا ربيعة، ما لك وللصديق؟، قلت: يا رسول اللّه، كان كذا، كان كذا، قال لي كلمة كرهها، فقال لي: قل كما قلت حتى يكون قصاصا فأبيت، فقال رسول اللّه ﷺ: أجل، فلا ترد عليه، ولكن قل: غفر اللّه لك يا أبا بكر، فقلت: غفر اللّه لك يا أبا بكر، فولى أبو بكر رضي اللّه عنه وهو يبكي

رەبىئە ئەسلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ ماڭا بىر پارچە زېمىننى، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يەنە بىر پارچە زېمىننى بۆلۈپ بەرگەن ئىدى. بىزگە مال-دۇنيا يۈزلىنىپ، خورما شاخلىرىنى چاتاشتا ئىختىلاپلىشىپ قالدۇق. مەن: «بۇ مېنىڭ دائىرەمدە» دېسەم، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «بۇ مېنىڭ دائىرەمدە» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئارىمىزدا بەزىبىر سۆزلەر بولۇپ قالدى. ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ياخشى بولمىغان بىر سۆزنى قىلىپ سېلىپ، پۇشايمان قىلدى ۋە ماڭا: «ئى رەبىئە! ماڭىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بىر سۆزنى قىلىۋالغىن، بۇ قىساس بولسۇن» دېدى. مەن: «ئۇنداق قىلمايمەن» دېسەم، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىر سۆزنى دەيسەن، بولمىسا رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ياردەم سورايمەن» دېدى. مەن يەنىلا: «ئۇنداق قىلمايمەن» دېدىم.

شۇنىڭ بىلەن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا قاراپ ماڭدى، مەنمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدىم. ئەسلەم قەبىلىسىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر كېلىپ، ماڭا: «اللہ ئەبۇبەكرىگە رەھمەت قىلسۇن! ئۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن قايسى ئىشتا ساڭا قارشى ياردەم سورايدۇ؟ ھالبۇكى، ئۇ ساڭا مۇنداق، مۇنداق گەپلەرنى دېگەن تۇرسا» دېيىشتى.

مەن ئۇلارغا: «سىلەر بۇ كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ ئۇ دېگەن ئەبۇبەكرى سىددىق، ئۇ ئىككى كىشىنىڭ ئىككىنچىسى ۋە

مۇسۇلمانلارنىڭ پېشقەدەملىرىدىن. ئۇنىڭ سىلەرنى كۆرۈپ قېلىشىدىن ھەزەر ئەيلەڭلار، ئەگەر (ئۇ سىلەرنى كۆرۈپ قالسا) سىلەرنى ماڭا ياردەم بېرىدىكەن دەپ ئويلاپ قېلىپ غەزەپلەنگەن ھالەتتە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا بارسا، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭ غەزەپلەنگەنلىكى سەۋەبىدىن (ماڭا) غەزەپلىنىسە، شۇنىڭ بىلەن الله تائالا ئۇ ئىككىسىنىڭ غەزەپلەنگەنلىكى ئۈچۈن (ماڭا) غەزەپلىنىسە، مەن ھالاك بولۇپ كېتىمەن» دېدىم. ئۇلار: «ئەمىسە بىز قانداق قىلىمىز؟» دېگەندى، مەن: «قايتىپ كېتىڭلار» دېدىم.

ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا قاراپ ماڭدى، مەن ئۇنىڭغا يالغۇز ئەگەشتىم. ھەتتاكى، ئۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا يېتىپ كېلىپ ئۇنىڭغا يۈز بەرگەن ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ماڭا قاراپ: «ئى رەبىئە! سەن بىلەن ئاراڭلاردا نېمە ئىش يۈز بەردى؟» دەپ سورىدى. مەن: «ئى رەسۇلۇللاھ! مۇنداق، مۇنداق ئىشلار بولغانىدى، ئۇ ماڭا ياخشى بولمىغان بىر سۆزنى قىلىپ سالدى، ئاندىن ماڭا: <مەن دېگەندەك بىر سۆزنى قىلغىن، بۇ قىساس بولسۇن> دېدى. مەن بۇنىڭغا ئۇنىمىدىم» دېسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «شۇنداق، ئۇنىڭغا ئۇنداق سۆزنى قايتۇرمىغىن، لېكىن: <ئى ئەبۇبەكرى! الله سېنى مەغپىرەت قىلسۇن> دېگىن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن: «ئى ئەبۇبەكرى! الله سېنى مەغپىرەت قىلسۇن» دېدىم. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يىغلىغان پېتى قايتىپ كەتتى.[1]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ بەزى ئىشلاردا پەزىلىتى يۇقىرى ساھابىلىرىگە باشقا ساھابىلەردىن پەرقلىق مۇئامىلە قىلغان**

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: خطب النبي في مرضه الذي مات فيه فقال: «إن اللّه خير عبدا بين أن يؤتيه زهرة

[1] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

الدنيا وبين ما عنده، فاختار ما عند اللّه. فبكى أبو بكر الصديق رضي اللّه عنه وبكى، فقال: فديناك بآبائنا وأمهاتنا. فقلت في نفسي ما يبكي هذا الشيخ؟ إن يكن اللّه خير عبدا بين الدنيا وبين ما عنده فاختار ما عند اللّه. فكان رسول اللّه ﷺ هو العبد وكان أبو بكر أعلمنا. قال: يا أبا بكر لا تبك إن أمن الناس علي في صحبته وماله أبو بكر ولو كنت متخذا خليلا من أمتي لأتخذت أبا بكر. ولكن أخوة الإسلام ومودته لا يبقين في المسجد باب إلا سد إلا باب أبي بكر» «پەيغەمبەر ﷺ ۋاپات بولۇشتىن بۇرۇن كېسەل ھالىتىدە خۇتبە سۆزلەپ: <الله تائالا بىر بەندىگە دۇنيانىڭ نازۇنېمەتلىرىدىن خالىغانچە بەھرىمەن بولۇش ياكى ئۆزىنىڭ دەرگاھىدىكى نازۇنېمەتلەرنى تاللاش ئىختىيارلىقىنى بەرگەنىدى، ئۇ بەندە الله نىڭ دەرگاھىدىكىنى تاللىدى> دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەكلا يىغلاپ كەتتى ۋە: <ئاتا-ئانىلىرىمىز ساڭا پىدا بولسۇن!> دېدى.

مەن <الله تائالا بىر بەندىگە دۇنيالىق نەرسىلەر بىلەن ئۆزىنىڭ دەرگاھىدىكى نەرسىلەردىن تاللاش ئىختىيارلىقىنى بېرىپ، ئۇ بەندە الله نىڭ دەرگاھىدىكىنى تاللىغان تۇرسا، بۇ كىشى نېمىگە يىغلايدىغاندۇ!> دەپ ئويلىغان ئىدىم. ئەسلىدە تاللاش ئىختىيارلىقى بېرىلگەن بەندە رەسۇلۇللاھ ﷺ بولۇپ، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنى بىزدىن بۇرۇن چۈشىنىپ بولغانىكەن.

رەسۇلۇللاھ ﷺ: <ئى ئەبۇبەكرى! يىغلىمىغىن. ئەبۇبەكرى ھەمراھ بولۇش ۋە مال-مۈلكىنى تەقدىم قىلىشتا ماڭا ئەڭ كۆپ ئېھسان قىلغان كىشىدۇر. ئەگەر ئۇممىتىم ئىچىدىن سىرداش دوست تۇتىدىغان بولسام، ئەلۋەتتە ئەبۇبەكرىنى تۇتقان بولاتتىم. لېكىن، (ئارىمىزدا) ئىسلام قېرىنداشلىقى ۋە ئۇنىڭ دوستلۇقى بار. مەسجىد ئىچىگە ئېچىلغان ئىشىكلەرنى تاقىۋېتىڭلار، ئەمما ئەبۇبەكرىنىڭ ئىشىكى ئوچۇق قالسۇن> دېدى»].①

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

بۇ ھەدىستە ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە پەزىلىتى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ئۆمەر ئىبنى شەببە «أخبار المدينه» ناملىق كىتابتا مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مەسجىدكە ئېچىلغان ئىشىكىنى قالدۇرۇپ قويۇشقا رۇخسەت بەرگەن ئۆيى مەسجىدكە تۇتاش بولۇپ، ئۇ ئۆي موھتاج بولۇپ كەلگەنلەرگە بەرگۈدەك بىرنەرسە تاپالماي سېتىۋەتكەنگە قەدەر ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولغان ئىدى. بۇ ئۆينى مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن 4000 دەرھەمگە سېتىۋالغان بولۇپ، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىكى دەۋرىگىچە ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولغان ئىدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىكى دەۋرىدە ئۇلار مەسجىدنى كېڭەيتمەكچى بولۇپ ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئۇ ئۆينى بېرىشىنى سورىغان. ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇنىڭغا قوشۇلمىغان ۋە: <مېنىڭ مەسجىدكە بارىدىغان يولۇمچۇ؟> دېگەن. ئۇلار ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا: <سىزگە بۇنىڭدىنمۇ كەڭرى بىر ھويلا ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش يول تەييارلاپ بېرەيلى> دېگەندە، ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇنىڭغا رازى بولۇپ ئۆينى تاپشۇرۇپ بەرگەن».[1]

**ھەدىستىن ئېلىنىدىغان پايدىلار**

- ئەبۇبەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلىتىنىڭ يۇقىرىلىقى ۋە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سىرداش دوستى بولۇشقا لايىق ئىكەنلىكى.
- ئېھسان قىلغان كىشىگە رەھمەت ئېيتىش، ئۇنىڭ پەزىلىتىنى سۆزلەش ۋە ئۇنى ماختاشنىڭ دۇرۇسلۇقى.

[1] «فتح الباري» 7- توم 14- بەت.

• زۆرۇرىيەت بولمىسىلا، مەسجىدكە كىچىك ئىشىكلەردىن كىرىشنىڭ چەكلىنىدىغانلىقى، شۇڭلاشقا مەسجىدكە كىرگەندە چوڭ ئىشىكتىن كىرىش لازىملىقى.①

### ❖ پەيغەمبەر ﷺ پەزىلىتى يۇقىرى ساھابىلىرىگە باشقىلارغا قارىغاندا بەكرەك كەڭ قورساقلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغان

عن عمر بن الخطاب رضي اللّٰه عنه قال: لما مات عبد اللّٰه بن أبي ابن سلول دعي له رسول اللّٰه ﷺ ليصلي عليه، فلما قام رسول اللّٰه ﷺ وثبت إليه، فقلت: يا رسول اللّٰه أتصلي على ابن أبي، وقد قال يوم كذا وكذا ،كذا وكذا؟ أعدد عليه قوله، فتبسم رسول اللّٰه ﷺ وقال: أخر عني يا عمر. فلما أكثرت عليه، قال: إني خيرت، فاخترت، لو أعلم أني إن زدت على السبعين يغفر له لزدت عليها. قال: فصلى عليه رسول اللّٰه ﷺ ثم انصرف. فلم يمكث إلا يسيرا حتى نزلت الآيتان من براءة ﴿**وَلَا تُصَلِّ عَلَى أَحَدٍ مِنْهُمْ مَاتَ أَبَدًا وَلَا تَقُمْ عَلَى قَبْرِهِ إِنَّهُمْ كَفَرُوا بِاللَّهِ وَرَسُولِهِ وَمَاتُوا وَهُمْ فَاسِقُونَ**﴾. قال: فعجبت بعد من جرأتي على رسول اللّٰه ﷺ يومئذ واللّٰه ورسوله أعلم.

[ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ئىبنى سەلۇل ئۆلگەن چاغدا رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ بېرىشكە چاقىرىلدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئورنىدىن تۇرغاندا مەن ئۇنىڭ يېنىغا تېز بېرىپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئىبنى ئۇبەيىنىڭ نامىزىنى چۈشۈرەمسەن؟ ئۇ پالان-پوكۇن كۈنلىرى مۇنداق، مۇنداق گەپلەرنى قىلغان تۇرسا» دەپ ئىبنى ئۇبەيىنىڭ سۆزلىرىنى ساناپ بەرگىلى تۇردۇم.②

رەسۇلۇللاھ ﷺ تەبەسسۇم قىلىپ قويۇپ: «ئى ئۆمەر! كەينىڭگە قايت» دېدى. مەن سۆزۈمنى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە قايتىلاپ تەكرارلاۋەردىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «بۇ

① «فتح الباري» 7- توم 14- بەت، «شرح النووي على صحيح مسلم» 15- توم 152- بەت.

② يەنە بىر نەقىلدە، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ كىيىمىنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرەمسەن؟ ئۇ دېگەن مۇناپىق تۇرسا. الله تائالا سېنى ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تەلەپ قىلىشتىن چەكلىگەن تۇرسا» دېگەن.

ھەقتە ماڭا ئىختىيارلىق بېرىلدى. مەن (مەغپىرەت تەلەپ قىلىشنى) تاللىدىم. ئەگەر 70 قېتىمدىن ئارتۇق مەغپىرەت تەلەپ قىلسام، ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلىنىدىغان بولسا، ئەلۋەتتە 70 قېتىمدىن ئارتۇق مەغپىرەت تەلەپ قىلغان بولاتتىم» دېدى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ بولۇپ قايتىپ كەلدى، ئۇزۇن ئۆتمەيلا سۈرە تەۋبىدىن مۇنۇ ئىككى ئايەت نازىل بولدى: «(ئى مۇھەممەد!) سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆلگەن ھېچبىر ئادەمنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمىگىن، (دەپنە قىلىش، زىيارەت ياكى دۇئا ئۈچۈن) ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىدىمۇ تۇرمىغىن، چۈنكى ئۇلار اللە نى ۋە اللە نىڭ پەيغەمبىرىنى ئىنكار قىلدى. ئۇلار پاسىق ھالىتى بىلەن ئۆلدى»①.

كېيىن اللە ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ ئەڭ ياخشى بىلىدىغانلىقىنى بىلىپ، شۇ كۈنىدىكى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە بولغان جۈرئىتىمدىن ھەيران قالدىم].②

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ كىيىمىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا خىتاب قىلغاندا پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا كەڭ قورساقلىق قىلىپ، تەبەسسۇم قىلىپ قارىغان.③

خەتتابى مۇنداق دېگەن: «پەيغەمبەر ﷺ دىنىنىڭ بىر تەرىپىگە ئېسىلىۋالغان كىشىگە (ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيگە) شەپقەت قىلىش، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەينىڭ ئوغلى ئابدۇللاھ سالىھ كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ قەلبىنى خۇرسەن قىلىش ۋە ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدىكى خەزرەج قەبىلىسىنىڭ قەلبىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش ئۈچۈن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەينىڭ نامىزىنى چۈشۈرگەن. ئەگەر رەسۇلۇللاھ ﷺ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەينىڭ ئوغلىنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلغان ۋە

① سۈرە تەۋبە 84- ئايەت.

② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

③ «فتح الباري» 8- توم 335- بەت.

بۇ ھەقتە ئىبنىق چەكلىمە كىلىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرمىگەن بولسا، بۇ ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ ئابرۇيىنى تۆككەنلىك ۋە قەۋمىگە نىسبەتەن نومۇسلۇق بىر ئىش بولغان بولاتتى. شۈكلاشقا، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئايەتتە ئىبنىق چەكلەنگەنگە قەدەر ئىككى ئىشنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى تاللىغان».[1]

**ھەدىستىن ئېلىنىدىغان پايدىلار**

• پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بۈيۈك ئەخلاقتا ئىگە ئىكەنلىكى. پەيغەمبەر ﷺ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيىنىڭ كۆپلىگەن ئەزىيەتلىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭغا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرغان، كۆيىنكىنى ئۇنىڭغا كىپەنلىكنىڭ ئورنىدا كىيدۈرۈپ قويغان، نامىزىنى چۈشۈرگەن ۋە ئۇنىڭغا مەغپىرەت تىلىگەن. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَإِنَّكَ لَعَلَى خُلُقٍ عَظِيمٍ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاقتا ئىگىسەن»[2].

• كاپىر ھالەتتە ئۆلۈپ كەتكەن كىشىنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈش، مەغپىرەت تىلەش ۋە دۇئا قىلىش ئۇچۇن قەبرىسىدە توختاشنىڭ ھاراملىقى.[3]

❖ **پەيغەمبەر ﷺ شەخسىي ئىشلىرىدا ئۆلارنىڭ بەزىسىگە تايىناتتى**

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەسلەپ مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، پەيغەمبەر ﷺ نەپىقە ئىشلىرىنى ئادا قىلىشتا ئۇنىڭغا تايىناتتى.

ئابدۇللاھ ھەۋزەنى مۇنداق دىگەن: مەن ھەلەب شەھىرىدە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ مۇئەززىنى بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۇچرىشىپ قىلىپ:

— ئى بىلال! ماڭا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ پۇل-مالىنى قانداق خەجلەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگىن، — دىگەنىدىم. ئۇ:

---

[1] «فتح الباري» 8- توم 336- بەت.
[2] سۈرە قەلەم 4- ئايەت.
[3] «شرح النووي على صحيح مسلم» 15- توم 167- بەت.

ــ الله پەيغەمبەر ﷺ نى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەندىن تارتىپ تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر ئۇنىڭ مال ـ دۇنياسىنىڭ خەج ـ خىراجەت ئىشلىرىنى مەن ۋەكىل بولۇپ قىلاتتىم. پەيغەمبەر ﷺ ئۆزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ مۇسۇلمان بولغان ئادەمنىڭ كىيىم ـ كېچەككە موھتاج ئىكەنلىكىنى كۆرسە، مېنى ئۇنىڭغا كىيىم ئېلىپ بېرىشكە بۇيرۇيتتى. مەن بىرەرسىدىن قەرز ئېلىپ، ئۇنىڭغا كىيىم كىيگۈزەتتىم ۋە قورسىقىنى تويغۇزاتتىم. بىر كۈنى بىر مۇشرىك ئالدىمنى توسۇپ:

ــ ئى بىلال! مەن قول ئىلكىدە بار ئادەممەن، بۇنىڭدىن كېيىن قەرز ئالماقچى بولساڭ، مەندىنلا ئالغىن! ــ دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭدىن قەرز ئالىدىغان بولدۇم. كۈنلەرنىڭ بىرىدە تاھارەت ئېلىپ نامازغا ئەزان توۋلاي دەپ تۇرسام ھېلىقى مۇشرىك بىرقانچە تىجارەتچى بىلەن بىللە كېلىپ:

ــ ھەي ھەبەشى! ــ دەپ چىرايىنى تۈرۈپ ناھايىتى قوپال بىر سۆزنى قىلدى ۋە:

ــ ئاي توشقىلى قانچە كۈن قالغانلىقىنى بىلەمسەن؟ ــ دېدى. مەن:

ــ ئاز قالدى، ــ دېسەم، ئۇ:

ــ ئاي توشقىلى تۆت كۈنلا قالدى، قەرزنى قايتۇرالمىساڭ بوينۇڭدىكى قەرزنىڭ ئورنىغا سېنى ئېلىپ كېتىمەن. مەن ساڭا قەرزنى سېنىڭ ياكى ھەمراھىڭنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى سېنىڭ ماڭا قۇل بولۇشۇڭ ئۈچۈن بەردىم. سەن خۇددى بۇرۇنقىدەكلا قوي باقىسەن، ــ دېدى. بۇنى ئاڭلاپ مېنى غەم ـ قايغۇ چىرمىۋالدى. خۇپتەندىن كېيىن پەيغەمبەر ﷺ ئاياللىرىنىڭ ھۇجرىسىغا قايتتى. مەنمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن بېرىپ ئىجازەت سورىغانىدىم، ئىجازەت بەردى. كىرىپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن. ماڭا قەرز بېرىپ تۇرغان

ھېلىقى مۇشرىك بوگۇن ماڭا مۇنداق، مۇنداق دېدى، سېنىڭ ياكى مېنىڭ قولۇمدا بۇ قەرزنى تۆلىگۈدەك پۇل يوق، ئۇ مۇشرىك مېنى خەلقئالەم ئالدىدا رەسۋا قىلىدىغان بولدى، شۇڭا الله تائالا رەسۇلىغا مەندىن قەرزنى تۆلىگۈدەك مال-مۈلۈك بەرگەنگە قەدەر، مۇسۇلمان بولغان بەزى قەبىلىلەرنىڭ قېشىغا بېرىپ تۇرۇشىمغا رۇخسەت بەرسەڭ، — دېدىم ۋە ھۇجرامغا قايتىپ چىقىپ قورال-ياراغ، قاچا-قۇچا ۋە كىيىم-كېچەكلىرىمنى تەييارلاپ، باش تەرىپىمگە قويۇپ ئۇيۇققا قاراپ ياتتىم. ئۇخلاپ ئويغانغان ۋاقتىمدا كېچە ئىكەنلىكىنى كۆرسەم يەنە ئۇخلىدىم، ھەتتاكى، تونجى سۈبھى يېرىلغاندا ماڭماقچى بولدۇم. تۇيۇقسىز بىر كىشى يۈگۈرۈپ كېلىپ:

— ئى بىلال! رەسۇلۇللاھ ﷺ سېنى چاقىرىۋاتىدۇ، — دېدى. دەرھال يېتىپ باردىم. ئىشىك ئالدىدا لىق مال ئارتىلغان تۆت تۇياق تۆگە تۇراتتى. كىرىشكە ئىجازەت سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ﷺ:

— «أبشر، فقد جاءك اللّه بقضائك» «ئەي بىلال! خۇش بېشارەت ئالغىن، الله سېنىڭ قەرزىڭنى تۆلەيدىغان مال ئاتا قىلدى، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن اللهقا ھەمدۇ-سانا ئېيتتىم. ئاندىن كېيىن پەيغەمبەر ﷺ:

— «ألم تر الركائب المناخات الاربع؟» «ئىشىك ئالدىغا چۆكتۈرۈپ قويۇلغان تۆت تۆگىنى كۆردۈڭمۇ؟» دېدى. مەن:

— ھەئە، كۆردۈم، — دېسەم، پەيغەمبەر ﷺ:

— «إن لك رقابهن وما عليهن، فإن عليهن كسوة وطعاما أهداهن إلي عظيم فدك، فأقبضهن واقض دينك» «ئۇ تۆگىلەر ۋە ئۈستىدىكى ماللارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ. ئۇ تۆگىلەرگە كىيىم-كېچەك بىلەن ئاشلىق يۈكلەنگەن، ئۇلارنى ماڭا فەدەكنىڭ كاتتىۋېشى سوۋغا قىلدى. سەن بۇ ماللارنى ئېلىپ بېرىپ قەرزىڭنى تۆلىۋەتكىن» — دېدى. مەن تۆگىلەرنى ئېلىپ بېرىپ ئۈستىدىكى يۈكلەرنى

چۈشۈرۈپ باغلاپ قويدۇم. ئاندىن بامدات نامىزىغا ئەزان توۋلىماقچى بولۇپ مەسجىدكە كەلدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندا، مەن بەقىئ دېگەن ئورۇنغا چىقىپ بارمىقىمنى قۇلىقىمغا تىقىپ:

— كىمنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئالىدىغان قەرزى بولسا كەلسۇن، — دەپ توۋلىدىم. ئاندىن ماللارنى سېتىپ قەرزنى ئادا قىلىۋەردىم، ھەتتاكى رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ پۈتۈن قەرزى تۈگەپ يېنىمدا ئىككى ئۇقىيە ياكى بىر يېرىم ئۇقىيە ئېشىپ قالدى. كەچ كىرگەندە مەسجىدكە بارسام، رەسۇلۇللاھ ﷺ مەسجىدتە يالغۇز ئولتۇرغانىكەن، مەن ئۇنىڭغا سالام بەردىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ مەندىن:

— «ما فعل ما قبلك؟» «قولۇڭدىكى ماللار قەرز تۆلەشكە يەتتىمۇ؟» — دەپ سورىغانىدى، مەن:

— الله تائالا سېنىڭ بارلىق قەرزلىرىڭنى ئادا قىلدى ۋە ھېچقانداق قەرز قالمىدى، — دېسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ:

— «أفضل شيء؟» «مالدىن بىرەر نەرسە ئېشىپ قالدىمۇ؟» — دەپ سورىغانىدى، مەن:

— ھەئە، — دېسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ:

— «انظر أن تريحني منه، فإني لست بداخل على أحد من أهلي حتى تريحني منه» «ئۇ مالنى ئىشلىتىۋېتىپ مېنى خاتىرجەم قىلغىن. سەن مېنى خاتىرجەم قىلمىغۇچە مەن ھېچبىر ئاياللىرىمنىڭ يېنىغا كىرمەيمەن» — دېدى. شۇ كۈنى كەچكىچە ھېچبىر كىشى قېشىمغا كەلمىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ مېنى چاقىرىپ:

— «ما فعل الذي قبلك» «قولۇڭدىكى مال قانداق بولدى؟» — دەپ سورىدى، مەن:

— ئۇ تېخىچە قولۇمدا، چۈنكى يېنىمىزغا بىرەرمۇ ھاجەتمەن كەلمىدى،

— دېدىم. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ﷺ مەسجىدتە قونۇپ قالدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئىككىنچى كۈنى كەچكىچە مەسجىدتە تۇردى. ئىككىنچى كۈنى كەچ كىرگەندە ئىككى كىشى كەلگەندى، مەن ئۇلارنى ئېلىپ بېرىپ كىيىم-كېچەك كىيدۈرۈپ، تائام بەردىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ مېنى چاقىرىپ:

— «ما فعل الذى قبلك؟» «قولۇڭدىكى مال قانداق بولدى؟» — دەپ سورىغانىدى، مەن:

— ئى رەسۇلۇللاھ! الله سېنى ئۇنىڭدىن خاتىرجەم قىلدى، — دېدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇ مالنى قولىدىن چىقىرىپ بولغۇچە ۋاپات بولۇپ كېتىشىدىن بەكمۇ ئەندىشە قىلغاچقا، مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ تەكبىر ئېيتتى ۋە الله قا ھەمدۇ-سانا ئېيتتى. ئاندىن كەينىگە بۇرۇلۇپ ماڭغانىدى، مەنمۇ ئارقىسىدىن ماڭدىم. ئۇ ئاياللىرىغا بىر-بىرلەپ سالام بەرگەندىن كېيىن، شۇ كۈنى نۆۋىتى كەلگەن ئايالىنىڭ يېنىغا كىرىپ كەتتى. سەن سورىغان ئىش مانا شۇنداق ئىدى.[1]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ سورۇنلىرىغا كېلەلمىگەن ساھابىلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ تۇراتتى**

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «لما نزلت هذه الاية، ﴿**يَاأَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تَرْفَعُوا أَصْوَاتَكُمْ فَوْقَ صَوْتِ النَّبِيِّ**﴾ جلس ثابت بن قيس في بيته وقال: أنا من أهل النار. واحتبس عن النبي ﷺ. فسأل النبي ﷺ سعد بن معاذ فقال: يا أبا عمرو ما شأن ثابت؟ أشتكى؟ قال سعد: إنه لجاري. وما علمت له بشكوى. قال فأتاه سعد فذكر له قول رسول اللّه ﷺ فقال ثابت: أنزلت هذه الاية ولقد علمتم أني من أرفعكم صوتا على رسول اللّه ﷺ. فأنا من أهل النار، فذكر ذلك سعد للنبي ﷺ. فقال رسول اللّه ﷺ: بل

[1] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

هو من أهل الجنة» «<ئى مۇئمىنلەر! (رەسۇلۇللاھقا سۆز قىلغان چېغىڭلاردا) ئاۋازىڭلارنى پەيغەمبەرنىڭ ئاۋازىدىن يۇقىرى قىلماڭلار>[①] دېگەن ئايەت نازىل بولغاندا، سابىت ئىبنى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ <مەن دوزاخ ئەھلىدىن ئىكەنمەن> دەپ ئۆيىدە ئولتۇرۇپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا بارمىدى. پەيغەمبەر ﷺ سەئىد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: <ئى ئەبۇ ئەمىر! سابىتقا نېمە ئىش بولدى؟ ئاغرىپ قالدىمۇ؟> دەپ سورىغانىدى، سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: <ئۇ مېنىڭ قوشنام، مەن ئۇنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى بىلمىدىم> دېدى. ئاندىن سەئىد ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سابىت ئىبنى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ سۆزىنى يەتكۈزگەنىدى، سابىت ئىبنى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: <بۇ ئايەت نازىل قىلىندى، مېنىڭ سىلەرگە قارىغاندا رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ئۈنلۈك ئاۋازدا گەپ قىلىدىغانلىقىمنى بىلىسىلەر. مەن دوزاخ ئەھلىنىڭ قاتارىدىن ئىكەنمەن> دېدى. سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنى پەيغەمبەر ﷺ گە يەتكۈزگەنىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <بەلكى ئۇ جەننەت ئەھلىدىندۇر> دېدى».[②]

قۇررە ئىبنى ئىياس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «أن رجلا أتى النبي ﷺ ومعه ابن له، فقال أتحبه، فقال: أحبك الله كما أحبه. فمات، ففقده، فسأل عنه، فقال لأبيه: أما يسرك أن لا تأتي بابا من أبواب الجنة إلا وجدته عنده يسعى يفتح لك» «بىر ئادەم ئوغلى بىلەن بىرگە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كەلگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇ ئادەمدىن: <ئوغلۇڭنى ياخشى كۆرەمسەن؟> دەپ سورىدى، ئۇ ئادەم: <مەن بۇنى ياخشى كۆرگەندەك، الله ئۇنى ساڭىمۇ ياخشى كۆرسەتسۇن> دېدى. كېيىن ئۇ ئادەمنىڭ بالىسى ۋاپات بولۇپ كەتتى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى كىشىلەر ئارىسىدا كۆرمىگەچكە سۈرۈشتە قىلدى. (كىشىلەر پەيغەمبەر ﷺ گە ئۇ بالىنىڭ ۋاپات

① سۈرە ھۇجۇرات 2- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

بولغانلىقىنى خەۋەر قىلغانىدى) پەيغەمبەر ﷺ ئۇ بالىنىڭ دادىسىغا: <جەننەت ئىشىكلىرىدىن بىرىنىڭ يېنىغا بېرىپلا قالساڭ، ئۇنىڭ (شۇ ئىشىكنىڭ يېنىدا) ساڭا ئىشىكنى ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن ساقلاپ تۇرغانلىقىنى ئۆچرىتىشىڭدىن خۇرسەن بولمامسەن؟> دېدى».①

❖ پەيغەمبەر ﷺ ئېغىرچىلىق كۈنلەردە ساھابىلىرىنى تېخىمۇ سۈرۈشتۈرۈپ تۇراتتى

زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان: «بعثني رسول الله ﷺ يوم أحد لطلب سعد بن الربيع، وقال لي: إن رأيته فأقرئه مني السلام، وقل له: يقول لك رسول الله ﷺ: كيف تجدك؟. فجعلت أطوف بين القتلى، فأصبته وهو في آخر رمق، وبه سبعون ضربة ما بين طعنة برمح، وضربة بسيف، ورمية بسهم، فقلت له: يا سعد، إن رسول الله ﷺ يقرأ عليك السلام، ويقول لك: أخبرني كيف تجدك؟، قال: على رسول الله ﷺ وعليك السلام، قل له: يا رسول الله، أجد ريح الجنة، وقل لقومي الأنصار: لا عذر لكم عند الله إن خلص إلى رسول الله ﷺ وفيكم شفر يطرف، قال: وفاضت نفسه رحمه الله» [ئۇھۇد كۈنى رەسۇلۇللاھ ﷺ مېنى سەئىد ئىبنى رەبىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئىزدەشكە ئەۋەتتى ۋە: «ئەگەر ئۇنى كۆرسەڭ مەندىن سالام ئېيتقىن ھەمدە رەسۇلۇللاھ سەندىن: <ئەھۋالىڭ قانداقراق؟> دەپ سورايدۇ دېگىن» دېدى. مەن جەسەتلەر ئارىسىدىن ئىزدەپ يۈرۈپ ئۇنى ئاخىرقى نەپەسكە چۈشۈپ قالغان ھالىتىدە تاپتىم، ئۇنىڭغا نەيزە سانجىلغان، قىلىچ ئۇرۇلغان ۋە ئوقيا ئېتىلغان بولۇپ، 70 يەردە جاراھەت ئىزى بار ئىدى. مەن ئۇنىڭغا: «ئى سەئىد! رەسۇلۇللاھ ﷺ ساڭا سالام ئېيتتى، ئەھۋالىڭنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى سورىدى ۋە مېنىڭ خەۋەر قىلىشىمنى

① نەسائى ۋە ئەھمەد توپلىغان. ئەھمەد: «بىر ئادەم: <ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ ئۇ ئادەمگىلا خاسمۇ ياكى ھەممىمىزگە ئورتاقمۇ؟> دەپ سورىغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <بەلكى ھەممىڭلارغا ئورتاقتۇر> دەپ جاۋاب بەرگەن» دېگەن لەۋزىنى قوشۇپ نەقىل قىلغان. ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

ئېيتتى» دېدىم. ئۇ: «رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ۋە ساڭىمۇ سالام بولسۇن! ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ قويغىنىكى: ‹مەن جەننەتنىڭ ھىدىنى پۇراۋاتىمەن›. ئاندىن قەۋمىم ئەنسارىلارغا مېنىڭ سالامىمنى يەتكۈزگىن ۋە ئۇلارغا ئېيتقىنكى: ‹سىلەرنىڭ كۆزۈڭلار مىدىرلاپلا تۇرىدىكەن، رەسۇلۇللاھ ﷺ بىرەر يېشكەللىككە يولۇقۇپ قالسا قىيامەت كۈنى اللە نىڭ دەرگاھىدا ئۆزۈڭلارنى ئاقلاشقا ھېچبىر ئۆزرەڭلار قالمايدۇ›» دېدى ـ دە، جان ئۈزدى].①

بۇ ھەدىستىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، پەيغەمبەر ﷺ ساھابىلەرگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن يوقاپ كەتكەنلەرنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش ۋە يوقاپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن سۈرۈشتە قىلغان.②

ئۇنىڭ «أجد ريح الجنة» «جەننەتنىڭ پۇرىقىنى پۇراۋاتىمەن» دېگەن سۆزى، ئېھتىمال ئۇ ئۆزى پۇراپ ئادەتلەنگەن پۇراقتىنمۇ كۈچلۈك خۇشپۇراقنى راست پۇرىغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭلاشقا، ئۇ بۇ پۇراقنى جەننەتنىڭ پۇرىقى دەپ تونۇغان؛ يەنە بەلكىم، بۇ دۇنيادىن كېتىپ قالسا جەننەتنىڭ پۇرىقىنى پۇرايدىغانلىقىنى جەزم قىلغانلىقى ئۈچۈن بۇ سۆزنى دېگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن.③

**❖ رەسۇلۇللاھ ﷺ بەزى ساھابىلىرىگە: «ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن!» دېگەن**

سەئىد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «نثل لي النبي ﷺ كنانته يوم أحد، وقال: ‹ارم فداك أبي وأمي›» «ئۇھۇد كۈنى پەيغەمبەر ﷺ ئوقدىنىدىكى ئوقلارنى ماڭا سۇنۇپ بېرىپ: ‹ئاتقىن، ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن!›

① ھاكىم توپلىغان ۋە «ئىسنادى سەھىھ» دېگەن. زەھەبى «التلخيص» ناملىق كىتابىدا توپلىغان ۋە «سەھىھ» دېگەن.

② «المنتقى شرح المؤطا» 3 ـ توم 68 ـ بەت.

③ «سبل الهدى والرشاد في سيرة خير العباد» 4 ـ توم 247 ـ بەت.

دېگەنىدى». [1]

بۇ سۆز ئەرەبلەرنىڭ ئادىتىدە باشقىلارنى بىرەر ئىشقا قىزىقتۇرۇشتا قوللىنىدىغان سۆز بولۇپ، «ئەگەر ئاتا-ئانامنى پىدا قىلىش دۇرۇس بولغان بولسا، ئەڭ قىممەتلىك بولغان ئاتا-ئانامنى ئەلۋەتتە ساڭا پىدا قىلغان بولاتتىم» دېگەنلىك بولىدۇ.

ئىمام مۇسلىم سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن، «پەيغەمبەرﷺ نىڭ ئۇھۇد كۈنى ئۇنىڭغا: <ساڭا ئاتا- ئانام پىدا بولسۇن!>» دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان.

سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «كان رجل من المشركين قد أحرق المسلمين، فقال له النبي: ارم فداك أبي وأمي قال: فنزعت له بسهم ليس فيه نصل، فأصبت جنبه فسقط، فانكشفت عورته فضحك رسول لله حتى نظرت إلى نواجذه» «بىر مۇشرىك كىشى مۇسۇلمانلارنى قاتتىق قىرىۋەتكەن ئىدى. پەيغەمبەرﷺ ماڭا: <ئاتقىن! ئاتا-ئانام ساڭا پىدا بولسۇن> دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇچى يوق بىر ئوقنى ئېتىپ ئۇ مۇشرىكنىڭ بىقىنىغا تەگكۈزدۈم. ئۇ يەرگە يىقىلىپ ئەۋرىتى ئېچىلىپ قالغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنى كۆرۈپ ئېزىق چىشلىرى كۆرۈنگىدەك دەرىجىدە كۈلۈپ كەتتى».

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇ مۇشرىكنىڭ ئەۋرىتىنىڭ ئېچىلىپ قالغانلىقىغا ئەمەس، بەلكى سەئىدنىڭ دۈشمەننى ئۆلتۈرگەنلىكىگە خۇرسەن بولۇپ كۈلگەن. [2]

ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «كنت يوم الأحزاب جعلت أنا وعمر بن أبي سلمة في الأطم الذي فيه النسوة، وكان يطأطئ لي مرة فأنظر، وأطأطئ له مرة فينظر فنظرت، فإذا أنا بالزبير على فرسه يختلف إلى بني قريظة مرتين أو ثلاثا، فلما رجعت قلت يا أبت رأيتك تختلف؟ قال: أو هل رأيتني يا بني؟، قلت نعم. قال: كان رسول

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] «شرح النووي على صحيح مسلم» 15- توم 185- بەت.

اللَّه ﷺ قال: من يأت بني قريظة فيأتيني بخبرهم. فانطلقت فلما رجعت جمع لي رسول اللَّه ﷺ أبويه فقال: فداك أبي وأمي» [مەن ۋە ئەمىر ئىبنى ئەبۇ سەلەمە ئىككىمىز ئەھزاب كۈنى ئاياللار بار قورغاندا قالدۇرۇپ قويۇلدۇق. بىر قېتىم ئۇ ماڭا ئېگىلىپ بېرەتتى، مەن ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ كۆزىتەتتىم؛ يەنە بىر قېتىم مەن ئۇنىڭغا ئېگىلىپ بېرەتتىم، ئۇ مېنىڭ ئۈستۈمگە چىقىپ كۆزىتەتتى.

بىر چاغدا (دادام) زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاتقا مىنىپ بەنى قۇرەيزەگە ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم بېرىپ كەلگەنلىكىنى كۆردۈم. مەن قايتىپ بارغاندا: «ئى دادا! مەن سېنىڭ بەنى قۇرەيزە تەرەپكە بېرىپ كەلگەنلىكىڭنى كۆردۈمغۇ؟» دېسەم، دادام: «ئى ئوغلۇم! مېنى راستلا كۆردۈڭمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن: «ھەئە» دېسەم، ئۇ مۇنداق دېدى: «رەسۇلۇللاھ ﷺ: <كىم بەنى قۇرەيزەگە بېرىپ ئۇلارنىڭ خەۋىرىنى بىلىپ كېلىدۇ؟> دېگەن ئىدى، مەن بېرىپ كەلدىم. قايتىپ كەلگىنىمدە رەسۇلۇللاھ ﷺ: <ساڭا ئاتا-ئانام پىدا بولسۇن!>» دېدى].[1]

نەۋەۋى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بۇ يەردە دېيىلگەن پىدا قىلىش ھەرگىزمۇ ئەمەلىي ھالەتتىكى پىدا قىلىش بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا قەلبىدىكى ئورنىنى ئىزھار قىلىش، ئۇنى ھۆرمەتلەيدىغانلىقىنى ۋە ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇشتۇر».

ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېشى كىچىك بولسىمۇ، بۇ ئىشلارنى تەپسىلىي ئەستە تۇتقانلىقىدىن، ئۇنىڭ ناھايىتى زېرەك ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. چۈنكى، ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھىجرەتنىڭ بىرىنچى يىلى مەدىنىدە تۇغۇلغان، خەندەك غازىتى بولسا كۆچلۈك قاراشتا ھىجرىيىنىڭ تۆتىنچى يىلى يۈز بەرگەن. دېمەك، ئۇ بۇ

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ئىشلارنى تۆت ياشتىن كىچىك ۋاقتىدىلا ئەستە تۇتۇۋالغان.[1]

### ❖ پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنىڭ ۋاپاتىغا قايغۇرغان ۋە يىغلىغان ئىدى

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق نەقىل قىلىنغان: «أمر النبي ﷺ في غزوة مؤتة زيد ابن حارثة فقال: إن قتل زيد فجعفر، فإن قتل جعفر فعبد اللّٰه بن رواحة. فكنت معهم تلك الغزوة، فالتمسنا جعفرا فوجدناه في القتلى، ووجدنا ما فى جسده بضعا وتسعين بين طعنة ورمية» «پەيغەمبەر ﷺ مۇئتە غازىتىغا زەيد ئىبنى ھارىسەنى قوماندان قىلىپ: <ئەگەر زەيد ئۆلتۈرۈلسە، جەئفەر قوماندان بولسۇن؛ جەئفەر ئۆلتۈرۈلسە، ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە قوماندان بولسۇن> دېدى. مەنمۇ شۇ غازاتقا قاتناشقان ئىدىم. بىز جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىبنى ئىزدەپ، جەسەتلەر ئىچىدىن تاپتۇق. قارىغۇدەك بولساق، ئۇنىڭ 90 نەچچە يېرىگە نەيزە ۋە ئوقيا تەگكەن ئىكەن».[2]

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ خۇتبە سۆزلەۋېتىپ: «أخذ الراية زيد فأصيب، ثم أخذها جعفر فأصيب، ثم أخذها عبد اللّٰه بن رواحة فأصيب وعيناه تذرفان، ثم أخذها خالد بن الوليد من غير إمرة ففتح له» «<تۇغنى زەيد ئېلىپ شەھىد بولدى، ئۇنىڭدىن كېيىن جەئفەر ئېلىپ شەھىد بولدى. ئاندىن ئىبنى رەۋاھە ئېلىپ ئۇمۇ شەھىد بولدى> دېدى-دە، ئىككى كۆزىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلدى. ئاندىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: <ئۇنىڭدىن كېيىن بايراقنى قوماندانلىققا تەيىنلەنمىگەن بولسىمۇ خالىد ئىبنى ۋەلىد ئالدى، ئۇنىڭغا فەتھى ئاتا قىلىندى> دېدى».[3]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «رأيت رسول اللّٰه ﷺ يقبل عثمان بن

[1] «شرح النووي على صحيح مسلم» 15- توم 184- بەت.
[2] بۇخارى توپلىغان.
[3] بۇخارى توپلىغان.

مظعون وهو ميت، حتى رأيت الدموع تسيل على خديه» «ئوسمان ئىبنى مەزئۇن ۋاپات بولغاندا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۇنى سۆيگەنلىكىنى ۋە كۆز يېشىنىڭ ئۇنىڭ مەڭزىگە ئېقىپ چۈشكەنلىكىنى كۆرگەن ئىدىم». يەنە بىر نەقىلدە: «ئۇنىڭ كۆزىدىن ياش ئاققان ئىدى» دېيىلگەن.①

مۇتەللىپ ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «لما مات عثمان ابن مظعون أخرج بجنازته فدفن، فأمر النبي ﷺ رجلا أن يأتيه بحجر، فلم يستطع حمله، فقام إليها رسول الله ﷺ وحسر عن ذراعيه. قال المطلب: قال الذي يخبرني ذلك عن رسول الله ﷺ: كأني أنظر إلى بياض ذراعي رسول الله ﷺ حين حسر عنهما ثم حملها فوضعها عند رأسه وقال: اتعلم بها قبر أخي وأدفن إليه من مات من أهلي» [ئوسمان ئىبنى مەزئۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولۇپ دەپنە قىلىنغاندا پەيغەمبەر ﷺ بىر ئادەمنى تاش ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇغاندى، لېكىن ئۇ ئادەم تاشنى كۆتۈرەلمىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئىككى بىلىكىنى تۈرۈپ، تاشنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ئوسمان ئىبنى مەزئۇننىڭ قەبرىسىنىڭ باش تەرىپىگە قويدى ۋە: «مەن مۇشۇ تاش ئارقىلىق قېرىندىشىمنىڭ قەبرىسىنى تاپىمەن، ئائىلەمدىن ۋاپات بولغان كىشىنى ئۇنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىمەن» دېدى. مۇتەللىپ مۇنداق دېگەن: «رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن بۇنى ماڭا نەقىل قىلىپ بەرگەن كىشى: <رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ بىلىكىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئاقلىقى هازىرمۇ كۆز ئالدىمدا> دېگەن»].②

ئوسمان ئىبنى مەزئۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئېمىلداش قېرىندىشى ئىدى. ئۇ ئىككى قېتىم ھىجرەت قىلغان، بەدر غازىتىغا قاتناشقان، جاھىلىيەتتىكى ۋاقتىدا ھاراقنى ئۆزىگە ھارام قىلغان كىشى ئىدى. ئۇ مەدىنىدە ۋاپات بولغان مۇھاجىرلارنىڭ ئاۋۋالقىسى بولۇپ، ئۇ

---

① ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

② ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.

مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ 30 ئايدىن كېيىن شەئبان ئېيىدا ۋاپات بولغان. ئۇ پەزىلەتلىك، ئابىد ۋە تىرىشچان ساھابە ئىدى.[1]

بۇ ھەدىستىن مۇسۇلمان كىشى ۋاپات بولسا ئۇنى سۆيۈش ۋە ئۇنىڭغا يىغلاشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

ئىبنى قۇدامە (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «قەبرىگە تاش ياكى ياغاچ بىلەن بەلگە سېلىپ قويۇش دۇرۇستۇر. ئىمام ئەھمەد مۇنداق دېگەن: <قەبرىنى كېيىن ئاسان تېپىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا بەلگە سېلىش دۇرۇس، چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ ئوسمان ئىبنى مەزئۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەبرىسىگە بەلگە قىلغان ئىدى>».[2]

پەيغەمبەر ﷺ نىڭ «ئائىلەمدىن ۋاپات بولغان كىشىنى ئۇنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىمەن» دېگەن سۆزىدىن، ئۇرۇق - تۇغقانلارنى بىر ئورۇنغا دەپنە قىلىشنىڭ مۇستەھەب ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. ئوسمان ئىبنى مەزئۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئېمىلداش قېرىندىشى بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغان تۇنجى كىشى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئوغلى ئىبراھىمدۇر.[3]

❖ **پەيغەمبەر ﷺ الله تائالانىڭ ﴿وَشَاوِرْهُمْ فِي الْأَمْرِ﴾ «ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن»[4] دېگەن سۆزىگە ئەمەل قىلىپ، ئىشلاردا ساھابىلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشەتتى**

ئىبنى بەتتال مۇنداق دېگەن: «مەسلىھەتلىشىش سۈننەتتۇر، ھەربىر كىشى مەسلىھەتكە موھتاج بولىدۇ. ئەگەر بىرەر كىشى مەسلىھەتكە موھتاج ئەمەس دەپ قارالغان بولسىدى، ئەلۋەتتە پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا موھتاج بولمىغان

[1] «الإصابة» 4- توم 461- بەت.
[2] «المغني» 2- توم 191- بەت.
[3] «مرقاة المفاتيح» 5- توم 457- بەت.
[4] سۈرە ئال ئىمران 159- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

بولاتتى. چۈنكى، جىبرىئىل ئۇنىڭغا توغرا قاراشنى (ۋەھيىنى) ئېلىپ چۈشەتتى».

ئەمما، كەسكىن قارار چىقىرىش ۋە ئۇنى ئەمەلىي ئىجرا قىلىشقا كەلسەك، بۇ پەقەت ئەمىرگە خاستۇر. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**فَإِذَا عَزَمْتَ فَتَوَكَّلْ عَلَى اللَّهِ**﴾ «(كېڭەشكەندىن كېيىن) بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، الله قا تەۋەككۇل قىلغىن»[1]. الله تائالا كەسكىن قارار چىقىرىشنى پەيغەمبەرﷺگە خاس قىلغان ۋە تەكلىپ ـ پىكىر بېرىشنى كىشىلەر ئارىسىدا يولغا قويغان.[2]

ھەسەن بەسرى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بىر قەۋم بىر ئىشقا قارار چىقىرىش ئۈچۈن بىرلىكتە مەسلىھەت قىلىشسا، الله تائالا ئۇلارنى ئەڭ توغرىسىغا يېتەكلەيدۇ».[3]

شائىر مۇنداق دېگەن:

توغرا پىكىر باتۇرلۇقنى يېڭىپ چۈشەر،
شىجائەتنىڭ بېشى بولۇپ يول كۆرسىتەر.
بىر قەلبتە بولسا ئۇشبۇ ئىككى خىسلەت،
جەڭگاھلارمۇ لەرزىلىنىپ نۇسرەت كېلەر.

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىگە قۇلاق سالاتتى ۋە تەلەپلىرىنى ئورۇنداپ بېرەتتى**

عن أبي هريرة رضي اللّٰه عنه قال: كنا قعودا حول رسول اللّٰه ﷺ معنا أبو بكر وعمر في نفر، فقام رسول اللّٰه ﷺ من بين أظهرنا، فأبطأ علينا، وخشينا أن يقتطع دوننا وفزعنا فقمنا، فكنت أول

[1] سۈرە ئال ئىمران 159 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] «شرح ابن بطال على صحيح البخاري» 5 ـ توم 334 ـ بەت.
[3] ئىبنى ھىببانىنىڭ «روضة العقلاء» ناملىق كىتابى 1 ـ توم 192 ـ بەت.

من فزع، فخرجت أبتغي رسول الله ﷺ حتى أتيت حائطا للأنصار لبني النجار، فدرت به أجد له بابا فلم أجد، فإذا ربيع يدخل في جوف حائط من بئر خارجة فاحتفزت كما يحتفز الثعلب، فدخلت على رسول الله ﷺ، فقال: أبو هريرة؟. فقلت: نعم يا رسول الله. قال: ما شأنك؟. قلت: كنت بين أظهرنا، فقمت فأبطأت علينا فخشينا أن تقطع دوننا ففزعنا، فكنت أول من فزع، فأتيت هذا الحائط، فاحتفزت كما يحتفز الثعلب، وهؤلاء الناس ورائي. فقال: يا أبا هريرة، (وأعطاني نعليه) قال: اذهب بنعلي هاتين، فمن لقيت من وراء هذا الحائط، يشهد أن لا إله إلا الله مستيقنا بها قلبه فبشره بالجنة. فكان أول من لقيت عمر، فقال: ما هاتان النعلان يا أبا هريرة؟. فقلت: هاتان نعلا رسول الله ﷺ، بعثني بهما من لقيت يشهد أن لا إله إلا الله مستيقنا بها قلبه بشرته بالجنة. فضرب عمر بيده بين ثديي، فخررت لإستي، فقال: ارجع يا أبا هريرة. فرجعت إلى رسول الله ﷺ، فأجهشت بكاء. وركبني عمر، فإذا هو على أثرى. فقال: لي رسول الله ﷺ ما لك يا أبا هريرة؟. قلت: لقيت عمر، فأخبرته بالذي بعثتني به، فضرب بين ثديي ضربة خررت لإستي. وقال ارجع. فقال له رسول الله ﷺ: يا عمر ما حملك على ما فعلت؟. قال: يا رسول الله بأبي أنت وأمي، أبعثت أبا هريرة بنعليك من لقي يشهد أن لا إله إلا الله مستيقنا بها قلبه بشره بالجنة؟. قال: نعم. قال: فلا تفعل. فإني أخشى أن يتكل الناس عليها، فخلهم يعملون. قال رسول الله ﷺ: فخلهم.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: بىر كۈنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىدا ئولتۇراتتۇق، ئارىمىزدا ئەبۇبەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارمۇ بار ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئارىمىزدىن تۇرۇپ كېتىپ خېلى ئۇزاققىچە قايتىپ كەلمىدى. بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىدىن ئەندىشە قىلىپ جىددىي ئورنىمىزدىن تۇردۇق. مەن ئەندىشە قىلغان تۇنجى كىشى ئىدىم. مەن پەيغەمبەر ﷺ نى ئىزدەپ كېتىۋېتىپ، بەنى نەججارلىق بىر ئەنسارىنىڭ بېغىنىڭ يېنىغا كېلىپ قالدىم، شۇنىڭ بىلەن كىرىش ئېغىزىنى ئىزدەپ باغنىڭ تېمىنى ئايلاندىم. ئىشىكىنى تاپالماي كېتىۋېتىپ، تۇيۇقسىز باغنىڭ سىرتىدىكى قۇدۇقتىن چىققان سۇنىڭ بىر

ئىرىق ئارقىلىق باغنىڭ ئىچىگە سوڭگۈچتىن كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم ـ دە، شۇنىڭ بىلەن سوڭگۈچتىن تۈلكىدەك تۈگۈلۈپ تۇرۇپ ئۆمىلەپ كىرىپ، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا باردىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «سەن ئەبۇ ھۇرەيرەمۇ؟» دەپ سورىدى. مەن: «شۇنداق، ئى رەسۇلۇللاھ!» دېدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «نېمە ئىش بولدى؟» دەپ سورىدى. مەن: «سەن بىز بىلەن بىرگە ئىدىڭ، كېيىن تۇيۇقسىز ئورنۇڭدىن تۇرۇپ كېتىپ ئۇزۇنغىچە كەلمىدىڭ، بىز سېنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىڭدىن ئەندىشە قىلدۇق. مەن ئەندىشە قىلغان تۇنجى كىشى ئىدىم. مەن بۇ تام ئاستىدىكى سوڭگۈچتىن تۈلكىگە ئوخشاش ئۆمىلەپ ئۆتتۇم، باشقىلارمۇ بۇ يەرگە ھازىرلا يېتىپ كېلىدۇ» دېدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئايىغىنى ماڭا سۇنۇپ: «ئى ئەبۇ ھۇرەيرە! مېنىڭ بۇ ئىككى ئايىغىمنى ئېلىپ ماڭغىن، مۇشۇ باغنىڭ سىرتىدا چىن قەلبى بىلەن: <لا إله إلا اللَّه> <بىر الله تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھ يوق> دەپ گۇۋاھلىق بېرىدىغان ئادەمنى ئۇچراتساڭ، ئۇنىڭغا جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بەرگىن» دېدى.

ماڭا تۇنجى بولۇپ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇچراپ: «ئى ئەبۇ ھۇرەيرە! بۇ ئىككى پاي ئاياغنى نېمە دەپ كۆتۈرۈۋالدىڭ؟» دەپ سورىدى. مەن: «بۇلار رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئايىغى، رەسۇلۇللاھ ﷺ مېنى الله تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا چىن قەلبىدىن گۇۋاھلىق بەرگەن كىشىگە ئۇچراشسام، ئۇنىڭغا جەننەت بىلەن بېشارەت بېرىشكە بۇيرۇپ، بۇ ئىككى پاي ئاياغنى (ئىسپات سۈپىتىدە) بەردى» دېسەم، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەيدەمگە بىر مۇشت سالغان ئىدى، ئوڭدامغا چۈشتۈم. ئۇ: «ئى ئەبۇ ھۇرەيرە! ئارقاڭغا قايت» دېدى. مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا قايتتىم، شۇ چاغدىكى تۇرۇقمىدىن ھازىرلا يىغلاپ تاشلايدىغاندەك كۆرۈنەتتىم. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئارقامدىنلا تاپ بېسىپ كېلىۋاتاتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ماڭا: «ئى ئەبۇ ھۇرەيرە! ساڭا نېمە بولدى؟»

دەپ سورىدى. مەن: «ئۆمەرگە يولۇقۇپ، ئۇنىڭغا سەن ماڭا تاپىلىغان ئىشلارنى دېسەم، ئۇ مېنىڭ مەيدەمگە بىرنى سالغانىدى، مەن ئوڭدامغا چۈشتۈم. ئاندىن ئۇ: <ئى ئەبۇ ھۇرەيرە! ئارقاڭغا قايت> دېدى» دېدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭغا: «ئى ئۆمەر! نېمە ئۈچۈن ئۇنداق قىلدىڭ؟» دېگەنىدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتا-ئانام ساڭا پىدا بولسۇنكى، سەن ئىككى ئايىغىڭنى (ئىسپات سۈپىتىدە) ئەبۇ ھۇرەيرەگە بېرىپ: <الله تىن باشقا ھېچبىر ھەق ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا چىن قەلبىدىن گۇۋاھلىق بەرگەن كىشىگە جەننەت بىلەن بېشارەت بەرگىن> دەپ ئەۋەتتىڭمۇ؟» دەپ سورىدى.

رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ھەئە» دېگەنىدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنداق قىلمىغىن، مەن كىشىلەرنىڭ بۇ سۆزگە ئىسىلىۋېلىپ ئەمەل-ئىبادەتتە سۇسلىشىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيمەن. كىشىلەرنى ئەمەل-ئىبادەت قىلغىلى قويغان بولساڭ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ﷺ: «ئۇنداقتا ئۇلارنى ئەمەل قىلغىلى قوي!» دېدى.[①]

دېمەك، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزگە قوشۇلۇپ ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلغان.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ قىلغىنى ھەرگىزمۇ پەيغەمبەر ﷺ گە قارشى چىقىپ بۇيرۇقىنى ئىنكار قىلغانلىق ھېسابلانمايدۇ، چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۈممەتنىڭ قەلبىنى رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئۇلارغا بېشارەت بېرىش ئۈچۈنلا ئەۋەتكەن. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «بۇنى يوشۇرۇش كىشىلەرگە ئەڭ مەنپەئەتلىك، شۇنداق بولغاندا كىشىلەر ئۇنىڭغا يۈلىنىۋالمايدۇ ھەمدە بۇ بېشارەتنى يوشۇرۇش كىشىلەرنى بەكرەك ياخشىلىققا ئۈندەيدۇ» دەپ قاراپ پەيغەمبەر ﷺ گە ئۆزىنىڭ پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا،

[①] مۇسلىم توپلىغان.

پەيغەمبەرﷺ ئۇنى قوبۇل قىلغان.[1]

**ھەدىستىن ئېلىنىدىغان پايدىلار**

• ئالىم كىشىنىڭ ئۆز يېقىنلىرى، پەتىۋا سورىغۇچىلار ۋە ئۇلاردىن باشقىلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ ئۇلارغا دىنىي ئىلىملەرنى ئۆگىتىشىنىڭ دۇرۇسلۇقى.

• كۆپ كىشىلەرنى بىرلىكتە تىلغا ئالماقچى بولغاندا، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئابرۇيلۇق كىشىلەرنى ياكى ئۇلارنىڭ بەزىسىنى تىلغا ئېلىپ، ئاندىن «ئۇلاردىن باشقىلار» دېيىشنىڭ دۇرۇسلۇقى.

• ساھابىلەرنىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ نى ھۆرمەتلەش، ئۇنىڭغا كۆيۈنۈش ۋە كەلگەن ئەزىيەتلەرنى توسۇش ئارقىلىق ئۇنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى قوغدىغانلىقى.

• ئەگەشكۈچىلەرنىڭ مەسئۇل بولغان كىشىنىڭ ھەقلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشى، ئۇنىڭغا مەنپەئەتلىك بولغان ئىشنى قىلىش ۋە يامانلىق يېتىدىغان ئىشلارنى توسۇشقا كۆڭۈل بۆلۈشى لازىملىقى.

• ئەگەر يەر ئىگىسىنىڭ رازى بولىدىغانلىقىنى بىلسە، باشقىلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى يەرگە دوستلۇق ياكى باشقا مۇناسىۋەت سەۋەبىدىن رۇخسەتسىز كىرىشنىڭ دۇرۇسلۇقى. چۈنكى، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باغقا كىرگەن، پەيغەمبەرﷺ ئۇنىڭ كىرگەنلىكىنى ئەيىبلىمىگەن.

بۇ ھۆكۈم كىرىشنىڭ توغرا بولۇشى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى يەنە كىرگەندىن كېيىن ئۇ جايدىكى نەرسىلەردىن پايدىلىنىش، يېمەكلىكلىرىدىن يېيىش، ئۆيگە ئېلىپ كېتىش، ئۇلىغىغا مىنىش... قاتارلىق ئىگىسىگە قىيىنچىلىق ئېلىپ كەلمەيدىغان نەرسىلەردىن

[1] «شرح النووي على صحيح مسلم» 1 ـ توم 238 ـ بەت.

پايدىلىنىشنىڭ دۇرۇسلۇقىنىمۇ ئۇقتۇرىدۇ.

• ئىنساننى مەڭگۈلۈك دوزاختا قىلىشتىن قۇتقۇزىدىغان ئىماندا، قەلبتىكى ئىشەنچ ۋە تىلدىكى ئىقرارنىڭ بولۇشى كېرەكلىكى.

• ھاجىتى يوق بەزى ئىلىملەرنى مەنپەئەت ياكى زىيان سەۋەبىدىن ئۆگەنمەسلىكنىڭ دۇرۇسلۇقى.

• كىشىلەر مەنپەئەتلىك دەپ قارىغان ئىشلارنى مەسئۇللىرىغا مەسلىھەت سېلىشى ۋە مەسئۇللارنىڭمۇ ئۇنى مەنپەئەتلىك دەپ قارىسا، بېرىلگەن تەكلىپكە قوشۇلۇپ ئەسلىدىكى قارارىدىن يېنىشىنىڭ دۇرۇسلۇقى.

• بۇرادىرىگە «ئاتا-ئانام ساڭا پىدا بولسۇن!» دېيىشىنىڭ دۇرۇسلۇقى.[1]

❖ **پەيغەمبەر ﷺ بەدر غازىتى كۈنى بىر ساھابىسىنىڭ پىكرىگە قوشۇلغان**

رەسۇلۇللاھ ﷺ بەدرىگە كېلىپ چۈشكەندە، ھۇباب ئىبنى مۇنزىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ ئۆتۈپ كېتىشكە ياكى ئۇنىڭدىن بۇرۇن توختاپ قېلىشقا بولمايدىغان، الله نىڭ بۇيرۇقى بىلەن چۈشكەن ئورۇنمۇ ياكى جەڭ تەدبىرى ئۈچۈن ئۆز رايىڭ بىلەن چۈشتۈڭمۇ؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ﷺ: «بل هو الرأي والحرب والمكيدة» «جەڭ تەدبىرى ئۈچۈن ئۆز رايىم بىلەن چۈشتۈم» دەپ جاۋاب بەردى. ھۇباب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ چۈشۈشكە مۇۋاپىق ئورۇن ئەمەس. قوشۇننى ئېلىپ ماڭغىن، مۇشرىكلارغا ئەڭ يېقىن بىر سۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئورۇنلىشىپ، ئۇنىڭدىن باشقا قۇدۇقلارنى كۆمۈۋېتەيلى، ئاندىن ئۇنىڭ يېنىغا بىر كۆل ياساپ سۇ توشقۇزۇۋالايلى. ئۇنىڭدىن كېيىن دۈشمەن بىلەن ئۇرۇش قىلساق بىز سۇ ئىچەلەيمىز، ئۇلار سۇ ئىچەلمەيدۇ» دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: «لقد أشرت بالرأي» «توغرا پىكىر بەردىڭ» دېدى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ

[1] «شرح النووي على صحيح مسلم» 1- توم 238- بەت.

ﷺ كىشىلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ سۇغا دۈشمەنگە قارىغاندا يېقىنراق بىر جايغا كېلىپ ئۇ يەرگە چۈشتى. ئاندىن باشقا قۇدۇقلارنى تىندۇرۇۋېتىشكە بۇيرۇدى، شۇنىڭ بىلەن قۇدۇقلار تىندۇرۇۋېتىلدى، شۇنداق قىلىپ رەسۇلۇللاھ ﷺ چۈشكەن قۇدۇقنىڭ يېنىغا بىر كۆل ياسىلىپ سۇ توشقۇزۇلدى، ئۇلار ئۇنىڭغا قاچىلارنى تاشلاپ قويدى». [1]

**❖ ئۇھۇد غازىتى كۈنى رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆزىنىڭ پىكرىدىن قايتىپ، ئۇلارنىڭ پىكرىگە قوشۇلغان ئىدى**

ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق نەقىل قىلىنغان: «تنفل رسول اللّٰه ﷺ سيفه ذا الفقار يوم بدر، وهو الذي رأى فيه الرؤيا يوم أحد. وذلك أن رسول اللّٰه ﷺ لما جاءه المشركون يوم أحد، كان رأي رسول اللّٰه ﷺ أن يقيم بالمدينة، فيقاتلهم فيها. فقال له ناس: لم يكونوا شهدوا بدرا، أخرج بنا يا رسول اللّٰه إليهم، نقاتلهم بأحد، ونرجوا أن نصيب من الفضيلة ما أصاب أهل بدر. فما زالوا برسول اللّٰه ﷺ حتى لبس لأمته، فلما لبسها ندموا، وقالوا: يا رسول اللّٰه أقم، فالرأي رأيك، فقال: ما ينبغي لنبي أن يضع أداته بعد أن لبسها، حتى يحكم اللّٰه بينه و بين عدوه» «رەسۇلۇللاھ ﷺ بەدر غازىتىدا ‹زۇلپىقار› دېگەن قىلىچنى غەنىيمەتنىڭ سىرتىدا ئالغان بولۇپ، ئۇھۇد غازىتىغا چىقىشتىن ئىلگىرى قىلىچ ھەققىدە بىر چۈش كۆرگەن ئىدى. مۇشرىكلار ئۇھۇد كۈنى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە (ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن) كەلگەندە، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارغا قارشى مەدىنە ئىچىدە تۇرۇپ ئۇرۇش قىلىش پىكرىدە ئىدى. بەدر غازىتىغا قاتناشمىغان بىر بۆلۈك ساھابىلەر رەسۇلۇللاھ ﷺ گە: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! بىزنى ئۇلار تەرەپكە ئېلىپ چىققىن، بىز ئۇلار بىلەن ئۇھۇدتا ئۇرۇشايلى، بىز بەدر ئەھلى ئېرىشكەن پەزىلەتكە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىمىز› دېدى.

[1] ئىبنى ھىشامنىڭ «السير النبوية» ناملىق كىتابى 3- توم 167- بەت.

ئۇلار سۆزلىرىدە چىڭ تۇرۇۋالغاچقا رەسۇلۇللاھ ﷺ ساۋۇتىنى كىيدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ساۋۇتىنى كىيگەندە، ئۇلار پۇشايمان قىلىپ: <ئى رەسۇلۇللاھ! مەدىنىدە قېلىپ قالغىن. سېنىڭ كۆزقارىشىڭ توغرا ئىكەن> دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: <پەيغەمبەرنىڭ ساۋۇتىنى كىيىپ بولغاندىن كېيىن الله ئۇنىڭ بىلەن دۈشمىنى ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈم چىقارغانغا قەدەر قورالىنى قويۇشى لايىق ئەمەس> دېدى». ①

بوھتان ۋەقەلىكىدە رەسۇلۇللاھ ﷺ ساھابىلىرىگە مەسلىھەت سالغان ئىدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: [مەن ھەققىدە سۆز-چۆچەكلەر تارقالغاندا ھېچنەرسىنى بىلمەيتتىم، رەسۇلۇللاھ ﷺ مەن ھەققىدە خۇتبە سۆزلەپ شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتىپ الله قا ھەمدۇ-سانا ئېيتقاندىن كېيىن: «أما بعد: فأشيروا على في أناس أبنوا أهلي، وأيم اللّٰه ما علمت على أهلي من سوء، وأبنو بمن واللّٰه، ما علمت عليه من سوء قط، ولا يدخل بيتي قط إلا وأنا حاضر، ولا غبت في سفر إلا غاب معي» «<مەقسەتكە كەلسەك، مېنىڭ ئائىلەمگە بوھتان چاپلىغان كىشىلەر ھەققىدە ماڭا مەسلىھەت بېرىڭلار. الله بىلەن قەسەمكى، مەن ئائىلەمدىن ھېچبىر يامانلىقنى سەزگىنىم يوق؛ الله بىلەن قەسەمكى، ئۇلار تۆھمەت قىلغان كىشىدىن ھەم بىرەر يامانلىقنى سەزگىنىم يوق، ئۇ مەن ئۆيدە بولمىسام ئۆيۈمگە قەتئىي كىرمەيدۇ. سەپەرگە چىقسام مەن بىلەن بىللە چىقىدۇ> دەپتۇ»]. ②

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ساھابىلىرىنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلەتتى، بەزىلىرىنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى كۆرۈپ ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلاتتى ۋە قايغۇراتتى**

ساھابىلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئىسلامغا كىرىشتىن بۇرۇن باياشات تۇرمۇشتا

---

① ھاكىم توپلىغان ۋە «سەھىھ» دېگەن.

② تىرمىزى، بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

ياشىغان ساھابىلەرنىڭ ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن ھەرخىل جاپا-مۇشەققەتلەرگە سەۋر قىلغانلىقى ھېچكىمگە مەخپىي ئەمەس. جۈملىدىن، مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پۈتۈن مال-مۈلكى، ئائىسى ۋە ئائىلىسىدىن ۋاز كېچىپ الله ۋە الله نىڭ رەسۇلى تەرەپكە ھىجرەت قىلغان ئىدى.

مۇھەممەد ئىبنى كەئب قۇرەزى مۇنداق دېگەن: ماڭا بىر كىشى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى: «قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە قورسىقىم ئاچ ھالدا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۆيىدىن چىقتىم، سوغۇقنىڭ قاتتىقلىقىدىن توڭلاپ قالاي دېگەنىدىم. ئاشلانغان كونا تېرىنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىن بېشىمنى چىقىرىپ، ئىسسىنىش ئۈچۈن بېلىمنى خورما ياپراقلىرى بىلەن تاڭدىم. قورسىقىم بەكمۇ ئېچىپ كەتكەن ئىدى. ئەگەر رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۆيىدە يېگۈدەك نەرسە بولغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە يېگەن بولاتتىم. (يېگۈدەك) بىر نەرسە ئىزدەپ كېتىۋېتىپ بېغىدا چېلەك بىلەن قۇدۇقتىن سۇ تارتىۋاتقان بىر يەھۇدىينىڭ يېنىدىن ئۆتتۇم ۋە تامنىڭ يوچۇقىدىن ئۇنىڭغا قاراپ تۇردۇم، يەھۇدىي (مېنى كۆرۈپ): <ئى سەھرالىق! نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟ بىر تال خورما بەدىلىگە بىر چېلەك سۇ تارتىپ بېرەمسەن؟> دېدى. مەن: <ماقۇل، ئىشىكنى ئاچقىن، ئىچىگە كىرەي> دېدىم. ئۇ ئىشىكنى ئاچتى، مەن ئىچىگە كىردىم. ئۇ ماڭا بىر چېلەك بەردى، ھەربىر چېلەك سۇ تارتقىنىمدا ئۇ ماڭا بىر تال خورما بەردى. ئالقىنىم خورمىغا توشقاندا سۇ تارتىشتىن توختاپ: <بۇ ماڭا يېتىدۇ> دېدىم. ئاندىن خورما يەپ سۇ ئىچكەندىن كېيىن مەسجىدكە قايتتىم، رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇ مەسجىدتە بار ئىدى. بىز ئۇنىڭ بىلەن مەسجىدتە ئولتۇراتتۇق، شۇ پەيتتە مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۈچىسىدا تېرە پارچىسىدا ياماق

سېلىنغان يەكتەك بار ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بۇرۇنقى باياشات تۇرمۇشتىكى ھالىتى ۋە بۈگۈنكى ھالىتىنى ئەسلەپ يىغلىدى. كېيىن رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹كيف بكم إذا غدا أحدكم في حلة، وراح في حلة، ووضعت بين يديه صحفة، ورفعت أخرى، وسترتم بيوتكم كما تستر الكعبة؟› ‹سەھەردە بىر كىيىم، چۈشتىن كېيىن يەنە بىر كىيىم كىيىدىغان، كەينى-كەينىدىن (ھەر تۈرلۈك) تاماق كەلتۈرۈلىدىغان، ئۆيۈڭلارنى خۇددى كەئبىنى ئورىغاندەك ئورايدىغان (بېزەيدىغان) چاغ كەلگەندە ھالىڭلار قانداق بولۇپ كېتەر؟› دېدى. ساھابىلەر: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ كۈنلەردە بىزنىڭ ئەھۋالىمىز بۈگۈنكىدىن ياخشى بولغۇدەك، تۇرمۇشتىن غەم قىلماي پەقەت ئىبادەت بىلەنلا بولالىغۇدەكمىز› دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ: ‹لأنتم اليوم خير منكم يومئذ› ‹سىلەرنىڭ بۈگۈنكى ئەھۋالىڭلار، ئەلۋەتتە ئۇ كۈندىكىدىن ياخشىدۇر› دېدى».[1]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ چوڭ بىر مەنپەئەتنى كۆزلەپ ساھابىلەرگە بىر نەرسە بەرمىگەن بولسا، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىۋالاتتى**

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: رەسۇلۇللاھ ﷺ ھۇنەين غەنىيمەتلىرىدىن قۇرەيش ۋە باشقا ئەرەب قەبىلىلىرىگە كۆپلەپ بېرىپ، ئەنسارىلارغا ھېچنەرسە تەگمىگەندىن كېيىن، بۇ كىشىلەر خاپا بولۇپ بەزى گەپلەرنى قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ ئىچىدە سۆز-چۆچەكلەر كۆپىيىپ كەتتى، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاچچىقىغا پايلىمىغان بىرسى:

— رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەمدى ئۆز قەۋم-قېرىنداشلىرىنى تېپىۋالدى، — دېدى.

سەئىد ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا كىرىپ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! سەن ئۆز قەۋم-قېرىنداشلىرىڭغا ۋە باشقا قەبىلە ئاقساقاللىرىغا زور مىقداردا سوۋغا ۋە ھەدىيىلەرنى تۆكۈپ بېرىپ، بۇ بىر جەمەت

[1] تىرمىزى توپلىغان ۋە «ھەسەن» دېگەن، ئەلبانى «زەئىپ» دېگەن.

ئەنسارىلارغا ھېچنەرسە بەرمىگەندىن كېيىن، ئۇلار سەندىن رەنجىپ قاپتۇ، — دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ:

— «فأين أنت من ذلك يا سعد؟» «ئى سەئىد! سەنمۇ رەنجىدىڭمۇ؟» — دەپ سورىغانىدى، سەئىد ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ئەلۋەتتە مەنمۇ شۇلارنىڭ بىرى، — دېدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ:

— «فاجمع لي قومك في هذه الحظيرة» «ئۇنداقتا قەۋمىڭنى مۇنۇ جايغا يىغقىن» — دېدى. شۇنىڭ بىلەن سەئىد ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەنسارىلارنىڭ قېشىغا چىقىپ ئۇلارنى ئۇ جايغا يىغدى. مۇھاجىرلاردىن بىر بۆلۈك كىشىلەر كەلگەنىدى، ئۇلارنىمۇ كىرگۈزدى. ئاندىن يەنە بىر بۆلۈكلەر كەلگەنىدى، ئۇلارنى كىرگۈزمىدى. ئۇلار تولۇق يىغىلىپ بولىۋېدى، سەئىد ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئەنسارىلار يىغىلىپ بولدى، — دەپ خەۋەر قىلدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارنىڭ يېنىغا كىرىپ ئاۋۋال الله قا ھەمدۇ-سانا ئېيتتى، ئاندىن:

— «يا معشر الأنصار ما قالة بلغتني عنكم وجدة وجدتموها في أنفسكم؟ ألم آتكم ضلالا فهداكم اللّه؟ وعالة فأغناكم اللّه وأعداء فألف اللّه بين قلوبكم؟» «ئى ئەنسارىلار جامائەسى! ماڭا سىلەردىن ئاڭلانغىنى قانداق گەپ؟ ئۇ سىلەرنىڭ كۆڭلۈڭلاردا ماڭا ئاچچىقىڭلار كەلگىنىمۇ؟ مەن يېنىڭلارغا كېلىشتىن ئىلگىرى سىلەر ئازغۇن گۇمراھ خەلق ئەمەسمىدىڭلار، الله سىلەرنى مېنىڭ سەۋەبىم بىلەن ھىدايەت قىلمىدىمۇ؟ كەمبەغەل ئىدىڭلار، الله سىلەرنى باي قىلمىدىمۇ؟ ئۆزئارا ئادەۋەتلىك دۇشمەنلەردىن ئىدىڭلار، الله قەلبىڭلارنى بىرلەشتۈرۈپ سىلەرنى ياراشتۇرمىدىمۇ؟» — دېدى. ئەنسارىلار:

— الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىنىڭ ياخشىلىقى كۆپتۇر ۋە ئەۋزەلدۇر، —

دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە:

— «ألا تجيبونني يا معشر الأنصار» «ئى ئەنسارىلار جامائەسى! ماڭا جاۋاب بېرىڭلار؟» — دېگەندى. ئۇلار:

— ئى رەسۇلۇللاھ! نېمىدەپ جاۋاب بېرەمىز؟ ياخشىلىق ۋە پەزىلەت الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىغا مەنسۇپتۇر، — دەپ تۇرۇۋالدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ:

— «أما واللّه لو شئتم لقلتم فلصدقتم، وصدقتم أتيتنا مكذبا فصدقناك، ومخذولا فنصرناك، وطريدا فآويناك، وعائلا فاغنيناك، أوجدتم في أنفسكم يا معشر الأنصار في لعاعة من الدنيا، تألفت بها قوما ليسلموا، ووكلتكم إلى إسلامكم؟، أفلا ترضون يا معشر الأنصار أن يذهب الناس بالشاة والبعير، وترجعون برسول اللّه في رحالكم؟، فوالذي نفس محمد بيده لولا الهجرة لكنت امرأ من الأنصار، ولو سلك الناس شعبا، وسلكت الأنصار شعبا، لسلكت شعب الأنصار، اللّهم ارحم الأنصار، وأبناء الأنصار، وأبناء أبناء الأنصار» «ئەگەر خالىساڭلار سىزنى باشقىلار يالغانغا چىقىرىپتىكەن، بىز قوللىدۇق؛ ياردەمسىز قالغىنىڭدا بىز ساڭا ياردەم بەردۇق؛ باشقىلار قوغلىۋېتىپتىكەن، بىز ئارىمىزغا ئالدۇق؛ نامرات ۋە يوقسۇلكەنسەن، غەمخورلۇق قىلدۇق دېسەڭلار ئەلۋەتتە راست ئېيتقان بولىسىلەر. ئى ئەنسارىلار! بەزى ئادەملەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى ئۈچۈن، ئۇلارنى دۇنيانىڭ يوقىلاڭ نەرسىلىرىدىن بەھرىمەن قىلىپ، سىلەرنى ئىمانىڭلارغا تاپشۇرسام، شۇنىڭغا ئاچچىقىڭلار كەلدىمۇ؟ ئى ئەنسارىلار! باشقىلار قوي-تۆگىلەرنى ھەيدەپ كەتسە، سىلەر يۇرتۇڭلارغا الله نىڭ رەسۇلىنى ئېلىپ قايتىشقا رازى بولماسىلەر؟ الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ھىجرەت بولمىغان بولسا، مەن ئەنسارىلاردىن بىر كىشى بولغان بولاتتىم. جىمى ئادەملەر بىر يولدا مېڭىپ، ئەنسارىلار يەنە بىر يولدا ماڭسا، مەن چوقۇم ئەنسارىلار ماڭغان يولنى تاللايتتىم. ئى الله ! ئەنسارىلارغا رەھمەت قىلغىن، ئۇلارنىڭ بالىلىرىغا رەھمەت قىلغىن ،نەۋرە-چەۋرىلىرىگە رەھمەت قىلغىن!» — دېدى. بۇ چاغدا ئەنسارىلار

يىغلىشىپ، ھەتتاكى ساقاللىرى ھۆل بولۇپ كەتتى. ئۇلار:

ــ رەسۇلۇللاھنىڭ تەقسىماتىغا رازى بولدۇق، نېسىۋىلىرىمىزنىڭ رەسۇلۇللاھ بولۇشقا رازى بولدۇق، ــ دېيىشتى. ئاندىن رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇ قايتتى ۋە بىزمۇ تارقىلىپ كەتتۇق.①

### ❖ پەيغەمبەر ﷺ ساھابىلىرىنىڭ باشقىلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان سۈپەتلىرىنى بىلەتتى

پەيغەمبەر ﷺ ساھابىلىرىدىن ھەربىرىنىڭ باشقىلاردىن پەرقلىق سۈپەتلىرىنى بىلەتتى. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «أرحم أمتي بأمتي أبو بكر، وأشدهم في أمر اللّٰه عمر، وأصدقهم حياء عثمان، وأقضاهم علي بن أبي طالب، وأعلمهم بالحلال والحرام معاذ بن جبل، وأفرضهم زيد بن ثابت، وأقرؤهم لكتاب اللّٰه أبي بن كعب، ألا وان لكل امة أمينا وامين هذه الأمة أبو عبيدة بن الجراح» «ئۈممىتىمنىڭ ئىچىدىن ئۈممىتىمگە ئەڭ رەھىمدىل كىشى ئەبۇبەكرى، الله نىڭ ئەمرىدە ئەڭ چىڭ تۇرىدىغىنى ئۆمەر، ئەڭ ھايالىقى ئوسمان، (شەرىئەت ھۆكۈملىرى بىلەن ھۆكۈم قىلىشتا) ئەڭ ئىلىملىكى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب، ھالال ۋە ھارام (ھۆكۈملىرىنى) ئەڭ ياخشى بىلىدىغىنى مۇئاز ئىبنى جەبەل، مىراس ئىلىمىدە ئەڭ ئىلىملىكى زەيد ئىبنى سابىت، قۇرئاننى ئەڭ ياخشى ئوقۇيدىغىنى ئۇبەي ئىبنى كەئىبتۇر. ھەربىر ئۈممەتنىڭ ئامانەتدارى بولۇپ، بۇ ئۈممەتنىڭ ئامانەتدارى ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھتۇر».②

«ئۈممىتىم ئىچىدىن ئۈممىتىمگە ئەڭ رەھىمدىل كىشى ئەبۇبەكرى». ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ رەھىمدىل كىشى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭ تەبىئىتى كۆيۈمچانلىق ۋە رەھىمدىللىق بىلەن يۇغۇرۇلغان

① ئەھمەد توپلىغان، شۇئەيب ئەرنەئۇت «ھەسەن» دېگەن.
② تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

بولۇپ، ئۇ چوڭ ۋە كىچىكلەرنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاشلا مۇلايىملىق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى.

«الله نىڭ ئەمرىدە ئەڭ چىڭ تۇرىدىغىنى ئۆمەر». ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كەسكىن ۋە يۈرەكلىك كىشى ئىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى «دىندا مۇستەھكەم تۇرىدۇ» دەپ سۈپەتلىگەن، چۈنكى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭغان يولدا شەيتان ماڭالمايتتى. پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «إيه يا ابن الخطاب، والذي نفسي بيده ما لقيك الشيطان سالكا فجا إلا سلك فجا غير فجك» «سۆزلەۋەرگىن، ئى ئىبنى خەتتاب! جېنىم قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەمكى، شەيتان سەن بىلەن بىر يولدا ئۇچرىشىپ قالسا، ئۇ سەن ماڭغان يولدىن باشقا يولدا ماڭىدۇ».[1]

«ئەڭ ھايالىق ئوسمان». ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ الله تىن ۋە پۈتۈن مەخلۇقاتلاردىن بەكلا ھايا قىلىدىغان كىشى ئىدى. ئۇ ئايالىدىنمۇ ھايا قىلاتتى، ھەتتا ئايالى بىلەن يالغۇز قالغان ۋاقىتلىرىدىمۇ شۇنداق ئىدى. ئۇ بەكلا ھايالىق بولغانلىقى ئۈچۈن پەرىشتىلەرمۇ ئۇنىڭدىن ھايا قىلاتتى.

«قۇرئاننى ئەڭ ياخشى ئوقۇيدىغىنى ئۇبەي ئىبنى كەئب». ئۇبەي ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇرئاننى ئەڭ ياخشى بىلىدىغان، قۇرئاننى ئەڭ ياخشى ئوقۇيدىغان ۋە قۇرئاننى ئەڭ ياخشى يادقا ئالغان كىشى ئىدى.

«ھەربىر ئۈممەتنىڭ ئامانەتدارى بولىدۇ، بۇ ئۈممەتنىڭ ئامانەتدارى ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھتۇر». كىشىلەر ئۇنىڭغا ئامانەت قويىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىشەنچ قىلالايدۇ ھەمدە ئۇنىڭ خىيانەت قىلىشىدىن ئەندىشە قىلمايدۇ. ئۇ ئامانەتنى ئەڭ ياخشى ساقلايدىغان، خىيانەتتىن ئەڭ يىراق تۇرىدىغان كىشىدۇر.[2]

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] «فيض القدير» 1- توم 588- ۋە 589- بەت.

پەيغەمبەرﷺ خۇددى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھايالىق ئىكەنلىكى ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ (شەرىئەت ھۆكۈملىرى بىلەن) ھۆكۈم قىلىشتا ئەڭ ئىلىملىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەنگە ئوخشاش، خۇسۇسىي ساھابىلىرىنىڭ ھەربىرىنى بىر پەزىلەت بىلەن سۈپەتلىگەن ھەمدە ئۇلارنىڭ ھەربىرىدىكى ئارتۇقچىلىقلارنى باشقىلارغا ھېس قىلدۇرغان.[①]

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەققىدە: «ما أظلت الخضراء ولا أقلت الغبراء، من ذي لهجة أصدق لهجة من أبي ذر شبه عيسى عليه السلام » «ئاسمان ئەبۇ زەردەك راست سۆزلۈك بىر كىشىگە سايە تاشلاپ باقمىدى، زېمىنمۇ ئۇنىڭدەك كىشىنى كۆتۈرۈپ باقمىدى. ئۇ ئىيسا ئىبنى مەريەمگە بەكمۇ ئوخشايدۇ» دېگەندە، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەۋەس قىلغاندەك: «ئى رەسۇلۇللاھ! سەن ئۇنى شۇنداق دەپ قارامسەن؟» دەپ سورىغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «نعم، فاعرفوه له» «ھەئە، سىلەرمۇ شۇنداق دەپ بىلىڭلار» دېدى.[②]

رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «من سره أن ينظر إلى تواضع عيسى ابن مريم فلينظر إلى أبي ذر» «كىمكى ئىيسا ئىبنى مەريەمنىڭ كەمتەرلىكىگە قاراپ خۇرسەن بولماقچى بولسا، ئەبۇ زەرگە قارىسۇن».[③]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ساھابىلىرىدىن ھەربىرىنىڭ گەۋدىلىك سۈپەتلىرىگە ئەھمىيەت بېرەتتى ۋە ئۇلارغا شۇ خىل سۈپەتنىڭ تەلپى بويىچە مۇئامىلە قىلاتتى**

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۈندەشلىك خاراكتېرىگە ھۆرمەت قىلغان. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «بينا نحن

[①] «فتح الباري» 11- توم 44 - بەت.
[②] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «ھەسەن» دېگەن.
[③] ئىبنى ئەبۇ شەيبە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

عند رسول الله ﷺ، إذ قال: بينا أنا نائم رأيتني في الجنة، فإذا أنا بامرأة تتوضأ إلى جانب قصر، فقلت: لمن هذا القصر؟ قالوا: لعمر بن الخطاب، فأردت أن أدخله، فأنظر إليه، فذكرت غيرتك فوليت مدبرا. فبكى عمر وقال أعليك أغار يا رسول الله؟» [بىز رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ يېنىدا ئىدۇق، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «مەن چۈشۈمدە ئۆزۈمنى جەننەتتە كۆردۈم، بىر ئايال بىر قەسىرنىڭ يېنىدا تاھارەت ئېلىۋاتقانىكەن، مەن: <بۇ قەسىر كىمنىڭ؟> دەپ سورىسام، ئۇ: <ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ> دەپ جاۋاب بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ قاراپ باقماقچى بولدۇم-يۇ، لېكىن سېنىڭ كۈندەشلىكىڭنى ئېسىمگە ئېلىپ ئارقامغا قايتتىم» دېگەنىدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يىغلاپ تۇرۇپ: «ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ساڭىمۇ كۈندەشلىك قىلارمەنمۇ؟» دېدى].[1]

بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ساھابىلەرنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرىگە ھۆرمەت قىلغانلىقى ئېچىپ بېرىلگەن ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلىتى بايان قىلىنغان.

بۇ ھەدىستە يەنە ھەربىر كىشىگە ئۇنىڭدىن نامايان بولۇپ تۇرغان ئەخلاق ئاساسىدا باھا بېرىش لازىملىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.[2]

رەسۇلۇللاھ ﷺ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ناھايىتى ھايالىق تەبىئىتىگە ھۆرمەت قىلغان. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «كان رسول الله ﷺ مضطجعا في بيتي كاشفا عن فخذيه، أو ساقيه. فاستأذن أبو بكر، فأذن له وهو على تلك الحال فتحدث. ثم استأذن عمر، فأذن له وهو كذلك فتحدث. ثم استأذن عثمان، فجلس رسول الله ﷺ وسوى ثيابه. فدخل، فتحدث. فلما خرج، قالت عائشة: دخل أبو بكر، فلم تهتش له ولم تباله، ثم دخل عمر، فلم تهتش له ولم تباله، ثم دخل عثمان، فجلست وسويت

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[2] «فتح الباري» 7- توم 45 - بەت. «شرح ابن بطال على صحيح البخاري» 9- توم 544- بەت.

ثيابك. فقال: ألا أستحي من رجل تستحي منه الملائكة؟» «رەسۇلۇللاھ ﷺ مېنىڭ ئۆيۈمدە يوتىسىنى ياكى پاچىقىنى ئېچىپ يېنىچە ياتقان ئىدى، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىرىشكە رۇخسەت سورىدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ شۇ ھالىتىدە تۇرۇپ ئۇنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت بەردى، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشتى. كېيىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىرىشكە رۇخسەت سورىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنىلا شۇ ھالىتىدە تۇرۇپ ئۇنىڭمۇ كىرىشىگە رۇخسەت بەردى، ئاندىن ئۇنىڭ بىلەنمۇ پاراڭلاشتى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىرىشكە رۇخسەت سورىغانىدى، رەسۇلۇللاھ ﷺ (يېنىچە ياتقان ھالىتىدىن) رۇسلىنىپ كىيىمىنى تۈزەشتۈردى، ئاندىن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىردى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇنىڭ بىلەنمۇ پاراڭلاشتى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چىقىپ كەتكەندە، مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ گە: <ئەبۇبەكرى كىرسە ئۇنىڭغا ئورنۇڭدىن قوزغالمىدىڭ ۋە پەرۋامۇ قىلمىدىڭ، ئۆمەر كىرسە ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئورنۇڭدىن قوزغالمىدىڭ ۋە پەرۋامۇ قىلمىدىڭ، لېكىن ئوسمان كىرسە ئولتۇرۇپ كىيىملىرىڭنى تۈزەشتۈردۈڭغۇ؟> دېسەم، رەسۇلۇللاھ ﷺ: <پەرىشتىلەر ھايا قىلىدىغان كىشىدىن مەن ھايا قىلمامدىمەن!؟> دېدى».[1]

بۇ ھەدىستە، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئېسىل پەزىلىتى ۋە پەرىشتىلەرنىڭ نەزىرىدىكى يۈكسەك ئورنى ھەمدە ھايانىڭ پەرىشتىلەرنىڭ بىر تۈرلۈك گۈزەل سۈپىتى ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.[2]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارغا ئاقىۋەتنىڭ گۈزەل بولىدىغانلىقى بىلەن خۇش بېشارەت بەرگەن**

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «أن

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] «شرح النووي» 8- توم 141- بەت.

النبي ﷺ صعد أحدا وأبو بكر وعمر وعثمان، فرجف بهم، فقال: اثبت أحد، فإنما عليك نبي وصديق وشهيدان» «پەيغەمبەر ﷺ ئەبۇبەكرى، ئۆمەر ۋە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار بىلەن ئۇھۇد تېغىغا چىققاندا تاغ تەۋرىگەنىدى، پەيغەمبەر ﷺ: <ئى ئۇھۇد! تەۋرىمە، چۈنكى ئۈستۈڭدە بىر پەيغەمبەر، بىر سىددىق ۋە ئىككى شەھىد بار> دېگەن» .[1]

ئۇھۇد تېغى ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۈستىگە چىققىنىغا خۇشاللىنىپ تەۋرىگەن.[2]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ئۇلارغا جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ جەننەتتىكى دەرىجىسىنى بايان قىلىپ بەرگەن**

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنغان: مەن تاھارەت ئېلىپ ئۆيدىن چىقتىم ۋە: «بۈگۈن پەيغەمبەر ﷺ گە ھەمراھ بولىمەن، ئۇنىڭدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلمايمەن» دەپ ئويلاپ، مەسجىدكە بېرىپ پەيغەمبەر ﷺ نى سورىسام، ئۇنىڭ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ۋە قايسى تەرەپكە كەتكەنلىكىنى ئېيتىشتى. پەيغەمبەر ﷺ نى ئىزدەپ يۈرۈپ ئەرىس قۇدۇقىنىڭ يېنىغا كەلدىم ۋە خورما شاخلىرىدىن ياسالغان ئىشىكى ئالدىدا ساقلاپ تۇردۇم. پەيغەمبەر ﷺ ھاجىتىنى راۋا قىلىپ چىقىپ تاھارەت ئالدى. ئاندىن يېنىغا بېرىپ قارىسام، پەيغەمبەر ﷺ پۇشقىقىنى تۈرۈۋېتىپ پۇتلىرىنى قۇدۇقنىڭ ئىچىگە ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇنىڭغا سالام بەرگەندىن كېيىن ئىشىك ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردۇم. ئىچىمدە: «بۈگۈن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قاراۋۇللۇقىنى قىلىمەن» دەپ ئويلىدىم.

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېلىپ ئىشىكنى قاقتى. شۇنىڭ بىلەن:

ـــ كىم؟ ـــ دەپ سورىغانىدىم، ئۇ:

---

[1] بۇخارى توپلىغان.

[2] «عون المعبود» 10ـ توم 168ـ بەت.

— مەن ئەبۇبەكرى، — دېدى. مەن:

— بىر ئاز كۈتۈپ تۇرغىن! — دېدىم ۋە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ئەبۇبەكرى كەلدى، ئىچىگە كىرىش ئۈچۈن ئىجازەت سوراۋاتىدۇ، — دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ:

— «ائذن له وبشره بالجنة» «رۇخسەت قىلغىن ۋە ئۇنىڭغا جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بەرگىن» — دېدى. ئىشىك ئالدىغا بېرىپ:

— ئى ئەبۇبەكرى! قېنى كىرگىن، پەيغەمبەر ﷺ ساڭا جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بەردى، — دېدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ الله قا ھەمدە ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن كىرىپ، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا باردى ۋە پۇتلىرىنى قۇدۇققا ساڭگىلىتىپ ئولتۇردى. پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئوڭ تەرىپىدە پۇتلىرىنى قۇدۇققا ساڭگىلىتىپ ئولتۇردى.

مەن جايىمغا قايتىپ بېرىپ ئولتۇردۇم. قېرىندىشىم ئۆيدە تاھارەت ئېلىپ قالغانىدى، ئۇنىڭغا ئارقامدىن كېلىشىنى ئېيتقانىدىم. ئۆز-ئۆزەمگە: «ئەگەر الله تائالا پالانچىغا (يەنى قېرىندىشىمغا) ياخشىلىق ئاتا قىلماقچى بولسا، ئۇنى بۇ يەرگە كەلتۈرىدۇ» دەپ ئويلىدىم. كۆپ ئۆتمەي بىر كىشى كېلىپ ئىشىكنى قاقتى. مەن:

— كىم؟ — دەپ سورىغانىدىم. ئۇ:

— مەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، — دېدى. مەن ئۇنىڭغا:

— بىر ئاز تەخىر قىلىپ تۇرغىن! — دېدىم ۋە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ئۆمەر كەلدى، ئىچىگە كىرىش ئۈچۈن ئىجازەت سوراۋاتىدۇ، — دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ:

— «ائذن له وبشره بالجنة» «رۇخسەت قىلغىن ۋە ئۇنىڭغا جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بەرگىن!» — دېدى. ئىشىك ئالدىغا بېرىپ:

ــــ ئى ئۆمەر! قىنى كىرگىن، پەيغەمبەر ﷺ ساڭا جەننەت بىلەن خۇش بىشارەت بەردى، ــــ دېدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ الله قا ھەمدە ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن كىرىپ، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا باردى ۋە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ سول تەرىپىدە پۇتلىرىنى قۇدۇققا ساڭگىلىتىپ ئولتۇردى.

مەن يەنە ئورنۇمغا قايتىپ بېرىپ ئولتۇردۇم، يەنە خىيالىمدا: «ئەگەر الله تائالا پالانچىغا (يەنى قېرىندىشىمغا) ياخشىلىق ئاتا قىلماقچى بولسا ئۇنى بۇ يەرگە كەلتۈرىدۇ» دەپ ئويلىدىم. يەنە بىرى ئىشىكنى قاقتى. مەن:

ــــ كىم؟ ــــ دەپ سورىغاندىم، ئۇ:

ــــ مەن ئوسمان، ــــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن:

ــــ بىرئاز تەخىر قىلىپ تۇرغىن! ــــ دېدىم ۋە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئالدىغا بېرىپ:

ــــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئوسمان كەلدى، ئىچىگە كىرىش ئۈچۈن ئىجازەت سوراۋاتىدۇ، ــــ دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ:

ــــ «ائذن له وبشره بالجنة على بلوى تصيبه» «رۇخسەت قىلغىن ۋە ئۇنىڭغا بىر بالاغا يولۇققاندىن كېيىن جەننەتكە كىرىدىغانلىقىدىن خۇش بىشارەت بەرگىن!» ــــ دېدى. دەرھال ئىشىك ئالدىغا بېرىپ:

ــــ ئى ئوسمان! قىنى كىرگىن، پەيغەمبەر ﷺ سېنىڭ بىر بالاغا يولۇققاندىن كېيىن جەننەتكە كىرىدىغانلىقىڭدىن خۇش بىشارەت بەردى، ــــ دېدىم. ئۇمۇ الله قا ھەمدە ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن:

ــــ الله تائالا ياردەم بەرگۈچىدۇر، ــــ دەپ كىردى ۋە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئىككى يېنىدىن بوش ئورۇن تاپالماي، ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىغا ئۆتۈپ ئولتۇردى.

(ھەدىسنى نەقىل قىلغان) سەئىد ئىبنى مۇسەييەب مۇنداق دېگەن: «مەن بۇنى ئۇلارنىڭ قەبرىسىنىڭ شۇنداق بولىدىغانلىقىنىڭ بىشارىتى ئىكەن دەپ

چۇشەندىم». [1]

**ھەدىستىن ئېلىنىدىغان پايدىلار**

• مەغرۇرلىنىپ قېلىش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا پىتنىلەردىن ئەندىشە قىلىنمىسا، ئىنساننى ئالدىدا تۇرۇپ ماختاشنىڭ دۇرۇسلۇقى.

• ئەبۇبەكرى، ئۆمەر ۋە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ پەزىلەتلىك ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ جەننەت ئەھلىدىن ئىكەنلىكى ۋە ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭمۇ پەزىلەتلىك ئىكەنلىكى.

• ئەھۋالى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەھۋالىغا ئوخشايدىغان كىشىنىڭ «الله ياردەم بەرگۈچىدۇر» دېيىشىنىڭ مۇستەھەبلىكى.

• پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇسىبەتكە يولۇقىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىشىنىڭ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ روشەن مۆجىزىلىرىدىن ئىكەنلىكى، بۇ ئۇچەيلەننىڭ ئىمان ۋە ھىدايەت ئۈستىدە بەرقارار تۇرىدىغانلىقى. [2]

رەسۇلۇللاھ ﷺ ساھابىلىرىدىن بىرقانچە كىشىگە جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى بىر ھەدىستە ئوچۇق تىلغا ئالغان. ئۇ ھەدىس «جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بېرىلگەن 10 ساھابە ھەققىدىكى ھەدىس» دەپ مەشھۇر بولغان. رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇنداق دېگەن: «أبو بكر في الجنة، وعمر في الجنة، وعثمان في الجنة، وعلى في الجنة، وطلحة في الجنة، والزبير بن العوام في الجنة، وسعد في الجنة، وعبد الرحمن بن عوف في الجنة، وسعيد بن زيد في الجنة، وأبو عبيدة بن الجراح في الجنة» «ئەبۇبەكرى جەننەتتە، ئۆمەر جەننەتتە، ئوسمان جەننەتتە، ئەلى جەننەتتە، تەلھە جەننەتتە، زۇبەير ئىبنى ئەۋۋام جەننەتتە، سەئىد جەننەتتە،

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] «شرح النووي على صحيح مسلم» 15- توم 170- بەت.

ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف جەننەتتە، سەئىد ئىبنى زەيد جەننەتتە، ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ جەننەتتە».[1]

رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «الحسن والحسين سيدا شباب أهل الجنة» «ھەسەن ۋە ھۈسەين جەننەت ياشلىرىنىڭ سەردارىدۇر».[2]

رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «أريت الجنة فرأيت امرأة أبي طلحة ثم سمعت خشخشة أمامي فإذا بلال» «مەن چۈشۈمدە جەننەتنى كۆرۈپ، ئۇ يەردە ئەبۇ تەلھەنىڭ ئايالىنى كۆردۈم. ئاندىن ئالدىمدا بىرسىنىڭ ئاياغ تىۋشىنى ئاڭلىدىم، ئۇ بىلال ئىكەن».[3]

ھەدىسلەردە جەننەت بىلەن خۇش بېشارەت بېرىلگەنلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇ يەردە ئۇلار ھەققىدە تەپسىلىي توختالمايمىز.

[1] ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[2] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

## 8- باب

# پەيغەمبەر ﷺ نىڭ خىزمەتچى ۋە دېدەكلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىسى

پەيغەمبەر ﷺ ئۆزىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدىكى ئېسىل ئەخلاقىنى نامايان قىلىش ۋە ئۈممەتنى شۇ گۈزەل ئەخلاقتا يېتەكلەش ئۈچۈن خىزمەتچى، ئازادگەردە ۋە دېدەكلەرگە كۆيۈنۈش، مېھرىبانلىق قىلىش، ئادىل ۋە ياخشى مۇئامىلە قىلىش... قاتارلىق مىسلىسىز ئۆلگىلەرنى ياراتقان.

### پەيغەمبەر ﷺ نىڭ خىزمەتچى ۋە قۇللارغا قىلغان مۇئامىلىسى

مۇھەممەد ﷺ نىڭ خىزمەتكارلىرىغا قىلغان مۇئامىلىسى خۇددى كۆيۈمچان دادىنىڭ ئۆز بالىسىغا، مېھرىبان بىر قېرىنداشنىڭ ئۆز قېرىندىشىغا قىلغان مۇئامىلىسىگە ئوخشايدۇ. پەيغەمبەر ﷺ قۇل، خىزمەتچى ۋە خالىسانە ئىش قىلغۇچىلارغا ئۆز لايىقىدا مۇئامىلە قىلاتتى. مانا بۇ مۇئامىلە سەۋەبلىك زەيد ئىبنى ھارىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ﷺ نى ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن ئارتۇق بىلگەن.

تارىخچىلار مۇنداق بىر قىسسىنى خاتىرىلىگەن: [«زەيد ئىبنى ھارىسەنىڭ ئانىسى سەئىدى بىنتى سەئلەبە ئوغلى زەيدنى ئېلىپ قەۋمىنى يوقلاپ بارغان. تۇيۇقسىز بىر ئاتلىق قوشۇن بەنى مەئەن مەھەللىسىگە ھۇجۇم قىلىپ زەيدنى ئېلىپ قاچقان. زەيد تېخى كىچىك بىر بالا بولۇپ، ئۇلار زەيدنى سېتىش ئۈچۈن ئۇككاز بازىرىغا ئېلىپ كېلىشكەن، ھەكىم ئىبنى ھىزام ئۇنى دادا تەرەپ هاممائاچىسى خەدىچەگە بېرىش ئۈچۈن 400 دەرھەمگە سېتىۋالغان. رەسۇلۇللاھ ﷺ خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى نىكاھلاپ ئالغاندا خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا زەيد ئىبنى ھارىسەنى پەيغەمبەر ﷺ گە ھەدىيە قىلىۋەتكەن.

زەيد ئىبنى ھارىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دادىسى ھارىسە ئىبنى شۇراھىل ئوغلى زەيدنى يۈتتۈرۈپ قويغاندا مۇنداق شېئىر ئوقۇغان:

ھالىڭ نىچۈك؟ بىلەلمەستىن قان ـ ياشلار تۆكتۈم،
ھاياتلىقىڭ ئۈمىد قىلىپ، دەرد ـ ئەلەم چەكتىم.
دېرىكىڭنى قىلىپ تۈردۈم ئاللاھ شاھىدتۇر،
قەيەرلەرگە غايىب بولدۇڭ، بارمۇ سەن ئوغلۇم؟

كەلب قەبىلىسىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر ھەج قىلغىلى مەككىگە كېلىپ زەيد ئىبنى ھارىسەنى كۆرگەن. زەيد ئۇ كىشىلەرنى تونۇپ قالغان، ئۇ كىشىلەرمۇ زەيدنى تونۇغان. ئاندىن زەيد ئۇلارغا قاراپ: «سىلەر مانا بۇ بېيتلارنى ئائىلەمدىكىلەرگە يەتكۈزۈپ قويۇڭلار دەپ مۇنۇ بېيتنى ئوقۇغان:

ئايرىلىپ قەۋمۇ ـ قېرىنداشتىن كەتتىم ئۇزاقلاپ بەك يىراق،
ئۇنۇتمۇدۇم ئاتا ـ ئانام، قەۋمىم ئۇچۇن دىلدا پىراق،
قايغۇرماڭلار مېنىڭ ئۈچۈن، چېكىپ ھەسرەت، كۆپ ئىزتىراپ،
خويمۇ ياخشى ھال ـ ئەھۋالىم، يۇرمەڭ مېنى ئىزدەپ ـ سوراپ.

ئۇلار ھەج پائالىيەتلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئۆز يۇرتىغا قايتىپ زەيدنىڭ دادىسىغا كۆرگەن ئەھۋالنى سۆزلەپ بەرگەن ۋە زەيدنىڭ تۇرۇشلۇق ئورنىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ بەرگەن.

شۇنىڭ بىلەن ھارىسە بىلەن قېرىندىشى كەئىب زەيدنىڭ تۆلەم پۇلىنى ئېلىپ مەككىگە كەلگەن، ئۇلار پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرگەندە، كىشىلەر ئۇنىڭغا پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مەسجىدتە ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىككىسى مەسجىدكە كىرىپ پەيغەمبەر ﷺ بىلەن

كۆرۈشكەن ۋە پەيغەمبەر ﷺ گە: «ئى ئابدۇلمۇتەللىپنىڭ ئوغلى! ئى قەۋمى ئىچىدىكى يۈز-ئابرۇيلۇق كىشىنىڭ ئوغلى! سىلەر الله نىڭ يېقىن بەندىلىرى، سىلەر قۇللارنى ئازاد قىلىسىلەر، ئاچ قالغانلارغا تائام بېرىسىلەر. سېنىڭ قولۇڭ بولغان ئوغلىمىزنىڭ ئورنىغا بىزدىن تۆلەم ئېلىپ، ئۇنى ئازاد قىلىش ئارقىلىق بىزگە ياخشىلىق قىلارمىكىن دەپ يېنىڭغا كەلدۇق» دېگەن. پەيغەمبەر ﷺ: «سىلەرگە تۆلەم تۆلەشتىنمۇ ئارتۇق يول يوقمۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ ئىككىسى: «بۇ نېمە دېگىنىڭ؟» دېگەن. پەيغەمبەر ﷺ: «مەن زەيدنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا ئىختىيارلىق بېرىمەن، بۇ ئىش ئۇنىڭ خالىشى بويىچە بولىدۇ. ئەگەر ئۇ مېنى تاللاپ قالسا، الله بىلەن قەسەمكى، مېنى تاللىغان كىشىنى ھېچقانداق نەرسىگە ئالماشتۇرمايمەن» دېگەن. ئۇ ئىككىسى پەيغەمبەر ﷺ گە: «سەن بەكمۇ ئىنساپلىق كىشى ئىكەنسەن» دېگەن.

پەيغەمبەر ﷺ زەيد ئىبنى ھارىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇنىڭدىن: «بۇ ئىككى كىشى كىم؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «بۇ دادام ھارىسە ئىبنى شۇراھىل، بۇ بولسا تاغام كەئىب ئىبنى شۇراھىل بولىدۇ» دېگەن. پەيغەمبەر ﷺ زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «ساڭا تاللاش ئىختىيارلىقىنى بەردىم. خالىساڭ، ئۇ ئىككىسى بىلەن كەتكىن؛ خالىساڭ، مېنىڭ يېنىمدا قالغىن» دېگەندە، زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ياق، بەلكى مەن سېنىڭ يېنىڭدا قالىمەن» دېگەن. دادىسى زەيدكە: «ئى زەيد! سەن ھۆرلۈك، ئاتا-ئاناڭ، قەۋمى-قېرىنداشلىرىڭ ۋە يۇرت-ماكانىڭنىڭ ئورنىغا قۇللۇقنى تاللامسەن؟» دېگەندە، زەيد جاۋابەن: «مەن بۇ كىشىدىن ئاجايىپ ياخشىلىقلارنى كۆردۇم، مەن ئۇنىڭدىن ھەرگىز ئايرىلمايمەن» دېگەن.

شۇ ۋاقىتتا پەيغەمبەر ﷺ زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ قۇرەيشلىك بىر جامائەتنىڭ ئالدىغا كېلىپ: «ئى قۇرەيش خەلقى! گۇۋاھ

بولۇۋېلىشلارغا، مانا بۇ بالا مېنىڭ ئوغلۇم، ئۇ مەندىن مىراس ئالىدۇ ۋە مەن ئۇنىڭدىن مىراس ئالىمەن» دېگەن. شۇ ۋاقىتتا زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دادىسىنىڭ كۆڭلى خاتىرجەم بولغان.

زەيد ئىبنى ھارىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەتتا الله تائالانىڭ ﴿ادْعُوهُمْ لِآبَائِهِمْ﴾ «ئۇلارنى ئاتىلىرىنىڭ ئىسىملىرى بىلەن چاقىرىڭلار»[1] دېگەن ئايىتى نازىل بولغانغا قەدەر «زەيد ئىبنى مۇھەممەد» دەپ ئاتالغان ئىدى].[2]

ئۇنىڭ پەيغەمبەر ﷺ نى بۇ دەرىجىدە ياخشى كۆرۈشى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىدا تۇرۇشنى ئۆز ئائىلىسى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىنمۇ ئارتۇق بىلىشىدىن، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ خىزمەتچى ۋە قۇللارغا قانداق مۇئامىلە قىلغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز.

**❖ پەيغەمبەر ﷺ خىزمەتچىسى ياكى دېدىكىنىڭ ھاجىتىنى راۋا قىلىپ بېرىش ئۈچۈن ئۇلار نەگە بېرىشنى تەلەپ قىلسا، ئۇلار بىلەن بىرگە مېڭىشتىن ئۆزىنى قاچۇرمايتتى**

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «إن كانت الأمة من أهل المدينة لتأخذ بيد رسول اللّٰه ﷺ فتنطلق به حيث شاءت» «مەدىنىلىك بىر دېدەكمۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قولىنى تۇتۇپ ئۇنى (بىرەر ئىشنى ھەل قىلدۇرۇش ئۈچۈن) ئۆزى خالىغان جايلارغا ئېلىپ باراالايتتى».[3]

يەنە بىر نەقىلدە مۇنداق دېيىلگەن: «إن كانت الوليدة من ولائد أهل المدينة لتجيء فتأخذ بيد النبي ﷺ، فما ينزع يده من يدها حتى تذهب به حيث شاءت» «مەدىنىلىك بىر دېدەك كېلىپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قولىنى تۇتۇپ، پەيغەمبەر ﷺ نى ئۆزى ئىختىيار

---

[1] سۈرە ئەھزاب 5- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] ئىبنى سەئدنىڭ «طبقات الكبرى» ناملىق كىتابى 3- توم 42- بەت.

[3] ئەھمەد ۋە بۇخارى توپلىغان.

قىلغان تەرەپلەرگە ئېلىپ كېتەتتى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇ دېدەكتىن قولىنى تارتىۋالمايتتى».[1]

ئىبنى ھەجەر (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «ھەدىستە <قولىدىن توتۇپ> دەپ كەلگەنلىكى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئىشلارنى ناھايىتى ھېكمەتلىك ھەل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ھەتتا ئۇ دېدەكنىڭ ھاجىتى مەدىنە سىرتىدا بولسىمۇ پەيغەمبەر ﷺ دىن ياردەم سورىيالايدىغانلىقىدىن، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئىنتايىن كەمتەر ۋە كىبىردىن يىراق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ».[2]

**ھەدىستىن ئېلىنىدىغان پايدىلار**

يۇقىرىدىكى بۇ ھەدىس بىلەن «پەيغەمبەر ﷺ يات ئاياللارنىڭ قولىنى تۇتمىغان» دېگەن ھەدىسنى قانداق بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىمىز؟

ئالىملار بۇنىڭغا تۆۋەندىكىدەك ئۈچ تۈرلۈك جاۋاب بەرگەن:

• بىرىنچى، «قولىنى تۇتۇش» — «ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇش» دېگەنلىكتۇر. بۇ تەلەپنى ئورۇنداشنى كۆرسىتىدۇ. ئىبنى ھەجەرمۇ شۇنداق دېگەن.[3]

• ئىككىنچى، دېدەككە ھۆر ئايالنىڭ ھۆكمى بېرىلمەيدۇ. دېدەك سېتىلىدۇ ۋە سېتىۋېلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن دېدەكلەر يات ئەرلەردىن ھىجابلانمايدۇ.

• ئۈچىنچى، ئۇ دېدەك تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك قىز بولۇشى مۇمكىن.

ئىمام ئەھمەد (رەھىمەھۇللاھ) نەقىل قىلغان ھەدىس ئۈچىنچى خىل قاراشنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

[1] ئەھمەد ۋە ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] «فتح الباري» 10- توم 490- بەت.

[3] «فتح الباري» 10- توم 490- بەت.

**❖ پەيغەمبەر ﷺ خىزمەتچىسى بىلەن بىرگە تائام يېيىشتىن يىرگەنمەيتتى ۋە باشقىلارنىمۇ شۇنداق قىلىشقا قىزىقتۇراتتى**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «إذا أتى أحدكم خادمه بطعامه فإن لم يجلسه معه فليناوله أكلة أو أكلتين أو لقمة أو لقمتين فإنه ولي حره وعلاجه» «بىرەرىڭلارغا خىزمەتكار تاماق ئېلىپ كەلسە، ئۇنى ئۆزۈڭلار بىلەن بىرگە ئولتۇرغۇزمىساڭلارمۇ، ئۇنىڭغا بىر-ئىككى لوقما تاماق سۇنۇپ بېرىڭلار. چۈنكى، خىزمەتكارنىڭ ئۇ تاماققا ئەجرى سىڭگەن».[1]

«سەھىھ مۇسلىم»دا كەلگەن يەنە بىر نەقىلدە پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «إذا صنع لأحدكم خادمه طعامه، ثم جاء به قد ولي حره ودخانه، فليقعده معه فليأكل، فإن كان الطعام مشفوها، فليضع في يده أكلة أو أكلتين» «بىرەرىڭلارنىڭ خىزمەتچىسى ھېرىپ-چارچاپ، ئىس يەپ يۈرۈپ تامىقىڭلارنى ئېتىپ ئالدىڭلارغا ئېلىپ كەلسە، ئۇنى ئۆزەڭلار بىللە ئولتۇرغۇزۇپ تاماقنى بىرگە يەڭلار. ناۋادا تاماق بەك ئاز بولسا ئۇنىڭ قولىغا بىر ئىككى لوقما تۇتقۇزۇپ قويۇڭلار!».

ئىمام نەۋەۋى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىستە گۈزەل ئەخلاقلىق بولۇشقا ۋە تائام تەييارلىغان ياكى تائام ئېلىپ كەلگەن كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشقا قىزىقتۇرۇلغان، چۈنكى تائام تەييارلىغان ياكى ئېلىپ كەلگەن كىشى تائام تەييارلاش جەريانىدا ھېرىپ-چارچايدۇ ۋە تاماقنىڭ پۇرىقىنى پۇرىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ تاماقنى يېگۈسى كېلىپ قالىدۇ».[2]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ خىزمەتچىسى بار كىشىلەرنى تائامدىن خىزمەتچىسىگىمۇ يېگۈزۈشكە ۋە كىيىملىرىدىن كىيدۈرۈشكە بۇيرۇيتتى**

مەئرۇر ئىبنى سۇۋەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «لقيت أبا ذر بالربذة

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

[2] «شرح النووي على صحيح مسلم» 11- توم 135- بەت.

وعليه حلة وعلى غلامه حلة فسألته عن ذلك فقال: اني سابىت رجلا فعيرته بأمه فقال لي النبي ﷺ: ‹يا أبا ذر أعيرته بأمه إنك امرؤ فيك جاهلية إخوانكم خولكم جعلهم اللّٰه تحت أيديكم، فمن كان أخوه تحت يده فليطعمه مما يأكل وليلبسه مما يلبس ولا تكلفوهم ما يغلبهم، فإن كلفتموهم فأعينوهم›» «(مەن رەبزە دېگەن جايدا (مەدىنىگە تەۋە جاي) ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى چىرايلىق بىر تون كىيگەن ھالدا ئۇچراتتىم، ئۇنىڭ خىزمەتكارىنىڭ ئۈچىسىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش تون بار ئىدى. ئۇنىڭدىن بۇ توغرۇلۇق سورىسام، ئۇ ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ زامانىدا بىر قۇلنى ئانىسى بىلەن قوشۇپ تىللىغاندا، پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: ‹سەن ئۇنى ئانىسى بىلەن قوشۇپ تىللىدىڭمۇ؟ سەن جاھىلىيەتنىڭ تەسىرى بار ئادەمكەنسەن. قۇللار اللّٰه سىلەرنىڭ قول ئاستىڭلاردا قىلغان خىزمەتكارىڭلاردۇر. قانداق بىر كىشىنىڭ قېرىندىشى ئۆزىنىڭ قول ئاستىدا بولۇپ قالسا، ئۇنىڭغا ئۆزى يېگەن تائامدىن يېگۈزسۇن، ئۆزى كىيگەن كىيىمدىن كىيگۈزسۇن. ئۇلارنى كۈچى يەتمەيدىغان ئىشقا بۇيرۇماڭلار. ئەگەر بۇيرۇپ قالساڭلار ئۇلارغا ياردەملىشىڭلار› دېگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى»[1]

«الخول» ــ خىزمەتچىلەردۇر، چۈنكى ئۇلار ئىشلارنى بىجىرگۈچىلەردۇر.

ئىمام نەۋەۋى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «خوجايىنىنىڭ ئۆزى يېگەن تائامدىن خىزمەتكارىغىمۇ يېگۈزۈش ۋە كىيگەن كىيىمدىن ئۇنىڭغىمۇ كىيگۈزۈشى ھەققىدىكى بۇ بۇيرۇقنىڭ مۇستەھەبلىكىگە بارلىق مۇسۇلمانلار بىرلىككە كەلگەن».

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خىزمەتكارىغا ئۆزىنىڭكىگە ئوخشاش كىيىمنى كىيگۈزۈپ قويۇش ئارقىلىق مۇستەھەب بولغان بىر ئىبادەتنى قىلغان. تۇرۇشلۇق رايون ۋە كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ، قول ئاستىدىكىلەرنىڭ

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

تۇرمۇش چىقىمى ۋە كىيىم-كېچەكلىرى خوجايىنىنىڭكىگە ئوخشاش يۇقىرى بولسۇن ياكى ئۇنىڭدىن تۆۋەن بولسۇن، خوجايىنىنىڭ قول ئاستىدىكىلەرنىڭ تۇرمۇش چىقىمى ۋە كىيىم-كېچەكنى مۇۋاپىق مىقداردا قامداپ بېرىشى ۋاجىب بولىدۇ.

ئۇ كىشىنىڭ تەقۋالىق ياكى بېخىللىق سەۋەبىدىن ئۆزىگە ئوخشايدىغان باشقا كىشىلەردىن پەرقلىق ھالدا قول ئاستىدىكى كىشىلەرگە بېخىللىق قىلىشى ۋە ئەڭ تۆۋەن نەپىقىگە ئادەتلەندۇرۇشى توغرا بولمايدۇ، ئەمما قول ئاستىدىكىلەر رازى بولسا بولىۋېرىدۇ.

**ھەدىستىن ئېلىنىدىغان پايدىلار**

- قۇللارنى تىللاشنىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىسىنى تىلغا ئېلىپ ئەيىبلەشنىڭ چەكلىنىدىغانلىقى.
- ئاتا-ئانىلارنى ئەيىبلەش ۋە كەمسىتىشنىڭ چەكلىنىدىغانلىقى؛ ئاتا-ئانىلارنى ئەيىبلەش ۋە كەمسىتىشنىڭ جاھىلىيەتنىڭ ناچار ئادەتلىرىدىن ئىكەنلىكى.
- مۇسۇلماننىڭ جاھىلىيەت سۈپەتلىرىدىن يىراق تۇرۇشىنىڭ لازىملىقى.
- قۇل ۋە خىزمەتچىلەرگە ياخشىلىق قىلىش، ئۇلارغا كۆيۈنۈشكە قىزىقتۇرۇلغانلىقى، شۇنداقلا ئۇلارغا ئوخشاش ئىشلەمچىلەرگىمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلىش لازىملىقى.
- مۇسۇلمانغا چوڭچىلىق قىلىشقا ۋە مۇسۇلماننى ھاقارەتلەشكە بولمايدىغانلىقى.
- ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەكلىكى.
- قۇللارنىمۇ «قېرىنداش» دېيىشكە بولىدىغانلىقى.

**❖ پەيغەمبەر ﷺ كىشىلەرنى قۇللارنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشلارغا تەكلىپ قىلىشتىن توساتتى**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «للمملوك طعامه وكسوته ولا يكلف من العمل إلا ما يطيق» «قۇللارغا تائام ۋە كىيىم-كېچەك بېرىلىدۇ، ئۇلار تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشلارغا بۇيرۇلمايدۇ».①

ئىمام نەۋەۋى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «ئالىملار <قۇللارنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشلارغا بۇيرۇش دۇرۇس ئەمەس. ناۋادا بۇيرۇپ قالسا، بۇيرۇغۇچى ئۆزى ياكى باشقىلار ئارقىلىق ئۇلارغا ياردەم بېرىشى لازىم> دېگەن قاراشقا بىرلىككە كەلگەن».②

**❖ پەيغەمبەر ﷺ گەرچە مۇسۇلمان بولمىغان بىرەر خىزمەتكارى ئاغرىپ قالسىمۇ، ئۇنى يوقلايتتى**

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «كان غلام يهودي يخدم النبي ﷺ فمرض، فأتاه النبي ﷺ يعوده، فقعد عند رأسه، فقال له: <أسلم> فنظر إلى أبيه وهو عنده؟ فقال له: أطع أبا القاسم، فأسلم، فخرج النبي ﷺ وهو يقول: <الحمد للّٰه الذي أنقذه من النار>» «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بىر يەھۇدىي خىزمەتكارى بار بولۇپ، ئۇ ئاغرىپ قالدى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى يوقلاپ بېرىپ، بېشىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا: <مۇسۇلمان بولغىن!> دېدى. ئۇ يەھۇدىي خىزمەتچى دادىسىغا قارىغان ئىدى، دادىسى ئۇنىڭغا: <ئەبۇلقاسىمغا ئىتائەت قىلغىن!> دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مۇسۇلمان بولدى. پەيغەمبەر ﷺ: <ئۇنى دوزاختىن قۇتقۇزغان الله قا ھەمدىلەر بولسۇن!> دېگەن ھالەتتە چىقىپ كەتتى».③

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

② «شرح النووي على صحيح مسلم» 11- توم 135- بەت.

③ بۇخارى توپلىغان.

دېمەك، پەيغەمبەر ﷺ خىزمەتچىسىنى يوقلاپ تۇرۇشنى، ئۇنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشنى ۋە ياخشىلىققا يېتەكلەشنى ياخشى كۆرەتتى.

**❖ پەيغەمبەر ﷺ بىرەر خىزمەتكارى ئۆلۈپ كەتكەندە جىنازا نامىزىغا قاتنىشالمىغان بولسا، ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن قەبرىسىگە باراتتى**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «أن امرأة سوداء كانت تقم المسجد ففقدها رسول الله ﷺ. فسأل عنها فقالوا: ماتت قال: ‹أفلا كنتم آذنتموني›، فكأنهم صغروا أمرها فقال: ‹دلوني على قبرها› فدلوه فصلى عليها، ثم قال: ‹إن هذه القبور مملوءة ظلمة على أهلها، وإن الله ينورها لهم بصلاتي عليهم›» «مەسجىدنى سۈپۈرىدىغان قارا تەنلىك بىر ئايال يوقاپ كەتكەندە، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنى سۈرۈشتۈرگەنىدى، كىشىلەر ئۇ ئايالنى: ‹ۋاپات بولدى› دېيىشتى. پەيغەمبەر ﷺ: ‹سىلەر نېمىشقا ماڭا خەۋەر قىلمىدىڭلار؟› دېدى. كىشىلەر ئۇ ئايالنىڭ ئىشىنى كىچىك سانىغاندەك قىلاتتى. پەيغەمبەر ﷺ: ‹مېنى ئۇنىڭ قەبرىسىگە باشلاپ بېرىڭلار› دېگەندە، كىشىلەر باشلاپ ئېلىپ باردى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا ناماز ئوقۇدى. ئاندىن كېيىن: ‹بۇ قەبرىلەر قاراڭغۇلۇققا توشۇپ كەتكەن ئىدى، الله تائالا مېنىڭ ئۇلارغا ئوقۇغان نامىزىم ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىنى نۇرلاندۇردى› دېدى».[1]

يەنە بىر نەقىلدە مۇنداق كەلگەن: «فخرج بأصحابه فوقف على قبرها، فكبر عليها، والناس من خلفه، ودعا لها، ثم انصرف» «پەيغەمبەر ﷺ ساھابىلىرى بىلەن بىرگە چىقىپ، ئۇ ئايالنىڭ قەبرىسىدە توختاپ تەكبىر ئېيتتى، كىشىلەرمۇ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ تەكبىرگە ئەگەشتى. پەيغەمبەر ﷺ ئۇ ئايالغا دۇئا قىلغاندىن كېيىن ئۇلار قايتىپ كېتىشتى».[2]

[1] مۇسلىم توپلىغان.
[2] ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

مانا بۇ — بۈيۈك قوماندان پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مەسجىد سۈپۈرىدىغان بىر ئايالغا كۆڭۈل بۆلگەن كۆرۈنۈشىدۇر. ئۇ نېمىدېگەن بۈيۈك، نېمىدېگەن گۈزەل مۇئامىلىلىك قوماندان ـ ھە!

**ھەدىستىن ئېلىنىدىغان پايدىلار**

- پەيغەمبەر ﷺ نىڭ مىسلىسىز كەمتەرلىكى، ئۈممىتىگە كۆيۈنۈپ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى سورۇشتۇرۇپ تۇرىدىغانلىقى، ئۈممىتىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى قوغداپ دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك مەنپەئەتلىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى.
- مەسجىد تازىلاشنىڭ پەزىلەتلىك ئەمەل ئىكەنلىكى.
- خىزمەتچى ۋە دوستلار ئىز ـ دېرەكسىز يوقاپ كەتسە، ئۇلارنى سورۇشتۇرۇش لازىملىقى.
- خالىسانە قىلىنغان ياخشىلىققا دۇئا ئارقىلىق جاۋاب قايتۇرۇش كېرەكلىكى.
- ياخشى كىشىلەرنىڭ جىنازا نامىزىغا قاتنىششقا قىزىقتۇرۇلغانلىقى.
- مېيىتنىڭ جىنازا نامىزىغا قاتنىشالمىغان كىشىنىڭ ئۇ مېيىتنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ ئۇنىڭ ئۈچۈن جىنازا نامىزى ئوقۇشىنىڭ مۇستەھەبلىكى.
- بىرەر كىشى ۋاپات بولۇپ كەتسە، ئۇنىڭ ۋاپاتىنى ھەممە ئادەمگە ئاڭلىتىشنىڭ لازىملىقى.

❖ **پەيغەمبەر ﷺ خىزمەتچىسىگە دۇئا قىلىپ تۇراتتى**

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: «دخل النبي ﷺ علينا وما هو إلا أنا وأمي وأم حرام خالتي، فقال: ‹قوموا فلأصلي بكم› في غير وقت صلاة. فصلى بنا، ثم دعا لنا أهل البيت بكل خير من خير الدنيا والآخرة،قالت أمي: يا رسول الله، خويدمك ادع الله له، قال: فدعا لي بكل خير، وكان في آخر ما دعا لي به أن

قال: <اللَّهم أكثر ماله وولده وبارك له فيه>. قال أنس: فإني لمن أكثر الأنصار مالا، وحدثتني ابنتي أمينة أنه دفن لصلبي مقدم الحجاج البصرة، بضع وعشرون ومائة» «پەيغەمبەر ﷺ بىزنىڭ يېنىمىزغا كىردى، مەن ئانام ۋە هامام (ئۇممۇ ھەرام) ئۇچىمىز بىللە ئىدۇق. پەيغەمبەر ﷺ: <تۇرۇڭلار! مەن سىلەرگە ناماز ئوقۇپ بېرەي> دېدى، (تېخى ناماز ۋاقتى كىرمىگەن ئىدى) پەيغەمبەر ﷺ بىزگە ناماز ئوقۇپ بېرىپ بولغاندىن كېيىن، بىزنىڭ ئائىلىدىكىلەرگە ئاتاپ دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بارلىق ياخشىلىقلىرى بىلەن دۇئا قىلغان ئىدى، ئانام: <يا رەسۇلۇللاھ! سېنىڭ كىچىك خىزمەتچىڭ ئۇچۇن دۇئا قىلىپ قويساڭ> دېدى، پەيغەمبەر ﷺ ماڭا بارلىق ياخشىلىق بىلەن دۇئا قىلدى. پەيغەمبەر ﷺ دۇئاسىنىڭ ئاخىرىدا: <ئى الله ! ئۇنىڭ مېلىنى ۋە بالىسىنى كۆپەيتكىن، ئۇنىڭغا بەرىكەت بەرگىن!> دېگەن ئىدى. ھەقىقەتەن، مەن ئەنسارىلار ئىچىدە مېلى ئەڭ كۆپ كىشىلەردىن بولدۇم. قىزىم ئۇمەينەنىڭ ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە، ھەججاج بەسرەگە يېتىپ كەلگەندە مېنىڭ نەسلىمدىن 120 نەچچە كىشى دەپنە قىلىنغانىكەن».[1]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ خىزمەتكارلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ھاجەتلىرىنى سوراپ تۇراتتى**

مەخزۇم جەمەتىنىڭ ئازاد قىلىنغۇچىسى قۇلى ئەبۇ زىيادنىڭ ئوغلى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ (ئەر ياكى ئايال) خىزمەتچىسىدىن نەقىل قىلىپ مۇنداق دېگەن: «كان النبي ﷺ مما يقول للخادم: <ألك حاجة؟>» «پەيغەمبەر ﷺ خىزمەتچىلىرىدىن: <بىرەر ھاجىتىڭ بارمۇ؟> دەپ سوراپ تۇراتتى».[2]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ خىزمەتچىلىرىدىن خالىغان نەرسىلەرنى سورىشىنى تەلەپ قىلاتتى، ئۇلار چوڭراق بىرنەرسە تەلەپ قىلغان تەقدىردىمۇ تەلىپىنى**

---

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[2] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

**قايتۇرمايتتى**

رەبىئە ئىبنى كەئب ئەسلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «كنت أبيت مع رسول الله ﷺ فآتيه بوضوئه وحاجته، فقال: <سل> فقلت: اسألك مرافقتك في الجنة. فقال: <أو غير ذلك؟> قلت: هو ذاك، قال: <فأعني على نفسك بكثرة السجود>» «مەن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالاتتىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ تاھارەت سۈيى ۋە باشقا لازىمەتلىكلىرىنى تەييارلاپ بېرەتتىم. بىر كۈنى رەسۇلۇللاھ ﷺ: <مەندىن بىرەر تىلىكىڭ بولسا، سورىغىن!> دېگەن ئىدى، مەن: <جەننەتتىمۇ ساڭا ھەمراھ بولۇشنى سورايمەن> دېدىم. رەسۇلۇللاھ ﷺ: <باشقا تىلىكىڭ يوقمۇ؟> دەپ سورىدى، مەن: <پەقەت شۇلا تىلىكىم بار> دېدىم. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ﷺ: <ئۇنداقتا، سەجدىنى كۆپ قىلىش بىلەن ماڭا ياردەم بەرگىن> دېدى». [1]

يەنە بىر نەقىلدە، رەبىئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر ﷺ تاكى خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ بولغۇچە ئۇنىڭ پۈتۈن بىر كۈنلۈك ھاجەتلىرىنى ئورۇنداپ خىزمەت قىلاتتىم. پەيغەمبەر ﷺ ئۆيگە كىرىپ كەتسە، ئىشىك ئالدىدا ئولتۇرۇپ پەيغەمبەر ﷺ نىڭ بىرەر ھاجىتى چىقىپ قالسىكەن دەپ ئويلايتتىم. مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ھەمىشە «سبحان الله، سبحان الله، سبحان الله و بحمده» «الله پاكتۇر، الله پاكتۇر، الله پاكتۇر، الله قا ھەمدىلەر بولسۇن!» دېگەنلىكىنى ئاڭلايتتىم، ھەتتاكى مەن زېرىكىپ قايتىپ كېتەتتىم ياكى ئۇيقۇم كېلىپ ئۇخلاپ قالاتتىم.

پەيغەمبەر ﷺ مېنىڭ خىزمىتىمگە دائىم تەييار ئىكەنلىكىمنى ۋە قىلىۋاتقان خىزمەتلىرىمنى كۆرۈپ:

— «سلني يا ربيعة أعطك» «ئى رەبىئە! بىرەر ھاجىتىڭ بولسا سورىغىن،

[1] مۇسلىم توپلىغان.

سورىغىنىڭنى بېرەي» ـــ دېدى، مەن:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ياخشى ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ساڭا جاۋابىنى بېرەي، ـــ دېدىم. ئاندىن ياخشى ئويلانغاندىن كېيىن، دۇنيا ماتالىرىنىڭ باقاسى يوق ۋە تۈگەيدىغانلىقىنى، دۇنيالىق رىزىقىمنىڭ كېلىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتىم-دە: «رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن ئاخىرەتلىكىم ئۈچۈن سوراي، چۈنكى پەيغەمبەر ﷺ اللە نىڭ ھۇزۇرىدا بۈيۈك مەرتىۋىلىك زاتتۇر» دېدىم. ئاندىن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كەلدىم. پەيغەمبەر ﷺ:

ـــ «ما فعلت يا ربيعة؟» «ئى رەبىئە! ئويلىنىپ بولدۇڭمۇ؟» ـــ دەپ سورىغانىدى، مەن:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! سىلىدىن اللە نىڭ ھۇزۇرىدا ماڭا شاپائەت قىلىشلىرىنى، شۇ سەۋەبلىك رەببىمنىڭ مېنى دوزاختىن ئازاد قىلىشىنى سورايمەن> دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ:

ـــ «من أمرك بهذا يا ربيعة» «ئى رەبىئە! بۇنى ساڭا كىم ئۆگەتتى؟» ـــ دېدى. مەن:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! بىرەرسى ئۆگەتكىنى يوق، سىلىنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن اللە بىلەن قەسەمكى، ھېچكىم ئۆگەتمىدى، لېكىن سىلى ماڭا نېمە ھاجىتىڭ بار، سورىغىنىڭنى بېرەي دېگەن ئىدىلە، سىلىنىڭ مەرتىۋىلىرى اللە نىڭ ھۇزۇرىدا ئەڭ يۇقىرى. شۇڭا مەن ياخشى ئويلانغاندىن كېيىن، دۇنيا ماتالىرىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالىدىغان ۋە باقاسى يوق نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى، رىزىقىمنىڭ كېلىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتىم-دە، سىلىدىن ئاخىرەتلىكىم ئۈچۈن سوراشنى ئويلىدىم، ـــ دېدىم. پەيغەمبەر ﷺ ئۇزۇنغىچە سۈكۈتتە تۇرغاندىن كېيىن، ماڭا:

ـــ «إني فاعل فأعني على نفسك بكثرة السجود» «بولىدۇ، لېكىن مەن بىلەن

جەننەتتە بىرگە بولۇشۇڭ ئۈچۈن سەجدىنى كۆپ قىلغىن! (يەنى، نامازغا ئەھمىيەت بەرگىن!)» ــــ دېدى.[1]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ خىزمەتكارلارنىڭ ئىش ھەققىنى ئۇلار ئىشنى تۈگەتكەن ھامانلا بېرىۋېتىشكە بۇيرۇيتتى**

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ: «أعطوا الأجير أجره قبل أن يجف عرقه» «ئىشلەتكەن ئادەمنىڭ ھەققىنى ئۇنىڭ تەرى قۇرۇپ كېتىشتىن بۇرۇن بېرىڭلار» دېگەن.[2]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ئادەم ئىشلەتكۈچىلەرنى ئىشلەمچىلەرگە زۇلۇم قىلىشتىن ۋە ئۇلارنىڭ تېگىشلىك ھەققىنى بەرمەسلىكتىن ئاگاھلاندۇرغان**

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قال اللّٰه تعالى: ‹ثلاثة أنا خصمهم يوم القيامة: رجل أعطى بي ثم غدر، ورجل باع حرا فأكل ثمنه، ورجل استأجر أجيرا، فاستوفى منه، ولم يعطه أجره» «اللّٰه تائالا مۇنداق دەيدۇ: ‹ئۈچ تۈرلۈك كىشى بولۇپ، قىيامەت كۈنى ئۇلار بىلەن ئۆزەم دەۋالىشىمەن. بىرىنچىسى، مېنىڭ نامىمنى تىلغا ئېلىپ ئەھدە بېرىپ، ئەھدىسىنى بۇزغان؛ ئىككىنچىسى، بىر ھۆر ئادەمنى (ئالداپ) سېتىپ پۇلىنى يەۋالغان؛ ئۈچىنچىسى، بىر ئىشچىنى ياللاپ ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنىپ ئۇنىڭ ئەجرىنى بەرمىگەن ئادەم›».[3]

ئىبنى تىين مۇنداق دېگەن: «اللّٰه سۇبھانەھۇ ۋە تائالا بارلىق زالىملارنىڭ دەۋاگىرىدۇر. لېكىن اللّٰه تائالا يۇقىرىدا ئۈچۈق تىلغا ئېلىنغان كىشىلەرنى قاتتىق جازالايدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

[1] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[2] ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[3] بۇخارى توپلىغان.

«ورجل استأجر أجيرا فاستوفى منه ولم يعطه أجره» «بىر ئىشچىنى ياللاپ ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنىپ ئۇنىڭ ئەجرىنى بەرمىگەن ئادەم». بۇ كىشىنىڭ ئىشلەمچىنى ئىشلىتىپ پۇلىنى بەرمىگەنلىكى، ھۆر ئادەمنى سېتىپ پۇلىنى يەۋالغان كىشىنىڭ ھالىتىگە ئوخشايدۇ. بۇ ئادەمنىڭ ئىشلەمچىنى ھېچقانداق ھەق بەرمەستىن ياللىغىنى، ئۇ ئىشلەمچىنى قۇلنىڭ ئورنىدا كۆرگىنىگە ئوخشاشتۇر».[①]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ خىزمەتكار ۋە قۇللارنىڭ قىيامەت كۈنىدىكى ئەرز-شىكايەتلىرىدىن ئاگاھلاندۇرغان**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: أن رجلا قعد بين يدي النبي ﷺ فقال: يا رسول الله إن لي مملوكين يكذبونني ويخونونني ويعصونني وأشتمهم وأضربهم فكيف أنا منهم قال: يحسب ما خانوك وعصوك وكذبوك وعقابك إياهم فإن كان عقابك إياهم بقدر ذنوبهم كان كفافا لا لك ولا عليك وإن كان عقابك إياهم دون ذنوبهم كان فضلا لك وإن كان عقابك إياهم فوق ذنوبهم أقتص لهم منك الفضل قال: فتنحى الرجل فجعل يبكي ويهتف فقال رسول الله ﷺ: أما تقرأ كتاب الله **﴿وَنَضَعُ الْمَوَازِينَ الْقِسْطَ لِيَوْمِ الْقِيَامَةِ فَلَا تُظْلَمُ نَفْسٌ شَيْئًا وَإِنْ كَانَ مِثْقَالَ حَبَّةٍ مِنْ خَرْدَلٍ أَتَيْنَا بِهَا وَكَفَى بِنَا حَاسِبِينَ﴾**. فقال الرجل والله يا رسول الله ما أجد لي ولهؤلاء شيئا خيرا من مفارقتهم أشهدكم أنهم أحرارا كلهم.

بىر ئادەم پەيغەمبەر ﷺ نىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە:

— ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ ئىككى قۇلۇم بار، ئۇلار ماڭا يالغان سۆزلەيدۇ، خىيانەت قىلىدۇ، ئاسىيلىق قىلىدۇ. مەنمۇ ئۇلارنى تىللايمەن ۋە ئۇرىمەن. مېنىڭ ھالىم قانداق بولىدۇ؟ — دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

— ئۇلارنىڭ ساڭا قىلغان خىيانىتى، ئاسىيلىقى ۋە يالغانچىلىقلىرى

① «فتح الباري» 9- توم 349- بەت.

بىلەن سىنىڭ ئۇلارغا بەرگەن جازايىڭ ھېساب-كىتاب قىلىنىدۇ. ئەگەر سىنىڭ بەرگەن جازايىڭ ئۇلارنىڭ گۇناھىغا تەڭ بولسا، ساڭا ھېچنەرسە بولمايدۇ. ئەگەر جازا ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىدىن ئاز بولسا، بۇ سەن ئۈچۈن پەزىلەت؛ ئەگەر بەرگەن جازايىڭ ئۇلارنىڭ گۇناھىدىن ئېشىپ كەتسە، ئارتۇقى ئۈچۈن سەندىن قىساس ئېلىنىدۇ، — دېدى. ئۇ كىشى بۇنى ئاڭلاپ بىر تەرەپكە سۈرۈلۈپ ھۆكىرەپ يىغلاشقا باشلىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ:

— سەن الله تائالانىڭ: «قىيامەت كۈنى بىز (ئەمەللەر تارتىلىدىغان) ئادالەت تارازىسىنى ئورنىتىمىز، ھېچ ئادەمگە قىلچە ئۇۋال قىلىنمايدۇ (يەنى ياخشى ئادەمنىڭ ياخشىلىقى كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ، يامان ئادەمنىڭ يامانلىقى ئاشۇرۇۋېتىلمەيدۇ) ئەگەر ئۇنىڭ قىچا چاغلىق ئەمەلى بولسىمۇ، ئۇنى ھازىر قىلىمىز، (بەندىلەرنىڭ ئەمەللىرىدىن) ھېساب ئېلىشقا بىز يېتەرلىكمىز»[1] دېگەن مۇنۇ ئايىتىنى ئوقۇمىغانمىدىڭ؟ — دېگەنىدى. ئۇ كىشى بۇنى ئاڭلاپ:

— الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئى رەسۇلۇللاھ! ئۆزەم ھەم ئۇلار ئۈچۈن ئۇلاردىن ئايرىلىشتىن باشقا ياخشى بىر يول تاپالمايمەن. سىلەرنى گۇۋاھ قىلىمەنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھازىردىن باشلاپ ئازادتۇر، — دېدى.[2]

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «من قذف مملوكه بالزنا، يقام عليه الحد يوم القيامة إلا أن يكون كما قال» «قانداق بىر كىشى ئۆزىنىڭ قۇلىنى <زىنا قىلدى> دەپ قارىلىسا، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭغا ھەد جازاسى بېرىلىدۇ. ئەگەر قۇلى ئۇنىڭ دېگىنىدەك زىنا قىلغان بولسا، خوجايىن جازاغا تارتىلمايدۇ».[3]

**❖ خىزمەتكار ۋە قۇللار تەكرار-تەكرار خاتالىق ۋە سەۋەنلىكلەرنى**

[1] سۈرە ئەنبىيا 47- ئايەت.

[2] تىرمىزى توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

**ئۆتكۈزسىمۇ، پەيغەمبەر ﷺ ئىگىلىرىنى ئۇلارنى ئەپۇ قىلىۋېتىشكە قىزىقتۇراتتى**

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇمادىن نەقىل قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: «أن رجلا أتى إلى رسول اللّٰه ﷺ، فقال: يا رسول الله ان لي خادما، يسئ ويظلم، أفأضربه؟(وفي رواية: كم نعفو عن الخادم؟) فصمت، ثم أعاد عليه الكلام، فصمت، فلما كان في الثالثة قال: اعفوا عنه في كل يوم سبعين مرة» «بىر ئادەم پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا كېلىپ: <ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ بىر خىزمەتكارىم بار، ئۇ ماڭا يامانلىق قىلىدۇ ۋە زۇلۇم قىلىدۇ، ئۇنى ئۇرسام بولامدۇ؟ (يەنە بىر نەقىلدە <خىزمەتكارنى قانچىلىك ئەپۇ قىلىمىز؟> دېيىلگەن) دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەي جىم تۇردى، ئۇ كىشى يەنە قايتا سورىدى، پەيغەمبەر ﷺ يەنە جاۋاب بەرمەي جىم تۇردى. ئۇ كىشى ئۈچىنچى قېتىم قايتا سورىغانىدى، پەيغەمبەر ﷺ: <ھەر كۈنى 70 قېتىم ئەپۇ قىلىۋېتىڭلار> دېدى».[1]

پەيغەمبەر ﷺ ئۇ ئىش ھەققىدە ۋەھىينىڭ چۈشۈشىنى ساقلاپ سۈكۈت قىلغان بولۇشى مۇمكىن. يەنە بەلكىم ھېلىقى سوئالنى ياقتۇرمىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. دېمەك، ئەپۇ قىلىۋېتىش قىزىقتۇرۇلغان ئىش بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇئەييەن بىر مىقدارنى بېكىتىۋېلىش ھاجەتسىز.

«كل يوم سبعين مرة» «ھەر كۈنى ئۇنى 70 قېتىم ئەپۇ قىلىۋەتكىن». بۇ ھەرگىزمۇ 70 قېتىم دەپ مىقدارنى بەلگىلەش بولماستىن، بەلكى كۆپ ئەپۇ قىلىشنى بىلدۈرىدۇ».[2]

❖ **پەيغەمبەر ﷺ خىزمەتكارلارنى چاقىرىشتا سىلىق-سىپايە بولۇشقا بۇيرۇيتتى**

---

[1] ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى ۋە ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

[2] «تحفة الأحوذي» 6- توم 69- بەت.

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ باشقىلارغا مېھىر-شەپقەت قىلىشى يۈكسەك پەللىگە يەتكەنكى، ئۇ قۇل ۋە دېدەكلەرنى «قۇلۇم، دېدىكىم» دەپ چاقىرىشتىن توسقان ھەمدە ئۇنداق دېيىشنىڭ ئورنىغا، «فتاي و فتاتي» «ئوغلۇم، قىزىم» دېگەندەك سىلىق ۋە مۇلايىم ئىبارىلەرنى ئۆگەتكەن.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «لا يقولن أحدكم عبدى فكلكم عبيد اللّٰه ولكن ليقل فتاي ولا يقل العبد ربى ولكن ليقل: سيدى» «سىلەرنىڭ بىرىڭلار <مېنىڭ قۇلۇم> دېمىسۇن، ھەممىڭلار الله نىڭ قۇللىرى، لېكىن <ئوغلۇم> دېسۇن، قۇلمۇ <ئىگەم> دېمىسۇن، لېكىن <خوجايىنىم> دېسۇن».①

«سەھىھ بۇخارى»دا مۇنۇ لەۋزىدە نەقىل قىلىنغان: «لا يقل أحدكم: أطعم ربك وضئ ربك واسق ربك وليقل: سيدي ومولاي ولا يقل أحدكم: عبدي وأمتي وليقل: فتاي وفتاتي وغلامي» «بىرىڭلار <ئىگەڭگە تائام بەرگىن، ئىگەڭگە سۇ تەييارلاپ بەرگىن، ئىگەڭگە ئۇسسۇلۇق بەرگىن> دېمىسۇن، لېكىن <خوجايىنىم، مەۋلايىم> دېسۇن. بىرىڭلار <قۇلۇم، دېدىكىم> دېمىسۇن، بەلكى <ئوغلۇم، قىزىم، خىزمەتچىم> دېسۇن».

شۇڭلاشقا، خوجايىنىنىڭ قۇللىرىغا «قۇلۇم، دېدىكىم» دېيىشى مەكرۇھتۇر، بەلكى «ئوغلۇم، قىزىم، يىگىتىم، قىزچىقىم» دەپ چاقىرىشى كېرەك. چۈنكى، ھەقىقىي قۇللۇق الله قىلا قىلىنىدۇ. بۇ مەخلۇققا ئىشلىتىلمەيدىغان سۆپەت بىلەن ئۆزىنى ئۇلۇغلىغانلىق بولىدۇ.

**❖ پەيغەمبەر ﷺ خىزمەتچىسىنى بىرەر ئىشقا ئەۋەتىپ خىزمەتچى كىچىكىپ قالغان بولسىمۇ ئۇنىڭغا ئاچچىقلانمايتتى**

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «كان

① بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

رسول اللَّه ﷺ من أحسن الناس خلقا، فأرسلني يوما لحاجة فقلت: واللَّه، لا أذهب، وفي نفسي أن أذهب لما أمرني به نبي اللَّه ﷺ، فخرجت حتى أمر على صبيان وهم يلعبون في السوق، فإذا رسول اللَّه ﷺ قد قبض بقفاي من ورائي قال: فنظرت إليه وهو يضحك، فقال: ‹يا أنيس أذهبت حيث أمرتك؟› قال: قلت: نعم، أنا أذهب يا رسول اللَّه» «پەيغەمبەر ﷺ ئەخلاق جەھەتتە كىشىلەرنىڭ ئەڭ ئېسىلى ئىدى، ئۇ بىر كۈنى مېنى بىر ئىشقا ئەۋەتتى. مەن: ‹الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بارمايمەن› دېدىم، لېكىن كۆڭلۈمدە الله نىڭ پەيغەمبىرى بۇيرۇغان ئىشقا بارغۇم بار ئىدى. كوچىدا ئويناۋاتقان باللارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ تۇرۇپ قالدىم، پەيغەمبەر ﷺ چىقىپ قولىنى بېشىمغا قويدى. ئارقامغا قايرىلىپ قارىسام پەيغەمبەر ﷺ كۈلۈمسىرەپ تۇرغانىكەن، ماڭا: ‹ئى ئەنەس! مەن بۇيرۇغان ئىشقا باردىڭمۇ؟› دەپ سورىدى، مەن: ‹مانا ھازىرلا ماڭدىم، ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى!› دېدىم».[①]

❖ **پەيغەمبەر ﷺ خىزمەتچىسىگە ناھايىتى كەڭ قورساقلىق قىلاتتى**

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «قدم رسول اللَّه ﷺ المدينة ليس له خادم فأخذ أبو طلحة بيدي فانطلق بي إلى رسول اللَّه ﷺ فقال يا رسول اللَّه إن أنسا غلام كيس فليخدمك قال أنس: فخدمته في السفر والحضر [فما قال لي أف قط ] وما قال لي لشيء صنعته لم صنعت هذا هكذا ولا لشيء لم أصنعه لم لم تصنع هذا هكذا؟» «پەيغەمبەر ﷺ مەدىنىگە كەلگەن چاغدا خىزمەتكارى يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ تەلھە قولۇمدىن تۇتۇپ مېنى پەيغەمبەر ﷺ نىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىپ: ‹ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! بۇ ئەنەس زېرەك بىر ئوغۇل، ئۇ ساڭا خىزمەت قىلسۇن› دېدى. مەن پەيغەمبەر ﷺ گە سەپەر ۋە مۇقىم ھالەتلەردە خىزمەت قىلدىم، پەيغەمبەر ﷺ ماڭا قەتئىي ۋايساپ باقمىدى ۋە قىلغان ئىشىمغا: ‹سەن نېمىشقا بۇنداق قىلدىڭ؛ ياكى قىلمىغان ئىشىمغا نېمىشقا بۇنداق قىلمىدىڭ› دەپ

[①] مۇسلىم توپلىغان.

باقمىدى». [1]

يەنە بىر نەقىلدە مۇنداق دېيىلگەن: «ولا لشيء تركته: لم تركته» «مەن قىلمىغان بىرەر ئىشقا قارىتا: <سەن نېمە ئۈچۈن بۇ ئىشنى قىلمىدىڭ> دەپ باقمىدى». [2]

گەرچە 10 يىل ئىنتايىن ئۇزۇن ۋاقىت بولۇپ، بۇ ئۇزۇن جەرياندا كەيپىيات ھەرخىل ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان بولسىمۇ، لېكىن پەيغەمبەر ﷺ بۇنچە ئۇزۇن ۋاقىتتا ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قوپاللىق قىلىپ باقمىغان ۋە ئۇنى قوغلىۋەتمىگەن.

**ھەدىستىن ئېلىنىدىغان پايدىلار**

- پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەخلاق، مۇئامىلە، مېھرىبانلىق ۋە ئەپۇچانلىق جەھەتلەردە مىسلىسىز ئۈلگە ئىكەنلىكى.
- ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارنى قايتىلاپ سۈرۈشتۈرمەسلىك لازىملىقى. چۈنكى، بۇنداق ئىشلارغا ئېھتىياجلىق بولسا قايتىدىن قىلىۋېلىشقا پۇرسەت بار.
- خىزمەتچىگە ئاچچىقلانماستىن ئۇنىڭ قەلبىنى ئۆزگە مايىل قىلىش لازىملىقى. ئەمما بۇ پەقەت كىشىلەر ئارىسىدىكى دۇنيالىق ئىشلارغا قارىتىلغان بولۇپ، شەرئەتتىكى ئادا قىلىش زۆرۈر بولغان ئىشلاردا كەچۈرۈلمەيدۇ. چۈنكى، بۇ ئىشلار ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش سەۋەبىدىن بولىدۇ. [3]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ خىزمەتچىسى خاتالىق سادىر قىلسىمۇ يەنىلا ئۇنى قوغداپ قالاتتى**

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل

[1] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[2] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.
[3] بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان.

قىلىنغان: «خدمت النبي ﷺ عشر سنين، فما أمرني بأمر فتوانيت عنه، أو ضيعته، فلامني، فإن لامني أحد من أهل بيته إلا قال: ‹دعوه، فلو قدر أو قال: لو قضي أن يكون كان›» «مەن پەيغەمبەر ﷺ گە 10 يىل خىزمەت قىلدىم. بۇ جەرياندا ئۇ مېنى بىرەر ئىشقا بۇيرۇپ، مەن ئۇ ئىشنى ئارقىغا سۈرگەن ياكى قىلماي قالغان بولسام، ئۇ ماڭا ئاچچىقلاپ مالامەت قىلىپ كەتمەيتتى. ئەگەر ئائىلىسىدىكىلەردىن بىرەرسى ماڭا تاپا-تەنە قىلسا، پەيغەمبەر ﷺ: ‹بولدى قىلىڭلار، ئەگەر بۇ ئىش تەقدىر قىلىنغان ياكى بولۇشى پۈتۈلۈپتىلگەن بولسا چوقۇم بولىدۇ› دەيتتى».[1]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ مىجەز-خاراكتېرىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن خىزمەتچىگە زۇلۇم سېلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، كىشىلەرنى چىقىشالمايدىغان خىزمەتچى ياكى قۇلنى ئازاد قىلىۋېتىشكە بۇيرۇيتتى**

ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «من لاءمكم من مملوكيكم فأطعموه مما تأكلون، واكسوه مما تلبسون، ومن لم يلائمكم منهم فبيعوه، ولا تعذبوا خلق الله» «قۇللىرىڭلار سىلەر بىلەن چىقىشىپ ئۆتسە (سىلەرگە ھەمنەپەس بولسا)، ئۇلارغا ئۆزۈڭلار يېگەندىن يېگۈزۈڭلار، ئۆزۈڭلار كىيگەندىن كىيدۈرۈڭلار. سىلەر بىلەن چىقىشىپ ئۆتەلمىگەن قۇللىرىڭلارنى سېتىۋېتىڭلار. الله نىڭ بەندىلىرىنى ئازابلىماڭلار!»[2]

دېمەك، چىقىشالمايدىغان شوپۇرى ياكى خىزمەتچىسى بار بولغان ھەمدە ئۇلار بىلەن ماسلىشالمىغان كىشى، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىشتىن ۋە زىيان يەتكۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇلارنى ئىشلەتمەسلىكى كېرەك.

**❖ پەيغەمبەر ﷺ خىزمەتچىسىنى ئۇرمايتتى**

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان: «ما ضرب

[1] ئەھمەد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
[2] ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

رسول الله ﷺ خادما له ولا امرأة، ولا ضرب بيده شيئا» «پەيغەمبەر ﷺ خىزمەتچىسى، ئايال كىشى ۋە بىرەر نەرسىنى ئۆز قولى بىلەن ئۇرۇپ باقمىغان».[1]

**❖ پەيغەمبەر ﷺ باشقىلارنىمۇ خىزمەتچىسىنى ئۇرۇشتىن توسقان**

ئەبۇ مەسئۇد بەدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان: «كنت أضرب غلاما لي بالسوط، فسمعت صوتا من خلفي: ‹اعلم أبا مسعود› فلم أفهم الصوت من الغضب، فلما دنا مني إذا هو رسول الله ﷺ فإذا هو يقول: اعلم أبا مسعود اعلم أبا مسعود قال فألقيت السوط من يدي، فقال: ‹اعلم أبا مسعود أن الله أقدر عليك منك على هذا الغلام›. فقلت: لا أضرب مملوكا بعده أبدا» «مەن بىر خىزمەتكارىمنى قامچا بىلەن ئۇرۇۋاتقان ئىدىم. كەينى تەرىپىمدىن: ‹ئەبۇ مەسئۇد! بىلىپ قوي› دېگەن بىر ئاۋازنى ئاڭلىدىم. مەن غەزەپلەنگەنلىكتىن ئۇ ئاۋازنى تونۇيالماپتىمەن. ئۇ يېقىنلاشقاندا ئۇنىڭ پەيغەمبەر ﷺ ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئۇ: ‹ئى ئەبۇ مەسئۇد! بىلىپ قوي. ئى ئەبۇ مەسئۇد! بىلىپ قوي› دەۋاتاتتى. مەن قامچىنى يەرگە تاشلىدىم. ئۇ: ‹ئى ئەبۇ مەسئۇد! بىلىپ قويغىنكى، سېنىڭ كۈچۈڭ بۇ خىزمەتچىگە يەتكەندىن بەكرەك الله نىڭ كۈچى ساڭا يېتىدۇ› دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن: ‹بۇنىڭدىن كېيىن قۇلنى ھەرگىز ئۇرمايمەن› دېدىم».[2]

يەنە بىر نەقىلدە ئەبۇ مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «فقلت: يا رسول الله، هو حر لوجه الله تعالى، فقال: ‹أما لو لم تفعل، للفحتك النار، أو لمستك النار›». «مەن: ‹ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ قۇلنى الله تائالانىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئازاد قىلىۋەتتىم› دېگەنىدىم، پەيغەمبەر ﷺ: ‹ئەگەر بۇنداق قىلمىغان بولساڭ، ئەلۋەتتە دوزاخ ئوتى سېنى ئورىۋالغان بولاتتى› دېدى».[3]

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] مۇسلىم توپلىغان.

[3] مۇسلىم توپلىغان.

ئىمام نەۋەۋى (رەھىمەھۇللاھ) مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىستە كىشىلەرنى قۇلغا مېھرىبان، ئەپۇچان ۋە ئېغىر-بېسىق بولۇشقا، الله تائالا بەندىلىرىگە ئادىل بولغانلىقى ئۈچۈن، بەندىلەرنىمۇ قۇللارغا ئادىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا قىزىقتۇرغان».①

بىر كىشىنىڭ قول ئاستىدىكى خىزمەتچى ياكى ئىشلەمچىلەرگە زۇلۇم قىلىشى، قولى ياكى تىلى ئارقىلىق ئۇلارغا ئەزىيەت بېرىشى ۋە ياكى ئۇلارنىڭ يۈرتلىرىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر قىلغان ھاجەتلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى ھاقارەتلىشى ھەرگىزمۇ باتۇرلۇق ياكى كۈچلۈكلۈك ۋە ياكى مەردلىك ھېسابلانمايدۇ.

ئى ئەقىل ئىگىسى! كۈچ-قۇدرىتىڭىز كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىشقا كۈشكۈرتكەن بولسا، الله نىڭ سىزدىنمۇ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئەسلەڭ!

كۈنىمىزدىكى كىشىلەر ئادالەت ۋە ئىنساپتىن يىراق ھالەتتە خىزمەتچى ۋە قۇللارغا زۇلۇم ۋە خورلاش بىلەن مۇئامىلە قىلىۋاتىدۇ. لېكىن، پەيغەمبەر ﷺ شۇنچە شجائەتلىك بولۇشىغا قارىماي، ھېچكىمنى ھاقارەتلەپ ۋە ئۇرۇپ باقمىغان، ئايالى ۋە خىزمەتچىسى قاتارلىق ئاجىزلارغا زوراۋانلىق قىلىپ باقمىغان ئىدى.

**❖ پەيغەمبەر ﷺ قۇلنى ئۇرۇشنىڭ كەففارىتىنىڭ ئۇ قۇلنى ئازاد قىلىۋېتىش ئىكەنلىكىنى ئېيتقان**

زازان ئەبۇ ئۆمەر مۇنداق دېگەن: «أتيت ابن عمر وقد أعتق مملوكا قال فأخذ من الأرض عودا أو شيئا فقال ما فيه من الإجر ما يسوى هذا إلا أني سمعت رسول ﷺ يقول من لطم مملوكه أو ضربه فكفارته أن يعتقه» [مەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ

① «شرح النووي على صحيح مسلم» 11- توم 130- بەت.

قېشىغا كەلگەنىدىم. ئۇ بىر قۇلنى ئازاد قىلىۋەتكەندىن كېيىن يەردىن بىر تال تاياق ياكى شۇنىڭدەك بىر نەرسىنى ئېلىپ: «بۇ قۇلنى ئازاد قىلغانلىقىمغا، مۇشۇ تاياقچىلىكمۇ ساۋاب بېرىلمەيدۇ. چۈنكى، مەن پەيغەمبەر ﷺ نىڭ: <كىمكى قۇلىنى بىر شاپىلاق سالسا ياكى ئۇنى تاياق بىلەن ئۇرسا، ئۇنىڭ كەففارىتى ئۇ قۇلنى ئازاد قىلىشتۇر> دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم» دېدى]. ①

ئالىملار مۇنداق دېگەن: «بۇ ھەدىستە قۇللارغا كۆيۈنۈش، ئۇلار بىلەن ياخشى ئۆتۈش ۋە ئۇلارغا ئەزىيەت بەرمەسلىك قاتارلىق ئىشلارغا قىزىقتۇرۇلغان».

مۇسۇلمانلار «قۇلنى ئۇرۇپ سالغان بولسا، ئۇنى ئازاد قىلىۋېتىش ۋاجىب بولمايدۇ، پەقەتلا گۇناھقا كەففارەت بولۇش ۋە قۇلغا زۇلۇم قىلغانلىق گۇناھىنىڭ ئەپۇ قىلىنىشىنى ئۈمىد قىلغانلىق سەۋەبىدىن مۇستەھەب بولىدۇ» دېگەن قاراشقا بىرلىككە كەلگەن. ②

مۇئاۋىيە ئىبنى سۇۋەيدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان: «لطمت مولى لنا فهربت، ثم جئت قبيل الظهر، فصليت خلف أبي، فدعاه ودعاني. ثم قال: امْتثل منه، فعفا، ثم قال كنا بني مقرن على عهد رسول اللّه ﷺ ليس لنا إلا خادم واحدة فلطمها أحدنا، فبلغ ذلك النبي ﷺ فقال: أعتقوها قالوا: ليس لهم خادم غيرها. قال: فليستخدموها فإذا استغنوا عنها فليخلوا سبيلها». [مەن بىر قۇلىمىزنى ئۇرۇپ قويۇپ قېچىپ كېتىپ، پېشىن نامىزىدىن بىرئاز ئىلگىرى كېلىپ دادامنىڭ كەينىدە ناماز ئوقۇدۇم. دادام ئۇ قۇلنى ۋە مېنى چاقىرىپ، ئۇ قۇلغا: «ئۇ سېنى قانداق ئۇرغان بولسا، سەنمۇ شۇنداق ئۇرۇپ قىساسىڭنى ئېلىۋال» دېگەن ئىدى، ئۇ قۇل مېنى ئەپۇ قىلىۋەتتى.

① مۇسلىم توپلىغان.

② «شرح النووي على صحيح مسلم» 11- توم 17- بەت.

ئاندىن دادام مۇنداق دېدى: «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ۋاقتىدا بىز مۇقەررىن جەمەتىنىڭ بىرلا خىزمەتچىمىز بار ئىدى. ئىچىمىزدىن بىرى ئۇنى بىر كاچات ئۇرۇپ قويۇپتۇ. بۇ ئەھۋال پەيغەمبەر ﷺ گە يەتكەندى، ئۇ: <ئۇنى ئازاد قىلىۋېتىڭلار!> دېدى. بىز: <ئۇنىڭدىن باشقا خىزمەتچىمىز يوق> دېگەندۇق، ئۇ: <ئۇنداق بولسا، ئۇنى ھازىرچە خىزمەتچى سۈپىتىدە ئىشلىتىپ تۇرۇپ، باشقا خىزمەتچى تاپقان ۋاقتىڭلاردا ئۇنى قويۇۋېتىڭلار!> دېدى»].[1]

«امتثل منه» «ئۇ سېنى قانداق ئۇرغان بولسا، سەنمۇ شۇنداق ئۇرۇپ قىساسىڭنى ئېلىۋال». بۇ پەقەت ئۇ قۇلغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن دېيىلگەن سۆزدۇر. قۇلنى شاپىلاق ياكى باشقا نەرسە بىلەن ئۇرغان بولسا قىساس ۋاجىب بولمايدۇ، پەقەتلا ئۇرغۇچىغا تەزىر (يەنى، ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى) بېرىش ۋاجىب بولىدۇ. مۇئاۋىيە ئۆزى رازى بولغاچقا، ئۇ قۇلغا قىساس ئېلىش ئىمكانىيىتى بەرگەن.

بۇ ھەدىستە، قۇللارغا كۆيۈنۈش ۋە كەمتەرلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئوتتۇرىغا قويۇلغان.[2]

خىزمەتچىسىنى ئۇرغان ۋە ئۇنىڭغا قوپال مۇئامىلە قىلغان بالىغا دادىسىنىڭ جازالايدىغانلىقىنىڭ قانداق تەسىر كۆرسەتكەنلىكىگە قاراڭ!

شۇڭلاشقا، ئۇ بالا خىزمەتچىسىنى ئۇرغاندا قېچىپ كېتىپ ناماز ۋاقتى بولغاندا قايتىپ كەلگەن.

ھىلال ئىبنى يەسساف مۇنداق دېگەن: «بىر شەيخ ئۆزىنى تۇتالماي خىزمەتكارىنى شاپىلاق بىلەن ئۇردى، شۇنىڭ بىلەن سۇۋەيد ئىبنى مۇقەررىن ئۇنىڭغا: <يۈزىدىن باشقا ئۇرىدىغان جاي تاپالمىدىڭمۇ؟ مەن مۇقەررىننىڭ يەتتە

---

[1] مۇسلىم توپلىغان.

[2] «شرح النووي على صحيح مسلم» 11- توم 17- بەت.

بالىسىنىڭ يەتتىنچىسى ئىدىم، بىزنىڭ پەقەت بىرلا خىزمەتچىمىز بار ئىدى، بىزنىڭ ئەڭ كىچىكىمىز ئۇ خىزمەتچىنى شاپىلاق بىلەن ئۇرغان ئىدى، پەيغەمبەر ﷺ ئۇ خىزمەتچىنى ئازاد قىلىۋېتىشىمىزنى بۇيرۇدى> دېدى». ①

**❖ پەيغەمبەر ﷺ ۋاپات بولۇش ئالدىدا «نامازغا ئەھمىيەت بېرىش، خىزمەتچى ۋە قۇللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش» ھەققىدە ۋەسىيەت قىلغان**

ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق نەقىل قىلىنىدۇ: «كانت عامة وصية رسول اللّٰه ﷺ حين حضرته الوفاة وهو يغرغر بنفسه (الصلاة. وماملكت أيمانكم)» «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ۋاپاتى يېقىنلىشىپ جېنى ھەلقۇمدىكى ھالىتىدە قىلغان ۋەسىيەتلىرىنىڭ ئومۇمىسى <نامازغا ئەھمىيەت بېرىڭلار! قۇل ۋە دېدەكلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار!> دېگەندىن ئىبارەت ئىدى». ②

ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: «كان آخر كلام النبي ﷺ: <الصلاة الصلاة، اتقوا اللّٰه فيما ملكت أيمانكم>» «پەيغەمبەر ﷺ نىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۆزى مۇنداق ئىدى: <نامازغا ئەھمىيەت بېرىڭلار، سىلەر ئىگە بولغان قۇل ۋە دېدەكلەر ھەققىدە اللّٰه تىن قورقۇڭلار!>». ③

«اتقوا اللّٰه فيما ملكت أيمانكم» «سىلەر ئىگە بولغان قۇل ۋە دېدەكلەر ھەققىدە اللّٰه تىن قورقۇڭلار» دېگەن ۋەسىيەت توغرىسدا «النهاية» ناملىق كىتابنىڭ 4- توم 789- بېتىدە مۇنداق دېيىلگەن: «پەيغەمبەر ﷺ بۇ سۆزىدىن قۇللارغا ياخشىلىق قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى يەڭگىللىتىپ بېرىشنى مەقسەت قىلغان».

يەنە بەزىلەر «ماللىرىڭلاردىن زاكاتنىڭ ھەقلىرىنى بېرىڭلار» دېگەنلىك

① مۇسلىم توپلىغان.
② ئىبنى ماجە توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.
③ ئەبۇ داۋۇد توپلىغان، ئەلبانى «سەھىھ» دېگەن.

بولىدۇ دەپ قارىغان.

ھەدىستىن شۇنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، ھەدىستىكى «سىلەر ئىگە بولغان نەرسىلەر» دېگىنى «قۇل، دېدەكلەر»نى كۆرسىتىدۇ. قۇل ۋە دېدەكلەرگە ياخشىلىق قىلىشنىڭ ناماز بىلەن بىرلىكتە بايان قىلىنغانلىقىدىن، خۇددى ناماز ۋاجىب بولغىنىدەك، قۇللارنىڭ ئېھتىياجىغا قارىتا ئۇلارغا تائام ۋە كىيىم-كېچەكلەرنى بېرىشمۇ ئۇلارغا ئىگە بولغان كىشىلەرگە ۋاجىب بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

بەزى ئالىملار: «كىشىلەرنىڭ قول ئىلكىدىكى ھايۋاناتلارمۇ مۇشۇ ھۆكۈم دائىرىسىگە كىرىپ كېتىدۇ» دەپ قارىغان.[1]

[1] «عون المعبود» 14- توم 44- بەت.